ئىسمايىل تۆمۈرى

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئىسمايىل تۆمۈرى

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





1 – رەسىم :
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىدىن بىرىنىڭ تەسۋىرىي سۈ-
رىتى ( بېشبالىق قەدىمكى شەھىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئىبا-
دەتخانىسى تېمىدىكى سۈرەت )




2 ـ رەسىم :

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۆھۈرى ؛ « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى .



4 ـ رەسىم :
ئىدىقۇت دەۋرىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتى ( چوگايتىلىدۇ )



3 ـ رەسىم :
ئىدىقۇت دەۋرىدىكى دىنىي مۆتىۋەرلەر



ـ رەسىم :
ورخۇن ئۇيغۇر خانلىرىدىن
گۇ خاقانىنىڭ مانى دىنىغا
ىتىقاد قىلغان ۋاقتىدىكى كۆرۈ
شىنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتى



6 - رەسىم :
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن
نىستورىيان دىنىغا ئېتىقاد
قىلغان بىر قىسىم ئۇيغۇر
لارنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتى



7 - رەسىم :
بۇددا دىنىغا ئائىت تام سۈرەتلىرى

8 ـ رەسىم :
ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان زىلچە ـ گىلەم نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرى



9 ـ رەسىم :
ئىدىقۇت دەۋرىدىكى نەقىش ـ بېزەكلەر






10 ـ رەسىم :
يارغول قەدىمكى
شەھىرىدىكى بۇددا ئىبادەت
خانا ، مۇنار خارابىلىرىدىن
كۆرۈنۈشلەر

11 ـ رەسىم :
بۇددا مەزمۇنىدىكى تام رەسىملىرىدىن نەمۇنىلەر




12 ـ رەسىم:
قىسمەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى



# مۇھەررىردىن

ئىسمائىل تۆمۈرى 1949 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە تۇرپاندا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1979 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىدە — كومبايىن زاۋۇتىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1981 - يىل 2 - ئايدىن 1997 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىشلەپ، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى بولغان.

ئون نەچچە يىللىق تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ئاپتورنىڭ يەتمىش پارچىدەك ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان ۋە «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق مەخسۇس ئىلمىي ئەسىرى نەشر قىلىنغان.

ئىسمائىل تۆمۈرى ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە .......................................................... 1

**بىرىنچى باب ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتقا ماكانلىشىشى** ........................................ 22

بىرىنچى پاراگراف

زور تارىخىي ۋەقە — ئورخون ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى ........................................ 22

ئىككىنچى پاراگراف

ئىدىقۇتقا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بولغان سىڭىشىشى ........................................ 26

ئۈچىنچى پاراگراف

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوش پايتەخت تۈتۈشى ........................................ 32

**ئىككىنچى باب ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى** ........................................ 37

بىرىنچى پاراگراف

پادىشاھلىق تۈزۈم ........................................ 37

ئىككىنچى پاراگراف

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ........................................ 46

ئۈچىنچى پاراگراف

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ناملىرى ........................................ 50

تۆتىنچى پاراگراف

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئادەت قانۇنلىرى ......... 55
بەشىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەربىي ئىشلار ..................... 64
ئالتىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى سىنىپىي تەبىقىلەر ۋە يەرگە
بولغان ئىگىدارچىلىق ................................................. 66
يەتتىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە
قىسقىچە بايان ................................................ 69
سەككىزىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دىنلار ..................... 74
توققۇزىنچى پاراگراف
كالىندارچىلىق ................................................... 87
ئونىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىك ساھەلىرى ۋە پۇل
مۇئامىلە ئىشلىرى ............................................. 93
① دېھقانچىلىق ............................................ 93
② چارۋىچىلىق ............................................ 97
③ سودا ..................................................... 100
④ باج ئىشلىرى ........................................... 106
⑤ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ............ 109
ئۈچىنچى باب ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تىل - يېزىق
ۋە مائارىپ ................................................... 113
بىرىنچى پاراگراف
تىل - يېزىق ................................................... 113
ئىككىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ ............... 120

تۆتىنچى باب ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ......................... 125
بىرىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە خاس ئەل ئېغىز
ئەدەبىياتى .................................................. 125
ئىككىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان يازما ئەدەبىيات
نامايەندىلىرى .................................................. 146
ئۈچىنچى پاراگراف
ئۆزلەشتۈرمە ـــ تەرجىمە ئەدەبىيات .............................. 179
تۆتىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت خانلىقىدا دراماتورگىيە .................................. 196
بەشىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن قىسمەن
ئەدىبلەر .................................................. 242
بەشىنچى باب ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىي
ھايات .................................................. 210
بىرىنچى پاراگراف
ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مۇزىكىچىلىق ........................ 211
ئىككىنچى پاراگراف
ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش
پائالىيەتلىرى .................................................. 223
ئۈچىنچى پاراگراف
زىيالىيلار ۋە راھىبلارنىڭ پائالىيەتلىرى ........................ 239
تۆتىنچى پاراگراف
« مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى » توغرىسىدا
تەتقىقات .................................................. 245
ئالتىنچى باب ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ......... 262

بىرىنچى پاراگراف
توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى ........................................ 263
ئىككىنچى پاراگراف
دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ........................................ 265
ئۈچىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ........................ 267
تۆتىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىملىرى ................................ 271
بەشىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىكى ........................ 274

يەتتىنچى باب هۈنەر ـ سەنئەت ۋە مەدەنچىلىك ........................ 277
بىرىنچى پاراگراف
بىناكارلىق ........................................ 278
ئىككىنچى پاراگراف
رەسساملىق ........................................ 283
ئۈچىنچى پاراگراف
ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بېزەك ئۆيلەر ۋە ئۆلاردىكى
تەسۋىرى سەنئەت ........................................ 286
تۆتىنچى پاراگراف
هەيكەلتىراشلىق ........................................ 298
بەشىنچى پاراگراف
نەققاشلىق سەنئىتى ........................................ 300
ئالتىنچى پاراگراف
مەتبەئەچىلىك ........................................ 302
يەتتىنچى پاراگراف
يېزىقچىلىق قوراللىرى ........................................ 304
سەككىزىنچى پاراگراف

سۇ تۆگمەنلىرى ........................................ 307
توققۇزىنچى پاراگراف
توقۇمىچىلىق ........................................ 310
ئونىنچى پاراگراف
شارابچىلىق ........................................ 312
ئون بىرىنچى پاراگراف
كۆن ــ خۇرۇمچىلىق ........................................ 316
ئون ئىككىنچى پاراگراف
رەڭ ــ بوياقچىلىق ........................................ 317
ئون ئۈچىنچى پاراگراف
قورال ــ ياراغلار ........................................ 320
ئون تۆتىنچى پاراگراف
مېتالچىلىق ........................................ 323
ئون بەشىنچى پاراگراف
كۇلالچىلىق ........................................ 325
ئون ئالتىنچى پاراگراف
نۆشۇدۇر ........................................ 326

سەككىزىنچى باب ئاددىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇلۇغ
ئىجادىيىتى ــ كارىز ........................................ 328
مۇقەددىمە ........................................ 328
بىرىنچى پاراگراف
تۇرپاننىڭ يەر تۈزۈلۈشى ........................................ 330
ئىككىنچى پاراگراف
تۇرپاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ........................................ 333
ئۈچىنچى پاراگراف
تۇرپان ناھىيىسىنىڭ سۇ مەنبەسى ........................................ 337
تۆتىنچى پاراگراف

كارىزنىڭ تۇرپان رايونىدا بەرپا قىلىنىشى .................... 344
ئاخىرقى سۆز .......................................... 373

توققۇزىنچى باب ئىدىقۇت تىبابەتچىلىكى .................... 376
ئونىنچى باب ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى يوللار ............ 400
ئون بىرىنچى باب ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان بەزى
خارابىلەر .......................................... 404
① قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى .......................... 404
② بىزەكلىك .......................................... 407
③ قەدىمكى يارغول شەھىرى .......................... 413

# مۇقەددىمە

مەدەنىيەت — كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت. مەدەنىيەت — بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ھەربىر مىللەت مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى يارىتىدۇ. ھەرقايسى خەلق ئەنە شۇ ھەرقايسى تارىخىي شارائىتلاردا ياراتقان مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئۆز تارىخىنى بېزىگەندىلا، ئاندىن ئۇ خەلق «بۈيۈك تارىخ» ياراتقان مىللەت بولۇشقا مۇناسىپ بولالايدۇ. مۇئەييەنكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى مەملىكەت، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت سانىلىشى — يۇقىرىقى تەبىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

جۇڭخۇا ئېلىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى كەڭ تېررىتورىيىلىك، كۆپ مىللەتلىك بۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يارىتىلغان. رەڭدار مەدەنىيەت گۈلزارلىقىمىزدا ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس گۈل - چېچەكلىرى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرماقتا. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىدىن بۇيان يېتىشتۈرگەن مەدەنىيەت گۈللىرى ئاشۇ باغچىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ.

ئاتاقلىق پروفېسسور فېڭ جياشىڭ ئەپەندى: «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى دەپ نام ئالغان» ① دەپ كۆرسىتىدۇ. پروفېسسور گىرىگورىيېفمۇ «شىنجاڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەدەنىيەت — مەرىپەت جەھەتتىن ئۆز قوشنىسى باكتىرىيىدىن قېلىشمىغان» ② دەيدۇ. بۇ تەبىرلەر، ئەلۋەتتە، شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزى قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت سەمەرىلىرى توغرىسىدىكى ئارتۇقچە بايانلار ئەمەس.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىختىن بۇيان ئېلىپ

ئېيتقاندا، بۇگۈنكىدەك خاسىيەتلىك تەرەققىيات دەۋرىگە ئېرىشكەن ئەمەس. ھالبۇكى، بۇگۈنكى تەرەققىياتنىڭ مەنبىيى ۋە ئاساسى ئۆتمۈشتۇر. ۋ. ئى. لېنىن: «پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەت، پومېشچىكلار جەمئىيىتى ۋە بيۇروكراتلار جەمئىيىتىنىڭ جەبىر - زۇلۇمى ئاستىدا ياراتقان بارلىق بىلىملىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇشى كېرەك» [3] دېگەنىدى. دېمەك، بۇگۈنكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۆتمۈش جەريانىنى پۇختا ئىگىلەش زۆرۈردۇر. ۋەھالەنكى، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچلاردىكى گۈللەنگەن ئىزنالىرى ھەققىدە، ھازىرغىچە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سىستېمىلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى ياكى قانائەتلىنەرلىك نەتىجىلەر ئۆز ھەغدالىرى تەرىپىدىن يارىتىلمىدى. ئىسلاھات دەۋرىنىڭ تەقەززاسى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تارىخىي زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغان «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى» بۇگۈنكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ مەنبىيىنى چۈشىنىشتە ۋە بۇنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشتە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئۆزلىرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان قوۋملار ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىن بۇيان، شەرقتە مۇڭغۇلىيە يايلاقلىرىدىن غەربتە بالقاش كۆلىگىچە، شىمالدا ئېرتىش دەريا بويلىرىدىن جەنۇبتا ھىندىستانغىچە بولغان كەڭ زېمىندا قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىغان بولۇپ، شىمالىي جۇڭغار ۋادىسى، ئېرتىش دەريا بويلىرى، ئالتاي تاغ ئېتەكلىرى، بالقاش كۆلى ئەتراپى، تارىم ئويمانلىـ

قى، گەنسۇ قاتارلىق زېمىنلار قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشاپ ئۆتكەن ماكانلار ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا مەركەزلىكرەك هالدا بىر قىسمى ئۇرخۇن، سېلىنگا دەريا ۋادىسىغا (تاشقى موڭغۇلىيىدە)، بىر قىسمى بالقاش كۆلى ۋە يەتتەسۇ رايونىغا (هازىرقى قازاقىستان تەرەپلىرىدە) يەنە بىر قىسمى هازىرقى شىنجاڭ رايونىغا ماكانلىشىپ ياشىغانىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبتا، تۈزلەڭ رايونلاردا ياشىغانلىرى ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، تاغلىق رايونلاردا كۆچمەن تۇرمۇشىدا ياشىغانلىرى يايلاق تاللاپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ جاڭگاللاردا ۋە سۇ بويىدا ياشىغانلىرى ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان؛ يېرىم ئېتىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرىدا ياشىغانلىرى (شىنجاڭدىكى قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق ئويمانلىقلار تىپىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرىغا كىرىدۇ) چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول هۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك... قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلارمۇ كېيىنچە، ناتورال ئىگىلىكنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، سودا ئىشلىرىغىمۇ ئىشتىراك قىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى — سودا، يەنى « يىپەك يولى » سودىسى بولۇپ قالدى.

« مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار — ئۇزاق تارىخ ۋە مول مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىمىي شەرق مىللەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇيغۇر سۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ ‹ ئۇيۇماق ›، ‹ ئۇيۇشماق › ياكى ‹ بىرلەشمەك › ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرگەن ئالىملار ئۇچۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا باشقا كۆچمەن قەبىلىلەرگە نىسبەتەن بۇرۇنراق يەرلەشكەنلىكى ياكى شەھەرلەشكەنلىكى

نەزمرىيىۋى ئاساس بولماقتا. شۇنىڭغا قاراپ 《 ئۇيغۇر 》 دېگەن سۆز-نىڭ 《 شەھەرلەشمەك 》 دېگەن سۆز بىلەن ئالاقىدارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن 《 مەدەنىيەت 》 سۆ-زىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئەرەبچىدىكى 《 مەدەنىيەت 》 《 يەنى شەھەر 》 بولغانلىقى دىققەتكە سازاۋەردۇر » ④.

ئەنە شۇ شەھەر مەدەنىي ھاياتىنى بۇرۇنراق باشلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىدە مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن:

1. ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى كۆپ تۈر بويىچە راۋاجلاندۇرۇش. ئۇيغۇرلار دۇنياغا مەشھۇر « يىپەك يولى » تۈگۈنلىرىدە ئىگىلىك تىكلىگەن بولغاچقا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچى-لىك، سودا ئىشلىرى بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىپ روناق تاپقان.

2. قوش پايتەخت قۇرۇش. ئۇيغۇرلار تارىختا قوش پايتەخت قۇرغان. مەسىلەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى قەشقەر بىلەن بالاساغۇننى، ئىدىقۇت خانلىقى بۆگۈنكى تۇرپان بىلەن بېشبالىقنى پايتەخت قىلغان. بۇ، ئىگىلىك تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

3. بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە، ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ « تىيانشان مەدەنىيىتى » نى يارىتىپ، ھايات تارىخىدىن تاغ ـ قىيالاردا چەكمە سۈ-رەت ئويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئىز قالدۇرۇپ بارغان بولسا، كېيىنچە تاش كېمىر، بېزەكلىك مىڭ ئۆي سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسىنى مۇقەددەس زېمىنىنىڭ باغرىغا پۈتۈپ قالدۇرۇشقان.

4. تىبابەتچىلىك ئىلمى جەھەتتە، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ھايات پا-ئالىيەتلىرىدە تىبابەتچىلىك ئىلمىنىمۇ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. تارىختا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى قېرىنداش مىللەتلەر ۋە قوشنا ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ تىبابەتچىلىكىگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھال بولۇپمۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرلىرىدە گەۋدىلىك بولغان. ئۇيغۇرلار ئوت-تۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى تۆت زات كۆز قارىشىنى تىبابەتچىلىك

ئىلمىگە ئاساس قىلىپ، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تىرىشىپ يۈكسەلدۈرگەن.

5. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مول ۋە رەڭگا رەڭ؛ يازما ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغان دەۋرىمۇ خېلى بۇرۇن. ئابىدىچىلىك، داستانچىلىق، قوشاقچىلىق، لەتىپىچىلىك... قاتارلىقلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەلۇم تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە تەرجىمە ئەدەبىياتىمۇ مۇئەييەن دەۋردىكى ئىجادچانلىقنى كۆرسىتىدۇ. ژانىرلار تەرەققىياتى، ئىجادىيەت مېتودلىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى، تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغداش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلار، ئەدەبىي ئېقىملار... قاتارلىق ئامىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن تەرەققىي تاپقۇزغان.

6. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ قالدۇرۇش (يازما تارىخ قالدۇرۇش) ئۇسۇلى ۋە شەكىللىرىمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇلار ئاساسەن ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. بىرىنچى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان ماكان ۋە زېمىنلاردا (ئاساسەن تاغلىق ـ يايلاق تۇرمۇشى، يەنى ئىپتىدائىي تۇرمۇش باسقۇچىنىڭ ئاخىرلىرى) تاغ ـ قىيالارغا چەكمە سۈرەت ئويۇپ قالدۇرۇش يولى بىلەن هايات پائالىيەتلىرىدىن خاتىرىلەر قالدۇرغان. ئىككىنچى، ئابىدە ـ مەڭگۈ تاش تىكلەش يولى بىلەن (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا) تارىخ ـ خاتىرە قالدۇرغان. ئۈچىنچى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن باشلاپ تەزكىرە ۋە رەسمىي تارىخىي ئەسەرلەر مەيدانغا چىققان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق رىۋايەتلىرىدىمۇ تارىخنىڭ بەزى ئىزنالىرى خېلىلا ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

7. كۆپ خىل دىن بىلەن ئۇچراشقان. بەزى دىنلارنىڭ مۇئەييەن دەۋرلەردە مەلۇم مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا تاشلىنىپ قېلىشى، ئۇلارنىڭ باشقا دىننى قوبۇل قىلىشى ــ شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئىپادىسىنى

كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا شامان، مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق ئاساسىي دىنلارنى قوبۇل قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە بىر مۇنچە دىنلارنىمۇ قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە بىر قانچە دىن تەڭلا مەۋجۇت بولغان.

8. ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرى كۆپ خىل. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي جەريانلاردىن بىرى ئىجاد قىلىپ، راۋاجلاندۇرۇپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرى خىلمۇ خىل ۋە مەزمۇنغا باي. مەيلى تەنتەربىيە شەكلىدە، مەيلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلىدە ۋە دىنىي مەزمۇندا بولسۇن، ئۇيغۇرلار ھەرخىل ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، مىلىس ـ مەشرەپلەر، ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئاۋازسىز تىياتىرلار، شىر ئويۇنلىرى، بەيگە، چېلىشىش، باللار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەرخىل پەسىل ئويۇنلىرى، ساراي بەزمىلىرى، توي ـ تۆكۈن ئويۇنلىرى، قىشلىق بەزمىلەر ... قاتارلىقلار. بۇنداق ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كېلىشى ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەتخۇمار خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى نۇقتىلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى قىسمەن ئالاھىدىلىكلەردىنلا ئىبارەت. ھالبۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان تۇرپان رايونىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئەسىرلەر جەريانىدىكى مەدەنىيىتىمۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەردىن مۇستەسنا بولمىغان ھالدا، بەزى ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ.

تۇرپان ـــ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر رايون. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى، يەنى خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خان زامانىسىدىن باشلاپلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرى بىلەن غەربىي يۇرت ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە بۇ رايونلارغا سودا كارۋانلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرۇش يۈزىسىدىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 يىلى

غەربىي رايونغا تۇتۇق ھىراۋۇل قويغان . مىلادىنىڭ 123 ـ يىلى غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇلىنى غەربىي رايون دورغاپى دەپ ئۆزگەرتكەن . دورغاپ تۇرپان رايونىنىڭ لۇكچۇن دېگەن يېرىدە تۇرغان . مىلادىنىڭ 327 ـ يىلى تۇرپاندا ئىدىقۇت ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ ، ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ، 640 ـ يىلى ئىدىقۇت غەربىي ئايماققا ئۆزگەرتىلگەن . 840 ـ يىللار ئەتراپىدا تۇرپان رايونى تۇبۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان . 850 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇرخۇن بويىدىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ـ مەدەنىي مەركىزىنى غەربكە ـــ ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى بۇ رايوندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ ، تەخمىنەن 400 يىلدەك خانلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن .

ئەنە شۇ ئۇزاق يىللىق شەھەر مەدەنىيىتى تارىخىغا ئىگە بولغان تۇرپان رايونىدا مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە ، ھالەتلەر بولۇپ ئۆتكەن :

1 . تۇرپان رايونىدا تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار ، ھونلار ، خەنزۇلار ، تۈركلەر ، تۇبۇتلار ، موڭغۇللار . . . ياشاپ ئۆتكەن .

2 . جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا كۆچۈپ كېلىش ۋە يۆتكىلىپ تۇرۇش ؛ يېغىلىق ـ پاراكەندىچىلىك ۋە ئەمىنلىك ؛ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە قىسقا مەزگىللىك ئىگىدارچىلىق ؛ كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئۆتۈش ۋە ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش ، مۇستەقىل تۇرۇش ۋە بېقىندىچىلىق . . . قاتارلىق ھادىسىلەر ؛

3 . بىرىكمە مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن : تۆت چوڭ مەدەنىيەت ( قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى ، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى ، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ، تۈرك ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ) ، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى ( ئورال ـ ئالتاي تىل سىستېمىسى ، خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسى ، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ) ۋە تۆت چوڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك (چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، يىپەك يولى سودىسى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى ) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان .

4 . كۆپ دىنغا ئېتىقاد قىلىش . مانى دىنى ، خرىستىئان دىنى بۇددا

دىنى قاتارلىق دىنلار تۇرپان رايونىدا تارىختا ياشىغان خەلقلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان.

5. تۇرپان رايونىغا تارىختا ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى، سەيياھلار، سودىگەرلەر، دىن تارقاتقۇچىلار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر... ئۆزلۈكسىز كېلىپ تۇرغان.

6. قوش پەيتەخت قۇرۇش خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە (بۇرۇن ئالدى قۇس – يارغول، ئارقا قۇس – ئۈرۈمچى قوش پايتەخت قىلىنغان، كېيىن ئىدىقۇت قىشلىق پايتەخت، بېشبالىق يازلىق پايتەخت قىلىنغان) تۇرپان رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنغان.

تۇرپان رايونىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بولغان بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن تۇرپان رايونىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىدە مۇنداق ئومۇمىي خاراكتېرىسكا ھاسىل قىلىنغان:

1. ئىجتىمائىي ھاياتتا، كۆچمەن ھايات — يايلاق خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئېتنوگرافىك ئالاھىدىلىكلەر ساقلانغان.

2. تۇرپان رايونىدا ئىپتىدائىي تەگرىتاغ مەدەنىيىتى (تاغ باغرىغا چەكمە سۈرەت قالدۇرۇش) ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇددا دىنى ئاساسىدىكى بېزەك ئۆي مەدەنىيىتى يارىتىلغان.

3. ئېتنوگرافىك ئالاھىدىلىكتە يەنىلا تۇتېم، زورو ئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك) شامان... قاتارلىق قەدىمكى ئېتىقاد كۈچلىرىنىڭ تەسىرى ساقلانغان.

4. مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تېز بولغان، بىرىكمە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن خاس مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئېتىبار بەرگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ، يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىلغانغا قەدەر بولغان جەرياندىكى تۇرپان رايونىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا باغلاپ قارىغىنىمىزدا، مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىنى كونكرېتراق كۆرسىتىپ ئۆتۈش

زۆرۇر :

1 . ئەينى دەۋرلەردە تۇرپاندا ياشىغان خەلقلەر ئۆزلىرىگە سىرلىق تۇيۇلغان تەبىئەت ھادىسىلىرى ، تاغ ـ دەريا ، ھايۋاناتلارغا چوقۇنغان . بۇنداق ئېتىقاد بۇ رايوندا ياشىغان خەلقنىڭ دەسلەپكى توتېمى ئىدى . مەسىلەن ، تۇرپان خەلقى ئىچىدە تارىختىن بۇيان ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كۆچۈپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان « يالقۇنتاغ نېمە ئۈچۈن قىزىل رەڭدە ؟ » ، « يالقۇنتاغدىكى توققۇز ئېغىز ( جىلغا ) قانداق ھاسىل بولغان ؟ » . . . قاتارلىق رىۋايەتلەر ۋە خەلقنىڭ تاغ ـ دەريالارنى مۇقەددەس ، ئۇلۇغ شەيئى ھېسابلاپ كەلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ . گەرچە ، رىۋايەت ، ئەپسانىلەر تارىخنىڭ ئۆزىنى ياسال مىسىمۇ ، ئۇ ھەرھالدا خەلق تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان بەدىئىي تارىختۇر . بۇ ھەقتە ماكسىم گوركى مۇنداق دەيدۇ : « خەلق ئېغىز ئىجادىنى بىلمەي تۇرۇپ ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس » ⑤ .

2 . چەكمە سۈرەت سەنئىتى . ئەجدادلار قەدىمكى زامانلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھايات تارىخىدىن تاغ قىيالىرىغا ، ئۆڭكۈر ـ غارلارغا چەكمە سۈرەت ئويۇش ئۇسۇلى ۋە تاش سايمان ، ھەيكەللەر ياساش ئۇسۇلى بىلەن ئىز قالدۇرغان . بۇنىڭ دەلىلى — ئەسھا بۇلكەن غارىدىكى تاش تەڭگە ، ئىت ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ تاشقا ئويۇلۇپ ياسالغان شەكلى ۋە يېقىندا لەمجىننىڭ ئاياغ تەرىپى — سىركىپ غولىنىڭ باش تەرىپىدىكى قىيالىقتىن بايقالغان چەكمە سۈرەتلەردۇر . بۇ چەكمە سۈرەتلەرنىڭ ئويۇلغان ۋاقتىنى ئارخېئولوگلار دەسلەپكى قەدەمدە بۇندىن 3500 — 6000 يىللار ئىلگىرىگە تەخمىن قىلىشماقتا .

3 . تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئەجدادلار بۇندىن 2000 — 3000 يىللار ئىلگىرىلا شەھەر بىنا قىلىپ ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرىدىغان مەدەنىي تۇرمۇش ھالىتىگە كۆچكەن . شەھەر بىنا قىلىش ـ ئىنسانلار تارىخىدىكى بىر خىل زور ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يارغول قەدىمىي شەھىرى ۋە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ بەرپا قىلىنىش

ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ــ تۇرپان رايونىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئۇزاق مەدەنىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

4 . تۇرپان رايونىدابۇندىن تۆت مىڭ يىل ئىلگىرىلا ساپان بىلەن يەر تېرىش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . دېھقانچىلىقنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ مەھسۇلىدۇر . « . . . مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋردە ( مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000 ـ يىلدىن باشلانغان ) دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەرلىرى پارچە ـ پارچە ئېتىزلار بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى لاتقا تۇزلەڭلىكلىرىگە كېڭەيگەن ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىمۇ ئەمدى چوڭ دەريا ۋادىسىدىكى ئىپتىدائىي « ئۆرتەپ ـ چوقۇلاپ تېرىش » بولماستىن ، بەلكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ سۇغۇرۇلىدىغان بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىققا ئايلانغان . . . دېھقانچىلىق تېخنىكىسىمۇ پەيدىن ـ پەي چېپىپ تېرىشتىن ساپان بىلەن ھەيدەشكە ، يەنى كالىنى ساپانغا قېتىپ يەر ھەيدەشكە تەرەققىي قىلغان ، بۇ ئەھۋال باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىلا مەيدانغا كەلگەن . . . دېمەك ، ساپان بىلەن يەر ھەيدەش تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 ـ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدىن 3000 ـ يىلنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە باشلانغانلىقى مەلۇم . . . ساپان بىلەن يەر ھەيدەش ئارقىسىدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان . دېھقانچىلىق كەنتلىرى بارغانسىرى مەخسۇسلاشقان . . . » ⑥ . بۇ تەبىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي يەكۈندۇر . ئەمدى ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ قاچانلاردا باشلانغانلىقى ھەققىدە يولداش ۋاڭ بىڭخۇا مۇنداق دەيدۇ : « غەربتە پامىرغىچە سوزۇلغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بەزى بوستانلىقلاردا كەم دېگەندە بۇندىن ئۈچ ـ تۆت مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۆز يېرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ

تۇرمۇشنى بېيىتىپ كەلگەن» ⑦.

يۇقىرىقى بايان ۋە ستاتىسلاردىن بىز تۇرپان رايونىدا تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ بۇندىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىلا خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇ دەۋرلەردە دېھقانچىلىقنىڭ شۇ دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىنىڭ، ئۇسۇللىرىنىڭ ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق شەكلىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئەجدادلارنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش سەۋىيىسىنى مەلۇم تەرەپتىن چۈشەندۈرىدۇ.

5. كارىز. كارىز — تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئاددىي ئەمگەكچىلەرنىڭ غايەت زور كەشپىياتىدۇر. شىنجاڭ ئاسىيادىكى ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقانلىقى، ھاۋاسى قۇرغاق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. بولۇپمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك تۇرپان رايونىنىڭ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىلا تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بېرىشى، بۇ جاينىڭ قۇرغاق ھەم ھاۋاسىنىڭ ئىنتايىن ئىسسىق بولۇشى سەۋەبلىك سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى، يامغۇر-يېغىنىنىڭ بەكمۇ ئازلىقى، بۇلاق سۇلىرى ۋە جىلغا-ئېقىن سۇلىرىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى، يەر شەكلىنىڭ يانتۇلۇق دەرىجە پەرقىنىڭ چوڭلۇقى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مول بولۇشى قاتارلىق ئامىللار بۇ رايوندا ياشىغان خەلقلەرگە كارىز چېپىش ئارقىلىق سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇتقانىدى. كارىز — تۇرپان رايونىدا ياشىغان خەلقنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىدىكى ئۇلۇغ بىر نامايەندىسىدۇر.

6. كولالچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىمۇ تۇرپان رايونىدىكى خەلقنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان بىر خىل ھۈنەر سەنئىتىدۇر.

بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە، تۇرپان رايونىدىن نۇرغۇنلىغان رەڭلىك ساپال قاچىلار تېپىلدى. رەڭلىك ساپاللارنىڭ، جۈملىدىن كولالچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. رەڭلىك ساپال

مەدەنىيىتى — دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «... شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى تۇرپان ئاستانىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىسىنىڭ دەۋرى يەنە قۇمۇلنىڭ قارادۆۋىدىكى قىزىلچوقىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىسىنىڭكىدىن بۇرۇن، قىزىلچوقا ساپاللىرىنىڭ مۇتلەق دەۋرى تەخمىنەن بۇندىن 3200 يىل ئىلگىرى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئاستانىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىلىرىنىڭ مۇتلەق دەۋرىنى تەخمىنەن بۇندىن 3400 يىل ئىلگىرى دېيەلەيمىز...» ⑧.

دېمەك، تۇرپان ئاستەنە دېگەن يەردە ئىشلەنگەن رەڭلىك ساپاللارنىڭ دەۋرىنىڭ بۇندىن 3400 يىللار ئىلگىرىكىگە مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە يارىتىلىشقا باشلىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

بىرەر رايون، مەلۇم مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش، يۇقىرى پەللىگە چىقىش، ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم ھالەتتە تۇرۇش، تېز ئۆزگىرىش، داۋاملىق يېڭىلىنىپ بېرىش... قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. تۇرپان رايونىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇ تەبىردىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەجدادلارنىڭ ئەنە شۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتىدىن كېيىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، راۋاجلاندۇرغان قەدىمىي مەدەنىيىتى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچىلا بىر قەدەر مۇقىملىق دەرىجىسىدە راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، تاكى ئۇرخۇن بويىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ 850 - يىللار ئەتراپىدا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي مەركىزىنى بۇ ئورۇنغا يۆتكەپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەنگە قەدەر ئانچە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەنىدى. ھالبۇكى، مىلادى 850 - يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىدا زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، غەرب ۋە شەرقتە ئۈچ ئۇيغۇر خانلىقى پاراللېل

هالـدا تىكلەنگەندىن كېيىنلا ، ئىككى چوڭ دىنىنىڭ تەسىرىدە ئىككى چوڭ مەدەنىيەت ئوچىقى بارلىققا كېلىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا يېڭى ، شانلىق سەھىپە ئېچىلدى . مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلدى . بۇنداق مەدەنىيەت ئوچىقىنىڭ بىرى شەرقىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونى ئىدى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەخمىنەن 400 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بۇ دەۋردە يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا يېڭى بىر شانلىق سەھىپە ئاچقان . بۇ دەۋر مەدەنىيىتى سىستېمىلىق بايان قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان . بۇ مەدەنىيەتنىڭ قانداق شارائىتتا شەكىللەنگەنلىكى ، گۈللەنگەنلىكى ۋە ئاخىرىدا قانداق قىلىپ خارابىلاشقانلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر .

ئۇيغۇرلار ئىدىقۇتتا سىياسىي جەھەتتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىگەندىن كېيىن ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى تېزلەشتى . بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى تىل جەھەتتە ئىدى . ئۇزۇن مەزگىللىك ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش نەتىجىسىدە ، ئۇيغۇر تىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىپ قۇدرەت تېپىشىدىكى تو-سالغۇلاردىن بىرى تۈگىتىلىپ ، كۆچەيگەن بىر مىللەت بولۇپ يېتىلىشى تەرەققىياتقا ئېرىشتى .

ئۇيغۇرلار ئىدىقۇتتا ھاكىمىيەت تىكلىگەندىن كېيىن تاكى چىڭگىزخان ئىستىلاسىغىچە بولغان تۆت يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا سىياسىي ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي تاپقان ، مەدەنىيەت جەھەتتىن گۈللەنگەن ، قۇدرەتلىك مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ ياشىنىدى . بۇ خانلىق ماددىي مەدەنىيەت ، مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەلىرى بويىچە ئۆز دەۋرىدە قوشنا ئەللەردىن پەرقلىق بولغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىگەنىدى . چۈنكى ، ئىدىقۇت شەھرى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مۇھىم ئۆتكەل

بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتى ئۇچراشقان تۈگۈن بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى بىر قىسمى كۆچۈپ بۇ ئورۇنغا ماكانلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق بولغان تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان ئۆز دەۋرىگە خاس مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇنىڭ ئىپادىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە كونكرېت نامايان بولدى.

ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل ۋە باتۇر ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئۇزۇن تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتلەردە پەللىمۇ پەللە تاكامۇللىشىپ بارغانىدى. بۇ ھەقتە پروفېسسور ئا. ف. ياكوۋىسكى ئۆزىنىڭ « 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ھەم تۇرپان قەبىلىلىرى توغرۇلۇق ئەرەبى ـ پارىسى ھۆججەتلەر » ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى باشقا تۈركى خەلقلەردىن ئاۋۋالراق ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداقلا، باشقىلاردىن خېلى بۇرۇنلا شامانىزمدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، دەسلەپ قىلىپ مانى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان. كېيىن بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغان. جۈملىدىن، باشقا تۈركى خەلقلەرگە نىسبەتەن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ يېزىقىنى ياراتقان. خەنزۇ خەلقلىرى بىلەن ماۋرەئۇننەھىر ئارىلىقىدا ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بولۇپ كەلگەن ». بۇ بايان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان ئۆز دەۋرىگە خاس بولغان ئىدىقۇت مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بىر قەدەر ئىخچام باياندۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھايات ناھايىتى جانلانغانىدى. بۇ دەۋردىكى ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتى مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆچمەس سەھىپە

قالدۇرۇشتىكى ئىجتىمائىي، تەبىئىي شارائىتلارنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچام بايان بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن:

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز ئىلكىدە تۇتقان زېمىنلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن ئېيتقاندا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي ئۇچىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئېتەكلىرىدە ئوت، سۇيى مول بولغان يايلاقلار ۋە ئورمانلىقلار بار ئىدى. بۇ ئەۋزەل شارائىت چارۋىچىلىقنى كۆپ تۇر بويىچە، يەنى يىلقىچىلىق، كالا بېقىش، قوي ـ ئۆچكە بېقىش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەڭ ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. بۇ ئىگىلىك دېھقانچىلىق تەرەققىياتىنى بولۇپمۇ سودا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پۇختا ئاساس ھازىرلىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىلكىدىكى زېمىنلاردا تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىلىق شارائىتلىرى مەۋجۇت بولۇپ، مۇنبەت يەرلەر، بىنام ـ بوزلار كۆپ ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ جىلغىلىرىدىن ئېقىپ چىققان يەر ئۈستى سۇلىرى، مول يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ كارىز كولاش يولى بىلەن يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىلىشى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلگەنىدى.

ئۈنىڭدىن تاشقىرى باغۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، مېتالچىلىق؛ سودا ـ سېتىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ بۇ خاندانلىق تېررىتورىيىسىدە شارائىت، ئىمكانىيەتلەر تەل ئىدى.

ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 9 ـ ئەسىرلەردە تاڭ سۇلالىسى ئىچكى ئىسيانىنى تىنچىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، غەربكە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ دەۋرلەردە ئەڭ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ھېسابلانغان تۇبۇتلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى توپىلىڭى بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەنىدى.

ئىقتىسادىي فورماتسىيە جەھەتتە، ئۇرخۇن بويلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك قېرىنداشلار ئۆزئارا ئۆتمەيلا بىردەك ھالەتكە كەلدى. شۇنداقلا كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر

ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىئولوگىيە ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە چوڭ ئومۇملۇقنا ئوخشاش، كىچىك پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىشتەك تەبىئىي ماسلىشىشمۇ كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ كەڭ دائىرىدە سىڭىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىشىنى تېزلەتتى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن يىراق، قەدىمىي يىپەك يولىغا جايلاشقان تۇرپان ئويمانلىقىدا قايتا تىكلەنگەن ئۇيغۇر خانلىقى — ئىچكى قىسمىدا تەرتىپ ياخشى ئورنىتىلغان، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا پايدىلىق شەرت - شارائىتقا ئىگە بولغان. قىسقىسى، تەبىئىي رەۋىشتە، سىياسىي ۋەزىيىتى تىنىچ، مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاج تېپىشقا باشلىغان بىر دۆلەت سۈپىتىدە گۈللەپ - ياشناشقا باشلىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭلا دىنىي ئىشلارمۇ بەك ئەۋج ئېلىپ، 50 نەچچە ئورۇندا ھەيۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ( ساڭراملار ) ۋە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلغانىدى. بۇددا ۋە مانى دىنى تەلىماتىغا ئاساسەن، خەلق ئاممىسى « تەڭرى بەخت ئاتا قىلغان كىشىلا خان بولالايدۇ، خان - تەڭرىنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ھامىي خۇداسى » دەپ تونۇيتتى. بۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولغان پان تېكىننىڭ خەلقنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تېزلا ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشىگە ھەمدە خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق خەلقنى ئۆز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىشىگە ئۇنۇملۇك ۋاستە بولدى. شۇ سەۋەبلىك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دىنلار ئىچىدە بۇددا دىنى ئاساسلىق دىن سۈپىتىدە بولغان بولسىمۇ، بۇددا دىنىدىن باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئەركىنلىكىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ھەرقايسى دىندىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى تەشۋىق قىلىشقا بولىدىغان ھەممە سەنئەت ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشىغا، ھەرخىل دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا ھەم يول

قويۇلغانىدى.

دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەربىي ئىشلارنى خېلى راۋاجلاندۇرغان ئىدى. بۇ خانلىق 900 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆز تېررىتورىيەسىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتكەنىدى. «... 865 ـ 866 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن تۇرپان، كۇچا، خامى (قۇمۇل) ۋە بەشبالىق شەھەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلكىدە بولغانىدى.» ⑨

قوشنا ئەللەرگە قارىتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى نورمال مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى. ئۇلار بىلەن تىنچ ئۆتۈش، ئىناق بولۇش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش قاتارلىق قوشنىدارچىلىق پورىنسىپىنى قوللاندى. بولۇپمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. ئۇلارغا يىلدا نۇرغۇن مىقداردىكى سودا بۇيۇملىرىنى يۈكلىگەن كارۋانلارنى ماڭدۇرۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خانلىققا يىلدا خېلى قىممەتلىك سوغا ـ سالامنى يوللاپ تۇردى. شۇ چاغلاردا، يەنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا ئېغىر دەرىجىدە نابۇت بولغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەيلى سوغا ـ سالام سۈپىتىدە ياكى سودا ـ سېتىق يولى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بارغان تاۋارلىرى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە قوشنىدارچىلىق ئىلتىپاتىنىڭ رولىنى ئوينىغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز تېررىتورىيەسىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىشىگىمۇ مەلۇم دائىرىدە يول قويغانىدى. بۇ ئۇسۇل فېئودال خانلىق دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل ئىجابىي رول ئوينايدىغان چارە بولۇپ، بۇ خاندانلىقنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدىكى ئورتاق مەدەنىيىتىنى گۈللەندۇرۇشتە ئۈنۈم بەرگەنىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،

سودا ـ سانائەت، ھۈنەر كەسىپ، مېتالچىلىق، مىمارچىلىق ئىشلىرى زور
دەرىجىدە يۈكسەلدى؛ دېھقانچىلىق جەھەتتە تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنى
كېڭەيتىش، يەر ئۈستى سۇلىرىنى تىزگىنلەش ۋە يەر ئاستى سۇلىرىدىن
كەڭ كۆلەمدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش
شارائىتلىرى ھازىرلاندى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئات بېقىشقا تولىمۇ
ھېرىسمەنلىكى ۋە ماھىرلىقى چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى زور تەرەققىياتقا
ئېرىشتۈردى. باغۋەنچىلىك، شارابچىلىق ئىشلىرىمۇ راۋاج تېپىپ،
خانلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى ھەر تەرەپتىن يۈكسىلىشكە باشلىدى.
شەھەر قول ھۈنەرۋەنلىرى، سودىگەرلەر تەبىقىسى قوشنا ئەللەردىن باشقا
يىراقتىكى مىللەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تاۋارغا بولغان ئېھتىيا-
جىغا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكىنىڭ يۇقىرىلىقى ئارقىسىدا، سودا ـ سانائەت
ۋە ھۈنەر كەسپىنىڭ كەڭ تۈردە راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى.
بۇنداق شارائىت ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى غەربتە شەرقىي رىم، ئىران،
ئەرەب، جەنۇبتا ھىندىستانغىچە، شەرقتە لياۋ ( كىدان )، شىمالىي سۇڭ
سۇلالىسى، تاڭغۇت ( تىبەت ) لەرگىچە سودا قىلىش شارائىتى ۋە
پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئەينى زاماندا چەتكە ئاساسەن نەسىللىك
ئات، قۇرۇق ئۈزۈم، پاختا رەخت، يۇڭ ۋە كەندىردىن توقۇلغان
سۇپەتلىك بۇيۇملار، شايى، گۈللۈك ھەم چاقماق يوللۇق سىلىق ۋە يە-
رىك تاۋار ـ دۇردۇن، پارچە گەزلىمە، نېپىز رومال، تاغار ـ خۇرجۇن؛
ئاياللارنىڭ تەييار كۆينەكلىرى، ھەرخىل زىبۇ زىننەتلەر، ئالتۇن ـ كۈ-
مۈش، تۆمۈر، قاشتېشى قاتارلىق ھەرخىل مېتال ۋە غەيرىي مېتاللاردىن
ياسالغان ئەسۋاب ـ بۇيۇملارنى چىقىراتتى.

دېمەك، سىرتقا چىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇنچىلىك ئېغىر
سالماقنى ئىگىلىشىگە قارىغاندا، شۇ ساھەلەردىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ،
سودىگەرلەرنىڭ نىسبىتىنىڭ خېلىلا چوڭلۇقىنى ۋە توقۇمىچىلىق، مېتال-
چىلىق قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسلىھە ـ قوراللىرىنىڭ خېلى يۇقىرى
سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. ھۈنەر ـ سەنئەت، سودا ـ

تىجارەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ پۇل ــ ئاقچا تۈزۈمى مۇكەممەللەشتى. تىللا ــ تەڭگە، مىس چاقا ــ يارماقلار، ھەتتا رەختلەر ( ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ماتاغا ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسى بېسىلىپ پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. كونىراپ كەتكەندە يېڭىغا ئالماشتۇرغان ) پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، سودا تۈگۈنى بولغان ئۆز يېرىنىڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى ۋە ئۆتكەل بولغانلىقىدىن پايدىلانغان ئۇيغۇرلار، ئۆز چېگرىسىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق چەت ئەل كارۋانلىرىدىن چېگرا بېجى ئېلىش سىياسىتىنى يولغا قويغانىدى. مانا مۇشۇ يۇقىرىقىدەك ھەر تەرەپتىن تەڭ يۈكسىلىش بارلىققا كەلگەن ئاشۇ خانلىق دەۋرىدىكى ھەرخىل چارە ــ تەدبىرلەر، سىياسەت، يول قويۇش، ئېچىۋېتىشلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دېھقان، چارۋىچى، كاسىپ، سودىگەرلەر، جۈملىدىن دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى. بۇ ھەقتە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ تۇرپانغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاقتىدىكى ئەھۋاللاردىن قالدۇرغان خاتىرىسىدە: « تۇرپاندا پېقىر پۇقرا يوق ئىدى » دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىدەك ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىت، يولغا قويۇلغان ــ ئىجابىي رول ئوينىغان چارە ــ تەدبىرلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ماددىي مەدەنىيەت ساھەسىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ، ئىلىم ــ پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ياراتقانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خۇراپاتلىقنى، مۇتەئەسسىپلىكنى ئۈنچىۋالا ياقتۇرۇپ كەتمىدى. ھەر قايسى ئەللەردىن پاناھ ئىزلەپ ياكى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئەلگە كەلگەن ئالىم ــ ئۆلىمالارغا ۋە ھەر تەرەپتىن كەلگەن دىن ۋە پىكىر ئېقىملىرىغا، تەلىماتلارغا قارىتا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. بۇ خىل ئۇسۇل ئەينى زاماندا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئويناپ، ئىدىقۇت ئۇي-

غۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە مۇئەييەن تۈرتكىلىك ئۇنۇم بەرگەن ۋاستە بولۇپ قالدى .

يۇقىرىقى ھەر تەرەپلىمىلىك ئامىللارنىڭ تەسىر كۈچىدىن ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ماتارىپ ئىشلىرىمۇ ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا راۋاجلىنىپ ، زور سالماقتىكى زىيالىيلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى . نەتىجىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، رەسساملىق ، ھەيكەلتىراشلىق ، مەتبەئە ـ نەشرىياتچىلىق ، تىبابەتچىلىك ، بىناكارلىق ، ئاسترونومىيە ، كالىندارچىلىق . . . قاتارلىق ساھەلەر ، قىسقىسى ، مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . بۇنداق گۈللىنىش باسقۇچىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەت 9 ـ ئەسىردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان ئىدىقۇتنى غەربىي رايون ( شىنجاڭ ) مەدەنىيەت ئوچىقىنىڭ مۇھىم بىر مەركىزىگە ئايلاندۇرغانىدى .

شۇ نەرسە ئېنىقكى ، ھەر قانداق بىر شەيئىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا پەيدا بولۇش ، گۈللىنىش ، يوقىلىش باسقۇچلىرى بولىدۇ . خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، تۆت يۈز يىلدەك ۋاقىت دەۋر سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى چىڭگىزخانىڭ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە ئومۇميۈزلۈك ھالدا خارابلىشىشقا باشلىدى . زىيالىيلار ھەر تەرەپكە چېچىلىشقا باشلىدى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چىڭگىزخانىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ھەر جايغا تاراپ كەتكەن بولسا ، بىر قىسمى چىڭگىزخانغا قارشى ھالدا باشقا ئەللەرگە پاناھلىق تىلەپ كېتىشكەنىدى . بۇنداق ئەھۋال تاكى چاغاتاينىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېڭى بىر ئەۋلاد مەدەنىيەت تىكلەنگەنگە قەدەر داۋام قىلغان بولۇپ ، بۇ ھال ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى .

كېيىنچە ، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنىڭ موڭغۇل خانزادىلىرى باشلاپ كەلگەن قوشۇنلار تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنىشى ، ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ بۇددا دىنى تەسىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت

بايىلىقلىرىنى دەھشەت بىلەن نابۇت قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان شانلىق مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى يوقىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولۇش خەۋپىدىن مۇستەسنا بولالمىدى.

## ئىزاھلار

① فېڭ جياشېڭ: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە) 1957 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان.

② پ. ئا. لىتۋىنىسكى: «مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (ئۇيغۇرچە ژۇرنال)، 1985 ـ يىل، 1 ـ سان، 67 ـ بەت.

③ «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»، 1954 ـ يىل، (خەنزۇچە)، خەلق نەشرىياتى، 2 ـ توم، 803 ـ بەت.

④ ئا. ئۆتكۈر: «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە بىر نەزەر» ـــ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 ـ يىل 3 ـ سان 155 ـ بەت.

⑤ م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە) 1 ـ توم، تاشكەنت نەشرى 1957 ـ يىل.

⑥ «قىسقىچە دۇنيا تارىخى» (ئۇيغۇرچە) 39 ـ، 40 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

⑦ ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقى» ـــ «شىنجاڭ گېزىتى» (كونا يېزىقتا)، 1982 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى سانى، 3 ـ بەت.

⑧ چېن گې: «شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ـــ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

⑨ باھائىدىن ئۆگەل: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، تۈركچە، 1962 ـ يىل ئەنقەرە، 362 ـ بەت.

## بىرىنچى باب

# ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتتا ماكانلىشىشى

### بىرىنچى پاراگراف    زور تارىخىي ۋەقە — ئورخۇن - يېنسەي ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى

نۇرغۇن قېتىملىق تارىخىي داۋالغۇشلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن جاسارەتلىك، تىرىشچان ئۇيغۇر خەلقى، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنى بەرپا قىلىشتا، ئۆزلىرىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇرلار — ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخى بىلەن جاھان تارىخىدا شەۋكەتلىك نامغا ئىگە، جۇملىدىن مەملىكىتىمىز تارىخىدىمۇ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا كۆپلىگەن ئەگرى - توقايلىقلارنى، شانلىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن، تارىخ سەھنىسىدە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە پائالىيەتلەرنىمۇ ئېلىپ بارغانىدى.

ئاسىيانىڭ شەرقىدە شىڭئەنلىڭ ( خىنگان ) تاغ تىزمىلىرىدىن تارتىپ غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا گوبى چۆللۈكىدىن تارتىپ شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىق گويا بىر تارىخ سەھنىسى بولۇپ، نۇرغۇن قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بۇ يەردە ياشاپ، تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى . . . هونلار، جۇرجانلار، سىيانپىلار، تۇركلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى قىتانلار ( كىدانلار )، موڭغۇللار مۇشۇ رايونلاردا بارلىققا كەلدى، زورايدى ۋە قۇدرەت تاپتى. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ رايونلاردا ئۆسۈپ يېتىلىش، زورىيىش، قۇدرەت تېپىش جەريانلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى [1].

كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بويسۇندۇرىدۇ. ئىتتىپاقلىشىش — تارىخ

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى مۇھىم تۈرتكىلىك ۋاستىلەرنىڭ بىرى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدا، ئىنسانلار توپى بەزىدە كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، بىرىككەن، قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقان، بەزىدە بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ قانۇنىيەتتىن ئۇيغۇرلارمۇ مۇستەسنا بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن باشلاپ «دىڭلىڭ» نامى بىلەن ئاتىلىپ ②، بىر نەچچە ئەسىر ھونلار ئىتتىپاقىدا بولغان③. مىلادى 5 - ئەسىردە باش كۆتۈرۈپ - كۈچەيگەن جۇرجانلار دەۋرىدە دىڭلىڭلار بويسۇندۇرۇلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ نامى «تېلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى ④.

مىلادى 546 - يىلى، تۈرك قەبىلىسىنىڭ سەردارى تۇمەن قاغان جۇرجانلار ئويمانلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تېلى قەبىلىلىرىدىن 50 نەچچە مىڭ تۈتۈننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، تۈركلەرنىڭ ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىغا ئاساس ياراتتى ⑤.

مىلادى 552 - يىلى، تۇمەن قاغان جۇرجان قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغاندا، جۇرجانلارنىڭ سەردارى ئانا گۇي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇنىڭ بىلەن جورجان ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتى بەربات بولدى. تۇمەن قاغان ئۆزىگە «ئىلىگ قاغان» دەپ نام بەردى ۋە تۈرك خاندانلىقى تىكلەندى. نەتىجىدە يېڭى ھاكىمىيەت جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرى ئورنىنى ئېلىپ، ئاسىيا ئوتتۇرىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى ⑥.

ئەنە شۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 200 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن كۆك تۈرك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار «خۇيخې» دەپ ئاتالدى ⑦. 744 - يىلىغا يەتكەندە، ئۇيغۇرلار تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» نى قۇردى ⑧.

«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» نىڭ قۇرۇلۇشى — ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىيىپ، ئۆزلىرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان قەبىلىداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىنىلا چۈشەندۈرۈپ قالماستىن، بەلكى

ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردە مۇقىم بىر خىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈلگەنلىكىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ھالبۇكى، بۇ «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ئاران بىر ئەسىر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپلا يوقالدى...

مىلادى 840 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى.

795 ـ يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىدا تەختكە ئىگىلىگەنلەر ياغلاقار جەمەتىدىن ئەمەس ئىدى. بۇ تۇپەيلى خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەتلەر تېپىخمۇ كەسكىنلەشتى، بەزى قەبىلىلەر خانلىق تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، خاندانلىقنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىكى — مال ـ چارۋىلار ناھايىتى كۆپ قىرىلىپ كەتتى، نەتىجىدە جۇتلۇق، ئاچارچىلىق ۋە ۋابا كېسىلى بۇ خانلىق دائىرىسىدە ئەجەللىك تەھدىت بولۇپ قالدى. مۇنداق دەھشەتلىك تەبىئىي ئاپەتتىن تاشقىرى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خاندانلىقتىكى ئايرىم باشلىقلار، ئەسلىدە ئۇيغۇر خانلىقىغا قاتتىق نارازىلىق ساقلاپ كەلگەن قىرغىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ پايتەختىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتتى ⑨.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خاندانلىقنىڭ پۇقرالىرى جەنۇبقا ۋە غەرب تەرەپلەرگە كۆچۈشتى.

جەنۇبقا كۆچكەن بىر تارماق ئۇيغۇرلار ئۆتۈگە تېكىنىنىڭ باشچىلىقىدا خېبېي، شەنشى، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا يېقىنلاپ كەلگەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئازراق ھاللاندى. ئۇلار يەنە شىمالغا — كونا ماكانلىرىغا قايتىپ بېرىپ ئۆز قاغانلىقىنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولۇپ ھالاك بولۇشتى.

يەنە بىر تارماق ئۇيغۇرلار گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىدىكى گەنجۇ، لىياڭجۇ رايونلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى (مىلادى 870 ـ 1030 ـ يىللار). بۇ خانلىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار،

خانىدانلىق تاكى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقۇتۇلغانغا قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، دۇڭخۇاڭ بۇددا مەدەنىيىتى ۋە مىڭ ئۆي سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان.

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى يەتتە سۇ ۋە ھازىرقى قىرغىزىستان رايونلىرىغا بېرىپ ماكانلىشىپ، بۇ يەردە ئىلگىرىدىنلا ياشاپ كەلگەن ياغما، قارلۇق قاتارلىق ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ، يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل، سىر دەريا ۋە چۇ دەريا (ئامۇ دەرياسى) ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىندا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى. قەشقەر بۇ خانلىقنىڭ قىشلىق پايتەختى، بالا ساغۇن يازلىق پايتەختى بولغانىدى.

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئۇرخۇن شاھزادىسى — پان تېگىن ① يېتەكچىلىكىدە ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى دەسلەپ بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە) قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ تارماق ئۇيغۇرلار بېشبالىقنى مەركەز قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىسى بولغان پان تېگىن ۋە تالانتلىق ھەربىي سەركەردە بۇكۇقۇنىڭ باشچىلىقىدا تىبەتلىكلەر بىلەن 20 يىلغا يېقىن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلارنى دەسلەپ شىمالىي شىنجاڭدىن، كېيىن تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقاردى. شاھزادە پان تېگىن شۇ غەلىبە ئاساسىدا، ئۇيغۇر سەركەردىسى بۇكۇقۇنىڭ ساداقەتلىك بىلەن يار-يۆلەكتە بولۇشىغا تايىنىپ، مىلادى 866-يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىشتى ②. بۇ خانلىقنىڭ قىشلىق پايتەختى ئىدىقۇت شەھىرى، يازلىق پايتەختى بېشبالىق بولدى.

---

① بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە ئۇرخۇندىن تۇرپانغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى پان تېگىن دەپ خاتىرىلەنگەن (بۇ يەردىمۇ مۇشۇ ئىسىم ئېلىنغان). «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى» ناملىق تۈركچە ئەسەرنىڭ 108-بېتىدە بولسا، ئىدىقۇتقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى مەڭلىك تېگىن ئىدى، دېيىلگەن.

شۇندىن ئېتىۋارەن ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى سىياسىي ، مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشتى .

### ئىزاھاتلار

① ليۇ زىشاۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ( ئۇيغۇرچە ) ، بىرىنچى قىسىم ، 6 ـ ، 7 ـ بەتلەر . مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى .

② ئۇيغۇر سايرانى ، شى جۇڭ بىرلىكتە يازغان « ئۇيغۇرلار » ناملىق ماقالە ـ « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ( ئۇيغۇرچە ، ئىچكى ژۇرنال ) ، 1983 ـ يىل 10 ـ ئاي ( 6 ـ سانى ) ، 2 ـ بەت .

③ ليۇ زىشاۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ( ئۇيغۇرچە ) ، بىرىنچى قىسىم 8 ـ بەت . مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .

④ يۇقىرىقى كىتاب 12 ـ بەت .

⑤ « سۈي سۇلالىسى تارىخى » ، 84 ـ جىلد ، « تۈركلەر شەجەرىسى » ؛ « تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى » 215 ـ جىلد ( بىرىنچى بۆلۈم ) ، « تۈركلەر شەجەرىسى » گە قارالسۇن .

⑥ ليۇزىشاۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ( ئۇيغۇرچە ) بىرىنچى قىسىم ، 19 ـ ، 20 ـ بەتلەر . مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى .

⑧ ⑦ يۇقىرىقى كىتاب 8 ـ ، 27 ـ بەتلەر .

⑨ « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ئۇيغۇرچە ، 235 ـ بەتكە قارالسۇن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى .

⑩ باھائىدىن ئۆگەل : « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » تۈركچە ، 1971 ـ يىل ئىستانبۇل 1 ـ نەشرى ، 108 ـ بەت .

## ئىككىنچى پاراگراف ئىدىقۇتقا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سىڭىشىشى

« مۇقەددىمە » دە تىلغا ئېلىنغىنىدەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر بۆلىكى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلەردىلا قۇمۇل ، تۇرپان ، ئۈرۈمچى ، جىمسار قاتارلىق جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت

ئورگانلىرىنى قۇرغانىدى ①. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تارىخىدا، مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پاراللېل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى كۈچلۈك ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، بەزىدە مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ياشىغان بولسا، بەزىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرۈپ كۈچەيگەن بىرلىكلەر — ئىتتىپاقداشلار تەسىرى ئاستىدا ياشىغانىدى. ھالبۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغىنىدا، ئۇيغۇرلار، ئېلىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدە، يېڭىدىن تەسىرلىك پائالىيەتلەرنى مۇستەقىل بىر كۈچ سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىش شارائىتىغا ئېرىشەلىگەنىدى. بۇنداق مۇستەقىل بىر سىياسىي كۈچنىڭ ھاسىل قىلىنىشى، ئەلۋەتتە، ئورخۇن بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىپ — ئورتاق بىر گەۋدىنى شەكىللەندۈرۈشكە زىچ باغلىق ئىدى.

ئۇيغۇر تارىخى تېمىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان، «يىپەك يولى» ۋە ئىدىقۇتشۇناسلىق يولىدا ئىزدەنگۈچى ئالىملار، ئارخېئولوگلار ۋە تەتقىقاتچى خادىملار ئۆز ئەسەرلىرىدە، ئورخۇن بويىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان رايونىغا كۆچۈپ كېلىشىدىن ئىلگىرى بۇ رايوندا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە سوغدىلار، تۇخارلار، خەنزۇلار ۋە يەنە تۈرك قوۋملىرىدىن تۈركەش قاتارلىق قوۋملارنىڭ ياشىغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ ②. دەرۋەقە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «ھۇدۇدۇلئالەم» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەردىمۇ بېشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ بەش كەنتى بولغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ ③. دېمەك، تۇرپان رايونىدا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى كۆچۈپ كەلگۈچە، يۇقىرىقىدەك مىللەت ۋە قوۋملار ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا بىرلىكتە تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنىدى.

ئورخۇن بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ماكانىدىكى تۇرمۇشقا لايىقلىشىشى، تەبىئىي رەۋىشتە، ناھايىتى تېز بولدى. بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن سۆيەر روھى ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرپان رايونىدا ياشاۋاتقان يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن شۇ دەرىجىدە تېزدىن سىڭىشىپ كېتەلىشىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى ئورخۇن بويىدىكى ۋاقىتلاردىلا شەكىللەنگەنىدى. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئېتنىك ۋە سىياسىي بىرلىكنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇش تەرەققىياتىدىكى مۇئەييەن بىر باسقۇچلۇق ئىپادىسى — «ئۇيغۇر» دېگەن يېڭى نامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇرۇنقى ئورۇقچىلىق ئاساسىدىكى بىرلىشىشلەر ۋە ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن ئىتتىپاق — ئۇيغۇرلار تەرەققىياتىنىڭ ئورخۇن بويىدىكى باسقۇچىدىكى مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالغانىدى. يېڭى بىرلىشىش بىر قەدەر مۇستەھكەم ئېتنىك تەشكىللىنىش بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خاقانلىق پەيدا بولدى ۋە ھەممىگە ئورتاق «ئۇيغۇر» دېگەن نام قوبۇل قىلىندى.

يۇقىرىقىدەك تەرەققىياتنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت تارىخىغا نىسبەتەن، ئۇرۇق - قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا تائىپە - خەلق (نارودنىست) ئالماشقانلىق دەپ قارىغاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىغا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ دەسسىگەنلىكى دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

ئورخۇن بويىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۇرۇقلارغا بۆلۈنۈش تەرتىپلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ، تەبىئىيكى، تېررىتورىيىلىك باغلىنىشلارنى كۈچەيتتى. ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىدىكى ۋاقىتلىرىدا (بۇ يەردە پەقەت ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بىر قىسمى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق، رودا تاۋلاش، سودا ۋە قول ھۈنەر كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇشقانىدى. دېھقانچىلىقتىن كىرىدىغان مۇقىم كىرىم، سودىدىكى پايدا ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمچىلىق تىجارىتى ئۇيغۇرلارنى مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىگە تەدرىجىي جەلپ قىلغان. نەتىجىدە، دائىملىق يېزا، كەنتلەر، شەھەر - بازارلار، ئۆتەڭلەر بارلىققا كەلگەن، يېزا، كەنت، شەھەرلەردە ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈش - ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ

ئورنىغا تېررىتورىيىلىك مۇناسىۋەتلەرنى دەسسەتكەن. ئورخۇن بويىدىكى بۇنداق تەرەققىيات باسقۇچى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئۇرۇقچىلىق بۆلۈنۈشنىڭ بۇزۇلۇشى، تېررىتورىيىلىك باغلىنىشلارنىڭ كۈچىيىشى — ئۇرۇقچىلىق باغلانغان ئىدىئولوگىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئېلىپ كەلدى. جۈملىدىن ھەربىر ئۇرۇقنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى (شامانىزم) ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئېتنىك ئومۇملىقىغا مەنسۇپ ئورتاق دىن بىلەن ئالماشتى. بۇنداق دىن 762 ـ يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەم دۆلەت دىنى ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن مانىخەي (مانى) دىنى ئىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلار خېلى مۇكەممەل بولغان يېزىق قوللانغانىدى. شۇنىڭدەك، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىمۇ خېلىلا يۇكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. دىئالېكتىلارنىڭ سىلىقلىشىپ، پەرقلىرىنىڭ ئازىيىشى جەريانى تېزلەشتى ۋە بۇ دىئالېكتىلارنىڭ يېقىنلىشىپ تائىپە خەلق (نارودنىست) تىلىغا ئايلىنىشى يۈز بەردى. ئۇيغۇر تىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ھۆكۈمران تىل ئورنىغا ئۆتكەنىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىلادى 840 ـ يىللار ئەتراپىدا قىرغىزلار تەرىپىدىن ھەربىي جەھەتتىن مەغلۇپ قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ خاتىمىسى ياكى ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئەمەس ئىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىدە خېلى زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەنىدى. بۇرۇنقىدەك ئەل ئىشلىرىنى ئومۇم خەلق بىردەك ئىشتىراك قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشتىن، بىر قانچە ئادەم مەركەزلىك ھالدا باشقۇرۇشقا ئۆزگەرگەن، خاقانلىق تەسىس قىلىنىپ، ھاكىمىيەت ھوقۇقى مىراس قالىدىغان تۈزۈم بارلىققا كەلدى. ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى فېئوداللارغا ئۆزگەردى. ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى فېئوداللىق ئېزىش سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇلدى.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى تۇرپان رايونىغا كۆچكەندىن كېيىن، يېڭىدىن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكە توغرا كەلدى. ئالدى بىلەن ئۇلار

ئۇرۇش قىلىش مەجبۇرىيىتىگە دۇچ كېلىپ، تۇبۇتلارنى 20 يىل ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە بۇ رايوندىن سىقىپ چىقاردى. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى قېرىنداشلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلاپ، زور سىياسىي كۈچ ھاسىل قىلىشتەك تارىخىي ۋەزىپىگە قەدەم قويدى.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرپان رايونىغا كۆچۈپ كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك زور ئۇيۇشۇش — ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىگە قاراپ ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى تېزلەشتى. بۇنداق زور ئۇيۇشۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى — تىل جەھەتتە ئورتاقلىق ھاسىل قىلىش ئىدى. ھالبۇكى، بۇ شەرتنىڭ ئۇرۇندىلىشى ئۇيغۇرلاردا ئورخۇن بويىدىلا ئىشقا ئاشۇرۇلغىنىدىن تاشقىرى، تۇرپان رايونى ئەتراپلىرىدىمۇ ئاساس بار ئىدى. چۈنكى «تىيانشان ئەتراپى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئەسلىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىمۇ 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان بولماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن كۆپ بۇرۇنلا باشلانغان. تىيىللار، تۈركلەر تىيانشان ئەتراپى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونغا ئۇزۇن زامان ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولغاچقا، ئۇ جايلاردىكى ئەسلى بار مىللەتلەرنىڭ تېيىللىشىشى ۋە تۈركلىشىشى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تېيىللىشىش ۋە تۈركلىشىش كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلىشىشقا شەرت ھازىرلىغان» ④ ئىدى.

تىل — ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقە ۋاسىتىسى. مانا مۇشۇ ۋاسىتە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى خەلقنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى، چۈشىنىشى، ئۆزئارا سىڭىشىشىدا ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغانىدى. بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە — ئۇيغۇر تىلىنىڭ «ئورتاق تىل» رولىنى ئۆتىگەنلىكىدە بولدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى، مۇستەھكەملىنىشىدە ۋە خەلقنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىدە يۇقىرىقى ئامىللاردىن باشقا يەنە، كۆچۈپ كەلگۈچىلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى تەشكىلات ئاساسىنىڭ پۇختا بولۇشى ۋە تەجرىبىسى، يەرلىك ئاھالە ئىچىدە پائالى-

يەتچانلىقى بىلەن ( ئاساسەن سودا پائالىيەتچانلىقى ) كۆزگە كۆرۈنگەن « سوغدىلاردا ھاكىمىيەتنى تەشكىللەش ئىقتىدارى بولمىغانلىقى » ⑤ ، كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ تېزدىن سىياسىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە ماھىر كەلگەنلىكى ، دىن جەھەتتە مانى دىنىدىكى كۆچۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ بۇددا شەھەر مەدەنىيىتى ئاساسىي ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن بۇ رايونغا تېزلا ئايىقلىشىۋېلىشى . . . قاتارلىق سەۋەب ، ئامىللار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇرپان رايونىنى تېزدىن ئۆز ئىدارىسىگە ئېلىشىدا ۋە خەلقىنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى .

ئىدىقۇت رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر بولدى . ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەسلىدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلغانىدى . ئىدىقۇتقا يەرلەشكەندىن كېيىن چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئۇلارنىڭ ئىگىلىك قارىشىدا تەڭ ئورۇنغا قويۇلدى . ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشكە كۆنۈككەن بۇ ئۇيغۇرلار توپى مەزكۇر رايونغا كەلگەندىن كېيىن ، بىر قىسمى دېھقانچىلىق كەسپىگە يۈزلەنگەن بولسا ، يەنە بىر قىسمى جۇڭغار ئوتلاقلىرىنى مۇقىم چارۋىچىلىق بازىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ ، يەنىلا ماھىر چارۋىچىلاردىن بولۇپ قالدى .

دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئىگىلىكىدە خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن ، كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەسىرى بىلەن دېھقانچىلىققا كىرىشكەندىن تاشقىرى ، باغۋەنچىلىك كەسپىگىمۇ ئوبدانلا ئۆزلىشىپ كەتتى . ئىدىقۇت تەۋەلىكىدە يېرا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ نىسبىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، بىنەم بوزلار كۆپلەپ ئېچىلدى . يەر ئۈستى سۇلىرىنى تىزگىنلەش بىلەن بىرگە يەر ئاستى سۇلىرىندىنمۇ پايدىلىنىش ( كارىز كولاش ئۇسۇلى بىلەن ) ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى . قول ھۈنەر سانائىتى ساھەسى زورايدى ؛ ئەتراپتىكى يۇرتلار ، چەتئەللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان « يىپەك يولى » سودىسىمۇ قايتا جانلىنىش باسقۇچىغا كۆچتى ؛ دىنىي پائالىيەتلەر ۋە مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى .

دېمەك ، يېڭى ماكاندا يېڭىلىق يارىتىش ئىستىكى بىلەن كۆرسىتىلگەن ھەر خىل تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە ، كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن يەرلىك خەلق تېزدىن سىڭىشىپ ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى شانلىق ئۇيغۇر بوددا مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا شەرت ـ شارائىت ھازىرلاندى .

ئىزاھاتلار :

① يىلماز ئۆزتۇنا : « بۈيۈك تۈركىيە تارىخى » تۈركچە ، 1983 ـ يىل ، ئىستامبۇل نەشرى ، 1 ـ توم 105 ـ بەتكە قارالسۇن .
② ئا . ۋ . گابائىن : « قارا قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى » — « شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە ، 1980 ـ يىل 3 ـ سان .
③ ئىبراھىم مۇتىئى يازغان : « يېپەك يولىدىكى قەدىمكى خەلقلەر ۋە تىللار » ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل . « شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى » ( ئۇيغۇرچە ژۇرنال ) 1981 ـ يىل 1 ـ سان 14 ـ بەتكە قاراڭ .
④ ئۇيغۇر سايرانى ، شى جۈڭ بىرلىكتە يازغان « ئۇيغۇرلار » ناملىق ماقالە ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ( ئۇيغۇرچە ، ئىچكى ژۇرنال ) نىڭ 1983 ـ يىل 6 ـ سان 9 ـ بېتىگە قارالسۇن .
⑤ ئا . ۋ . گابائىن : « قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى » — « شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى » ( ئۇيغۇرچە 1980 ـ يىل 3 ـ سان 53 ـ بەت . )

## ئۈچىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوش پايتەخت تۈزۈمى

يۇقىرىدا ، « قوش پايتەخت قۇرۇش ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى بىر خىل ئالاھىدىلىك » دەپ ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق . دەرۋەقە ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئاساسسىز بارلىققا كەلگەن ئەمەس .

ماركس ، ئېنگېلس « نېمىس ئىدېئولوگىيىسى » دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن : « تارىخ — ئەۋلادلارنىڭ نۆۋەت بويىچە ئالمىشىشى ، خالاس . ھەربىر ئەۋلاد بۇرۇنقى ئەۋلادلار قالدۇرۇپ كەتكەن ماتېرىيال ، مەبلەغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ كەلدى ؛ مۇشۇ

سەۋەبتىن ھەربىر ئەۋلاد، بىر تەرەپتىن، ئەجدادلارنىڭ پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن شارائىت ئاستىدا داۋاملاشتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن پائالىيەت ئارقىلىق كونا شارائىتلارنى ئۆزگەرتىپ كەلدى.» [1]. تۇرپان رايونىدا مىلادى 866 ـ يىللىرى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى» قۇرۇلغاندا، كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بۇ شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىدە روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەنىدى. يېڭى مۇھىت، يېڭى يۈكسىلىش ئېھتىياجىدىن بۇ خانلىق تارىخى ئەنئەنە بويىچە قوش پايتەخت تۇتقانىدى.

«مەدەنىيەت» دېگەن بۇ ئۇقۇم، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى — ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشلىرىنى (ھاياتىنى) تەمىن ئېتىشنى تۈپ مەقسەت قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ شەكلى — ماددىي مەدەنىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت — ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشىگە (تەرەققىياتىغا) ئەگىشىپ راۋاجلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى قارىمۇ قارشىلىق ئاساسىدىكى بىرلىك ھالىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ماددىي مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى، ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوش پايتەخت تۇتۇشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىقنىڭ ئىقتىسادىي مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە تەبىئىي شەرت ـ شارائىتنىڭ ئەۋزەللىكىگە زىچ باغلىق ئىدى. تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە سۇيى مول، گۈزەل يايلاقلار بولۇپ، چارۋىچىلىققا ناھايىتى باب ئىدى. بۇ خىل ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئې-

رىشكەن ئىدىقۇت خانلىقى چارۋىچىلىقنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشنى ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلانىنى كۆڭلىگە پۈكتى. كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەرلىكتىكى يۇكسەلگەن يېزا ئىگىلىكىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خانلىقتا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ يۇكسەلدۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، خانلىقنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. ئىككى خىل ئىگىلىككە تەڭ ئېتىبار بېرىش — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوش پايتەخت تۇتۇشىدىكى بىرىنچى ئاساس بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا يايلاق - دالا تۇرمۇشى خاراكتېرى چوڭقۇر سىڭىشكەنىدى. بۇ ھال بولۇپمۇ ئورخۇن بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردا گەۋدىلىك ئىدى. مۇنداق تۇرمۇش ئەنئەنىسى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى مۇھىتقا يەرلىشىشىدىمۇ يۇكسەك ئېتىبارغا ئېلىنماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدە قەدىرلەنگەن « ئات مەدەنىيىتى » نى يېڭى مۇھىتتا ئۈزۈپ قويۇشقا ئەسلا بولمايتتى. يايلاق - دالا تۇرمۇشى خاراكتېرى ۋە بۇنىڭ مەركىزىدىكى « ئات مەدەنىيىتى » نى داۋاملاشتۇرۇش — ئىككىنچى ئاساس ئىدى.

سودا — ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى ھاياتىدا ۋە ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ھاياتىدا مۇھىم ئىگىلىك سۈپىتىدە سانالغانىدى. سودا ئىگىلىكى ئۇيغۇرلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۇكسىلىش يولىنى ئېچىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر بىلەن تونۇشۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىگىلىكنى يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەر - كەسىپ، مېتالچىلىق توقۇمىچىلىق . . . قاتارلىق ساھەلەرنى بىردەك تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەڭشەش، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا توغرا كېلەتتى. مۇنداق ئەھۋالدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز ئىلكى-

دىكى ماكانلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىقتىسادىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھالدا قىشلىقى ئىدىقۇتتا كۆچۈپ كېلىپ دېھقانچىلىق تەييارلىقى، قول ھۈنەرۋەرچىلىك ۋە سودا سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يازلىقى ئاساسەن بېشبالىقتا چارۋاماللار پەرۋىشىنى چىڭ تۇتاتتى. بۇ ئۇسۇلنى بولغا قويۇش – قوش پايتەخت تۈزۈمىنىڭ يەنە بىر ئاساسى ھېسابلىناتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى بىر مەزگىل ناھايىتى كەڭرى بولغان، ئۇلارنىڭ چېگرىسى ئەينى مەزگىللەردە شەرقتە ھازىرقى جيۇچۈەن ۋىلايىتىگىچە، غەربتە كۇچار (بەزىدە ئاقسۇغىچىمۇ كېڭەيگەن دېيىلىدۇ) غىچە، شىمالدا تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمى، ئىلى ۋادىسىغىچە سوزۇلغانىدى. بۇنداق كەڭ تېررىتورىيىنى مەركىزى جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە تاشقى كۈچلەردىن مۇداپىئە قىلىش قولايلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوش پايتەخت تۈزۈمىدىكى يەنە بىر ئاساس ئىدى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك بېشبالىق شەھىرى بىلەن ئىدىقۇت ۋە يارغول قەدىمكى شەھەرلىرى ھەربىي ستراتېگىيە نۇقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم تۈگۈنلەردىن سانىلاتتى.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قوش پايتەخت تۈزۈمى – ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ فېئودال خانلىق تۈزۈمىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاساسىي تەركىبىنى تەشكىل قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا يېڭى ماكانىنىڭ مۇھىت – شارائىتلىرىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى پەيدىنپەي ئورۇنلاشقا توغرا كەلگەن. بۇ دەۋردە ئۇلار فېئودال تۈزۈمدە ياشىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى (ئاساسەن يەر، يايلاق، سۇ مەنبەسى) فېئودال خان، بەگلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان زور كۆپچىلىك پۇقرامۇ فېئوداللارنىڭ تولۇق بولمىغان «مۈلكى» ھېسابلىناتتى. مانا

مۇشۇنداق ئىجتىمائىيەتتە، دېھانچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرلىق ئىشلەپ-چىقىرىش بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تەبىئىي بايلىقنىڭ مەنبەسى — يايلاقتا تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇلىدىغان چارۋىچىلىقنى پاراللېل ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، بۇ ئىككى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن قولغا كېلىدىغان ماددىي بۇيۇملار بىلەن سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نەزەرگە ئالغان خانلىق ھاكىمىيەت ئىككى پايتەختكە — قىشلىقى ئىدىقۇت شەھىرىگە، يازلىقى بېشبالىققا كۆچۈپ ياشاشنى لايىق تېپىشقانىدى. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئەمگەك كۈچلىرىنى زۆرۈر تېپىلغان ئىشلەپچىقىرىشقا لايىقىدا سەرپ قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى دەۋردە قوش پايتەخت تۇتۇشى، ئەينى دەۋردىكى شانلىق ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە بەلگىلىك تارىخىي رول ئوينىغانىدى (قوش پايتەخت تۇتۇشتا، تۇرپان رايونىنىڭ — يەنى ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ — ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ رايونغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇنلا بۇددا مەدەنىيىتى گۈللەنگەن بىر رايون ئىكەنلىكىمۇ مۇھىم بىر سەۋەب ئىدى).

## ئىزاھاتلار:

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 88 - بەت.

# ئىككىنچى باب

## ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى

### بىرىنچى پاراگراف پادىشاھلىق تۈزۈم

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا بىر قانچە قېتىم مۇستەقىل سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، تارىخ سەھنىسىدە مۇئەييەن تەسىرلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ مەزگىللەردىكى بىر پۈتۈن بىرلىك ھالىتىدىكى پائالىيەتلىرى داۋامىدا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت شەكىللىرىدە مۇئەييەن تەرتىپ، قائىدە ـ تۈزۈم، بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي فورماتسىيىلىرى شەكىللەنگەنىدى. بۇ ھال، ئەلۋەتتە، ئۇزاق تارىخنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئۇيغۇرلار تارىخىدىن بىزگە شۇ تەرەپ مەلۇم بولىدىكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ــ ئۇيغۇرلارنىڭ 3 ـ قېتىملىق مۇستەقىل ھاكىمىيەت شەكلى ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق ھاكىمىيەت شەكلى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردە تۇرپاندىكى يارغول قەدىمىي شەھىرى بىلەن ئۇرۇمچىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان ئالدى قۇس ۋە ئارقا قۇس ئۇيغۇر بەگلىكى ئىدى. بۇ ھەقتە تارىخ كىتابلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ:

« ئۇيغۇر بەگلىكى قۇمۇلنىڭ غەربىدە ئىدى. ئىككى مۇھىم بەگلىك تەشكىل قىلىنغانىدى. شىمالدا ئۇرۇمچى ( ۋۇ ـ تۇ ـ كۇ . VU. TU. KU ) بەگلىكى ۋە جەنۇبتا تۇرپان ( جاۋخۇچىڭ KIAOHUQING ) بەگلىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت كىچىك ئۇيغۇر

بەگلىكى بار ئىدى: كۇ - خۇ ( KU HU ) ، ئى - چى ( I-QI ) ، 1 - پۇلۇي ( 1. PU-LUY ) ۋە 2 - پۇ - لۇي ( 2. PU-LUY ) بەگلىكىدىن ئىبارەت» ، «بەگ - پۇنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 130 - يىللاردا ئۆلگەنلىكىنى چىن ( جۇگگو - ئاپتور ) تارىخچىلىرى خەۋەر بېرىدۇ...» ①.

ئىككىنچى قېتىملىق ھاكىمىيەت شەكلى — ھەممىگە مەلۇم بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بولۇپ، ئۈچىنچى قېتىملىق ھاكىمىيەت شەكلى ئىككى پاراللېل خانلىق — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خاندانلىقى ئىدى ( گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىمۇ مۇشۇ قاتاردا تۇرىدۇ ) .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ھاكىمىيەت شەكلى — فېئودالىزمنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىكى گۈللىنىش باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردىن بىرئاز مۇقەددەم، يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا فېئوداللىق دۆلەت شەكلىنىڭ ئىپتىدائىي بەلگىلىرى كۆرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە، ئۇلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن: ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي رولچىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە سايلام قىلىشتىن ۋارىسلىق قىلىشقا ئۆتۈش، ھەممە ئادەمنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئورتاق ئىشتىراك قىلىشىدىن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئاز ساندىكى كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى بەلگىلەشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىر جەريان بېسىپ ئۆتۈلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قارشى كۈچىيىپ، سىنىپىي پەرقلەر روشەنلەشكەن، جەمئىيەت ئەزالىرى ئاددىي رائىيە ( قارا بۇدۇن ) ۋە بەگلەر دەپ پەرقلىق ئاتالغانىدى ②.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم يۈكسەلگەن دەۋرى بولدى. ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت خانىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. چۈنكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى پادىشاھلىق خاراكتېرىدە ئىدى ③. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئۇرۇق - قەبىلە مۇناسىۋەتى ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەرگىچىلا ئۆزىنىڭ مۇتلەق تەسىرىنى بەكمۇ ئاستا يوقاتقانلىق سەۋەبىدىن، فېئودالىلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە

ئايلانغان ئۇرۇق ـ قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچى مەۋقىيىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇلارغا پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە ئىمتىيازلار بېرىلگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان رايونلارنى ئىدارە قىلىشتا بەزى «ئەركىن» پرىنسىپلارنىمۇ يولغا قويغان. مەسىلەن، «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كۇچاردا يېرىم مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشقىمۇ مەجبۇر بولدى... كۇچار قاغانى ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا تامامەن تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولۇش بىلەن تەڭ، يەنە تاشقى ئىشلار جەھەتتىمۇ مەلۇم ئەركىنلىككە ئىگە ئىدى» ④.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى (ئاساسەن يەر، يايلاق، سۇ مەنبەسى) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە فېئودال خان، بەگلەرنىڭ قولىدا ـ فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق ئەنە شۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تولۇق بولمىغان «مۈلكى» سانىلاتتى. ئىدىقۇت خانلىقى چارۋا، سۇ، يەر ئىگىدارچىلىقى، سودا كىرىمى، باج ـ سېلىق يىغىش... قاتارلىق ئىقتىسادىي مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى خانلىق ھاكىمىيەت ئورگىنىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئەينى دەۋرلەردە يەنە قىسمەن ھالدا قۇل ئىگىدارلىقىمۇ بولۇپ، بۇمۇ فېئودال ئاقسۆڭەكلەر مەنپەئىتىنىڭ بىر مۇھىم مەنبەيى ئىدى. بۇ ھەقتە ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان ھۆججەتلەر ساقلانماقتا.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە خانلىق دائىرىسىدە ئاساسەن ئادەت قانۇنى يولغا قويۇلاتتى. بۇ ھەقتە قولىمىزدا ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولمىغاچقا، ھازىرغىچە شۇنداق ئاتاپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز. خانلىق ئىلكىدە مۇنتىزىم ئەسكەر بولاتتى. چەت ئەللەر بىلەن خانلىق ئەلچىلەر مۇناسىۋىتى — دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. خانلىق يىلنامە تۈزۈلگەن ئادەت بولغانمۇ ـ يوق؟ بۇ تەرەپ بىزگە نامەلۇم، ئەمما كالىندارچىلىق قوللىنىلغانلىقى مەلۇم (بۇ ھەقتە تۆۋەندە

مەخسۇس پاراگراف ئاجرىتىلغان ) . خانلار ئۆزلىرىگە ئەنئەنىۋى بەخت قارشى بويىچە قۇت ( ئىدىقۇت ) يەنى « بەخت » نامىنى قوشۇپ قويۇشتىن تاشقىرى ، يەنە « ئىلىكخان » دېگەن ناملارنىمۇ ئىستېمال قىلغان ⑤ .

يۇقىرىقىلار ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنى چۈشىنىشتە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە . دېمەك ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن فېئودالىق خانلىق تۈزۈم ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندى .

مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى — ئۇيغۇرلار تارىخىدا ، فېئودالىزمنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ . فېئودال مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ، فېئودالىق جەمئىيەت تۈزۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى . فېئودالىق جەمئىيەتنىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىمۇ ، ئەلۋەتتە ، شۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر . ئىجتىمائىي فورماتسىيە — مەلۇم تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ كونكرېت ، تارىخىي بىرلىكىدىن ئىبارەت . ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، ئۇ ، ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقان ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ قۇرۇلغان ئۈستقۇرۇلمىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى كۆرسەتسە ، ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ، ئەلۋەتتە ، ئىقتىساد ، سىياسى ، قانۇن ، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈزۈملەرنىڭ ئومۇمىي نامى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ .

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھازىرغىچە پەقەت ئۈچ خىل ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىلا بېسىپ ئۆتتى . ئۇلار تەبىئىي ئىگىلىك فورماتسىيىسى ، ئاددىي تاۋار ئىگىلىك فورماتسىيىسى ، ئىجتىمائىيلاشقان تاۋار ئىگىلىك

فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت. كۆرۈنۈشتە، ئىجتىمائىي فورماتسىيە بىلەن ئىقتىسادىي فورماتسىيە، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر - بىرىگە ئاز - تولا مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرسىمۇ، ئىنچىكە تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. تاۋار ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىنى ئالساق، ئۇ قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قۇللۇق جەمئىيىتى ۋە فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولدى، كاپىتالىزم، بولۇپمۇ مونوپول كاپىتالىزم باسقۇچىغا كەلگەندە ئۇ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان ئىجتىمائىيلاشقان تاۋار ئىگىلىك فورماتسىيىسى بولۇپ شەكىللەندى. شۇڭا ئىجتىمائىي فورماتسىيە بىلەن ئىقتىسادىي فورماتسىيە بىر - بىرىدىن مۇستەقىل ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، تاۋار ئىگىلىك فورماتسىيىسىنىڭ ئۆمرى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆمرىدىن كۆپ ئۇزۇن بولىدۇ. تاۋار ئىگىلىك فورماتسىيىسىنىڭ ئادەتتىكىچە شەرتى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مۈلۈك ئىگىلىرىگە تەۋە بولۇشىدىن ئىبارەت.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئۈچ خىل ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىنىڭ ئىككىنچى خىلى ئاددىي تاۋار ئىگىلىك فورماتسىيىسىگە ماس كەلگەن فورماتسىيە بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلار تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئەينى دەۋر باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقان ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ قۇرۇلغان ئۈستقۇرۇلمىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم — خانلىق تۈزۈمنى ئاساسىي بەلگە قىلغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى كونكرېت بايان قىلىشقا ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللار تولۇق ئىمكان بەرمىسىمۇ، ئەمما بەزى ھۆججەتلەر ( ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان ھۆججەتلەر ) ۋە بەزى مەنبەلەر دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدە

خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتى ئاساسەن تېررىتورىيە خۇسۇسىيىتى بويىچە تەشكىللەنگەن. بۇ خانلىق تېررىتورىيىسىدە ئۇرۇق — قەبىلىچىلىك ئەنئەنىسى كۆپرەك ساقلانغان يەرلەردە (مەسىلەن، تىيانشاننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئاھالىلار ئىچىدە) شۇ خىل ئەنئەنىگە ئېتىبارلىق قارالغان. شۇنىڭدەك، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئالىي ھۆكۈمدار — ئىدىقۇت (خان) نىڭ تۇغقانلىرىمۇ رول ئوينىغان (ۋاڭ يەندې ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەندە، ئۇنى ئارسلانخاننىڭ قېينئاتىسى — ئادۇيۇي دېگەن ئادەمنىڭ قارشى ئالغانلىقى ۋە ئادۇيۇينىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان [6]).

پايتەخت قىلىنغان شەھەرنىڭ بىرى — ئىدىقۇت شەھىرىگە مەخسۇس شەھەر باشلىقى (قۇچۇنىڭ باش بېگى) تەيىنلەنگەنىدى [7]. شۇنىڭدەك باشقا شەھەر - كەنت، رايونلارغا بەگلەر تەيىنلەنگەن. كۇچا رايونىمۇ يېرىم مۇستەقىل ھالدا (خانغا مەمۇرىي جەھەتتىن تەۋەئەت قىلىپ، ئىچكى ئىشلارنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىدىغان شەكىلدە) باشقۇرۇلاتتى [8].

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا «ئىدىقۇت» ئۇنۋانىدىكى ئادەم (يەنى خان) ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئالىي مۈلكىي ۋە ھەربىي ھاكىمىيەتكە ۋاكالەتلىك قىلغان. ئىدىقۇت (خان) — دۆلەت باشلىقى، ئالىي ھەربىي قوماندان، سودىيە (داۋا ئىشلىرىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى) لىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئىدىقۇت دەۋرىدە يازما قانۇنلارنىڭ بار - يوقلۇقى ھەققىدە ھازىرغىچە بىر نېمە دېيىشكە قولىمىزدا ماتېرىيال يوق. ھۆكۈملەرنى ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئۆلچەملىرىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئىدىقۇت (خان) شەخسەن ئۆزى چىقارغان. ئادەت قانۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا چوڭ رول ئوينىغان. خان پەقەت چوڭ، مۇھىم ئىشلارنىلا بىر تەرەپ قىلغان. ئانچە مۇھىم بولمىغان تالاش - تارتىشلار باشقىلار تەرىـ

پىدىن بىر ياقلىق قىلىنغان . ئۇنىڭ ئۇستىگە خان پەقەت پايتەختتە يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارنىلا بىر ياقلىق قىلالىغان . يىراق - چەت شەھەرلەردىكى ئىشلارنى شۇ ئورۇنلاردىكى ئەمەلدارلار ياكى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلغان ⑨ .

يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى » دېگەن خەت ئويۇلغان ( ئالتۇن ) تامغا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم ⑩ . بۇنداق تامغا دۆلەت ئىشلىرىدا ، چەتئەل بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك ئىشلاردا ئىشلىتىلگەن . بۇ خانلىق دائىرىسىدە ، باج ، سۇ ، يەر ، يايلاق ، سودا ئىشلىرىغا مەخسۇس خادىملار تەيىنلەنگەن . بولۇپمۇ ، باج ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپلۈكى شۇ دەۋردىن قالغان ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولىدۇ ⑪ .

ئەدلىيە ھوقۇقىنى ۋە ھاكىمىيەتتىكى ئىجرائىيە ھوقۇقىنى بىر شەخسىنىڭ ئىگىلىشى ، ھەر ساھەدىكى مەمۇرىي خادىملارنىڭ قاتلاممۇ قاتلام تۇرغۇزۇلۇشى ، « پادىشاھلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەرتىپ ياخشى ئورنىتۇلغان » ⑫ لىقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغۇچى فېئوداللاردا سىنىپىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قولىدا دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان مۇنتىزىم ئارمىيىدىن باشقا ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاقسۆڭەكلەر ( ئايرىم رايونلارنى باشقۇرۇۋاتقان ياكى قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلە مۇناسىۋىتىنى تەلتۆكۈس يوقاتمىغان جامائە باشلىقلىرى ) مەلۇم ساندا قوراللىق كۈچ تەشكىللىگەن بولۇپ ، بۇلار گېزى كەلگەندە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلاتتى .

بۇددا دىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇردى . خانلىق ھاكىمىيەت باشقا دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ ئىمكانىيەت بەردى . دىن — خانلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى . بۇددا دىنى راھىبلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى شامان دىنى داخانلىرى ۋە مانىستلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، ئۇيغۇر ھۆ-

كۇمرانلار تەبىقىسىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئۇلار بەزىدە خاننىڭ خۇسۇسىي ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىغا بېرىپ، سوغا ـ سالام يەتكۈزۈش ياكى خانغا ھەمراھ بولۇپ باشقا جايلاردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشاتتى. بۇتخانىلارمۇ ئەلچىلەرنى قوندۇرىدىغان جاي بولۇپ قالدى ⑬ .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتىنىڭ ئومۇمىي سىستېمىسىنى تۆۋەندىكىچە كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ: ئىدىقۇت ( خان ) — دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلچى مەنسەپدىكى ئادەملەر ( ۋەزىر دەرىجىسىدە ) تۇرىدۇ. ئۆلچىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك تۇمەن ئەلچى ۋە ئەلچى تۇرىدۇ ( ئەلچى تۈرلۈك سېلىقلارنى يىغىش ۋە بۇ ھەقتىكى پەرمانلارنى چۈشۈرگۈچى ). ئەڭ ئاخىرىدا بەگلەر تۇرىدۇ ( بەگلەر دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەجبۇرىيەت دائىرىسى كەڭ بولاتتى. بەگلەر ئۆزلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىجرا قىلاتتى. ھەر خىل باج ـ سېلىقلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇلۇشىغا، مەجبۇرىي ئەمگەكلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەت قىلىپ تۇراتتى؛ ئەلچى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنى ئات بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى ). بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا جامائەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ( باشلام ئەل بۇدۇن ) بولاتتى ( بۇلار ھەرقانداق يوليورۇقلارنى بىۋاستە ئىجرا قىلغۇچىلار ئىدى ) ⑭ .

ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىدەك ( مەسىلەن، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقىدىكى قېرىنداشلىرىدەك ) ۋە باشقا خەلقلەردەك، ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپ قوشنىلىرى بىلەن ھەر دائىم مۇناسىۋەت قىلىشىپ كەلگەن ۋە ئۇ قوشنىلىرىدىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ بەزى ئامىللىرىنى ( ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان — ماس كەلگەن تەرەپلەرنى ) قوبۇل قىلغان. ئەمما، ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا، ئۆزلىرى ياراتقان دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر

خانلىقىدىكى خانلىق تۈزۈمىمۇ ئەنە شۇ يىراق تارىخنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

## ئىزاھاتلار

① يىلماز ئۆزتۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» تۈركچە، 1983 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى، 1 ـ توم، 105 ـ بەت.

② لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە، 70 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى.

③ ئا. ۋ. گاباتىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ـــ «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىل، 3 ـ سان، 53 ـ بەت.

④ لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە، 213 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى.

⑤ ئا. ۋ. گاباتىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ـــ «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىل 3 ـ سان، 53 ـ بەت.

⑥ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 23 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑦ رادلوفنىڭ «ھۆججەتلەر توپلىمى» ناملىق ئەسىرىدىكى 57 ـ، 65 ـ، 115 ـ ھۆججەتلەرگە قارالسۇن.

⑧ تۆتىنچى ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

⑨ د. ئى. تىخونوف: «ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ـــ (10 ـــ 14 ـ ئەسىرلەر)»، «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1966 ـ يىلى نەشر قىلىنغان رۇسچە نەشرىدىن ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان نۇسخە (ماشىنكىدا ئۇرغۇزۇلغان) دىن پايدىلىنىلدى.

⑩ خوڭ ۋېنبى: «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ـــ «ئاللاھىدە سانى ـ Ⅲ» (خەنزۇچە)، 63 ـ بەت، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1954 ـ يىل نەشرى.

⑪ رادلوفنىڭ «ھۆججەتلەر توپلىمى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑫ ئا. ۋ. گاباتىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ـــ «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىل 3 ـ سان، 53 ـ بەت.

⑬ «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ساياھىتى» دىن. (لىيۇ زىشاۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» نىڭ 277 ـ بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

⑭ د. ئى. تىخونوف: «ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ـــ (10 ـــ 14 ـ ئەسىرلەر)»، «پەن» نەشرىياتى تەرىپـ

دىن 1966 ـ يىلى نەشر قىلىنغان رۇسچە نەشرىدىن ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان نۇسخە ( ماشىنكىدا ئۇرغۇزۇلغان ) دىن پايدىلىنىلدى.

## ئىككىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك قىسمى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى هازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. ئورخۇندىن كۆچۈپ، ئىدىقۇت رايونىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار ئەسلىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هۆكۈمران تەبىقىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىدى ①. « بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن قەبىلە تەشكىلاتىنى ساقلاپ قالغانلىقتىن، ئۇلار بۇ رايوننى ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ئەسلىدە شۇ يەردە ياشىغۇچى ئاهالىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى » ②.

ئەنە شۇ « بىر پۈتۈن قەبىلە تەشكىلاتىنى ساقلاپ قالالىغان » ۋە « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هۆكۈمران تەبىقىسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى » بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالىي هۆكۈمرانلىرى — خانلىرىنىڭ شەجەرىسى، ئورخۇن بويىدىلا شەكىللەنگەن ئەنئەنە بويىچە، خانلىق هاكىمىيەت هوقۇقى ئاساسەن، ئاتىدىن بالىغا مىراس قىلىش ئۇسۇلى بويىچە داۋاملاشقانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، دىققەتكە سۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىككى مەسىلە بار. بۇنىڭ بىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسىم ياكى نام ـ ئۇنۋانى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس بەخت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان « ئىلىگ » ( il — lig )، يەنى « ئەل تۇتقۇچى »، « قەبىلىگە ئىگە »، « ئىدىقۇت » ياكى « قۇت »، يەنى « بەخت » ياكى « تەڭرى تەرىپىدىن بەخت ئاتا قىلىنغان » دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە سۆزلەر بىلەن باغلىق ئىكەنلىكى، يەنە بىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى

تىكلىگۈچى، يەنى تۇنجى ئىدىقۇت خانىنىڭ ئىسمىنىڭ بەزى ئەسەرلەردە «يارغۇن تېكىن» (مەسىلەن، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىنلەر تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 140 ـ بېتىدە) دەپ ئېلىنسا، بەزى ئەسەرلەردە «مەڭلىك تېكىن» (مەسىلەن: يىلماز ئۆز تۇنانىڭ «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» ناملىق تۈركچە تارىخ ئەسىرىنىڭ 1 ـ توم، 107 ـ بېتىدە) دەپ ئېلىنغان. يەنە بەزى ماقالە، ئەسەرلەردە بولسا «پان تېكىن» دەپمۇ ئېلىنىدۇ (مۇشۇ ئاخىرقى ئىسىم كۆپرەك ئۇچرايدىغان بولغاچقا، مەنمۇ مەزكۇر كىتابنىڭ باش تەرىپىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى «پان تېكىن» ئىدى دەپ ئالغانىدىم). بولۇپمۇ ئىككىنچى مەسىلە كىشىلەردە سەل مۇجمەللىك چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ھازىر قولىمىزدا سېلىشتۇرما قىلىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال يوق. شۇ سەۋەبتىن، ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ ئىسىم ـ ناملىرىنى كۆرسىتىشكە (ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىغىچە)، ھازىرچە سىستېمىلىقراق بولغان ئەسەر يىلماز ئۆزتۇنانىڭ «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى»نىڭ 1 ـ تومىدىن (ئۇيغۇرلارغا مەخسۇس بېغىشلانغان بابتىن) پايدىلاندۇق.

1. پان تېكىن: 856 — 873؛ (جەمئىي 17 يىل) ③.

2. پان تېكىننىڭ ئوغلى بولغان بۇقۇقاغان.

3. يىلگە بايىنچۇر قادىرخان.

4. تافغاچ ئوغۇلچاق قادىرخان ④ بۇ ئۈچ خان ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقىت: 873 — 940 (جەمئىي 67 يىل).

5. كۆن، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇلۇغ قۇت ـ ئورنانمىش ئالپىن ئەردەمىن ئىلتۇتمىش ئالىپ ئارسلان قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان (940 ـ 948)

6. ئىدىقۇت كۆن ئاي تەڭرىدە كۆسۈنچىغ كۆرتلې يارۇق تەڭرى بۆگۈ تەڭرىكەن.

7. ئارسلان خان (948 ؟ ـ 990 ؟)

8 . ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ( ؟ — 1235 ) ⑤

9 ، بارچۇق ئارت تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى ( ئۆگرۈنچ — 玉古仑赤 ) ( 1235 ؟ — 1245 ؟ = 10 ؟ )

10 . بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ( سالىند — 撒仑的 ) ( 1245 ؟ — 1255 ؟ = 10 ؟ )

11 . بارچۇق ئارت تېكىننىڭ كىچىك ئوغلى جۇشمەس ( 矢迈矢去卜 ⑥ ) ( 1255 ؟ — 1260 ؟ يىللار = 5 يىل ؟ ) ⑦ .

يۇقىرىقى خان ئىسىملىرى تۈركىيىلىك تارىخچى يىلماز ئۆزتۇنانىڭ « بۈيۈك تۈركىيە تارىخى » ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى . بۇنىڭ داۋامى قاھار بارات ، لىيۇ يىڭشېڭلار بىرلىكتە ئېلان قىلغان « ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى توھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات » ناملىق ماقالىدىن ⑧ پايدىلىنىپ تۈزىلدى .

12 . ئىدىقۇت ئۆگرەنچىنىڭ ئوغلى مامۇراق ( يىلى مەلۇم ئەمەس ) .

13 . قۇچغار تېكىن ( ... ... ... )

14 . سۆكسۆ ( ... ... ... )

15 . نۆلىن ( ... ... ... )

16 . تەمۈر بۇقا ( ... ... ... )

17 . سەڭكى ( ... ... ... )

18 . تايپىنو ( ... ... ... )

19 . يۆلۈ تەمۈر ( بۇ خاننىڭ كىمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ، تەختتە ئولتۇرغان يىل ۋاقتى نامەلۇم ) .

20 . ساڭگې ( ... ... ... )

21 . بۇ تاشرى ( ... ... ... )

22 . خارشاڭ ( ... ... ... )

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىدىن قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن ، يۇقىرىقى 22 نەپەر خاننىڭ ئىسمىنى كۆرسەتتۇق . ۋەھالەنكى ، 500 يىلغا

يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ( مۇشۇ جەرياندا بۇ خانلىق قىتانلار ۋە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىغا قارام بولغان بولسىمۇ ، بەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ كەلگەن ، پەقەت ھامىي بولغۇچى ھاكىمىيەتكە باج تاپشۇرۇشتىن ( مەسىلەن ، قىتانلار سولالىسىگە ) باشقا مەجبۇرىيىتى بولمىغانىدى ) دەۋرىدە نۇرغۇن ئۇيغۇر خانلىرى ( ئىدىقۇتلىرى ) ھاكىمىيەت تۇتۇپ ئۆتكەن . ئەپسۇسكى ، ماتېرىيالنىڭ قىسلىقى — بۇ ھەقتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن ، ھازىرچە شۇنچىلىكلا ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلىدۇق . داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسە ، بۇ ھەقتە كېيىنچە تولۇقراق نەتىجە ھاسىل قىلىنىشى مۇمكىن .

## ئىزاھاتلار

① ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۇسەيىن : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى » ئۇيغۇرچە ، 140 – بەت . مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 – يىل نەشرى .

② ئا . ۋ گابائىن : « قوچو ئۇيغۇر خانلىقى » —— « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە ، 1980 – يىل 3 – سان ، 52 – بەت .

③ يىلمار ئۆزتۇنانىڭ ئەسىرىدە بايان قىلىنغان ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ شەجەرىسىدە مەڭلىك تېكىن مىلادى 856 – يىلدىن باشلاپ تەختتە ئولتۇرغان دېيىلىدۇ . يەنە بىر تۈركچە ئەسەردە ( باھائىدىن ئۆگەل يازغان « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » ناملىق ئەسەر ، 1971 – يىل ئىستانبۇل نەشرى ، 108 – بېتىدە ) پان تېكىن مىلادى 866 – يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى بولغان دېيىلىدۇ ( مەزكۇر ئەسىرىمىزنىڭ باش تەرىپىدە مۇشۇ بايان سىنات ئېلىنغانىدى . )

④ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئىسمىغىمۇ « تافغاچ » دېگەن نام قوشۇلغان ، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ « تۈركى تىللار دىۋانى » ناملىق ئەسىرىدە بۇ سۆزگە تەبىر بەرگەندە ، بۇ سۆزنىڭ ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمي نەرسىگە قارىتىپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ، خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى ، « مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان » دېگەن مەنىدە « تاۋغاچ خان » دېيىلىدىغانلىقىنى

ئېيتقان ( « تۈركىي تىللار دىۋانى » 1 ـ توم ، 592 ـ بەتكە قارالسۇن . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى ) . بۇ يەردە « قادىرخان » دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى كىشىنى سەل ئەجەبلەندۈرىدۇ .

⑤ يىلماز ئۆزتۇنانىڭ ئەسرىدە ئىدىقۇت خانلىرىدىن ئارسلانخان ( 948 ـ 990 ـ يىللار ) بىلەن بارچۇق ئارت تېكىن ( تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس ، 1235 ـ يىلى ئۆلگەنلىكى مەلۇم ) ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن 200 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇرغانلارنىڭ ئورنى بوش قالدۇرۇلغان ( بەلكىم ماتېرىيال يوق بولۇشى مۇمكىن ) . بۇ هال كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ . يەقەتلا ، بارچۇق ئارت تېكىندىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاتىسى 月仙帖木山 ( يۆشەن تەمۇر ) نىڭ ئىدىقۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدا « يۈەن تارىخى ، قارا ياغاچ بىلۇ تەركىرىسى » دە مەلۇمات قالدۇرۇلغان ( « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ ( ئۇيغۇرچە ) 1985 ـ يىل 1 ـ سان 122 ـ بەتكە قارالسۇن ) . بۇ خاننىڭ ئىسمىنىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرى شەجەرىسىگە قوشقاندا ، جەمئىي 23 خان هازىرچە مەلۇم بولغان بولىدۇ .

⑥ يىلماز ئۆزتۇنانىڭ ئەسرىدە ئىدىقۇت خانلىرىدىن بارچۇق ئارت تېكىنىنىڭ چوڭ ، ئوتتۇرانچى ۋە كىچىك ئوغلىنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقىلا كۆرسىتىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى كۆرسىتىلمىگەن . بۇ ئىسىملار قاهار بارات ، لىۇ يىڭشېڭلار بىرلىكتە ئېلان قىلغان « ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات » ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى ( بۇ ماقالە « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ ( ئۇيغۇرچە ) 1985 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان ) .

⑦ يىلماز ئۆزتۇنا : « بۈيۈك تۈركىيە تارىخى » تۈركچە ، 107 ـ ، 108 ـ بەتلەرگە قارالسۇن . 1983 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى .

⑧ بۇ ماقالە « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلى ( ئۇيغۇرچە پەسىللىك ژۇرنال ) نىڭ 1985 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان .

## ئۈچىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغان ئەمەل ناملىرى

ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا ( مەسىلەن ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى

قاتارلىقلاردا ) بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان قائىدە ـ تۈزۈم بولۇش بىلەن بىرگە، بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەل نامى ـ ئۇنۋانلارمۇ قوللىنىلغانىدى .

مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ، پاراللېل ھالدا قەد كۆتۈرگەن قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت قۇرۇلما شەكلى ئاساسەن ئوخشىشاتتى . گەرچە ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى شەكلىدە ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ دەرىجىمۇ دەرىجە كۆتۈرۈلۈش پرىنسىپى ( مەسىلەن : « بۇغرا » خانىڭ « ئارسلان » خانغا كۆتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش ) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بولمىغانلىقى ئۇيغۇرشۇناس ، تارىخچى ئالىملار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ ① ، لېكىن ، بىر تارىخىي مەنبەگە ئىگە بولغان بۇ ئىككى خانلىقنىڭ ( ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يېڭى مۇھىتتىكى داۋامى دەپ تونۇش كېرەك ) ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا زور پەرق كۆرۈلمەيتتى ( گەرچە ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى « ئارىسلانخان » دەپ ئاتالغان بولسىمۇ ، بۇ ئىسىم دەرىجە پەرقى بويىچە ئاتالغان ئەمەس ) . ھەر ئىككىلا خانلىق فېئودال خانلىق تۈزۈم ئاساسىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن مەلۇمات بېرىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ( ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ، يازما ھۆججەتلەر ) ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەمەل ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارتقۇرىدىغان ۋەزىپىلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن :

ئىدىقۇت ـــ ھۆكۈمدار ، پادىشاھ ، خان مەنىلىرىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ . ئىدىقۇت مەنسىپىدىكى ھۆكۈمدارنىڭ ھوقۇقى چەكسىز بولۇپ ، دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى ، ئالىي ھەربىي قوماندان ، بىرىنچى دەرىجىلىك سودىيە ( چوڭ ـ چوڭ داۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇچى ) لىك ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزىدۇ . ئالىي مۈلكىي ۋە ھەربىي ھاكىمىيەتكە ۋاكالەتلىك

قىلغۇچى ئىدىقۇتنىڭ ( خاننىڭ ) مۇھىم ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى ئىجرا قىلىدىغانلىقى ( ئەدلىيە ئىشلىرىدا ) ، خان سارىيى ئالدىدىكى مەيداندا بىر تەرەپ قىلىش ھۆكۈمنى جاكارلايدىغانلىقى ھەققىدە بەزى ئەسەرلەردە مەلۇماتلار بېرىلگەن ②.

ئىدىقۇتتىن كېيىنلا تۇرىدىغىنى ئۆلچى مەنسىپىدىكى كىشىلەر. پارس تارىخچىسى گەردىزىنىڭ « ئۇيغۇر خانىنىڭ توققۇز ۋەزىرى بار ئىدى » دەپ يازغانلىقىنى د. ئى. تىخونوف ئۆز ئەسىرىدە ③ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ « ئۆلچى » مەنسىپىدىكى كىشىلەر ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرسا كېرەك.

ئۆلچىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك تۇمەن ئەلچى ۋە ئەلچى تۇرىدۇ. ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان بەزى ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، بۇ خىل ئەمەل نامىدىكى كىشىلەر ئاساسەن تۇرلۇك سېلىقلارنى چۇشۇرۇش ۋە يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان. مەسىلەن، شۇ دەۋردىن قالغان بىر ھۆججەتتە: « قۇتاي باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر قالان، ئىنجۇلارنى بەلگىلىگەندە باغۋەنلەرگە قالان بەلگىلىمىدى ... ئېركاي ئەلچى قالان بەلگىلىگەندە، باغۋەنلەرگە قالان بەلگىلىمىدى » ( قالان — باج، سېلىق، ئىنجۇ - فېئوداللىق يەر. رادلوفنىڭ « ھۆججەتلەر توپلىمى » دېگەن كىتابىدىكى 22 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە قارالسۇن ) يەنە بەزى تېكىستلاردا « ئۈزۈم يىغىش ئۈچۈن كەلگەن كورلىن ئەلچىسى، كان ئەلچىسى، سوقتىن ئەلچىلىرىگە مىنىشكە يارامىلىق ئالتە ئات بېرىلدى »، « قىتىردىن كېكوچى ئەلچى توسكوغا ئەۋەتىلدى » دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ ( رادلوفنىڭ « ھۆججەتلەر توپلىمى » دېگەن كىتابىدىكى 53 -، 71 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە قارالسۇن ).

ئەلچى نامىدىكى ئەمەلدىن كېيىن بەگلەر تۇراتتى. بەگلەر ④ دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولاتتى. نۇرغۇن سىياسەت، ئەمر - پەرمانلارنىڭ بىۋاستە ئىجراسى مانا مۇشۇ بەگلەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئادا قىلىناتتى.

بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا جامائە باشلىقلىرى ( باشلام ئەل بۇدۇن )

بولاتتى . جامائە باشلىقلىرى خانلىق پەرمان بويىچە چۈشۈرۈلگەن بارلىق باج ـ سېلىقلارنىڭ تۆلىنىشىگە ، ئاتلىق كېتىۋاتقان — ۋەزىپىگە چىققان ئەمەلدارلارنى يەم ـ خەشەك ، ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشكە ، ئۇلارغا قونالغۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى .

بۇلاردىن باشقا يەنە جامائەنىڭ ( ئاھالىنىڭ ) تۈرلۈك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىغا مەسئۇل ئادەملەرمۇ بار ئىدى .

ھۆججەتلەردە يەنە ئاقچى ( خەزىنىچى ) ، تىساگچى ( خەزىنىچى ) ، ئوقان كەسكۈچى ( ئېرىق سۇلىرىنى باشقۇرغۇچى ) ، سۇچى ( ئومۇمەن سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ) ، تورقۇچى ( ھېسابچى ) ، تىنسۇيى ( ئەمەل ئىسمى بولۇپ ، ۋەزىپىسى ئېنىق ئەمەس ) ، بىتىكچى ( كاتىپ ) ، ئوتلۇغ ( ئوت بېشى ) ، باشلىق بېك قوچو ( قوچونىڭ باش بېگى ) ، باشلىق ئاقچى قوچو ( قوچونىڭ باش غەزىنىچىسى ) قاتارلىق ئەمەل ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ . ( رادلوفنىڭ « ھۆججەتلەر توپلىمى » دېگەن كىتابىدىكى 88 ـ ، 57 ـ ، 65 ـ ، 115 ـ ھۆججەتلەرگە قارالسۇن ) .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئوردا ـ ساراي ئەمەلدارلىرىمۇ بولۇشى كېرەك . لېكىن ، قولىمىزدا ھازىرچە بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولمىغاچقا ، بۇ يەردە كۆرسىتىشكە ئىلاج قىلالمىدۇق .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ، بۇ خانلىق ئەتراپ قوشنىلىرى ۋە يىراق ئەللەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ئورناتقان ، سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقان . مۇشۇ پائالىيەتلەردە ساۋچى ( ئەلچى ) لەرنىڭ رولىمۇ تاھايىتى چوڭ بولغان . بۇنىڭدىن باشقا يەنە دۆلەت ئىشلىرىدا « ئىلتەبىر » نامىدا مۇھىم شەخسلەرنىڭ رول ئوينىغانلىقىمۇ مەلۇم . بۇلار گېزىدە « دۆلەت ئۇستازى » ( خاس ھاجىپ ئۇنۋانىغا تەڭ ) ھۆرمىتىگە نائىل بولۇشقان ئادەملەر ئىدى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تىكلىنىش ھارپىسىدا ، كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تۇبۇتلار بىلەن 20 يىلغا يېقىن ئۇرۇش قىلغانىدى . تۇبۇتلارنىڭ ئۇيغۇرلار زېمىنىگە دائىم خىرىس قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ، شۇ دەۋردىكى ئۆزئارا يۇتۇۋېلىش خەۋپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نەزەرگە ئالغان ئىدىقۇت

ئۇيغۇر خانلىقى مۇئەييەن ساندىكى مۇنتىزىم ئاتلىق ئەسكەر ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار بولغان ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلغان نۇرغۇن پىيادە ئەسكەر تۇتقانىدى. بۇ ھال، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەسكىرىي ئىشلارنىڭ يۇكسەلگەنلىكى، مۇنتىزىم، سىستېمىلىق ھەربىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئەسكىرىي نام ـ ئەمەللەرنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

سۇ باشى — (ئەسكەر باشلىقى، قوماندان) پۈتۈن ئەسكەرنى باشقۇرۇش، ئۇرۇشقا سېلىش، يۆتكەش ھوقۇقىغا ئىگە (بۇنداق ھوقۇق خاننىڭ قولىدا ياكى ئۇنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى، ۋەكالىتەن باشقۇرغۇچىسىدا بولاتتى).

تۇمەن باشى — تۇمەن ئەسكەرگە باشچىلىق قىلغۇچى.

مىڭ باشى — مىڭ ئەسكەرگە باشچىلىق قىلغۇچى.

يۈز باشى — يۈز ئەسكەرگە باشچىلىق قىلغۇچى.

ئون ئوتاغ — ئون چادىر باشلىقى (دالا سەپىرىدە).

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەمەلناملىرىنى ھازىرچە پەقەت شۇنچىلىكلا كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز، خالاس.

## ئىزاھاتلار

① ئا. ۋ. گاباتىن: «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىل 3 ـ سان 54 ـ بەت.

② ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان سەپەر توغرىسىدا دوكلات» ناملىق ئەسەرنىڭ 115 ـ بېتىگە قارالسۇن.

③ د. ئى. تىخونوفنىڭ: «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى — (10 ـ، 14 ـ ئەسىرلەر)» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن. «پەن» نەشرىياتى 1966 ـ يىل نەشرى (رۇسچە).

④ «قۇتادغۇبىلىگ» تە بەگلىك ئەمەلنىڭ تۆت خىل ئاتىلىشى — ئىنانچ بەگ، چاغرى بەگ، تېگىن بەگ، چاۋلى بەگ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر («قۇتادغۇبىلىك») نىڭ ئىزاھاتىدا بۇ ناملارنىڭ ئەمەل ناملىرى ئىكەن-

لىكى شەرھىلەنگەن . ساپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلغان بۇ بەگلىك ئەمەل نامىلىرى ، بەلكىم ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىمۇ قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن . لېكىن بۇنى دەلىللەشكە قولىمىزدا ماتېرىيال يوق .

## تۆتىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئادەت قانۇنلىرى

قانۇن ۋە دۆلەت ، ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ھەممىسى ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . قانۇن بىلەن دۆلەت ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ . مۇئەييەن دەۋردىكى ئىجتىمائىيەتتە يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىزناسىنى چۈشىنىشتە قانۇن ھەققىدە سۆز ئاچماي مۇمكىن ئەمەس .

دۆلەت ـ قانۇن پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنقى ئاملى ۋە شەرتى ھېسابلىنىدۇ . ھۆكۈمران سىنىپ پەقەت ئۆز دۆلىتىنى بەرپا قىلغاندا ئاندىن قانۇن چىقىرالايدۇ ، ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ ئۆز دۆلىتىنى بەرپا قىلماي تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشى ، دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆز ئىرادىسىنى قانۇن بىلەن ئىپادە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . تارىختا دۆلەتنىڭ خاراكتېرى قانداق بولسا ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق قانۇننىڭ خاراكتېرىدىمۇ شۇنداق بولدى . قانۇن دۆلەت ئاپپاراتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەمدە دۆلەت ئاپپاراتى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھوقۇقىنى قانۇنلاشتۇرىدۇ ، مۇقىملاشتۇرىدۇ .

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە ، سىنىپسىز جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش ناھايىتى ئۇزاق بىر مۇرەككەپ كۈرەش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندى . سىنىپىي كۈرەشنىڭ قورالى بولغان دۆلەتمۇ ، ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولغان ئەمەس ، ئۇمۇ تەرەققىياتنىڭ ئۇزاق بىر باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈردى . دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىمۇ دەسلەپتە ـــ ئاددىيراق ئىدى . كېيىن بارا ـ بارا كۈچىيىپ ، سىستېمىلىق ئورگان بولۇپ قۇرۇلدى . قانۇننىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنىدى .

باشلانغۇچ كوممۇنا تۈزۈمى شارائىتىدا دۆلەتمۇ ، قانۇنمۇ يوق
ئىدى . ئەمما كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى تەرتىپلىك ئىدى . كىشى-
لەرنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ، تەقسىم قىلىش ۋە ئىستېمال قىلىش
جەريانىدا بىر خىل ئادەت تەدرىجىي شەكىللىنىپ ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى
ئارقىسىدا ، دەۋردىن دەۋرگە ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئادەت مىزانى بولۇپ
قالدى . كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇ ئادەت مىزانى ئارقى-
لىق تەڭشەلدى . ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تەرتىپمۇ مۇشۇ ئادەت
مىزانى بىلەن قوغدالدى . ئادەتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، مۇ-
ھىمى نىكاھ ، قانلىق قىساس ئېلىش ، دىنىي بايرام ، نەزىر - چىراغ
مۇراسىمى ، ئوۋچىلىق قىلىش ، تېرىقچىلىق قىلىش ھەم
تەقسىم قىلىش . . . لاردىن ئىبارەت ئىدى .
باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ئادەت مىزانىدىن باشقا ، يەنە بىر خىل
مىزان — دىنىي مىزان ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى . ئەينى زاماندا ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ، كىشىلەرنىڭ
تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇش ۋە بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز
بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەر تەبىئىي ھادىسىلەردىن ( مەسىلەن ،
گۈلدۈرماما ، چاقماق ، قار - يامغۇر ۋە بوران ئاپىتى ، ۋەھشىي ھايۋانلار-
نىڭ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى . . . قاتارلىق ھادىسىلەردىن ) گاڭگىراپ ،
تەبىئەت دۇنياسىغا قارىغۇلارچە چوقۇناتتى . ئەينى دەۋرلەردە دىنىي مىزان-
نىڭ رولىمۇ ئىنتايىن زور ئىدى .
ئۆرپ - ئادەت ، ئەنئەنىلەر ، ئۇرۇغ باشلىقى بىلەن ھەربىي ئىشلار
سەركەردىلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ئابروي ۋە ھۆرمەتلەر ، كىشىلەرنىڭ
ئۆزلۈكىدىن مىزانلارغا قاتتىق رىئايە قىلىشلىرى — ئەينى دەۋردىكى
مىزانلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلاتتى . ئۇنى ئالاھىدە زورلۇق
ئورگانلىرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئىجرا قىلىش ھاجەتسىز ئىدى . چۈنكى ،
ئۇ دەۋردىكى مىزانلار پۈتكۈل ئۇرۇقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدى-
غان ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مىزانلار ئىدى . . .
سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ، كىشىلەرنىڭ

ئەسلىدىكى دوستلۇق ـ ھەمكارلىق، باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىپ، ئۆتكۈر، كەسكىن سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلاندى. كىشىلەرنىڭ بارلىق شەيئىلەرگە بولغان كۆز قارشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى پۈتۈنلەي روشەن سىنىپىي تۈس ئالدى. كىشىلەرنىڭ ياخشى بىلەن يامان، ھەق بىلەن ناھەققە بولغان كۆز قاراشلىرىدىمۇ تۈپ ئىختىلاپ پەيدا بولدى. جەمئىيەت سىنىپلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى ئەمدى بۇرۇنقى ئۆرپ ـ ئادەت ئارقىلىق تەڭشەش ۋە قوغداش مۇمكىن بولماي قالدى. بۇنداق شارائىتتا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان سىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىگە موھتاج بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يېڭى سىنىپىي مەزمۇن قىلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ۋە قوغداش ئۈچۈن ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل يېڭى ھەرىكەت نىزامىغىمۇ موھتاج بولۇپ قالدى. قانۇن ئەنە شۇ ئېھتىياجقا ماسلىشىش يۈزىسىدىن دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلدى.

ئەڭ دەسلەپتە پەيدا بولغان قانۇن مىزانى ـــ ئاساسلىقى دۆلەت ئورگانلىرى ئېتىراپ قىلغان ئۆرپ ـ ئادەت ئىدى. قۇلدارلار ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا دۆلەت نامىدا يېڭىدىن خاراكتېر بەردى. مەسىلەن: مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىم قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى دەسلەپتە بىر ئورتاق نىزامغا يىغىنچاقلاپ، شەخسلەرنى مۇمكىنقەدەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي شەرتىگە بويسۇندۇردى. بۇ نىزام ئالدى بىلەن ئۆرپ ـ ئادەت بولۇپ ئىپادىلەندى. كېيىن ئۇ قانۇنغا ئايلاندى. ئۇ گەرچە شەكىل ياكى نام جەھەتتىن يەنىلا كونا نام بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمدى باشلانغۇچ كوممۇنانىڭ باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقلا ئۇ، ئەمدى پۈتۈن ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەنپەئەتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنى ئەكس

ئەتتۇرىدىغان ھەم ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال بولۇپ قالدى.

ئۆرپ ـ ئادەت قانۇنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا پايدىلىق بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنى دۆلەت ئېتىراپ قىلغان ھەم قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ كېيىن بارا ـ بارا راۋاجلىنىپ، يازما قانۇن بولدى. يازما قانۇن — دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرتىپى بويىچە ماددىلىق قىلىپ ياكى ھۆججەت شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەمدە دۆلەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىپ ئەمەلگە قويۇلغان قانۇنغا قارىتىلغان. ئەمما ئەڭ دەسلەپكى يازما قانۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ خاتىرىلىرى ۋە توپلاملىرى ئىدى. كېيىنرەك، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشىگە، ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەجرىبىسىنىڭ توپلىنىشىغا ھەمدە قانۇن چىقىرىش پائالىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خېلىلا مۇكەممەل بولغان يازما قانۇنلار بارلىققا كەلدى. تارىخقا نەزەر سالساق، بۇرۇنراق بارلىققا كەلگەن قانۇنلار مۇنۇلار ئىدى: مىلادىدىن 20 ئەسىر بۇرۇن غەربىي ئاسىيا رايونىدا ئاسۇرىيە پادىشاھلىقى تۈزگەن «ئاسۇرىيە قانۇنى»، مىلادىدىن 18 ئەسىر بۇرۇن بابىل پادىشاھلىقى تۈزگەن «خاممۇرابىي قانۇنى»، مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن ئافىنانىڭ «دىراكو قانۇنى»، مىلادىدىن 5 ئەسىر بۇرۇن رىمنىڭ «مىسقا ئويۇلغان 12 ماددىلىق قانۇنى» قاتارلىقلار. ئېلىمىزدە يازما قانۇن ئەڭ ئاۋۋال چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئېلان قىلىنىدى. مىلادىدىن 536 يىل ۋە 501 يىل بۇرۇنقى جىڭ بەگلىكىدە يېزىلغان «جازانامە» ۋە دىڭ شىنىڭ «بامبۇكقا يازغان جازا ماددىسى» ئېلان قىلىنىدى. مىلادىدىن 513 يىل بۇرۇن جىڭ بەگلىكىدىكى جاۋياڭ قاتارلىقلار «جازا داڭقىنى» قويدۇردى. مىلادىدىن 407 يىل بۇرۇن لى كۈي «قانۇن دەستۇرى» نى تۈزۈپ چىقتى ①.

ئەمدى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يازما قانۇنىنىڭ بولغان ـ بولمىغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا قولىمىزدا ھازىرچە نەق پاكىت — بىرەر تارىخىي يازما ھۆججەت يوق.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بۇ نۇقتا ھېلىھەم ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقتۇر. ۋەھالەنكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئورنىنى دۆلەت تەشكىلى ئىگىلىگەنلىكى، ئۇرۇقنىڭ ئورنىغا ئائىلە بىرلىكى دەسسىگەنلىكىدىن ئىبارەت زور ئىلگىرىلەش، يېرىم كۆچمەن ھاياتتىن مۇتلەق ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈش، دېھقانچىلىقتىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا سىستېمىسىنىڭ روشەن ئايرىلىپ چىقىشى؛ باج - سېلىق تۈزۈملىرىنىڭ مۇكەممەل ئورنىتىلىشى، يەر، مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىنىڭ مۇنتىزىم تەرتىپلەر بىلەن مۇقىملىنىشى، ئەمگەك مېۋىسى تەقسىماتىدىكى سىنىپىي ئايرىمچىلىقنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىنىشى... قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىگىلىك ۋە مۈلۈكچىلىك تەرەققىياتىدىكى مۇئەييەنلىشىشلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇقەررەر ھالدا يازما قانۇن بولۇشى كېرەكلىكىنى پەرەز قىلدۇرىدۇ. ئەمما بىز ھازىرچە مەنتىقىي پەرەزگە بېرىلمەي تۇرۇپ، ئەينى دەۋردە ئادەت قانۇنىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكىلا ھەقلىقمىز.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇرۇنقى ئۇرۇق - قەبىلە مەنپەئەتى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىدىغان روھ خان ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن ۋە ئورتاق گەۋدە — خەلق ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي روھ بىلەن ئالماشتى؛ دىنىي چۈشەنچىدە بارلىق شەخسىي مەنپەئەت، ھاۋايى ھەۋەس، تەلەپلەردىن ۋاز كېچىپ، نىرۋانىغا يېتىش ( غايىۋى مەنزىلگە يېتىش )، ئەقىدىسى ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا مۇقەددەس ئورۇنغا قويۇلدى؛ نىكاھلىنىش جەھەتتە، بىر ئۇرۇغ سىستېمىسىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئۆز ئارا نىكاھلىنىش ئاللاقاچان تۈگىتىلگەنىدى؛ قۇل، يانچىلار، دېھقانلار ۋە ئەركىن پۇقرالار ( قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلەر ) ئۆزلىرىنىڭ خان، بەگ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئالدىدىكى مۇئەييەن مەجبۇرىيەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشىدىغان بولدى؛ سودا - سېتىق، قەرز، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا بەلگىلىك نىزام - قائىدىلەر بەلگىلەندى. يۇقىرىقى ساھەلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئەينى دەۋردە،

فېئوداللىق ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن جازا، سېلىق، مەجبۇرىيەتلەر تېڭىلغاندىن تاشقىرى، كۆپىنچە دىنىي شەرىئەت بويىچە، گۇناھىدىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن كىتاب كۆچۈرۈش، بۇتخانا، ئىبادەتخانىلارغا سەدىقە ـ ئىئانە بېرىش، ئىبادەتخانىلارنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشتەك مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئادەت ـ قائىدىلەر يۈرگۈزۈلەتتى.

بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت بۇ فېئودال خانلىق دائىرىسىدە، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بۇددا دىنىي ئەقىدىسىدىكى يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاتتىق ساقلاش، ھەتتا ئۇششاق ھاشارەتلەرگىچە «جان ئېلىش» مەنئى قىلىنغان، قان تۆكۈشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش، نىرۋانغا يېتىش يولىدا بۇيانلىق ئىشلارنى (ساۋابلىق ئىشلارنى) كۆپ قىلىش... قاتارلىق دىنىي ۋە ئېتىكا چۈشەنچىلەر ئەينى دەۋردە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ئەينى دەۋردە، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فېئوداللىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە كۆپ پايدىلىق بولغان دىنىڭ ئېتىكا دائىرىسىگە مەنسۇپ بولغان ئايرىم ئەقىدىلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى ئادەت قانۇنى ئىدىئولوگىيە نۇقتىسىدىن پۈتكۈل جەمئىيەتكە نىسبەتەن، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى.

لېكىن، شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى فېئودال خانلىق ھاكىمىيەت بولغاچقا، ئادەت قانۇنلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ، ئاقسۆڭەك ـ مۈلۈكدارلارنىڭ مەنپەئىتىگە ماس كېلىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، ئەلۋەتتە.

«ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى» ناملىق مەزكۇر ئەسەرنىڭ مۇشۇ پاراگرافىدا «ئادەت قانۇنى» دېگەن تېرمىننى ئىشلەتتۇق ۋە بۇنداق «قانۇن» نىڭ ئەينى دەۋردە يۈكسەك ئېتىبارغا ئېلىنغانلىقىنى يۇقىرىقىدەك نەزەرىيىۋى بايان ۋە ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىمىز بىلەن شەرھلەشكە تىرىشىپ كۆردۇق. مۇشۇ كۆز قارىشىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرى

سۇرۇش ۋەجىدىن ، ئەينى دەۋردىن قالغان ئىككى پارچە ئىقتىسادىي مۇئامىلە ھۆججىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز :

I

ئەسلى تېكستى :

(1) كۇسكۇ يىل ئالتىنچ ئاي ئۇن ياڭىقا
(2) ماڭا قاۋسىدۇ تۇشكە كۇنچىت
(3) كەرگەك بولۇپ ئىل تەمىرتىن بىر كۇرى
(4) كۇنچىت ئالتىم . كۇز ئىكى كۇرى كۇن —
(5) چىت بىرۇرمەن . بەرمەدىن كەچۇرسەرمەن ئىل
(6) ياڭىچا تۇشى بىلە بىرۇرمەن . بەرگىنچە
(7) بار يوق بولسارمەن ، ئىنىم قاسۇقنىڭ
(8) تەگىلەر بىلە كۇنى بىرزۇنلەر . تانۇق
(9) قابان ، تانۇق بونگەك ، بۇ نىشان
(10) مەنىڭ ئۇل . مەن قاۋسىدۇ ئۇزۇم
(11) بىتىدىم

تەرجىمىسى

چاشقان يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەنكى قاۋسىدۇغا ئۆسۈمگە تۆلەش ئۈچۈن ، كۈنجۈت كېرەك بولۇپ ، ئېلتۆمۈردىن بىر كۈرە كۈنجۈت (قەرز ) ئالدىم . كۈزدە ئىككى كۈرە كۈنجۈت بېرىمەن . ئەگەر ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىسەم ، ئەلنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ بېرىمەن . ( بۇنى ) بەرگىچە بار ـ يوق بولۇپ قالسام ، ئىنىم قاسۇقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆز ئەينى بويىچە بېرىدۇ . گۇۋاھچى : قابان ، گۇۋاھچى : بونگەك . بۇ تامغا مېنىڭ ( ھۆججەتنى ) مەن قاۋسىدۇ ئۆزۈم يازدىم .

ئەسلى تېكستى:

قويىن يىل ئۈچۈنچ ئاي ئىكى ئوتۇزقا ماڭا مىڭ تەمۈركە بور كەرگەك بولۇپ، تۈرى باقشى تىن يارىم قاپ بور ئالتىم. كۈز ياڭىدا بىر قاپ سۈچۈگ بور كۆنى بىرۈرمەن. بىر گۈنچە بار يوق بولسار مەن نوم قۇلنىڭ تەگلەر بىلە كۆنى بىرزۈنلەر. تانۇق تەسەك تۇرمىش. تانۇق بولدۇز. بۇ نىشان مەن مىڭ تەمۈرنىڭ ئول. مەن تۇرمىش مىڭ تەمۈركە ئايدىپ بىتىدىم.

تەرجىمىسى:

قوي يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى مەنكى مىڭتۆمۈرگە ئۆسۈم قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۈزۈم كېرەك بولۇپ، تۇرى باخشىدىن ① يېرىم قاپ ئۈزۈم ئۆتنىگە ئالدىم. كۈز مەزگىلىدە بىر قاپ تاتلىق ئۈزۈم بېرىمەن (ئەگەر) ۋاقتىدا بېرەلمىسەم، ئەل قائىدىسى بويىچە ئۆسۈمى بىلەن ئەينەن بېرىمەن. بەرگۈچە بار – يوق بولۇپ قالسام، نوم قۇلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىرلىكتە ئۆز ئەينى تۆلەپ بېرىدۇ.

گۇۋاھچى: تەسەك تۇرمىش. گۇۋاھچى بولدۇز، بۇ تامغا مەنكى مىڭ تۆمۈرنىڭ. مەنكى تۇرمىش مىڭ تۆمۈرگە دەپ يازغۇزدۇم ②.

نەقىل ئېلىنغان بۇ ئىككى پارچە ئىقتىسادىي مۇئامىلە ھۆججىتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىسىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ قىسقا يېزىلغان ھۆججەتلەردە، ھۆججەت شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى (يىل، ئاي، كۈن ۋە نەرسە – كېرەك مىقدارى، گۇۋاھچى، تامغا قاتارلىقلارنىڭ تەللىكى)، ئەينى دەۋردىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ يۈكسەلگەنلىكى (ئۆسۈم، جازانىخورلۇقنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى)، بىز بايان قىلىۋاتقان «ئادەت قانۇنى» نىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

① باخشى – قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە.

يەنە بەزى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى جازا ۋە جەرىمانە ئىشلىرىغا ئائىت سۆز – جۈملىلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، « مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى » دە ( مۇشۇ كىتابنىڭ 5 – باب 4 – پاراگرافىغا قارالسۇن )، « راھىبلارنىڭ ئاش – تامىقىنى خام قىلغۇچىغا 300 دەررە ئۇرۇلسۇن »، « دىندارلار ئاغرىپ قالغاندا، ئەگەر غوجىدار ياخشى قارىمىسا، 300 دەررە ئۇرۇلسۇن » دېگەن جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇلنى ئەركىنلىككە چىقىرىش ھەققىدە يېزىلغان ۋەسىيەتنامىدە ھەم ئۇزۇملۇك باغنى سېتىش ھەققىدە يېزىلغان ھۆججەتتە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: « . . . بوۇقا قۇلى ئاتلىق ئوغۇلنى ئاتا – ئانامنىڭ بەختى ئۈچۈن ئەركىنلىككە چىقىرىپ تىلخەت بەردىم. بۇندىن كېيىن بوۇقا قۇلى تاغلارغا چىقامدۇ، چۆللەرگە بارامدۇ، ئۆزى ئىختىيار قىلغان يەرلەرگە بارسا بولىدۇ. مېنىڭ تىرىكلىكىمدە قاتارلىق خوتۇنلىرىم، تۇغقانلىرىمنىڭ ھەر قانداقى ئۇنىڭغا دەخلى – تەرۇز قىلمىسۇن. دەۋا – دەستۇر قىلسا، خەزىنىگە بىر نوكچا ئالتۇن، قوچۇ بېگىگە بىر ئات، شەھەر بېگىگە بىر كالا تۆلەپ، ئېغىر جازالانسۇن » ③. « بۇ . . . باغ ھەققىدە، مەن تەربىيىسىنىڭ ئاكا – ئىنىلىرىم بولسۇن ياكى تاغىلىرىم ۋە جىيەنلىرىم بولسۇن، ھېچكىم دەۋا قىلمىسۇن. پەقەت، ياتلارنىڭ سۆزى بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ، دەۋا قىلسا، چوڭ قوشۇنغا ( خانلىق قوشۇنغا ) بىر ئالتۇن ياستۇق ( ياستۇق پۇل بىرلىكى — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن )، ساراي خەزىنىسىگە بىر كۆمۈش ياستۇق، بەگلەرگە ئىگەر جابدۇقلۇق بىردىن ئات بېرىش جازاسى بېرىلىش بىلەن بىرگە سۆزلىرى ئۆتمىگەي »④.

بىز يۇقىرىقى نەقىللەردىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىدە تەن جازاسى، ئىقتىسادىي جەرىمانە جازاسى، شۇنىڭدەك « ئادەت قانۇنى » دەپ ئاتالغان قانۇن – مىزانلارنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

### ئىزاھاتلار

① بۇ مىساللار « قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيىسىدىن لېكسىيە » ناملىق دەرسلىك كىتابتىن ئېلىندى . بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى ـ قانۇن كادىرلار مەكتىۋى تەرىپىدىن 1982 ـ يىل 8 ـ ئايدا باستۇرۇلغان ( ئۇيغۇرچە ) .

② بۇ ئىككى ھۆججەت « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » دېگەن كىتابتىن ئېلىندى . بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

③ بۇ نەقىللەر « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » 1994 ـ يىل 3 ـ سانىدىن ئېلىندى .

④ بۇ نەقىللەر « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » 1993 ـ يىل 3 ـ سانىدىن ئېلىندى .

## بەشىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەربىي ئىشلار

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ، ھەربىي ئىشلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكى ھەققىدە كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز . لېكىن ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي شارائىت بويىچە ئېيتقاندا ، بۇ خانلىق دائىرىسىدە ئەسكىرىي ئىشلارنىڭ يۈكسەلدۈرۈلمەسلىكىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز .

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ، ئوتتۇرا ئەسىردە ، بىرەر مۇستەقىل تۇرغان سىياسىي كۈچ يەنە بىر قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ تەرىپىدىن پات ـ پاتلا يوقىتىلىپ تۇراتتى . بەزى سۇلالىلەرنىڭ ئورنىغا يەنە بىر يېڭى سۇلالىنىڭ تىكلىنىپ قېلىشى تېز ـ تېزلا كۆرۈلۈپ تۇراتتى . ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۇ ئالاھىدە تارىخىي خاراكتېرى ـ ئەينى دەۋردە ھاكىمىيەت تۇتقان ھەرقانداق بىر سىياسىي كۈچكە ئەسكىرىي ئىشلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇتقانىدى .

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا



كەلگەن دۆلەتلەر ئاساسەن ھەربىي ـ فېئودال دۆلەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ ، فېئودال ھۆكۈمرانلار ھەربىي قۇدرەت بىلەن ئىچكى جەھەتتە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىشكە مۇۋەپپەق بولسا ، ئەنە شۇ ھەربىي قۇدرەتكە تايىنىپ ئۆز دۆلىتىنى سىرتقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن ساقلاپ ، مۇستەقىللىقىنى بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە قىلىشقا تىرىشاتتى . بۇ ھالمۇ ئەينى دەۋردە قەد كۆتۈرگەن فېئوداللىق دۆلەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەزىرىگە ئەسكىرىي كۈچنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېلىندۇرغانىدى .

مەلۇمكى ، ئومۇملۇقنىڭ ئىچىدە ئايرىملىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ساۋاتقا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىشىدۇ . ھالبۇكى ، ئەينى دەۋردە « غەربىي يۇرت » دەپ نام ئالغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قەد كۆتۈرگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بەلگىلىك خەۋپلەر ئىچىدە ياشىغانىدى .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ ، قىرغىز ھۆكۈمرانلار تەبقىسىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ، كۆچۈپ كەتكەن ــ سەرسان ئۇيغۇرلار يەنىلا دۈشمەن ھېسابلىناتتى ؛ قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى يەنە بىر كۈچ تۇبۇتلار ئىدى . چۈنكى تۇبۇتلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىر قانچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ، مۇشۇ دائىرىنى ئۆز بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىم كاپالەتلىرىدىن بىرى دەپ قاراپ كەلگەنىدى . ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى تۇبۇتلارنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەم قايتا روناق تاپىدىغان سورۇنى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن ئىدى ①. شۇڭا تۇبۇتلار ئۇيغۇرلار بىلەن تىركىشىش پۇرسىتىنى ھەر دائىم پايلاپ تۇراتتى .

ئۇنىڭدىن تاشقىرى ، ئەسلىدە بىر ئېتنىك مەنبەگە ئىگە بولغان خەلق ــ ئۇيغۇر ، قارلۇقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا دىنىي

---

① ليۇ زىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ئۇيغۇرچە ، 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب 261 ـ بەت . مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .

## ئىزاھاتلار

① بۇ مىساللار « قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيىسىدىن لېكسىيە »
ناملىق دەرسلىك كىتابتىن ئېلىندى . بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي ـ قانۇن
كادىرلار مەكتىۋى تەرىپىدىن 1982 ـ يىل 8 ـ ئايدا باستۇرۇلغان
( ئۇيغۇرچە ) .

② بۇ ئىككى ھۆججەت « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن
تاللانما » دېگەن كىتابتىن ئېلىندى . بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

③ بۇ نەقىللەر « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » 1994 ـ يىل
3 ـ سانىدىن ئېلىندى .

④ بۇ نەقىللەر « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » 1993 ـ يىل
3 ـ سانىدىن ئېلىندى .

## بەشىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەربىي ئىشلار

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ، ھەربىي ئىشلارنىڭ قانچىلىك
دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكى ھەققىدە كونكرېت مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز .
لېكىن ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خان-
لىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي شارائىت بويىچە
ئېيتقاندا ، بۇ خانلىق دائىرىسىدە ئەسكىرىي ئىشلارنىڭ يۈكسەلدۈرۈلمەس-
لىكىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز .

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ، ئوتتۇرا ئەسىردە ، بىرەر مۇستەقىل
تۇرغان سىياسىي كۈچ يەنە بىر قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ تەرى-
پىدىن پات ـ پاتلا يوقىتىلىپ تۇراتتى . ئەزى سۇلالىلەرنىڭ ئورنىغا يەنە
بىر يېڭى سۇلالىنىڭ تىكلىنىپ قېلىشى تېز ـ تېزلا كۆرۈلۈپ تۇراتتى .
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۇ ئالاھىدە تارىخىي خاراكتېرى ـ ئەينى دەۋردە
ھاكىمىيەت تۇتقان ھەرقانداق بىر سىياسىي كۈچكە ئەسكىرىي ئىشلارغا
يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇتقانىدى .

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا



كەلگەن دۆلەتلەر ئاساسەن ھەربىي ـ فېئودال دۆلەت خاراكتېرىنى ئالغان
بولۇپ ، فېئودال ھۆكۈمرانلار ھەربىي قۇدرەت بىلەن ئىچكى جەھەتتە
سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىشكە مۇۋەپپەق بولسا ، ئەنە شۇ ھەر-
بىي قۇدرەتكە تايىنىپ ئۆز دۆلىتىنى سىرتقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇز
قىلىشىدىن ساقلاپ ، مۇستەقىللىقىنى بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە قىلىشقا
تىرىشاتتى . بۇ ھالمۇ ئەينى دەۋردە قەد كۆتۈرگەن فېئوداللىق دۆلەت
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەزىرىگە ئەسكىرىي كۈچنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ناھايىتى
ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېلىندۇرغانىدى .

مەلۇمكى ، ئومۇملۇقنىڭ ئىچىدە ئايرىملىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى دىئا-
لېكتىك ماتېرىيالىزملىق ساۋاتقا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ
قىلىشىدۇ . ھالبۇكى ، ئەينى دەۋردە « غەربىي يۇرت » دەپ نام ئالغان ھا-
زىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قەد كۆتۈرگەن ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقى بەلگىلىك خەۋپلەر ئىچىدە ياشىغانىدى .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كې-
يىنمۇ ، قىرغىز ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ، كۆچۈپ
كەتكەن ــ سەرسان ئۇيغۇرلار يەنىلا دۈشمەن ھېسابلىناتتى ؛ قوجو ئۇي-
غۇرلىرى بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى يەنە بىر كۈچ تۇبۇتلار ئىدى . چۈنكى
تۇبۇتلار تيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىر قانچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ، مۇشۇ
دائىرىنى ئۆز بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىم كاپالەتلىرىدىن بىرى دەپ قاراپ
كەلگەنىدى . ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى
تۇبۇتلارنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەم قايتا روناق تاپىدى-
غان سورۇنى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن ئىدى ①. شۇڭا تۇ-
بۇتلار ئۇيغۇرلار بىلەن تىركىشىش پۇرسىتىنى ھەر دائىم پايلاپ تۇراتتى .

ئونىڭدىن تاشقىرى ، ئەسلىدە بىر ئېتنىك مەنبەگە ئىگە بولغان
خەلق ــ ئۇيغۇر ، قارلۇقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇلغان قاراخا-
نىيلار سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا دىنىي

---

① لىيۇ زىشياۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ئۇيغۇرچە ، 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب 261 ـ بەت .
مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .

ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. بۇ تۈپەيلى، قاراخانىيلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىگە «غازات ئۇرۇشى» قوزغاش خەۋپىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلارغا سەل قارىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر.

ۋاھالەنكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي قۇدرىتىنى كونكرېت بايان قىلىشقا ھازىرچە بىزدە ئىمكان يوق. ئىدىقۇت خانلىقىدا مۇنتىزىم ئەسكەر تۈرغۇزۇلغانمۇ ياكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەندە خانلىق تەۋەسىدىكى ھەممە پۇقرا ئەسكىرىي مەجبۇرىيەتكە ئاتلانغانمۇ؟ ياكى خانلىق ئوردا ئەسكەرلىرى، ھەر قايسى مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان شەھەرلەر (مەسلەن، قۇمۇل، يارغول، بېشبالىق، قاراشەھەر، كۇچا) نى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان بەگ ـ ئەمەلدارلار ئىلكىدە مۇئەييەن ساندا ئەسكەر تۇتۇلغانمۇ؟ بۇ ھەقتە قولىمىزدا پاكىت يوق. شۇڭا يۇقىرىقى ئومۇمىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي خاراكتېرى، فېئودال دۆلەت خاراكتېرى ۋە ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىدىن ئېيتقاندا، مەزكۇر خانلىق ئەسكىرىي ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى چوقۇم. كونكرېت بايان ۋە خۇلاسىنى كېيىنكى تەتقىقاتقا قالدۇردۇق.

## ئالتىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى سىنىپىي تەبىقىلەر ۋە يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قارىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سىنىپىي تەبىقىلەر روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بۇ خانلىق تەۋەسىدىكى ئادەملەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىككى چوڭ تەبىقىگە، يەنى خان ـ بەگلەر تەبىقىسى (ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى تەبىقە) ۋە خەلق (قارا بودۇن) تەبىقىسى (ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى تەبىقە) گە بۆلۈش مۇمكىن. بۇ ئىككى

چوڭ تەبىقىنى ئۇلارنىڭ چارۋا، يەر، سۇ، يايلاقلارغا بولغان ئىگىدارچىلىق سالمىقىغا قاراپ يەنە بىر قانچە تەبىقىگە بۆلۈش مۇمكىن:

1. خان ۋە خاننىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرى، يەنى ئەڭ يۇقىرى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر. بۇلار نۇرغۇنلىغان چارۋا، تېرىلغۇ يەر، سۇ ۋە يايلاققا ئىگە. مۇئەييەن سالماقتىكى سودا كارۋانلىرىغىمۇ ئىگە.

2. ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەر ( ياكى ۋىلايەتلەر) نىڭ باشلىقلىرى ( مەسىلەن، باشلىق بېك قۇجۇ - قۇچۇنىڭ باش بېگى، كۇچادىكى يېرىم مۇستەقىللىققا ئىگە خان )، چوڭ ھەربىي باشلىقلىرى ( سۇ باشى ) ۋەزىرلەر ( ئۆلچىلار ) بۇلار خانلاردىن قالسىلا نۇرغۇن چارۋا، تېرىلغۇ يەرلىرىگە ئىگە ھەمدە دۆلەتكە تەۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنى باشقۇرۇش، باج - سېلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئارتقۇزىدۇ.

3. بەگلەر. خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىدا بىۋاستە ئەمر - پارمانلارنى ئىجرا قىلغۇچىلار. بۇلار مۇئەييەن مىقداردا تېرىلغۇ يەر، مېۋىلىك باغلارنى ئىگىلىگەن.

4. راھىبلار. بۇلار ئىبادەتخانا نامىدا خېلى كۆپ ۋەخپە يەرلەرنى ۋە ئۇششاق چارۋىلارنى ئىگىلىگەن.

5. قول ھۈنەرۋەنلەر. تۆۋەن دەرىجىدە ئۆي - قورا، كارخانا ئورۇنلىرىغا ئىگە. بۇلار پەقەت ھۈنەر سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن تاۋار بۇيۇملىرىنى سېتىش بىلەن تېرىكچىلىك قىلىدىغانلار.

6. سودىگەرلەر. يەرلىك تاۋارلارنى سىرتقى جايلارغا توشۇش، سىرتقى جايلاردىن تاۋار يۆتكەپ سېتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال - دۇنياسىغا يارىشا يەر - زېمىن، قورا - جاي ئىگىلىگەنلەر.

7. ھۆكۈمرانلىق قىلىنىغۇچى ئەڭ ئاساسلىق تەبىقە دېھقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئورنى دۆلەت تەرىپىدىن قانۇنىي ھالدا مۇقىملاشتۇرۇلغانلار. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنگەن:

(1) قالانچى . دۆلەت تەرىپىدىن ياللىنىپ ئىشلىتىلىدىغانلار . بۇلار دۆلەتنىڭ يەر ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى بولغانلار . بۇلار كىشىلىك ھوقۇقتا سەل ئەركىنرەك بولۇپ ، فېئوداللارغا تەئەللۇق بولمىغانلار .

(2) ئىدرۇ ياكى يىدرۇ ( يەنى يانچىلار ، قۇللارغا يېقىنراق تۇرىدىغانلار ) بۇلار كىچىك فېئودالالارغا بېقىندى بولغانلار . كىچىك فېئودالار مۇشۇ تۇر كۇمدىكى دېھقانلارنى تېرىلغۇ يەرلىرىگە مۇقىملاپ ، ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئىشلىتەلەيدۇ . بۇلارنىڭ كۆچۈپ كېتىش ئەركىنلىكى بولمايدۇ ، بۇلاردىن باجمۇ ئېلىنىدۇ . ھەتتا خوجايىنلارنىڭ ئۇلارنى باشقىلارغا سېتىۋېتىشكىمۇ قۇربى يېتىدۇ . بۇ خىلدىكى دېھقانلارنىڭ فېئودالار بىلەن ۋە يەر ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمى بىلەن باغلىنىشلىقى ئىنتايىن زىچ بولىدۇ . فېئودالار ئىدرۇلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ .

(3) كۇۋاك . بۇ خىلدىكى دېھقانلارنىڭ ئىككى خىل مەجبۇرىيىتى بار . بۇلار بىر تەرەپتىن ، دۆلەتكە يەردىن چىققان مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرىدۇ . بۇ ، ئۇلارنىڭ « بۇرچى » ھېسابلىنىپ ، خالىسانە ھېسابلىنىدۇ ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، ئەمەلدار ــ بەگلەرگە غەللە ــ پاراق تاپشۇرىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق بېرىلمەيدۇ . بۇ بىر خىل ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان باج تۈزۈمىدىن ئىبارەت .

(4) تۇتۇق . بۇ خىلدىكى دېھقانلار خوجايىنلىرى تەرىپىدىن قەرزگە گۆرۈ ــ رەنە ھېسابىدا ياكى « تۇرغاق » سۈپىتىدە ياللىنىپ ئىشلىتىلىدىغانلار . قەرز ئىگىسىگە ( يەنى قەرز بەرگۈچى خوجايىنغا ) بەلگىلەنگەن ئەمگەك نورمىسىنى چوقۇم ئىشلەپ تۈگىتىشى شەرت قىلىنغان . بۇنداق ئەمگەك نورمىسى تۈگىتىلگەندە ئۇلار ئاندىن ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ . شۇڭا بۇلار يەنىلا قۇل ھېسابلانمايدۇ .

(5) قاداش . بۇلار ئەركىن دېھقانلار بىلەن قۇلنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغانلار بولۇپ ، جاگزا (دېھقانچىلىق قورغانلىرى ) ئىگىلىرىنىڭ تۇغقانلىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇلار ئىگىلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ . بۇلار

ئىگىلىرىگە غەللە ـ پاراق تاپشۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن قالسا قۇللاردۇر. قۇللار ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ. بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي ئىگىلىكى، تېرىلغۇ يەر ـ زېمىن ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەمگەك ھەققىنىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەيى قەرزگە بوغۇلغان دېھقانلار ياكى ئۇرۇش ئەسىرلىرىدۇر.

يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر «سالى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغانلار، بۇلار مەخسۇس ئىبادەتخانىلارنىڭ مۇشكۇل ئەمگەكلىرىگە سېلىنىدۇ. بۇلار راھىبلارنىڭ چاكار ـ مالايلىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ھەرخىل تىپتىكى دېھقانلار، بولۇپمۇ 2 ـ، 3 ـ خىلدىكى دېھقانلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى فېئودال ئۇگنۇ (يانچىلىق ؟) لۇق تۈزۈمىدىكى ئاساسلىق قوشۇننى تەشكىل قىلغۇچىلاردۇر. ئەگەر دېھقانلار يەردىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇلار ئىلاجسىزلىقتىن يەر ئىگىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يېتىزلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ، تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن گۆرۈگە قويۇش شەرتى بولۇپ، قەرز ئېلىش توختامنامە ـــ ھۆججىتىنى پۈتۈش كېرەك. مانا بۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدىكى فېئوداللىق يەر ئىجارە تۈزۈمىنىڭ قوشۇنىنى شەكىللەندۈرگۈچىلەرنىڭ ئاز قىسمىدۇر ①.

## يەتتىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

دىپلوماتىيە ـــ ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر سىياسىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدا بەلگىلىك رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. دىپلوماتىيە ئىشلىرى ئارقىلىق بىرەر دۆلەت تاشقى مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇپ

① غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىل 4 ـ سان، 3 ـ بېتىگە قارالسۇن.

تۇرىدۇ. باشقا ئەللەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرالايدۇ. دىپلوماتىيە ئارقىلىق دۆلەتلەر ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ياردەم قىلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولۇشۇپ، ئورتاق دۈشمەننى يوقىتىش... قاتارلىق مۇھىم ئىشلارغا شەرت - شارائىت ھازىرلاش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا دۆلەت ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن دائىملىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۈچ يۈز يىلدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تاڭ سۇلالىسى ( 618 — 907 - يىللار ) بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قىلىشقانىدى. « بەش سۇلالە، ئون پادىشاھلىق » دەۋرىدىمۇ ( مىلادى 907 — 960 - يىللار ) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ( مىلادى 960 — 1227 - يىللار ) ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن خەنزۇ خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يەنىمۇ قويۇقلاشتى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندىنىڭ 982 - يىلى ئىدىقۇتقا مەخسۇس ئەلچىلىككە كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك. ئەنە شۇ خىلدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىگىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى بۇنداق مۇناسىۋەت سىياسىي مەنپەئەتكە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەممىدىن بەكرەك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە بەزى ماتېرىياللاردا شۇنداق بايانلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز:

« چىنلىقلارنىڭ ( جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە تىكلەنگەن سۇلالىلەرنى دېمەكچى — ئا ) ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن كۆتكەن ئۈمىدلىرى شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىياغا تەھدىت سېلىۋاتقان تىبەتلىكلەرگە قارشى يېڭى بىر ئىتتىپاقداش تېپىش ئارزۇسىدا

ئىدى »①.

دەرۋەقە، تىبەتلىكلەر ئەينى دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتكىمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر تەھدىت سالغۇچى كۈچ ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ مىلادى 982 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا كېلىشىمۇ بىر تەرەپتىن ئەنە شۇ مەقسەتنى چۆشەندۈرەتتى. ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئەينى دەۋردە سۇڭ سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدىكى خەلقلەر بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئۇنۇملۇك رول ئويىنىغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى يەنە لياۋ سۇلالىسى ( كىدانلار ) بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. لياۋ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇناسىۋەت، ئاساسەن سودا ئىشلىرىنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان مۇناسىۋەت ئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى « قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى » دەپ ئېيتىش ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ②. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ لياۋ سۇلالىسى بىلەن ئەينى دەۋرلەردە ئېلىپ بارغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى لياۋ سۇلالىسىگە قارام بولغان مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ كەڭچىلىك سىياسىتى بىلەن ( پەقەت مەلۇم مىقداردا باج ئېلىپلا ئىچكى ئىشلاردا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويغانلىقى ) ھامىيلىق قىلىشقا، ھېچبولمىغاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى يوقاتماي غەربكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە تارىخىي ئاساس بولغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

بۇ يەردە شۇ مەسىلىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ئىش كۆرگەنىدى. بۇ خانلىق ھەم سۇڭ سۇلالىسى بىلەن، ھەم لياۋ سۇلالىسى ( كىدانلار ) بىلەن بولغان بىلەن مۇناسىۋەتنى نورمال ھالدا ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەقىلنى كەلتۈرۈش كۇپايە : « . . . ۋاڭ

يەندې چىن ئىمپېراتورىنىڭ رەسمىي بىر ئەلچىسى ئىدى . 932 ـ يىلدىن كېيىن چىننىڭ شىمالىدا كىدان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى چىن دۆلىتى ئۈچۈن زور بىر تەھدىت بولۇپ قالدى . بۇ تەھدىتكە نىسبەتەن چىن يېڭى ئىتتىپاقداشلارنى ئىزدىدى . كىدان دۆلىتىگە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشۇشنى ئىزدىدى . چىن ئەلچىسى ئۇيغۇرلارنى بۇ مەقسەتكە كۆندۈردى . ئۇيغۇرلار بولسا ھەم چىننى ، ھەم كىدان دۆلىتىنى رازى قىلىش يولىنى توغرا تاپتى » ( باھائىددىن ئۆگەلنىڭ « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » ناملىق كىتابىغا قارالسۇن . 1971 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى ) .

بۇ خىل ئالاھىدە بولغان دىپلوماتىيە ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشى — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە — لياۋ سۇلالىسىگە قارام بولغان ۋاقىتتىكى تابىئلىق مۇناسىۋىتىدە ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىشقا ئەسقېتىپ قالغانىدى .

كېيىنچە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا قەد كۆتۈرگەن « شىشا » نامىدىكى تاڭغۇت دۆلىتى ( مىلادى 982 ـ 1227 ـ يىللار ) بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى قىلىشقان . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتقان ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار تېرىسىنىڭ كېلىش مەنبەيىنى تەسەۋۋۇر قىلىش يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ تاسادىپى ھالدىلا ئېيتىلمىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ .

لياۋ سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ بەرگەن نەتىجىسى چىڭگىزخان بىلەن ئىدىقۇت خانى بارچۇق ئارت تېكىن مۇناسىۋىتىدىمۇ تەكرارلاندى . ئىدىقۇت بارچۇق چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان سەپىرىگە يول بەردى . ياردەملەر كۆرسەتتى . چىڭگىزخان ئىدىقۇت خانلىقىغا چاڭگال سالمىدى ھەمدە ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىغا لياۋ سۇلالىسىگە ئوخشاشلا بەزى ئىمكانىيەتلەرنى بەردى .

دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى ياخشى

چۈشەنگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا، ئەلچىلىككە بېرىش ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىشتا بىر يۈرۈش قائىدە ـ يوسۇن بولغان: «ئۇيغۇر خاقانلىرى باشقا دۆلەت ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئات مىنىپ ئەلچىنىڭ ئالدىغا چىقاتتى ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىنى، ئوغۇل ـ قىز، ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ ئۇكا، ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى بىرگە ئېلىپ باراتتى. ئەلچىلەر سوۋغاتلىرىنى ھەدىيە قىلغاندا، ئۇيغۇرلارمۇ سوغا ـ سالام بېرىشەتتى. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ۋاڭ يەنىدې بېشبالىققا كېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئاندىن ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى ئۇنى قوبۇل قىلغانىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلار بىرەر ئەلچىنى قوبۇل قىلىشتا خاسىيەتلىك بىر كۈننى بەلگىلەيتتى» (باھائېدىن ئۆگەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. 1971 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى).

دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت قائىدە ـ يوسۇنلار قاراخانىيلار سۇلالىسىدىمۇ مۇكەممەل ئىدى. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇ بىلىگ» تە مەخسۇس باب ئاجرىتىلغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدىمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە قېرىنداشلىق ئاساسىدىكى باردى ـ كەلدىلەر قويۇق بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە دىنىي ئايرىمچىلىق بۇنداق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويغانىدى.

## ئىزاھاتلار

① باھائېدىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى» تۈركچە، 1971 ـ يىل ئىستانبۇل 1 ـ نەشرى، 108 ـ بەت.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى، 258 ـ بەتكە قارالسۇن.

## سەككىزىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دىنلار

دىن — ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دىن — ئىنسانلارنىڭ بەدۋىلىكتىن مەدەنىي هاياتقا قەدەم قويغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئاڭ، تەسەۋۋۇرلىرى بېيىپ، ئەتراپ - مۇھىتنى يەنى ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە كىشىلىك هايات قانۇنىيەتلىرىنى تەدرىجىي چۈشىنىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ دىنمۇ مەزمۇن جەھەتتىن بېيىپ بارغان ۋە تاكامۇللاشقان. ئىنسانلار تەپەككۇرى يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكىنىدە بولسا، دىن - ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىر خىل « روھىي ئەپيۇن » بولۇپ قالغاندى.

دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بولغان ئەمەس. چۈنكى، ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي هاياتى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى بەلگىلىگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تۆۋەن، كىشىلەرنىڭ ئاڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ناهايىتى ئاجىز بولغانلىقتىن، گۈلدۈرماما، چاقماق، يەر تەۋرەش، بوران، كەلكۈن، ئوت ئاپىتى، ئۆلۈم - يېتىم هادىسىلىرى ۋە هايۋاناتلارنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىرى قاتارلىق سىرتقى تەبىئەت كۈچلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىگە سىر بولۇپ تۇيۇلغان. بۇ سىرلار ئالدىدا ئىنسان ئەڭ بالدۇرقى ۋاقىتلاردا بەكمۇ ئاجىزلىق قىلغان. ئەينى شۇ دەۋرلەردە، ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا بۇنداق سىرتقى كۈچنىڭ كەينىدە ( تېگىدە ) ئالاھىدە قۇدرەتلىك بىر خىل ئىلاھىي كۈچ بار، دېگەن تەسەۋۋۇر پەيدا بولغان. نەتىجىدە ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ ھەر خىل خۇدالارنى ( مەسىلەن، چاقماق خۇداسى، يەر خۇداسى، ئاسمان خۇداسى، بەخت خۇداسى، سۇ خۇداسى . . . ) ئويلاپ چىقارغان.

لېنىن «سوتسىيالىزم ۋە دىن» دېگەن ئەسىرىدە: «ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئاجىز كەلگەن چاغلىرىدا، خۇددى ياۋايى ئادەملەر تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىرىدە، خۇدا، جىن - شەيتان ۋە مۆجىزىلەرگە ئېتىقات قىلىشى پەيدا بولغاندەك، ئۇلاردىمۇ ئۇ دۇنيانىڭ گۈزەل تۇرمۇشلىرى توغرىسىدا ئېتىقادنىڭ پەيدابولۇشى مۇقەررەر» ① دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئېزىش - ئېزىلىشمۇ دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىر خىل ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتتۇر.

بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، دىن سىنىپىي جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان سىنىپىي تەبىقىلەر تەرىپىدىن باشقا - باشقا مەقسەتلەردە ئىستېمال قىلىنغان بولسىمۇ، شۇنىڭدەك ئۇ كېيىنكى تارىخىي باسقۇچلاردا «روھىي ئەپيۇن» لۇق رولىغا ئىگە بولغانلىقى ئېتىراپ قىلىنسىمۇ. لېكىن ئۇ ھامان مەدەنىيەت جۇملىسىدىكى بىر خىل تارىخىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ (دىنىنىڭ) ئىنسانلارنى ياۋايىلىقتىن مەدەنىي ھاياتقا يۈكسەلدۈرگەنلىك رولىنى، كۆپلىگەن بەدىۋى ئۇرۇغ - قەبىلىلەرنى زور بىرلىك گەۋدىگە ئۇيۇشتۇرۇشلاردا ئىجابىي رول ئوينىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىجاتچىسى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام دىنىنى ۋاستە قىلىپ ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى، ھىندىستاندا ياشىغۇچى قەبىلىلەرنىڭ مىلادىيدىن 3 ـ 4 ئەسىر بۇرۇن بۇددا دىنىنىڭ ئاڭ بىرلىكى قىلىنىشى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى... قاتارلىق مىساللار يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەشنىڭ قىسمەن ئاساسى بولالايدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئېتىقاد قىلىنغان دىنلارمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلىنىدىغان «ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى» نى يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزۈشتە، ھەرقايسىسىنىڭ تېگىشلىك رولى بولغانىدى.

## مانى دىنى

مانى دىنى مانىخەي دىنى ياكى مانىخەيزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دىن مىلادى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا پىرسىيىلىك مانى دېگەن ئادەم تەرەپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا، مانى دىنى شۇ ئادەمنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

مانى دىنى پەيدا بولغان مىلادى 3 ـ ئەسىردە، ئىراندا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. پارسلارنىڭ ساسانىيلار جەمەتىدىن بولغان ئارداشىر I تەرىپىدىن ئىراندا 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن پارتىخىيە دۆلىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ساسانىلار پادىشاھلىقى قۇرۇلغانىدى. بۇ سۇلالىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولغان ئارداشىر I ئاتەشپەرەسلىك (زوراستىر) دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغانىدى. بۇ دىننىڭ روھانلىرى خەلقنى ئىنتايىن ئېغىر ھالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. نۇرغۇن يەر، قۇللارنى ئىگىلىۋېلىش بىلەن بىرگە يەنە تۈرلۈك دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلاردىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى. ئەدلىيە، مائارىپمۇ ئاتەشپەرەسلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىندى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، ئاتەشپەرەسلىككە قارشى كۆرەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى سۈپىتىدە مانى دىنى پەيدا بولدى ②.

مانى دىن ئارقىلىق ئاتەشپەرەسلىك تەلىماتىغا قارشى تۇرغانلىقتىن، يۇقىرى تەبىقە دىندارلار تەرىپىدىن مىلادى 275 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلدى ③. مانى دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتتى. بۇلاردىن بىر قىسمى ئامۇ دەريا ۋادىلىرىغا قېچىپ بېرىپ، دىنىي تەشۋىقاتىنى يەنە باشلىدى. يەرلىك خەلقلەر، جۈملىدىن سوغدىلار بۇ دىننى قوبۇل قىلدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانى مويۇنچۇر قارا قاغان (مىلادى 745 — 759 ـ يىللار) تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆتۈنىشىگە ئاساسەن، قوشۇن باشلاپ توققۇز يىلغا سوزۇلغان ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جازا يۈرۈشى قىلىپ، لوياڭ قاتارلىق جايلارغا كەلگەنىدى. ئۇدۇن (خوتەن) قۇجۇ (تۇرپان) پادىشاھلىقى قوشۇنلىرىمۇ شۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا كەلگەنىدى. مىلادى 762 ـ يىلى مويۇنچۇر قارا قا-

غاننىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئېل تېكىن ( بۆگۈ قاغان ) ئىككىنچى قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ، ئۆگلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشتى . بۇ جەرياندا ئۇيغۇر قاغانلىرى ئىچكىرىدىكى مانىچىلار بىلەن كەڭ ئۇچراشتى . شۇ يىلى بۆگۈ قاغان ئۆز ئېلىگە قايتقاندا تۆت نەپەر مانى دىنى راھىبىنى بىللە ئېلىپ قايتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي مانى دىنىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مانى دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى④ .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ ، بۇ خانلىقنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كېلىپ ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەندە ، يەرلىكتىكى ئاساسلىق دىن بۇددا دىنى بىلەن مانى دىنى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى .

مانى دىنى ئاتەشپەرەسلىك ، بۇددا ، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت مۇرەككەپلەشكەن ، يېرىم دىنىي ، يېرىم پەلسەپىۋى مەزمۇن ئالغان دىندۇر .

مانى دىنىنىڭ ئاساسىي يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈرىشىدىن ئىبارەت . « ئىككىلىك ، ئۈچ زامان » تەلىماتى بۇ دىنىنىڭ تۈپ نېگىزى بولۇپ ، ئىككىلىك — يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ؛ ئۈچ زامان — ئۆتكەن زامان ، ھازىرقى زامان ، كەلگۈسى زامان ياكى دەسلەپكى زامان ، ئوتتۇرا زامان ، كېيىنكى زامان دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ . مانىنىڭ قارىشىچە ، دۇنيانىڭ ماھىيىتى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆتكەن زامان ، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زاماندىكى جەريان ۋە ھالىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ ؛ قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق بىر - بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ . يورۇقلۇق — ياخشىلىق خۇداسى ، قاراڭغۇلۇق — يامانلىق خۇداسى ، يورۇقلۇق خۇداسى ئاخىر قاراڭغۇلۇقنى يېڭىدۇ ؛ بۇ ئالەم سۇ ، ئوت ، توپىدىن تەركىب تاپقان ؛ يەر ۋە سۇغا ھەممە ئادەم باب - باراۋەر ئىگە بولۇشى كېرەك ، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت .

يۇقىرىقى تەلىمات ۋە ئاساسلاردىن قارىغاندا ، مانى دىنى ئاساسەن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلاملارنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىش خاراكتېرىنى

ئالغانلىقى بىلىنىدۇ . مۇشۇ سەۋەبلىكمۇ ، ئىشقىلىپ مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى ئۇزاق ۋاقىت قوللىنىلغانىدى .

مانى دىنىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق ئەسەرلىرى يەتتە كىتاب ( يەتتى ئاغىلىق نوم ) دىن ئىبارەت . بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئاق كىيىم كىيىدۇ . بۆكلىرى ئاق ، قارا ۋە بىنەپشە رەڭلەردە بولىدۇ . باش مۇخلىسىنىڭ بۆكى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ . ئاغرىسا دورا يېمەيدۇ . مانى دىنىدا ئادەم ئۆلسە ، جەسەت يالىڭاچ ھالەتتە كۆمۈلىدۇ . مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ھەپتىلىك ئىبادىتى « مىر » كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ . « مىر » سوغدى تىلىدا « يەكشەنبە » دېگەن مەنىنى بىرىدۇ⑤ .

مانى دىنى مۇخلىسلىرىمۇ بۇددا دىنى مۇرتلىرىدەك يالقۇنتاغ ، تۇيۇق ، بۇلىيۇق ، مۇرتۇق ، بېزەكلىك قاتارلىق جايلارغا سېلىنغان مانى ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقان . بۇنداق ئورۇنلار ئۇلارنىڭ نەزمە يېزىش ، رەسىم سىزىش ، ئىلمىي بەھس ، تەرجىمىچىلىك ، تەپسىرچىلىك . . . قاتارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مەركەزلىرىگە ئايلانغان .

مانى دىنىنىڭ دۇنيا ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىلا ئەكس ئېتىشكە باشلىغانىدى . ئىدىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە بولسا ، مانىخەيزمچىلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئەدەبىياتىنى بېيىتىشتا ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر پوئېزىيە ژانىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى . مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن تەرجىمان ، شائىر ، ئەدىبلەرنىڭ ئىدىقۇت ئەدەبىياتىدا ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەردە تۇتقان ئورنى خېلىلا گەۋدىلىك بولۇپ ، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتە ئادىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ئىلىم ئەھلىلىرىگە مەلۇمدۇر .

## بۇددا دىنى

بۇددا دىنى دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ بىرى . ئۇ ، تەخمىنەن

مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىرلەردە قەدىمكى ھىندىستاندا پەيدا بولغان. بۇ دىنىنىڭ ئىجاتچىسى ساكيامۇنى ( Xakyamuni ـ ساكيالارنىڭ ئەۋلىياسى دېگەن مەنىدە ) دەپ ئاتىلىدۇ. ساكيامۇنىنىڭ ئەسلى ئىسمى سەدىغارت ( Sidhartha ) بولۇپ، شىمالىي ھىندىستاندىكى كاپىلۋاستۇ ( Kapilvastu ) پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سۇددۇنا ( Xuddhodana ) نىڭ شاھزادىسى ئىدى. « بۇددا » ( « Buddha » قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا « بۇرھان — Burhan » دەپ ئېيتىلىدۇ. ) دېگەن سۆز « ئاڭ ـ سېزىم، ئەس ـ ھوش » دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، « بۇددا » دېگەن سۆز سەدىغارتنىڭ ئاڭ سېزىمگە كىرىپ، ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ، ئەۋلىيا بولغاندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامىنى ئىپادىلىگەن.

قەدىمكى بۇددا دىنىنىڭ باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدىغان بىر نۇقتىسى شۇكى، ئۇ: ئىلاھنىڭ ئۆزى ئەركىن مەخلۇق ئەمەس. ئۇمۇ سان ـ ساناقسىز سانسارانى، يەنى قايتا ھاياتلىقنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرىدۇ دەپ ھېسابلايتتى ( بۇ بۇددىزمدا ئېيتىلىدىغان سانسارا ـ Sansara قايتا ھاياتلىق دېگەن مەنىدە )، بۇنداق قايتا ھاياتلىق بولسا، ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن باراۋەر، كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى توغرىسىدىكى بىلىمسىزلىكى ئەنە شۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىشكە ئېلىپ بارىدۇ ( ئېيتىلىشىچە، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدى ئاشۇ سانسارادا ئىكەن ). ئەمما بۇددا: ئاڭ ـ سېزىمگە كىرىپ، ئەس ـ ھوشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ كىشىلەر بىلىمسىزلىك — قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلغاندا، دۇنيانىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى ئېچىلىدۇ، ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشىدىن، يەنى سانسارادىن ئازاد بولۇپ، نىرۋاناغا ( Nirvana ـ مەڭگۈ شۇنداق تۇرىدىغان، ھېچقانداق بىر قۇدرەتكە بېقىنمايدىغان بىر خىل ھۆرىيەت دۇنياسىغا ) يەتكىلى بولىدۇ، دەيدىكەن.

بۇددىزم نومى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ: بىرىنچى قىسمى سۇترا ( Sutra ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنىنىڭ شەخسەن ئۆزى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلەرنى مەزمۇن قىلىدۇ؛

ئىككىنچى قىسمى ئابىدارما ياكى شاستىرا ( Abhdarma , xastra ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمى ساكيامۇنى ئېيتقان گەپ – سۆزلەر توغرىسىدىكى ئىزاھىنى مەزمۇن قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى قىسمى ۋىنايا ( Vinaya ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمى راھىبلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمر – مەرۇپ، قائىدە – يوسۇنلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. ھەممىسى يىغىشتۇرۇلۇپ تىپىتاكا ( Tipitaka ) دەپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ ئاغىلىق نوم – بىتىگلەر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇددا نوملىرىدا ناھايىتى نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەرمۇ ئۇچرايدۇ ( ئۇلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى ). بۇ ھېكايىلەر جاتاكا ( Jataka – ئۆز ھاياتى دېگەن مەنىدە ) ۋە ئاۋادانا ( Avadana — تەمسىللەر دېگەن مەنىدە ) دېگەن ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. جاكاتا قىسمىدا ساكيامۇنىنىڭ ئاۋالقى ھاياتىدىكى ئىش – ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاۋادانا قىسمىدا ساكيامۇنى ۋەز – نەسىھەت ئوقۇغان چاغدا كەلتۈرگەن تەمسىللەر ھېكايە قىلىنىدۇ.

بۇددىزمنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىدا، بۇ دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر مۇنچە مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىلا ماخايانا ( Mahayana ) مەزھىپى ( قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ — Ulug kolunggu دەپ ئاتىلىدۇ ) پەيدا بولدى. ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەزھىپىنى گوياكى بىر چوڭ ھارۋىدا ئولتۇرغۇچىلار، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك خالايىقنىڭ ھەممىسىنى سانسارادىن قۇتقۇزۇپ، نىرۋاناغا يەتكۈزگۈچىلەر دەپ ھېسابلايدىكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كونا مەزھەپ بولسا ھىنايانا ( hinayana ) مەزھىپى ( قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا كىچىك كۆلۈڭگۈ - kiqig kolunggu دەپ ئاتىلىدۇ ) دېيىلىدىكەن. كىچىك كۆلۈڭگۈ تەرەپدارلىرى شەخسىنىڭ ئاراملىغىنىلا كۆزلىگەن بولغاچقا، گوياكى بىر چوڭ دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان بىر كىچىك ھارۋىغا ئوخشىتىلىدىكەن. ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈنىڭ پىرلىرى بۇدساتۋا ياكى پۇسار ( pusar — Bodisatva ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا بېغىشلىغان. كىچىك كۆلۈڭگۈنىڭ كامالەتلىك كىشىلىرى بولسا، ئارخات ( Arhat ) دەپ

ئاتىلىدۇ . ئۇلار شەخسنىڭ كامالەتكە يېتىشىنىلا كۆزلەيدۇ . ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈنىڭ ئاساسىي تەلىمى سۇنياتا ( Sunyata ) دەپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « يوق ـ قۇرۇق » دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تەلىم : بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت . قۇرۇق خىيالنىڭ ئارقىسىدا مۇتلەق ئۆزگەرمەس بىر مەۋجۇدىيەت يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ⑧ .

بۇددا دىنى ساكيامۇنى ئالەمدىن ئۆتۈپ 500 ـ 600 يىلدىن كېيىن ئاندىن ھىندىستاندىن باشقا جايلارغا تارالغان . بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپ ھىندىستانغا قوشنا بولغان كەشمىر ، گاندارا ( گاندارا ــ ھازىرقى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال ئۆلكىسى پېشاۋارغا توغرا كېلىدۇ ) ئەتراپىغا تارقالغان . كېيىنچە ئۇدۇن ( خوتەن ) ، سۇلى ( قەشقەر ) ، كۇسەن ( كۇچار ) ۋە قۇچۇ ( تۇرپان ) رايونلىرىغا تارقىلىپ ، تەدرىجىي ئومۇملاشقان .

بۇددا دىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا تارقالغاندىن كېيىن مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەن ، كۇچار ۋە تۇرپان رايونلىرىغا بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى . ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر بۇددىستلىرىدىن فاشيەن بىلەن شۈەنجۇاڭنىڭ خوتەن رايونى ۋە كۇچار رايونلىرىدا ئەينى دەۋرلەردە بۇددا دىنىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىدۇرۇلغانلىقى ھەققىدە قالدۇرغان خاتىرىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر .

خوتەن رايونى توغرىسىدا فاشيەن ئۆزىنىڭ « بۇددىزىم يۇرتى خاتىرىسى » دېگەن ساياھەت خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان : « قارا شەھەردىن يولغا چىقىپ ، ماڭا ـ ماڭا بىر ئاي بەش كۈن دېگەندە خوتەنگە يېتىپ كەلدۇق . بۇ يۇرت گۈللەنگەن ، ئاۋات يۇرت ئىكەن . خەلقلىرى ناھايىتى مېھماندوست بولۇپ ، ھەممىسى بۇددىزىمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن ، بۇددىزىم يوسۇنى بويىچە ئويۇن ـ تاماشا قىلىدىكەن . راھىبلىرى نەچچە ئون مىڭغا يېتىدىكەن ، ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ تەرەپدارلىرى

ئىكەن . . . ساھىبخانا خاقان قاشيەن قاتارلىقلارنى گوماتى ئىبادەتخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى . گوماتى ئىبادەتخانىسى ئۇلۇغ كۆلۈمگە تەرەپدارلارنىڭ ئىبادەتخانىسى بولۇپ ، ئۈچ مىڭ نەپەر راھىب دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىرلا ۋاقىتتا غىزا ـ تائامغا ئولتۇرۇشقا بولىدىكەن ؛ غىزا ـ تائام ئورنىغا كىرىشتە ناھايىتى ھەيۋەتلىك . سۈرلۈك كىرىدىكەن ، ھەركىم رەت تەرتىپى بويىچە كېلىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدىكەن . پۈتۈن سورۇن ئۈن ـ تىنسىز جىمجىت بولۇپ قالىدىكەن . . . پېقىر قاشيەن قاتارلىقلار بۇت سەيرىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ، بۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇرۇپ قالدۇق . بۇ يۇرتتا مۇشۇنداق گوماتى ئىبادەتخانىسىدىن ئون تۆتى بار ئىكەن . كىچىكلىرى بۇنىڭ سىرتىدا . تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ ، سۇ چاچىدىكەن ، ھەممە كوچىلار ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىدىكەن ؛ شەھەر قوۋۇقلىرىغا كاتتا پەردە ـ چىمىلدىقلار ئېسىلىپ ، مۇداپىئە ئىشلىرى پۇختا ئىشلىنىدىكەن ؛ ئۇنىڭ ئىچىدە خاقان ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ، كېنىزەكلىرى تۇرىدىكەن . راھىب گوماتى ئۇلۇغ كۆلۈنگە تەرەپدارى بولۇپ ، خاقاننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن ؛ شۇ راھىب ھەممىدىن ئاۋۋال بۇتنى يۈرگۈزىدىكەن . شەھەردىن 3 ـ 4 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تۆت چاقلىق بۇت هارۋىسى ياسىلىدىكەن . ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ جاڭدىن ئېگىز بولۇپ ، گويا كى بىر ساراي يۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇرىدىكەن . ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ، گۆھەرلەر ھەم تاۋار ـ دۇردۇنلار بىلەن ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزىلىدىكەن . بۇت هارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىكەن ، ئىككى پۇسار ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىكەن ، پەرىشتىلەر ئەۋەتكەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ، گۆھەر ـ ياقۇت بويۇملار ئۈستىدە ئېسىقلىق تۇرىدىكەن . بۇت شەھەر قوۋۇقىغا قاراپ نەچچە يۈز قەدەم يۈرگۈزۈلىدىكەن . خاقان پاكىز تازىلىنىپ ، يېپيېڭى كىيىنىپ ، تاجىنى قولىغا ئېلىپ ، شاھ تۇتقان ھالدا قوۋۇقتىن يالاڭ ئاياغ مېڭىپ چىقىپ بۇتنى قارشى ئالىدىكەن . ئالدى بىلەن بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، ئېسىل شاھ كۆيدۈرۈدىكەن . بۇت قوۋۇقتىن كىرگەندە ، قوۋۇق مۇنبىرىدە تۇر-

غان خانىش ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى چاچقۇ چېچىپ شۇنداق گۈزەل،
ھەيۋەتلىك قىياپەتتە تۆۋەنگە چۈشۈپ ھەربىرى بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈر-
دىكەن. شۇنداق قىلىپ، بىر گۇماتى ئىبادەتخانىسىدا بىر كۈن بۇت
يۆرگۈزۈلىدىكەن. تۆتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى باشلانسا، ئون تۆ-
تىنچى كۈنى ئاياغلىشىدىكەن. بۇت سەيرىسى پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن
كېيىنلا، خاقان ۋە خانىشلار خان سارىيىغا كىرىپ كېتىشىدىكەن» ⑦.
راھىب شۈەنجۇاڭ كۇچار رايونىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالى
توغرىسىدا مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان: «بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن يۈز
نەچچىسى بار ئىكەن. راھىبلىرى بەش مىڭدىن كۆپ بولۇپ، كىچىك
كۆلۈڭگۈ تەلىماتىغا (يەنى ھىنايانا تەلىماتىغا) ئېتىقاد قىلىدىكەن.
ھىندىستاندىن كەلگەن شۇ تەلىماتنىڭ مەزمۇنى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىغا
ئەمەل قىلىدىكەن»، «خارابى شەھەرنىڭ شىمالىدا قىرىق نەچچە چاقىرىم
يەردە بىر ئۆستەڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاغ باغرىغا يېقىن جايدا شەرق
تەرىپىدە بىر، غەرب تەرىپىدە بىر، ئىككى يەردە بۇددا ئىبادەتخانىسى بو-
لۇپ، ئىككىسى ئوخشاشلا جاۋخۇلى ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتىلىدىكەن.
بۇتلىرى ئىنسان تەرىپىدىن سۇنئىي ياسالغاندەك ئەمەس، گوياكى
شۇنداق تۇرەلگەندەك ئىنتايىن ھەشەمەتلىك، گۈزەل تۇرىدىكەن.
راھىبلىرى شۇنداق ئەدەبلىك، سالماقلىق، پاك ھەم تىرىشچان ئى-
كەن»، «شەھەرنىڭ غەربىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا يولنىڭ ئىككى
تەرىپىدە بۇددا ھەيكەللىرى بار ئىكەن؛ ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى توقسان
گەزدىن ئاشىدىكەن. بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئالدىغا بەش يىلدا بىر
ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىلىش سورۇنى ھازىرلىنىپتۇ. ھەر يىلى كۈز پەسلى
كىرگەندە (شەمسىيە 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەتراپى بولسا كېرەك -
ت.) پۈتۈن يۇرت دائىرىسىدىكى ھەممە راھىبلار شۇ يەرگە توپلىنىدىكەن؛
خان - تۆرىلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممىسى ئا-
دەتتىكى ئىش - پىشلىرىنى توختىتىپ، پاكىز يۇيۇنۇپ، رەتلىك
كىيىنىپ، گۆش يېمەي، شاراب ئىچمەي، ھېرىش - چارچاش، يېمەك -
ئىچمەكنى ئۇنتۇغان ھالدا بۇددىزىم نوم - بىتىكلىرى ۋە قائىدە -

يۇسۇنلىرى توغرىسىدىكى ۋەز - نەسىھەتلەرنى دىققەت قىلىپ ئەستايىدىل ئاڭلايدىكەن» ، « بۇ يەرلەردىكى ئىبادەتخانىلاردىكى بۇتلارغا ئالتۇن ، كۆمۈش ، مەرۋايىتلار ، تۇۋار ، دۇردۇن ۋە ئەتلەسلەر بېزەك قىلىنىپ ، هارۋا - هارۋىلارغا سېلىنىپ كوچىلاردا ئايلاندۇرۇلىدىكەن . بۇ بۇت سەيرىسى دەپ ئاتىلىدىكەن ؛ بۇنىڭغا قاتناشتۇرۇلغان هارۋىلار مىڭ نەچچە يۈز بولۇپ ، ھەممىسى شۇ پائالىيەت مەيدانىدا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن » ⑧ .

ئىلگىرى - كېيىن يېزىلغان بۇ ئىككى راھىب خاتىرىسىدىن ئېلىنغان يۇقىرىقى قىسقا پارچىدىن بىز شىنجاڭ رايونىدا بۇددا دىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا ئەنە شۇنداق زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۇرۇلگەنلىكىنى بىلىمىز . بۇنىڭدىن تاشقىرى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىگە ئۆتكەن رايونلاردا بۇ خانلىق تىكلىنىشتىن بۇرۇنلا يارغول مىڭئۆيى ، تۇيۇق مىڭئۆيى ، بېزەكلىك مىڭئۆيى ، سىڭگىم مىڭئۆيى ، شىكشىن مىڭئۆيى ، مازارباغ مىڭئۆيى ، سىم - سىم مىڭئۆيى ، قىزىل قاغا مىڭئۆيى ، قۇمتوغراق مىڭئۆيى ، توغراق ئېقىن مىڭئۆيى ، تېتىر مىڭئۆيى ، توغراقدەك مىڭئۆيى ، ئۇنباش مىڭئۆيى ، قىزىل مىڭئۆيى ، بېشبالىق مىڭئۆيى قاتارلىق مىڭئۆي - ئىبادەتخانىلارنىڭ قېزىلىشى ، قۇرۇلۇشىدىنمۇ شىنجاڭ رايونىدا بۇددا دىنىنىڭ خېلىلا مۇقەددەم ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋپ يېتەلەيمىز .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ ئۇزۇن بىر مەزگىللىك تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى — ئورخۇن بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئورتاق گەۋدە ھاسىل قىلىپ ، تېخىمۇ پارلاق مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىنىڭ ئاساسى بولغانىدى . ھالبۇكى ، بۇددىزم ئىدىئولوگىيىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولدى . بۇ دىن ئۆز تەسىرىنى پۈتكۈل ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىدىئولوگىيىسىگە ئۆتكۈزۈش بىلەن ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئىز قالدۇردى — يەرلىك تۈس ئالغان ، كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان ۋە

ئۇستۇن جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى.

بۇددا دىنى مۇھىتىدا ئاجايىپ تالانتلىق، كۆپ ئىقتىدارلىق تەرجىمان، شائىر، ئەدىب، مائارىپچى، تېۋىپلار... يېتىشىپ چىقىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنى يۇكسەلدۇرۇشتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

## خرىستىئان دىنى

مانى ۋە بۇددا دىنىدىن باشقا، خرىستىئان دىنىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قوللىنىلغانىدى. لېكىن بۇ دىن يۇقىرىقى ئىككى دىندەك كەڭ تارقالغان ئەمەس.

خرىستىئان دىنى مىلادى 4 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسىدە رەسمىي دۆلەت دىنى بولۇپ بەلگىلەنگەندىن باشلاپلا، ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن. بۇ دىن مىلادى 6 ـ ئەسىردە قارا شەھەردىكى يۇلتۇزنى پايتەخت قىلغان غەربىي تۈرك خانلىقىغىمۇ سىڭىپ كىرگەن ⑨. تۇرپان رايونىدا ياشىغان خەلقلەر ئەينى دەۋرلەردە بۇ دىننى ئەنە شۇ غەربىي تۈركلەردىن قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەشھۇر تۈركولوگ ئا. ۋ. گاباتىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاز ساندىكى تۈرك نېستورىئانلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەركىزى بۇلىيۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ⑩.

دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەلۇم ساندا خرىستىئان دىنىنىڭ ئېتىقاتچىلىرىمۇ (نېستورىئان ـ خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى. «جاھاننامە» ناملىق كىتابنىڭ 630 ـ بېتىگە قاراڭ) دىنىي پائالىيەت ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم قىلىش تەس . لېكىن ، ئەرەب ئەدىبى نادىم ( an — Nadim ) ئۆزىنىڭ « Kitab al Fihrst » ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ۋەقەنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى دىق-قەتنى قوزغايدۇ :

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خۇراسان پادىشاھى ئابۇل خاسان ناسىر ( Abul Hasan Nasir , 913 — 942 يىللار ) نىڭ سەرمەقەندتە پا-ناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان 500 نەپەر مانى مۇخلىسىنى قەتلى قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىكەن . ئىدىقۇت خانى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ : ئەگەر ئۇ ( خۇراسان پادىشاھىنى دېمەكچى ) سەمەرقەندتە پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان مانى مۇخلىسلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە پېتىنىدىكەن ، ئىدىقۇت خانىمۇ ئۆز تەۋەلىكىدىكى مىڭدىن ئوشۇق ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنى قىرىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ⑪ .

بۇ خاتىرىدىن بىز ئىدىقۇت دەۋرىدە مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە بېرىلگەن دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنىڭمۇ چەتتە قالمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز .

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەھمىيەتلىك بىر ئىش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقىغا پايدىلىقلا بولغان ھەممە ۋاستىنى قوللانغان . مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنى يارىتىشتا رولى بولىدىغان ھەرقانداق پائالىيەتكە قارىتا « كەڭ ئېچىۋېتىش » ئۇسۇلى يۈرگۈزۈلگەن . مانا بۇ نۇقتا ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر .

**ئىزاھلار :**

① مەخمۇت يۈسۈپنىڭ « شىنجاڭغا تارالغان قەدىمكى دىنلار توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە » ناملىق ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل . « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە ژۇرنال ،1984 ـ يىل 2 ـ سان 169 ـ ،

170 ــ بەتلەرگە قارالسۇن .
② ③ يۇقىرىقى ئىزاھاتتىكى ژۇرنالنىڭ 173 ــ بېتىگە قارالسۇن .
④ ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۈسەيىن : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى » ئۇيغۇرچە ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ــ يىل نەشرى ، 155 ــ بەت .
⑤ قاھار بارات : « ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرى » ، « بۇلاق » ــ ئومۇمىي 10 ــ سان 6 ــ بەت .
⑥ گېڭ شىمىن : « بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ ۋە تۇركى خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى » ــ « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، ئۇيغۇرچە ، 1983 ــ يىل 1 ــ سان 126 ــ بەت .
⑦ ، ⑧ يۇقىرىقى ئىزاھاتتىكى ژۇرنالنىڭ 131 ــ ، 132 ــ ، 133 ــ بەتلىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل .
⑨ قاھار بارات : « خرىستىيان دىنى ۋە ئۇيغۇرلار » ــ « جامانامە » ، ئۇيغۇرچە 630 ــ بەت . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ــ يىل نەشرى .
⑩ ئا . ۋ . گابائىن : « قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى » ــ « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، ئۇيغۇرچە ، 1980 ــ يىل 3 ــ سان 67 ــ بەت .
⑪ « غەربىي شىمال تارىخ ــ جۇغراپىيىسى » خەنزۇچە ژۇرنال ، 1984 ــ يىل 4 ــ سان 9 ــ بەتكە قارالسۇن .

## توققۇزىنچى پاراگراف كالىندارچىلىق

كالىندارچىلىق ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور بىر ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئىنسانلار تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە بىر قەدەر مول بولغان چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىشقاندىن كېيىن ، ئىنسان ھاياتىنىڭ قەدىر ــ قىممىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراشنىڭ مۇھىملىقىنى بارغانچە تونۇپ يېتىشكەن . ئۆتكەن زامانلاردىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى كېيىنكى كىشىلەرگە ــ ئەۋلادلارغا ئۆرنەك ئۈچۈن قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەخىرسىز تونۇپ يەتكەن . ئاي ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈپ تۇرۇشى ، پەسىللەرنىڭ تەكرارلىنىشى كىشىلەرنىڭ

ئېگىدا تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنى مۇئەييەن تەر-
تىپكە سېلىش ئىستىكىنى ئويغاتقان. مۇنەججىملىك، پەسىللەرنى
ئايرىش، يىلنامە ـ كالېندار تۇرغۇزۇش... ئىشلىرى بارلىققا كەلگەن،
ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تىنىمسىز پائالىيەتلىرى جەريانىدىكى مۇھىم،
ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى خاتىرىگە ئېلىش ـ يۇقىرىقى تىرىشچانلىقلار نەتى-
جىسىدە كۆپ ئاسانلاشقانىدى.

مۆچەللىك كالېندارنىڭ قاچان بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەخمىن
قىلىش تەس. لېكىن ئۇنىڭ يېزىقسىز دەۋردە يارىتىلغانلىقى ھەققىدە
گۇمان قىلىش ھاجەتسىزدەك تۇرىدۇ. كالېندارچىلىق تېمىسىدا كۆپ ۋا-
قىت ئىزدەنگەن ۋە «قازاقىنىڭ قەدىمكى كالېندارى» ناملىق كىتاب يازغان
مىڭباي ئىسقاقبايوفنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارشىنى كۆرۈپ ئۆتۈش
زۆرۈر: «مۆچەل ھېسابى بۇنىڭدىن 3 ـ 4 مىڭ يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان
دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ، ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق مىللا-
دىنىڭ بېشىدا تۇراقلاشقان. تارىخىي تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، دەسلەپكى
مۆچەلدە تۆتلا ھايۋان بولغان: ئۇلۇ، بۆدىنە، بارىس ۋە تاشپاقا (س. ۋ
ئىۋانوفنىڭ كىتابىغا قارالسۇن). بۇلار دۇنيانىڭ تۆت تەرىپى بىلەن
يىلنىڭ تۆت پەسلىنى ئىپادىلىگەن. ئۇلۇ ـــ شەرق بىلەن باھار-
نىڭ، بۇدىنە ـــ جەنۇب بىلەن يازنىڭ، بارىس ـــ غەرب بىلەن
كۈزنىڭ، تاشپاقا ـــ شىمال بىلەن قىشنىڭ بىشارىتى بولغان. كېيىنكى
ۋاقىتتا بۇ خىل مۆچەل قېلىپ، ئالتە ھايۋاندىن تەركىب تاپقان مۆچەل
مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدا ـــ توڭگۇز، ئىت، كالا، توخۇ، قوي، ئات
ـ بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆي ھايۋىنى بولغان. توڭگۇز بىلەن كالا
شىمالنى، ئات بىلەن قوي جەنۇبنى، توخۇ شەرقنى، ئىت غەربنى ئىپادى-
لىگەن. بۇلارغا دەسلەپكى مۆچەلدە بار بولغان ئۇلۇ بىلەن بۇدىنە (بەزىدە
ئۇنىڭ ئورنىغا قىرغاۋۇل ئېلىنغان) قوشۇلۇپ سەككىز ھايۋانلىق مۆچەل
شەكىللەنگەن. ئاخىر يىلان، مىشىن، توشقان، چاشقان قوشۇلۇپ
مۆچەل ھايۋانلىرىنىڭ سانى 12 گە يەتكەن»①.

مۇشۇ كەلتۈرگەن نەقىلگە مايىللاشقاندا، مۆچەللىك يىل ھې-

سابلاش ئۇسۇلىنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمەيمىز . ئەمدى ، مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تارىختا قايسى مىللەتنىڭ ئەجدادلىرى كەشىپ قىلغان دېگەن مەسىلە كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ .

مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى دۇنياغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان . تارىختا مۆچەل ھېسابىنى قوللانغان مىللەتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 . تۈركى تىلدىكى خەلقلەر — ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تۈركمەن ، ئەزەربەيجان ، تاتار ، باشقىرت ، چۇۋاش ، چولۇملۇقلار ، تۇۋالىقلار ، چورلار ، ئالتايلىقلار ، ئوسمان تۈركلىرى ؛

2 . موڭغۇل خەلقلىرى — قالماقلار ، بورياتلار ، تاگغۇتلار ، تۇرغاۋتلار ؛

3 . سىبىرىيىدىكى توڭگۇس — مانجۇر خەلقلىرى — ياقۇتلار ، نېنولۇقلار ، دولغانلار ، ئەۋەنكلەر ؛

4 . خەنزۇ ، تىبەتلىكلەر ؛

5 . ياپونلۇقلار ؛

6 . كۆرەيلەر ؛

7 . شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا خەلقلىرى — كامبودژالىقلار ، ۋېيتناملىقلار ، بېرمىلىقلار ، تايلاندلىقلار ۋە باشقىلار .

8 . ئاۋغانلار ، پارسلار ؛

9 . كاپكازدىكى ئابازىنلار ، نوغايلار ؛

10 . بۇلغارلار ②.

مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىنى يۇقىرىقىدەك نۇرغۇنلىغان خەلقلەرنىڭ قوللانغانلىقى — بۇ ئۇسۇلنى كىم كەشىپ قىلغانلىقى مەسىلىسىنى مۇرەككەپلىككە ئىگە قىلغان . لېكىن كۆپلىگەن ئالىملار بۇ ئۇسۇلنىڭ تۈركى خەلقلەر تەرىپىدىن ( مەلۇم بىر قەبىلە تەرىپىدىن ) يارىتىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ ③ . بۇنداق كۆزقاراشنىڭ ئاساسىنى مەھمۇد قەشقەرى سالغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ . « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تە

مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان:

«... تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان، ئۇلار بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلىچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەربىر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن». خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىر مۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋال چاشقان ئۆتكەن. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ «چاشقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان:

ئۇد يىلى (كالا يىلى).

بارس يىلى (يولۋاس يىلى).

توشقان يىلى.

لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى).

يىلان يىلى .
يۇند يىلى ( ئات يىلى ) .
قوي يىلى
بىچىن يىلى ( مايمۇن يىلى ) .
تاقاغۇ يىلى ( توخۇ يىلى ) .
ئىت يىلى
توڭگۇز يىلى
توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن ، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ » ④ .
مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى ئۇيغۇرلاردا ئورخۇن بويىدىكى چاغلىرىدا ئومۇملاشقان . « كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى » غا پۈتۈلگەن تۆۋەندىكى ئىبارىلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ :
ئەسلىي تېكىستى :
« كۆل تېگىن قونىي يىلقا يىتى يىگىرمەكە ئۇچدى . توقۇزىنچ ئاي يەتى ئوتۇزقا يۇغ ئەرتۇرتىمىز . »
تەرجىمىسى :
« كۆل تېگىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى . توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق » ⑤ .
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى يەنىمۇ كەڭ قوللىنىلغان . شۇ دەۋردىن قالغان ئىقتسادىي ئالاقە ھۆججەتلىرىدە « كۈسكۈ يىل ئالتىنچ ئاي ئون ياڭىقا ( چاشقان يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ) » ، « تاقىغۇ يىل ئىكىندى ئاي سەكىز يىگرمىكە ( توخۇ يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى ) » ، « بىچىن يىل چاقسا پۇت ئاي ئىكى ياڭىقا ( مايمۇن يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ) » ، « قويىن يىل ئۇچىنچ ئاي ئىكى ئوتۇزقا ( قوي يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى ) « لۇ يىل توقۇزۇنچ ئاي تۆرت ياڭىقا ( ئەجدىھار يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ

كۈنى ) » ، « ئۈد يىل بىر يىگىرمىنچ ئاي توققۇز ياڭىقا ( كالا يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ) » دېگەنگە ئوخشاش مۆچەللىك يىل ھېساۋى قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز ⑥ .

ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ئىدىقۇت شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئانچە تولۇق بولمىغان كالىندار پارچىلىرىدا كۈنلەر سوغدىچە 7 كۈننىڭ نامى بېرىلىپ، ئاستىغا خەنزۇچە 甲. 乙. 丙. 丁. ( جا، يى، بىڭ، دىڭ ) . . . دېگەن خەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تاۋۇشى يېزىلغان. ئاندىن كېيىن سوغدى يېزىقى بىلەن چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان . . . 12 مۆچەل ئىسىملىرى يېزىلغان. بۇ ئىسىملار تۈركچە تەرجىمە قىلىنغان. يەنە ھەربىر كۈننىڭ ئاستىغا ياغاچ، ئوت، تۇپراق، مەدەن، سۇدىن ئىبارەت 5 ئاناسىرنىڭ ئىسىملىرى تەرتىپ بىلەن يېزىلغان، يەنە كۈن ۋە ئاينىڭ ئاتىلىرى كۆرسىتىلىپ، ئۇلارنى جۈپلەپ 7 كۈننىڭ سانى تولۇقلاقغان ⑦ .

بۇ كالىندار پارچىسىدا ئۈچ خىل مىللەتنىڭ تىل ـ يېزىقى بىلەن يىل، ئاي كۈنلەرنىڭ يېزىلغانلىقى دىققەتنى تارتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن، مۆچەللىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى — كالىندارچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. ئۈچ خىل تىل ـ يېزىق بىلەن كالىندار تۈزۈلگەنلىكى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە كالىندارچىلىق ئۇسۇلىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### ئىزاھاتلار

① نىغمەت ياقۇپنىڭ « مۆچەللىك كالىندارلار توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە، 1983 ـ يىل 1 ـ سان، 169 ـ بەتكە قاراڭ.

② يۇقىرىقى ژۇرنال 160 ـ ، 161 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى ژۇرنال 166 ـ ، 167 ـ بەتلەر.

④ « تۈركىي تىللار دىۋانى » 1 ـ توم، 449 ـ ، 450 ـ ، 451 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى.

⑤ « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » ( ئۇيغۇرچە ) ناملىق كىتابنىڭ 76 ـ ، 91 ـ بەتلىرىگە قاراڭ . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى .

⑥ يۇقىرىقى كىتابنىڭ 355 ـــ 361 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

⑦ « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ئۇيغۇرچە ، 255 ـ بېتىگە ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى ) ، « قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى » ( ئۇيغۇرچە ) نىڭ 1981 ـ يىل ، 2 ـ سانى 64 ـ بېتىگە قاراڭ .

## ئۈچىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىگىلىك ساھەلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى

### 1 . دېھقانچىلىق

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى . بۇ خانلىقتا تەۋە جايلاردا ( مەسىلەن ، قۇمۇل ، تۇرپان ، بېشبالىق ، جۇڭغار ۋادىسى ، قاراشەھەر ، كورلا ، كۇچار رايونلىرىدا ) مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرى ، تاغ ـ جىلغا ، بۇلاق ، دەريا سۇلىرى ، تاغلىق ئوتلاقلىرى ۋە گۈزەلگىلىك ياپلاقلىرى ، كۆللەر ئەتراپى ۋە بۈك ئورمانلىق ، توقايلىقلار بولۇپ ، بۇ خىل ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى .

ئۇزاق تارىخقا نەزەر سالغاندىمۇ ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ جايلاشقان يەرلىرى ئاللىقاچانلاردىن تارتىپ يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلار ئىدى ① . ئورخۇن بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار مۇشۇ رايونلارغا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ، ئۈرۈمچى ، باركۆل ، بېشبالىق ، جۇڭغار ۋادىسى ، قاراشەھەر ، يۇلتۇز قاتارلىق جايلارغا ماكانلاشقانلىرى ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن ، قىسمەنلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . تۈزلەڭ رايونلارغا ماكانلاشقانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك كەسپىنى ئۆزلەشتۈرگەنىدى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكتە ئەڭ گەۋدىلىك بولغان ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، بىرىنچىدىن، بىنەم ـ بوزلار كۆپلەپ ئېچىلىپ ـ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تېرىلغۇ يەر مەيدانلىرى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلدى. بىنەم ـ بوزلارنىڭ كۆپلەپ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى سۇغا بولغان ئېھتىياجنى جىددىيلەشتۈردى. نەتىجىدە، تۇرپان رايونىنىڭ ئۆزىنىلا ئېلىپ ئېيتساق، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدىن كېلىدىغان چالقان، قاراگۇغول، قارا يۇزى غولى، تارلاڭ ئېقىنى، يوغانتېرەك ئېقىنى قاتارلىق جىلغا سۇلىرى تىزگىنلىنىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر چېپىلىپ، سۇلار تېرىلغۇ يەرلەرگە باشلاندى (قارا يۇزىدىن باشلىنىپ، يالقۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى سايدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ياسالغان «يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى» ئەنە شۇ مەزگىللەردە قېزىلغان. بۇ ئېرىق ھەققىدە «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىل 3 ـ سانىدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغانىدىم) يەنە بىر تەرەپتىن، يالقۇنتاغ سۇ سىنتېمىسى ـ سىڭگىم ئېغىزى، مۇرتۇق، بۇيلۇق، قۇرۇتقا، يارغول ياگغۇلۇق، كىندىك، چوگياغ قاتارلىق ئېقىنلاردىكى ئېقىن سۇ ۋە بۇلاق سۇلىرى تىزگىنلىنىپ، تېرىلغۇ ئېتىزلىرى مەلۇم نىسبەتتىكى مۇقىم سۇغا ئىگە قىلىندى.

يۇقىرىقى سۇ مەنبەلىرىمۇ تۇرپان رايونىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تېرىلغۇ يەرلىرىگە بولغان سۇ ئېھتىياجىنى تۇلۇقتىن ھەل قىلىپ كېتەلمەيتتى. ئاخىر، يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى ـــ يەر ئاستى سۈيىنى كارىز كولاش ـــ ئۇسۇلى بىلەن يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىپ پايدىلىنىش چارىسى قايتىدىن كەڭ قوللىنىلىپ، مۇقىم سۇغا بولغان ئېھتىياج كارىز سۈيى بىلەن بىر قەدەر تولۇق ھەل قىلىندى ②.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، ئاساسەن، مۇقىم سۇ، مۇنبەت يەر، دېھقانچىلىق قورال ـ سايمانلىرى، تېخنىكا قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، تېرىقچىلار يەرنى مۇنبەتلەشتۈرگەندە، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشكەن. بۇ ۋەجىدىن دېھقانلار يەرگە توپا

تۆكۈپ يەرنىڭ ئۆگىنى قېلىنلاشتۇرۇش ( كونا ئۆي توپىلىرى ، چىرىگەن قۇمۇش ، يۇلغۇن توپىلىرى ، ئاپتاپنى تولۇق قوبۇل قىلغان شور توپىلارنى تۆكۈش ) ئات ، كالا ، ئىشەك ، قوي قىغلىرى بىلەن يەرنى ئوغۇتلاش ئۇسۇللىرى لاتقا ۋە چىرىندە نەرسىلەر بىلەن يەرنى يۇمشىتىش . . . قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى يىلمۇ يىل ساقلاپ كەلگەن ( چارۋىچىلىقنى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە يانداشتۇرۇپ ، دېھقانلار تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى بېقىشتىن سىرت قىسمەن ئۇششاق چارۋا ـ قوي ـ ئۆچكىلەرنىمۇ باقاتتى ) .

تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى قاتاردا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تۆگە ، كالا ( ساپانغا قوشۇش ئۈچۈن ) ئات ، ئىشەك ، قېچىر ( هارۋا ، سۆرەمگە قېتىش ئۈچۈن ) لارنى باقاتتى . تېرىلغۇ سايمانلىرىدىن تاشتىن تولۇق ياسايتتى . جۇجەم ( ئۈژمە ) تال نوتىلىرىدىن سۆرەم ياسايتتى . ئىدىقۇتتا تۆمۈر تاۋلاشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، تۆمۈر چىشلىق سوقا ، ساپان ، كەتمەن ، ئورغاق ، ئوتۇغۇچ . . . قاتارلىق سايمانلارمۇ ياسىلىپ ، ئېهتىياجنى قامدىدى . يۇك ـ قىل ، پاختا ، كەندىرلەردىن هارۋا ، تولۇق ، سۆرەملەردە زۆرۈر بولغان ئارقان ـ ئارغامچا ، تانىلار توقۇلاتتى . تېرىلغۇ يەرلىرىمۇ سۇغىرىش ، ئوغۇتلاش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن كاتەكچە ـ ئېتىز قىلىپ راسلاندى .

ئىدىقۇت دەۋرىدە ، بۇ خانلىق دائىرىسىدە تېرىلىدىغان ئاشلىق زىرائەتلىرى بۇغداي ، ئارپا ، شال ، تېرىق ، ماش ، بورسۇ ( پۇرچاق ) ، قوناق قاتارلىقلار ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز ، كەندىر ، كۈنجۈت قاتارلىقلار ؛ مېۋە ـ چېۋىلەردىن قوغۇن ، تاۋۇز ، ئۈزۈم ، ياڭاق ، ئانار ، شاپتۇل ، ئالما ، ئۆرۈك ، چىلان . . . قاتارلىقلار تېرىلاتتى ياكى ئۆستۈرۈلەتتى . بېدە مال بېقىشقا ئىشلىتىلەتتى . كېۋەز ، كەندىر ، كۈنجۈتلەردىن يىپ ، ياغ چىقىرىلاتتى . لۈكچۈندە كەندىر كۆپ ئۆستۈرۈلۈپ ، بۇنىڭدىن يۇقىرى سۈپەتلىك رەختلەر توقۇلاتتى ⑤ .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان چوڭراق رايونلار قۇمۇل ، لۈكچۈن ، تۇرپان ، قاراشەھەر ، كۇچار رايونلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئۆز

ئېھتىياجىغا تېگىشلىك بولغان ئاشلىقنى ئۆزلىرىگە تەۋە يۇقىرىقى رايونلاردىن ئىشلەپچىقىرىشقانلىقىغا ھېچقانداق گۇمان يوق. ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان قىسمىنى كۆچمەنلەرگە سېتىپ تۇرغانلىقى ھەققىدە بەزى ئەسەر-لەردە بايانلار بېرىلگەن [4].

دېھقانچىلىق تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، باغۋەنچىلىكمۇ زور دەرىجىدە يۈكسەلگەنىدى. بۇنى شۇ دەۋرلەردىن قالغان ھۆججەتلەر ئىسپاتلايدۇ. قىسقىسى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دېھقانچىلىقنىڭ زور دە-رىجىدە يۈكسەلدۈرۈلگەنلىكى — ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى دەۋردە يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى مۇھىم بىر ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەندى.

ئىزاھاتلار:

[1] «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە 253 ـ، 254 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

[2] بۇ ھەقتە د. ئى. تىخونوفنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى — (10 — 14 ـ ئەسىرلەر)» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي پاكىتلار بار. بۇ كىتاب «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1966 ـ يىل نەشر قىلىنغان، رۇسچە.

[3] بۇ بايانلار ئۈچۈن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، زادلوفنىڭ «ھۆججەتلەر توپلىمى»، تىخونوفنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى — (10 — 14 ـ ئەسىرلەر)» قاتارلىق كىتابلارغا قارالسۇن.

[4] د. ئى. تىخونوفنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى — (10 — 14 ـ ئەسىرلەر)» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. «پەن» نەشرىياتى 1966 ـ يىل نەشرى، (رۇسچە).

## 2. چارۋىچىلىق

مەلۇمكى، چارۋىچىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. ئۇيغۇرلار مەركەزلىكرەك ياشىغان قەدىمىي ماكانلارنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ رايونى ( تارىختا « غەربىي رايون » دەپ ئاتالغان ) دا مىلادىدىن 6000 — 8000 - يىللار ئىلگىرىلا چارۋىچىلىق ئىشلىرى يولغا قويۇلغانىدى ①. ئېلىمىز تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان « خەننامە، غەربىي دىيار تەزكىرىسى » دە: « غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەممىسىنىڭ راۋاقلىق سېپىللىرى، قەلئەلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرى، چارۋا ماللىرى بار. بولۇپمۇ ئاتلىرىنىڭ سانى چەكسىز ... » دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان ②. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيانلا چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى ئىدى.

چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن يۇڭ، تېرە، گۆش ۋە سۈتلەر ئىنتايىن مۇھىم تۇرمۇش ماتېرىيالى بولغانلىقى، تۆگە، ئات، كالا ... قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنىڭ مۇھىم قاتناش قورالى بولغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. يايلاق - دالا تۇرمۇشىمۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىدا مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يىراق ئۆتمۈش تارىخقا نەزەر سالمىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىدىكى چاغلىرىدىلا چارۋا ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكەنىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق مۇھىم رول ئوينايتتى. ھالبۇكى، ئۇلار غەرپكە كۆچكەندىن كېيىن يەنىلا ماھىر چارۋىچىلاردىن بولۇپ قالدى ③.

ئورخۇن بويىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردا دالا - يايلاق تۇرمۇشى خاراكتېرى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ باركۆل، مورى، بېشبالىق، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدىكى تاغلىق رايون ئوتلاقلىرىنى، جۇڭغار ۋادىسىدىكى تۈزلەڭ - ئىدىر يايلاقلىرىنى، قاراشەھەر يايلاقلىرىنى ئۆزلىرىگە ناھايىتى مۇناسىپ كۆرۈشتى. ئىدىقۇت خانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەن بۇ خانلىق تەۋەلىكىدىكى پۇقرالار دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ راۋاجلاندۇردى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، چارۋىچىلىقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، بۇ خانلىق تەۋەسىدە ئەۋزەل تەبىئىي شەرت ـ شارائىتلارنىڭ بولۇشىدىن تاشقىرى، خەلقنىڭ چارۋىچىلىق كەسپى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت شۇغۇللىنىشى جەريانىدا مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش چارۋىچىلىق تەجرىبىسى يارىتالىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ چارۋا بېقىشقا تولىمۇ ھېرىسمەنلىكىمۇ مۇھىم سەۋەبتۇر. ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە چارۋىچىلىقنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋاڭ يەندې (مىلادى 981 ـ، 982 ـ يىللاردا تۇرپاندا ئەلچىلىك خىزمىتى بىلەن ئىككى يىل تۇرغان سوڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى) بېشبالىققا كېلىپ ئارسلان خان ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسى ۋە شاھزادىلىرىنىڭ نۇرغۇن يىلقىلىرىنى كۆرگەن. ئۇ «ئۇلارنىڭ يىلقىلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، ئۇيۇر ـ ئۇيۇرى بىلەن، رەڭگىگە قاراپ توپلارغا ئايرىلغانلىقىنى، يىلقىلار تاغ ـ ئېدىرلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە يايلاپ يۈرگەنلىكىنى» ④ يېزىپ قالدۇرغان.

«يىپەك يولى» سودىسىدا ئورخۇن ـ يېنسەي بويلىرىدىلا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇرلار، بۇنداق مەنپەئەتلىك پائالىيىتىنى ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە تېخىمۇ جانلاندۇرغانىدى. «يىپەك يولى» سودىسىدا ئات ـ يىپەك سودىسى، يەنى ئاتقا يىپەك ئايرىۋاشلاش مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»دا: «ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا شىجىڭ (بۈگۈنكى شىئەن) نى قايتۇرۇۋېلىشقا تۆھپە قوشقانلىقتىن، پادىشاھ دەيزوڭ ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەلىكىلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلاشتى. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ھەر يىلى 100 مىڭ ئات ھەدىيە قىلىپ تۇردى. تاڭ سۇلالىسىمۇ ئۇلارغا 1 مىليون توپتىن ئارتۇقراق تاۋار بېرىپ تۇردى» دەپ خاتىرىلەنگەن ⑤. مانا بۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئات ـ يىپەك سودىسىنىڭ كىچىك بىر مىسالى.

تاڭ سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىمىز تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىدا، ئۇيغۇرلار

بىلەن خەنزۇ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئاتقا يىپەك ئايرىۋاشلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سودا ئالاقىسى ھەققىدە نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇنداق سودىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەنمۇ دائىم ئېلىپ بېرىلغانلىقى، يىلدا ئۇيغۇر كارۋانلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بىر قانچە قېتىم، ھەرقېتىمدا نۇرغۇن ئات ـ تۆگە ھەيدەپ بېرىپ ساتقانلىقى ياكى يىپەككە ئايرىۋاشلىغانلىقى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش، جەڭگە ـ جېدەللەرنىڭ بولغانلىقى، بۇ سۇلالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار قولىدىن كۆپلەپ ئات ـ تۆگە قاتارلىق چارۋىلارنى سېتىۋېلىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغانىدى. بۇ ھال، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى چارۋىچىلىقنى زور دەرىجىدە يۈكسەلدۈرۈش نەتىجىسىدە، شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدا «يىپەك يولى» سودىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇپلا قالماي، ئىچكى ئىگىلىكنى تەڭشەش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنىدى. چارۋىچىلىق ـ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئىقتىسادىي مەنبەسى بولۇپ قالدى.

### ئىزاھاتلار:

① چيەنداۋ شىنىسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، ئۇيغۇرچە، 26 ـ بەت، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 1986 ـ يىل نەشرى.

② «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە، 1988 ـ يىل، 3 ـ سان 26 ـ بەتكە قاراڭ.

③ ئا. ۋ. گاباشىن: «قارا قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» — «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىل، 3 ـ سان 63 ـ بەت.

④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، 253 ـ بەتكە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى.

⑤ ۋاڭ خېبىڭ: «ئاتقا تاۋار ـ دۇردۇن تېگىشىش سودىسى»

نامىلىق ماقالىسىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، 1987- يىل 5- ئاينىڭ 28- كۈنى سانى، 5- بەت.

## 3. سودا

شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا «يىپەك يولى» نىڭ رولى غايەت زور بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يولنىڭ تۆگۈنلىرىگە ۋە بۇ يول ئەتراپىغا جايلاشقان خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىمۇ بۇ يولنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان. جۈملىدىن، ئورخۇن بويلىرىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئەنە شۇ «يىپەك يولى» سودىسى بولغانىدى.

«يىپەك يولى» شەكىللەنگەندىن بۇيان، ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان خاتىرىلەر كۆپىنچە، سىياسىي ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قەيت قىلىنغان. لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ قاتناش لىنىيىسى ئاساسەن، سودا- تىجارەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلەر ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن باغلانغانىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە مىسلىسىز دەرىجىدە روناق تېپىشىنى «يىپەك يولى» تۈگۈنىگە ماكانلاشقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق روناق تېپىشتا سودىنىڭ ئوينىغان رولى بەكمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان.

ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىدىكى چاغلىرىدىلا «يىپەك يولى» سودىسىغا قاتتىق مەھلىيە بولۇشقانىدى. «ئۇيغۇرلار تاڭ خاندانلىقىنىڭ دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە تۆھپە قوشقانلىقىدىن، تاڭ خاندانلىقى بىلەن بولغان سىياسىي جەھەتتىكى ئالاھىدە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، زور مىقداردا يىپەك- شايىلارغا ئېرىشكەن، يايلاق يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان. مىلادى 8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يايلاق يولى ئارقىلىق بولىدىغان يىپەك يولى سودىسىنى يۈز يىل مىقدارى ئۆز ئىلكىدە تۇتقان. ئۇ چاغدا تۇبۇتلار تارىم ئويمانلى-

قى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە پەرغانىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ چاغدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يىپەك يوللىرى ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىكتە موڭغۇل چۆلىنىڭ شىمالىدىن بېشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى، ئىلى، سۇياپ ئارقىلىق ماۋرا ئۇننەھرگە بارىدىغان چوڭ يايلاق يىپەك يولىدا كېچە ـ كۈندۈز قاتناپ، بېشبالىق، ئىلى ۋە سۇيئاپتىن ئىبارەت يىپەك رەختلەر توپلىنىپ تۇرىدىغان ۋە تارقىلىپ تۇرىدىغان ئۈچ مەركەزنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئەتراپتا پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچىلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىدى» ①.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرپان رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن قىسمى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان ۋە كۆپ مەنپەئەت بېرىدىغان «يىپەك يولى» سودىسىنى قايتىدىن جانلاندۇرغانىدى. «بۇ ھال شۇ چاغدا خەنزۇلارنى ناھايىتى ھەيران قالدۇراتتى» ②.

ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى يېڭى ماكانغا ـ ئىدىقۇتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرغان. «بەش دەۋرگە كەلگەندە، غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن يىپەك رەختلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ ۋاقتىدا داڭقى چىققان ھەل بېرىلگەن دۇردۇن، ئۇيغۇر كىمخابى، غەرب كىمخابى، ئاقسۇ شايىسى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى» ③.

كېيىنچە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرق تەرەپتىكى سودىسى لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىغا ئېلىپ بېرىلغان بۇيۇملار ئىچىدە ئات، قاشتېشى بۇيۇملىرى، نۆشۈدۈر، بۇلغۇن تېرىسى، يىپەك رەخ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى بۇيۇملاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئىران ئېگىزلىكىدىن چىقىدىغان بۇيۇملارمۇ خېلىلا سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. مەسىلەن: قەھرىۋا، يېشىل قاشتېشى، خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەرخىل

تىبرە، ئەينەك، گۈللۈك رەخت، پىرسىيە پاختىسى... قاتارلىقلار بولغانىدى ④.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودا تاۋارلىرى تەركىبىدە يەنە قارا، قىزىل، ئالا تۈلكە تېرىسى، تىيىن، سۆسەر، سىلەۋسۇن تېرىلىرى ۋە باشقا موي - يۇڭلارنىڭ بارلىقى، ئىپار قاتارلىقلارنىڭمۇ بولغانلىقى بەزى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ ⑤. قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى — ئىپار بولسا پەقەت تىبەتلىكلەر ئىگىلىگەن رايونلاردىلا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودا كارۋانلىرى تىبەتلىكلەر بىلەنمۇ سودا مۇئامىلە ئېلىپ بېرىشقانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

لياۋ سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ھەممىدىن قويۇق بولغانلىقى تارىخ ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىدان دۆلىتى بىلەن بولغان سودىسىنىڭ كۆلىمىنىڭ كەڭ بولغانلىقىنى كىدان دۆلىتىنىڭ يۇقىرىقى پايتەختىدە (لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ھازىرقى لىندۇڭ شەھرى) تۇرپان سودىگەرلىرى تۇرىدىغان مەخسۇس كارۋان سارىيىنى سېلىپ بەرگەنلىكى ئىسپاتلايدۇ ⑥. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار لياۋ سۇلالىسى ئوردىسىغا 70 قېتىم كەلگەنىكەن ⑦. دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى شەرقتىكى سۇلالىلەر بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسىدا بولۇپ كەلگەن.

«يىپەك يولى» سودىسىدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۇيغۇرلارنى شەرق تەرەپلەرگىلا جەلىپ قىلىپ قالماي، تەدرىجىي ھالدا غەرب ۋە جەنۇبتىكى ئەللەر — رۇم، ئىران، ئەرەب، ھىندىستان... قاتارلىق ئەللەرگىچە قەدەم تەشرىپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا چىقىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك رەخت (يىپەك رەخت)، ئەينەكتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار ۋە پېرسىيىدىن چىقىدىغان يىپ رەخت... قاتارلىقلارنى شەرققە توشۇسا، جۇڭگونىڭ نەپىس ئىشلەنگەن داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى غەرب ئەللىرىگە توشۇپ بېرىپ ساتاتتى.

غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان خەلقئارالىق

سودا تاۋارلىرى ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئېلىنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن ھەرخىل تاۋار ـ بۇيۇملارمۇ مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيتتى. بۇنداق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن: (1) كۆچمەن ئىگىلىكنىڭ خام مەھسۇلاتلىرى: يىلقا، تۆگە، قوتاز قىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. (2) ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرى: يىلپىز، سۆسەر، تۈلكە ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى. (3) ئۆسۈملۈك، مەدەن، ھايۋانلاردىن ئېلىنىپ تەييارلانغان دورا خام ئەشيا-لىرى. (4) قول ھۈنەر سانائىتى بۇيۇملىرىدىن: چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن تاۋار ـ كۆن، يۇڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. تەييار كىيىملەر، تاغار ـ خۇرجۇن، ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەن كەمەرلەر. پىچاقلار، ئۆتۈك، ئىگەر ـ توقۇم، تۇز، پولات، يۇڭ، يىپەك، پاختا رەختلىرى، نوختا، يۈگەن، زەرگەرلەر قولىدا ئىشلەنگەن ئالتۇن ـ جابدۇق... قاتارلىقلار. مانا بۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز يەرلىرىدە ئىشلەنگەن تاۋارلار بولۇپ، كۆپ ھاللاردا چەتتىن ئېلىپ كېلىنىپ يەنە باشقا ئەلگە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىدىغان تاۋارلار نىسبىتىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

سودا تاۋارلىرىنىڭ تۈرىنىڭ مۇنچە كۆپ بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ « يىپەك يولى » بويلاپ نۇرغۇن ئەللەرنى ئارىلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى « ئۇلارنىڭ يىراقتىكى مىللەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە ۋە تاۋارغا بولغان تەلىپىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكى ناھايىتى يۇقىرى » ⑧ لىكىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقلا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى جەمئىيىتىدە ھۈنەر ـ سانائىتىنىڭمۇ يۈكسەلگەنلىكىنى مەلۇم تەرەپتىن دەلىللەپ بېرىدۇ.

سودىدىن كېلىدىغان زور پايدا ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سودا كارۋانلىرىنىلا ماڭدۇرۇپ قالماستىن ( ھۆكۈمەت نامىدىكى سودىگەرلەر ) كۆپىنچە « ئەلچى » لىك خاراكتېرىدە بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئاپارغان ماللىرى ئېلىمىز تارىخچىلىرى تەرىپىدىن كۆپ ھاللاردا « ئولپان — 贡 » ئۇقۇمى بىلەن خاتىرىگە ئېلىنغان. ھال-بۇكى، جەنزۇچە « 贡 – gung » خېتى ئولپان، سوغا ـ سالام، تاۋار

دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىدى . مۇشۇ پاراگرافنىڭ باش قىسمىدا بىز يىپەك يولىدىكى پائالىيەتلەر ( ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن بولغان پائالىيەتلىرى ) كۆپىنچە سىياسىي ۋەقەلەرگە باغلانغان ھالدا خاتىرىگە ئېلىنغان دېگىنىمىزدە مۇشۇ نۇقتا كۆزدە تۇتۇلغان ، بەلكى خانلار شەخسەن ئۆز پايدىسىغىمۇ كارۋانلار ماڭدۇرغان . نەتىجىدە ئۇيغۇر خانلىقىدا تاشقى سودىغا نىسبەتەن مونوپوللۇق ھادىسىلىرى ئاساسەن كۆرۈلمىگەن ⑨ . ئوتتۇرا ئاقسۆڭەكلەر ، بەگلەر ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك راھىبلارمۇ مۇنداق سودىغا ئىشتىراك قىلىشقان . سودا كەسپىگە بولغان بۇنداق ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىق ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە زور بىر تۈركۈم كارۋانلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى . « ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە يۈز ، ھەتتا نەچچە مىڭ ئۇلاغ ۋە ھارۋىدىن تەركىب تاپقان سودا كارۋانلىرىدا ھارۋىكەش ، ئات باقار ، مۇھاپىزەتچى ، لاۋازىمەتچى قاتارلىقلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئوخشىمايتتى . ئۇلار ئۇزۇن 〈 يىپەك يولى〉 دا كۈندۈزى يول يۈرۈپ ، كېچىسى قونۇپ ، بىر ئۆتەڭدىن يەنە بىر ئۆتەڭگە تەرتىپلىك سەپەر قىلىپ ، يول بويىدىكى جايلارنى ئاۋاتلاشتۇرغان » ئىدى ⑩ .

قىسقىسى ، ئەدىقۇت ئۇيغۇرلىرى « يىپەك يولى » تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ھەمدە سودىغا ماھىرلىقىدىن « يىپەك يولى » سودىسىدىن ناھايىتى كۆپ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشكەنىدى . ئۇلار بىر تەرەپتىن سودا مۇناسىۋىتى بىلەن ئەتراپتىكى ئەللەرگە نىسبەتەن دىپلوماتىك سىياسىتىنى ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈپ ، تىنچ ، ئىناق ئۆتۈش مەقسىتىدىكى تىرىشچانلىققا ئىمكانىيەت ياراتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزىدىن ئىلغارراق بولغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى — نەزەر دائىرىسى ، تەپەككۇر دائىرىسى كېڭەيدى . ئەڭ مۇھىمى ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ئاكتىپ ۋاستىچىلەردىن بولۇپ ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە مۇناسىپ ھەسسە قوشتى . ئۇلارنىڭ سودىنى كەڭ تۈردە راۋاجلاندۇرۇشى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكسىلىشكە پۇختا ئاساس بولۇپ ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددا

مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالتۇن پەلەمپىيىنى ھازىرلىدى .

## ئىزاھاتلار

① سۇ بىخەي : « خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان يايلاقتىكى يىپەك يولى » ، « شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى » ئۇيغۇرچە ژۇرنال ، 1981 ــ يىل 1 ــ سان ، 88 ــ بەت .

② ئا . ۋ . گابائىن : « قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى » « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە 1980 ــ يىل 3 ــ سان 63 ــ بەت .

③ سۇ بىخەي ؛ « خەن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان يايلاقتىكى يىپەك يولى » « شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى » ئۇيغۇرچە ژۇرنال 1981 ــ يىل 1 ــ سان ، 79 ــ بەت .

④ لىيۇ جىشاۋ : « يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار » ، « شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى » ئۇيغۇرچە ژۇرنال ، 1981 ــ يىل ــ 1 ــ سان 40 ــ بەت .

⑤ ئا . گ . مالىيەۋكىنىنىڭ « 9 ــ 12 ــ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » ناملىق ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل . « پەن » نەشرىياتى ، 1983 ــ يىل نەشرى ( رۇسچە ) .

⑥ لىيۇ جىشياۋ : « يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار » ، « شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى » ، ئۇيغۇرچە ژۇرنال 1981 ــ يىل 1 ــ سان 40 ــ بەت . ئا . گ . مالىيەۋكىن : « 9 ــ 12 ــ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » ، رۇسچە « پەن » نەشرىياتى ، 1983 ــ يىل نەشرى .

⑦ ئا . گ . مالىيەۋكىنىنىڭ : « 9 ــ 12 ــ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » ناملىق ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل . « پەن » نەشرىياتى 1983 ــ يىل نەشرى .

⑧ ئا . ۋ . گابائىن : « قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى » ، « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، ئۇيغۇرچە 1980 ــ يىل 3 ــ سان 63 ــ بەت .

⑨ ئا . گ . مالىيەۋكىنىنىڭ « 9 ــ 12 ــ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » ناملىق ئەسەرگە قارالسۇن . « پەن » نەشرىياتى ، 1983 ــ يىل نەشرى ( رۇسچە ) .

⑩ ياڭ مىڭ : « شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى » ، « شىنجاڭ گېزىتى » ئۇيغۇرچە 1987 ــ يىل 9 ــ ئاينىڭ 17 ــ كۈنى سانى 5 ــ بەت .

## 4 . باج ئىشلىرى

باج كىرىمى — ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى . مەزكۇر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىدە باج ـ سېلىق ئىشلىرىنىڭ مۇئەييەن سىستېما بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم .

د . ئى . تىخونوفنىڭ « ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى 10 — 14 ـ ئەسىرلەر » ناملىق ئەسىرى ، بىچورىننىڭ « مەلۇماتلار توپلىمى » ، ماسپېرونىڭ « ھۆججەتلەر توپلىمى » خۇاڭ ۋېنبىننىڭ « تۇرپان » ناملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى . . . قاتارلىق ئەسەرلەردىكى تەتقىقات بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، شەرقىي تيانشان ئېتەكلىرىدىكى ئاھالىنىڭ چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەلىرىنى خېلى يۇكسەلدۈرگەنلىكى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگەن باج ـ سېلىق تۈزۈمىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تىكلىنىش ئەرىپىلىرىدىلا ئوبدانلا يولغا قويغانلىقى ئايان بولىدۇ . ھالبۇكى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن ، بۇ خانلىق ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرغاچ ، ئۆز قوشنىلىرىدىن ، قېرىنداشلىرىدىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق بولغان ئامىللارنى قوبۇل قىلغانىدى . باج ـ سېلىق تۈزۈملىرىنىڭ يۈرگۈزۈلىشىمۇ بۇ نۇقتىدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس .

ھەربىي — فېئوداللىق دۆلەت خاراكتېرىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز خەلقىنى ۋە شۇنىڭدەك قوشنا ئەللەر خەلقىنى ئېزىش ۋە بۇلاشنى ئاساسىي ۋاستە قىلاتتى . ئۇلار ۋەكىللىكىدىكى دۆلەت ئاپپاراتى بولسا مانا مۇشۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا شەرت ئىدى . تىنچلىق شارائىتىدا بولسا ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە نۇقتىسى ئاساسەن باج ـ سېلىق تۈزۈمىگە مەركەزلەشەتتى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق تۈرلىرى ئاساسەن ، چارۋا بېجى ، يەر ـ سۇ بېجى ، سودا بېجى ، قول ھۈ-

نەرۋەنچىلەردىن ئېلىنىدىغان باج، شاراب بېجى... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. باج - سېلىق تۈزۈمىنىڭ مۇشۇ ساھەلەر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنىڭ ئاساسى — مەزكۇر دۆلەت ئاپپاراتى تىكلىنىشتىن ئاۋۋالقى يەرلىكتە يۈرگۈزۈلگەن باج - سېلىق يىغىش ئۇسۇلىغا باغلانغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى باج پۇل بىلەنمۇ تاپشۇرۇلاتتى ۋە يەنە مەھسۇلات بىلەنمۇ تاپشۇرۇلاتتى. شۇ دەۋردىن قالغان ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ناتۇرال باج، يەنى مەھسۇلات بىلەن تاپشۇرۇلىدىغان باج ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

ئەينى مەزگىللەردە ھەربىر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئۆز بىساتىدا بار بولغان مۈلكىدىن باج تاپشۇرغان. بۇ خىل شەكىل شۇ دەۋردە شۇ ئورۇنلاردا ئېلىنغان باجلارنىڭ ناتورال باج ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، ناتۇرال باجدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى، چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئېلىنغان ھەرخىل دانلار، قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر، ئۈزۈم شارابى... قاتارلىق مەھسۇلاتلار باج ئۆلچىمى بويىچە تاپشۇرۇلاتتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا باج ئىشلىرىغا كۆپ ئېتىبار بېرىلگەنلىكىنى شۇ نۇقتىدىنمۇ كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ خانلىق تەۋەسىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق چەت ئەللىك سودا كارۋانلىرىدىن چېگرا بېجى ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى①.

يەرلىك ئاھالىدىن باج يىغىش ئۇسۇلىدا، باج تۆلىگۈچى ئاھالە ئون ئائىلىدىن بىر گۇرۇپپا قىلىپ قويۇلغان. بۇ ئون ئائىلە ئۆزئارا بارلىق باج - سېلىقلارنى ۋاقتىدا تۆلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ تۆلىنىدىغان باجلار ئىچىدە ئون ئائىلىنىڭ بىرلىشىپ تۆلەيدىغان باجلىرىمۇ بار ئىدى، بۇ خىل باجلار تۈرىگە تۆگە ۋە ئات بېرىشلەر كىرەتتى. ئەگەردە ئون ئائىلىنىڭ بىر تۆگە تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولىدىغان بولسا، ئۇنى ئون ئائىلە ئۈچۈن بىر ئائىلە تۆلەيدۇ. قالغان توققۇز ئائىلىنىڭ ھەربىرى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە توقۇلغان بىر توپ يىپەك تاپشۇرۇپ كەلگەن. تۆگە تاپ-

شۇرغان ئائىلە يىمپەك تاپشۇرمىغان ②. مانا بۇ خىل سىستېما دۆلەت بېجىنى ۋاقتىدا ۋە تولۇق تۆلەشكە كاپالەتلىك قىلغان.

يۇقىرىقى باج ـ سېلىقلاردىن باشقا، ئەمگەك قىلىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىمۇ بولغان. دۆلەت قارمىقىدىكى دېھقانلاردىن قەلئە سېلىش، يول ياسىتىش، ھەربىيلەر جايلاشقان يەرلەردە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بېجىرىش قاتارلىق ئالۋاڭ ـ ياساقلارمۇ يولغا قويۇلغان.

باج تۆلەيدىغان ئائالە شۇ دەۋرلەردە مەخسۇس رۇيخەتكە ئېلىنغان. رۇيخەتكە ئېلىنىشقا تېگىشلىكلەر، ئۇلارنىڭ قىز، ئوغۇللىرىغىمۇ ئىزاھلاپ قويۇلغان. دېھقان يەر تاپشۇرۇۋالغاندا (دۆلەت تەرىپىدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىلگەن دېھقانلار) رۇيخەت دەپتىرىگە ئىمزا قويغان. بۇنداق دەپتەرلەردە دائىملىق تۆلىنىدىغان باج ـ سېلىق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنىڭ تۈرى ۋە مىقدارى كۆرسىتىلەتتى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، باج تۆلەيدىغان ئائالە قايتىدىن ئومۇميۈزلۈك تىزىمغا ئېلىنىپ تۇراتتى.

ئىدىقۇت دەۋرىدە، يۇقىرى مەرتىۋىلىك راھىبلاردىن ــ ئىبادەتخانا خوجايىنلىرىدىن باج ئېلىنمايتتى. «بۇنداق راھىبلارنىڭ ئىلكىدىكى يەرلەردىن چىققان مەھسۇلات ھۆكۈمەت سېكتىغا قويۇلمايتتى» ③. باج ئىشلىرى ئىدىقۇت دەۋرىدە ئاساسەن يۇقىرىقىدەك ئىدى.

## ئىزاھاتلار

① ئا. ۋ. گابائىن: «قارا قوجوئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1980 ـ يىل 3 ـ سان 63 ـ بەت.

② د. ئى. تىخونوفنىڭ «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى (10 ــ 14 ـ ئەسىرلەر)» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. «پەن» نەشرىياتى موسكۋا ـ لېنىنگراد. 1966 ـ يىل نەشرى (رۇسچە).

③ ۋۆخۇي: «جۇڭگونىڭ قەدىمقى زامان سودا تارىخى» خەنزۇچە، 2 ـ قىسىم، 383 ـ بەت، جۇڭگو سودا نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى.

## 5. ئىدىقۇت دەۋرىدىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى

پۇل — ئومۇمىي تەڭ قىممەتنى مۇقىم ئۈستىگە ئالغان پەۋقۇلئاددە تاۋار. ئۇ، تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ستىخىيىلىك تۈردە پەيدا بولغان. پۇل - تاۋار ئىگىلىكى ئىچكى زىددىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش زىددىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالماشتۇرۇش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، بۇيۇمنى بۇيۇمغا ئالماشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلغاچقا، كىشىلەر ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارنى بىر خىل ۋاسىتە ئارقىلىق ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. بۇ خىل تۇراقلاشقان ۋاسىتىلىك رولنى ئۈستىگە ئالغان پەۋقۇلئاددە تاۋار — پۇل ھېسابلاندى. دەسلەپتە، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان بۇيۇملار پۇلنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مەسىلەن: چارۋا مال، تېرە - يۇڭ، قۇلۇلە قېپى، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە مىس قاتارلىقلار. ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى جايلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىشنى تۇراقلاشتۇردى.

شىنجاڭ رايونىدا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى خېلى بۇرۇنلا يولغا قويۇلغان. مىلادى 1 - ئەسىردە خوتەن پادىشاھى ئات ھەم تۆگىنىڭ سۈرىتى ۋە خوتەن يېزىقى چۈشۈرۈلگەن مىس پۇل قويۇپ، ئوبوروت قىلغان. شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۇنجى قېتىم ھۇل سالغان ①. مىلادى 1 - ئەسىردىن كېيىن كۇچار پادىشاھى كۇچار يېزىقى چۈشۈرۈلگەن مىس پۇل قۇيۇپ، ئوبوروت قىلغان ②. مىلادى 5 - ئەسىردە تۇرپاندا «ئىدىقۇتنىڭ خەيرلىك پۇلى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن مىس پۇل قۇيۇپ، ئوبوروت قىلىنغان ③. «8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا دەۋر سۈرگەن تۈركەش خانلىقى غەرب بىلەن شەرقنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدىغان غەربىي رايوننىڭ سودا ئېھتىياجى بىلەن مىستىن پۇل قۇيدۇرغان» ④. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىمۇ «ئاللادىن باشقا

ياراتقۇچى يوق، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى» ھەمدە «ئاللانىڭ قوغدىغۇچىسى مۇھەممەد»، «ئارسلانخاننى ئىزدەش» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن مىس، كۈمۈش پۇللار قۇيۇپ ئىشلىتىلگەن ⑤.

يۇقىرىقى پاكىتلار شىنجاڭ رايونىدا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسەلگەنلىكى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، ئىچكى ۋە تاشقى سودىنىڭ گۈللەنگەنلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكىنى بىلىش ئانچە تەس ئەمەس. پۇل ۋاستىسى ئورنىدا ئالتۇن، كۈمۈش ياكى مىس قاتارلىق مېتال بۇيۇملاردىن پۇل قۇيدۇرۇلۇپ، ئوبوروت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەرلىك خەلق مالئالماشتۇرۇشتا رەختنىمۇ ئۆلچەم قىلغانلىقى ھەققىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە مۇنداق بىر ئابزاس بار: «قامدۇ — بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ ① تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا ـ سېتىققا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بۆز كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ، ئۈستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ» ⑥. بۇ ھەقتە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىمۇ «قوجۇ ئۇيغۇرلىرىدا پۇل ئىشلىتىش يوق ئىدى. مال ئالماشتۇرۇشتا كۇچادا ئادەتتە پاختا رەخت ئۆلچەم قىلىناتتى. قوجۇدا بولسا شايى ئۆلچەم قىلىناتتى» دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ ⑦.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا رەختنىڭ پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىر خىل ئالاھىدە ئەھۋال دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە «نوكچا ئالتۇن، ئالتۇن ياستۇق، كۈمۈش ياستۇق، يارماق كۈمۈش» دېگەن پۇل ناملىرى ئۇچرايدۇ. مانا مۇشۇ پۇل ناملىرىلا ئىدى-

---

① بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر خانى» ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىيلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنى ئايرىشتا «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قاراتقان.

قۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە رەختتىن ئىشلەنگەن پۇللارنىڭ بولغانلىقىنى يېتەرلىك دەلىللەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىدىقۇت يازما ۋەسىقىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ خانلىق دائىرىسىدىكى رايونلاردا تۆۋەندىكىدەك ئۆلچەم بىرلىك نام - ئاتالغۇلىرىنى ئۇچرىتىمىز:

1) ياستۇق — ئالتۇن، كۈمۈشتىن قۇيۇلغان ئەڭ چوڭ پۇل بىرلىكى نامى. بىر ياستۇق تەخمىنەن 100 سەرگە تەڭ.

2) سىتىر ياكى ساتىر — ئون سىتىر بىر سەرگە تەڭ.

3) باقىر — ئون باقىر بىر سىتىرغا تەڭ.

4) يارماق — مىس پۇل بىرلىكى نامى.

5) سىق — سىغىم ئۆلچەم نامى. بىر سىق بۇغداي تەخمىنەن 400 جىڭ.

6) كۈرە — تەخمىنەن 40 جىڭ ئەتراپىدا، 10 كۈرە بىر سىق.

7) شىڭ — بىر شىڭ 4 جىڭ ئەتراپىدا، 10 شىڭ بىر كۈرە.

8) قاب — سىغىم ئۆلچەم نامى.

9) تەنبىن — ...

10) كۆپ — ...

11) تىڭچان — كەمچەن بىرلىكى نامى.

12) قاڭلى — چازا، هارۋا چازىسى (بىر قاڭلى سامان — بىر چازا سامان).

13) قارى — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

14) باتمان — پاتمان (سوغدى تىلىدىن كىرگەن).

15) تەڭ ياكى تاڭ — ئېغىرلىق ئۆلچىمى (ئون تەڭ كەپەز — ئون تەڭ كېۋەز).

16) باغ — باغلام، يۆگەم.

17) چاۋ — خەنزۇچە «钞» دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىلادى 1224 - يىللىرى قەغەز پۇل مەيدانغا كەلگەنىدى. ئىدىقۇت يازما ۋەسىقىلىرىدە «ئالتە يۈز ياستۇق چاۋ»،

« يىگىرمە ياستۇق جۇگتۇك باۋ چاۋ » دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

قىسقىسى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى فېئودالىزم دەۋرىدىكى مەدەنىيىتى گۈللىگەنگەن بىر دۆلەت. فېئودالىق خاراكتېرىدىكى دۆلەتلەردە، ئومۇمىي تەك قىممەتنى ئۇستىگە ئالغان پەۋقۇلئاددە تاۋار — پۇلنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس قاتارلىقلاردىن ئىشلىنىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق ئەمەس، ئەلۋەتتە. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ھەر خىل ئۆلچەم بىرلىك نامىلىرىنىڭ ئىدىقۇت يازما ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلۈشمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ۋاستىلىك ھالدا دەلىللەپ بېرەلەيدۇ، خالاس.

## ئىزاھاتلار

① ② ③ مۇھەممەت تۇراپ: « شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پۇللىرى ۋە پۇلدىكى يېزىقلار »، « ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى »، ئۇيغۇرچە 1987 – يىل 15 – ئاۋغۇست سانى، 3 – بەت.

④ ئەركىن روزى: « تۇركەش خانلىقىنىڭ مىس پۇلى »، « شىنجاڭ گېزىتى » ئۇيغۇرچە 1987 – يىل 10 – ئاينىڭ 8 – كۈنى، 5 – بەت.

⑤ باشتىكى ئىزاھاتتىكى ماقالىگە قارالسۇن.

⑥ « تۈركىي تىللار دىۋانى » ئۇيغۇرچە بىرىنچى توم، 546 – بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 – يىل نەشرى.

⑦ « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » ئۇيغۇرچە 254 – بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 – يىل نەشرى.

# ئۈچىنچى باب

## ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تىل- يېزىق ۋە مائارىپ

### بىرىنچى پاراگراف تىل- يېزىق

تىل - ئىنسانىيەت تەۋەلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. يېزىق - مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ كەشپىياتلارنىڭ بىرى. مەلۇم مىللەتنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بىلەن تونۇشۇشتا، تىل ۋە يېزىق تەرەققىياتىغا نەزەر ئاغدۇرۇش بەكمۇ مۇھىم دۇر.

مەلۇمكى، ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەم ئىككى نەرسىگە، يەنى پىكىر قىلىش قابىلىيىتى بىلەن پىكىرنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئىنسانلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشىش قانداقتۇر ئاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى ياشاش تەقەززاسىدىن باشلانغان ئۇزاق زامانلىق ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىلا ئەمەلگە ئاشتى.

تىل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە ستالىن مۇنداق دەيدۇ: «پىكىر ئالماشتۇرۇش ھەمىشە ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى پىكىر ئالماشتۇرۇش بولمىسا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشلەردىكى، زۆرۈر بولغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلەردىكى ئورتاق ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ھالدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزى-

نىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان تىل بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان تىل بولمىسا، جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىدۇ، يىمىرىلىدۇ ۋە جەمئىيەت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىل ھەم ئالاقىلىشىش قورالى، ھەم جەمئىيەتنىڭ كۈرەش قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش قورالى» ①.

تىل، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ رولى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىنى ئارتۇقۇزۇپ كەلدى. «ئىپتىدائىي جامائەت تۈزۈمىدە، تىل پەقەت كوللېكتىپ ئۈچۈن ئومۇمىي ۋە ئورتاق بولغان بولسا، ئۇرۇقلار، قەبىلىلەر، خەلق ( народность ) ۋە مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، شۇ ئۇرۇق، شۇ قەبىلە، شۇ خەلق ۋە شۇ مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئۈچۈن ئومۇم بولغان ئورتاق تىل شەكىللىنىشكە باشلىدى. كۆپىنچە ھاللاردا دىئالېكت ياكى مەھەللىۋى شېۋىلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا قارىماي، بۇ خىل ئومۇمىي تىل ھەممىنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپ، بارا ـ بارا شۇ تىل ئىگىلىرى بولغان خەلق ياكى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئورتاق تىلى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، قەبىلە، خەلق ياكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى شەكىللىنىپ چىقتى» ②.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان بىر خىل تىل بولۇپ، ئۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ھازىرقىدەك خېلى مۇكەممەللەشكەن تىل بولۇپ شەكىللەندى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بەزى تىلشۇناسلىرىمىز مۇنداق تۆت دەۋرگە بۆلىدۇ:

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ③.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تىل — ئوتتۇرا قەدىمكى زامان باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ. «بۇ دەۋر تۈركىي تىل بۆلۈنۈشكە

باشلىغان. ئۇيغۇر تىلى ئۆز ئالدىغا بىر تىل بولۇپ (ئۆز ئالدىغا ئەدەبىي يېزىق تىلى بولۇپ) شەكىللىنىشكە باشلىغان؛ ئاخىردا تۈركىي تىل (ئەدەبىي يېزىق تىلى) بۆلۈنگەن، ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق تىلى ئۆز ئالدىغا بىر تىل بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋردۇر» ④.

ماركسىزملىق تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا، تىل ئامىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى — يېڭى ئامىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى، كونا ئامىلنىڭ يوقىلىشى تىل سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئۆزگىرىش تىل تەرەققىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىغا قارىغاندىمۇ، فونېتىكا، گىراماتىكا جەھەتلەردىكى تەرەققىياتنىڭ ئانچە گەۋدىلىك بولمىغانلىقىنى (فونېملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاساسەن 8 دىن 9 غىچە بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ 20 دىن 25 كىچە بولۇپ كەلگەنلىكىنى؛ گىراماتىكا جەھەتتە تەدرىجىي ياخشىلىنىش، ئىخچاملىنىش، سىلىقلىنىش، مۇكەممەللىشىش، تولۇقلىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن گىراماتىكا سىستېمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى) كۆرىمىز. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا (بولۇپمۇ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدە) ئۆزگىرىش تېز بولغان. بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇنداق ئۆزگىرىش گەۋدىلىك ئىدى. چۈنكى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن، شۇنداقلا، قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز بېشىدىن ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆتكۈزگەنىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا زور يۈكسىلىش پۇرسىتى ياراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن بويلىرىدىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ كېلىشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى زور بىر بۇرۇلۇش ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى مۇھىتتىكى

ھەربىر ساھەگە لايىقلىششى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي فورماتسىيىلەرنىڭ يېڭىلىنىشى تۈزۈلمىلەرنى مۇنداقچىلاپ ئاشتا يېڭىلىنىشى، يېڭى دىن قوبۇل قىلىشى، يېپەك يولىدىكى پائالىيەتلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشى . . . قاتارلىق ئامىللار ئۇلارنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ ھال تىلنىڭ تەرەققىياتىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى كەڭ تۈردە بېيىتتى. شۇ تەرەپ ناھايىتى گەۋدىلىك بولغانكى، «يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان دىن ئۇچۇن ئۆز مىللىي تىلىدا مۇقەددەس كىتاب يارىتىش ئېھتىياجى ۋە پەلسەپۋى ئاتالغۇلارنى توغرا ئىپادىلەش ئېھتىياجى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى» ⑤.

قاراخانىيلار تەۋەلىكىدە، يېڭى دىن — ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان بولسا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا خەنزۇ، سوغدى، سانسكرىت، تۇخار، ھىندى . . . تىللىرىدىكى بىر مۇنچە سۆزلەر ئىستېمالغا قويۇلدى. ئۇتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يارىتىلغان «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق نامايان قىلغان بولسا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئۆزلەشتۈرمە — تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بولغان «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» . . . قاتارلىق ئەسەرلەر نامايان بولدى. ئومۇمەن، بۇ دەۋردىكى تىلنىڭ لىكسىكا جەھەتتىكى مۇھىم خۇسۇسىيىتى تۈركىي - تۈركىي كۆملەپ يېڭى سۆزلەرنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرگەنلىكى ۋە ئالدىنقى دەۋرگە قارىغاندا لۇغەت تەركىبىنىڭ خېلى بېيىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ⑥.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داستانلار دەۋرىدىلا شەكىللىنىشكە باشلاپ، ئۇرخۇن مەڭگۇ تاشلىرى دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىيات بىلەن ئۆزىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن ئىپادىسىنى تاپقان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىگە يەتكەندە بولسا، ئاللىقاچان تاكامۇللىشىپ، بىر

مۇنچە تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغانىدى⑦. بۇ باھا «تۈرك - تاتار تارىخى» ناملىق كىتابتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ: «ئۇيغۇرلار - تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا مەدەنىيىتى ئەڭ يۈكسەك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل بولغان»⑧.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆز تىلىنى بىر نەچچە خىل يېزىقلاردا خاتىرىلەپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرى بويىچە يەنى تارىخ، ئىقتىساد، ئەدەبىيات، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، دىن... قاتارلىق ساھەلەر بويىچە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا يېزىق قوللانغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ قوللانغان يېزىقىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغىنى ھازىرقى ئىلىم ئەھلىلىرى «قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى» دەپ ئاتاۋاتقان يېزىقتۇر. بۇ يېزىق قەدىمكى گېرمان (رونىك) يېزىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، رونىك يېزىقى دەپ ئاتالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يېزىقتا يېزىلغان بەزى يادىكارلىقلار (تاش ئابىدىلەر) ئورخۇن - يەنسەي دەريالىرى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتالغان⑨. يېقىندا، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ يېزىقنىڭ «دۆلبارچىن» دېگەن نامى بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ⑩. شۇنداقلا، بۇ «دۆلبارچىن» يېزىقىنىڭ ئورخۇن ۋارىيانتى، يېنسەي ۋارىيانتى، تۇرپان ۋارىيانتىدىن ئىبارەت 3 خىل ۋارىيانتى بارلىقىنىمۇ تەكىتلەيدۇ⑪.

ئۇيغۇرلار قوللانغان يەنە بىر خىل يېزىق - قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولۇپ، بۇ يېزىق سوغدى ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق سۈپىتىدە قوللىنىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ئاساسەن، بۇ يېزىقنىڭ مىلادى 5 - ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە⑫.

مانا مۇشۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل

قىلىپ، ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانغا قەدەر كەڭ تۈردە قوللانغان يېزىقتۇر. ئەرەب يېزىقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئومۇملاشقاندىن كېيىن، بۇ يېزىق ئىشلىتىلمەي قالغان. كېيىنچە، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ موڭغۇللار قوللىنىشقا باشلىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان بۇ يېزىقتا 19 دىن 23 گىچە ھەرپ ئىشلىتىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورخۇن ــ يەنسەي يېزىقىدىن (يەنى «دۇلبارچىن» يېزىقىدىن) بىر قەدەر ئىلمىي بولغان ۋە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولغان يېرى شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇش بىلەن بىرگە، ھەرپلىرى باش، ئوتتۇرا ۋە ئاياغ ھەرپ دەپ ئايرىلىدۇ.

ئىنسانلار تىلدىن پايدىلىنىپ ئالاقە قىلىشقاندا، زامان ھەم ماكان جەھەتتىن ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تىلنىڭ مانا شۇ يېتەرسىزلىكى تولۇقلاندى. يەنى يېزىق كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ كېڭىيىشىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلەرنى مۇستەھكەملىشىگە ھەم ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. دېمەك، يېزىقنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ پەن ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەخت ــ سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن شەرت ــ شارائىت ھازىرلىغانىدى.

گەرچە، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى يالغۇز يېزىققىلا باغلىق بولمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، يېزىقنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى يېزىق مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ ئالاقە دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا، تىلنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېيىشىدا ۋە ئومۇملىشىپ قېلىپلىشىشىدا، شۇنىڭدەك ئېسىل تەجرىبە ــ ساۋاقلارنى پۈتۈپ قالدۇرۇشتا بەكمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھالبۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خېلى مۇكەممەللەشكەن تىل ۋە يېزىق ئۆزىمۇ بىر خىل مەدەنىيەت سەمەرىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

## ئىزاھاتلار

① ستالىن : « ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى » ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1974 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 30 ـ بەت .

② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : « قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىنىش جەريانى توغرىسىدا » ، « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە 2 ـ توپلام ، 91 ـ بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى .

③ ④ نەسرۇللا : « ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە » ، « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە 2 ـ توپلام ، 148 ـ ، 160 ـ بەتلەر ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى .

⑤ ئا . ۋ . گابائىن : « قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى » ، « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، ئۇيغۇرچە 1980 ـ يىل 3 ـ سان ، 67 ـ بەت .

⑥ نەسرۇللا : « ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە » ، « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » ، ئۇيغۇرچە 2 ـ توپلام ، 156 ـ بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل نەشرى .

⑦ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : « قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىنىش جەريانى توغرىسىدا » ، « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە 2 ـ توپلام ، 111 ـ بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل نەشرى .

⑧ رەھمىتۇللا جارىنىڭ : « چاغاتاي تىلى ھەققىدە » ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل . « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە 2 ـ توپلام ، 163 ـ بەتكە قارالسۇن . مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى .

⑨ نەسرۇللا : « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى » ئۇيغۇرچە 43 ـ بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى .

⑩ ⑪ مەھمۇد نىزامى : « دۆلبارچىن يېزىقى توغرىسىدا » « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » ئۇيغۇرچە 1986 ـ يىل 23 ـ ئۆكتەبىر سانى ، 3 ـ بەت .

⑫ قۇربان ۋەلىنىڭ : « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » ناملىق كىتابىنىڭ 8 ـ بېتىگە قاراڭ . بۇ كىتاب شىنجاڭ ياشلار ـــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

## ئىككىنچى پاراگراف   ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە يۇكسىلىشى شۇ مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۇكسىلىشىگە زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. مائارىپ — ئىنسانىيەتنى يۇكسەلدۈرىدىغان ئالتۇن پەلەمپەيدۇر.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىشمۇ ئەينى دەۋر مائارىپىنىڭ يۇكسەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىنسانىيەت ئەۋلادىنى تەربىيىلەش — ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە». ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ھەقىقەتنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچلىرىدا تونۇپ يېتىپ، ئېتىبار بېرىشكەندى. ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە گۇرۇھلىرىغا ئورتاق بولغان تەلىم - تەربىيە ئىشى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىنلا باشلانغان. «(ئىپتىدائىي مائارىپ) باسقۇچىدا ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە، تەجرىبىلىك ئۇستىلار شاگىرتلىرىغا، پېشقەدەملەر كىچىكلەرگە مۇئەللىم ئىدى. ئۆگىتىلىدىغان دەرس تۈرلىرى بولسا قورال - سايمانلارنى ياساش ئۇسۇلى، ئوتياش يېغىش، ئۆي قۇشلىرىنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى، يىرتقۇچلاردىن قوغدىنىش ماھارەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، ئەمگەك ئەمەلىيىتىدە يۈرگۈزۈلەتتى. كەڭ ئورمانلىق ۋە داللار دەرسخانا ئىدى» ①.

جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئەمگەك تەقسىماتى روشەن گەۋدىلىنىپ، كەسىپ تۈرلىرى ئېنىق ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور كەشپىيات — يېزىق يارىتىلغاندىن كېيىن مۇئەللىم ۋە مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىش ئاساسى يارىتىلدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدا، ئىنسانلار توپى ئارىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر مۇئەييەن قائىدە - مىزانلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ئەدەب - ئەخلاق ئېتىكا چۈشەنچىلىرى بارغانچە

چوڭقۇرلۇشۇپ، ئىنسانلار پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش، يېتەكلەش مەسىلىلىرى ئۈستىدە يېڭىچە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى. تەلىم - تەربىيىنىڭ مەزمۇنى بېيىدى — ئىلمىيلىشىشقا يۈزلەندى. ھايات زۆرۈرىيىتى، كۈنسېرى يۈكسىلىش تەلپى كىشىلىك جەمئىيىتىدە دىداكتىكا ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەش ۋە ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ پائالىيەت داۋامىدا، بىلىم - مەلۇماتنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇپ يېتىشتى ۋە بۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشتى. بىلىمى بار ئادەمنىڭ مىڭنى يېڭەلەيدىغانلىقىنى، بىلىكى توم ئادەمنىڭ بىرنى يېڭەلەيدىغانلىقىنى، قۇت (بەخت) نىڭ يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدىغانلىقىنى يەكۈنلەشتى...

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى باخشى، ئىلتەبىر، ئۆگرەتىم قاتارلىق سۆزلەر مۇئەللىم، ئۇستاز، بىلىملىك مولىلارغا قارىتىلاتتى. بۇ قەدىمكى سۆزلەر بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى قەدىمدىنلا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشىدىكى مائارىپىدىن خەۋىرىمىز يوق (بۇ ھەقتە قولىمىزدا ماتېرىيال يوق). لېكىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلاردا مۇنتىزىم دىنىي مەكتەپلەر بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، خانلىق دۆلەت تەرىپىدىن مانى دىنى مەكتەپلىرى ئېچىلغان. خاقان مويۇنچۇر ھەر ئون ئۆيلۈككە بىردىن خەلپەت بەلگىلەپ، يۇقرىلارنى ئوقۇتقان، ئوقۇتۇش مەزمۇنى پۈتۈنلەي مانى ئەقىدىلىرى بولغان ②.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ خانلىق تەۋەلىكىدىكى ئاھالىنىڭ زېمىنسىگە كىشىلىك ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە يۈكسىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچ يۈكلەندى. يېڭى مۇھىتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، يېڭىلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى — ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ روناق تېپىشىنىڭ

مەنىۋى ئاساسى ھېسابلىناتتى. بۇنداق يۈكسەك روھ ۋە قىزغىنلىق مائارىپقا بولغان تەشنالىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. «ئورتاق مەنپەئەت» كە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىدىكى ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىرىمۇ خانلىق تەۋەسىدە بىلىم ئىگىلىرى، غەيرىي يۇرتتىن كەلگەن زىيالىيلارغا نىسبەتەن ئەتىۋارلاش پوزىتسىيىسىدە بولدى، بۇ ھال، مائارىپ، تەلىم - تەربىيە، بىلىم، ھۈنەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كاپالىتى بولغانىدى. نەتىجىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى ھازىرلاندى.

تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ، بىر ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەندە، بۇ خانلىق تەۋەسىدە مۇنتىزىم مائارىپ مۇئەسسەسىلىرى كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن. 10 - ئەسىردىكى مەشھۇر سەيياھ ۋاڭ يەندېنىڭ خاتىرىسىدە «قارا قۇجۇدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدا بالىلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پاشالىقتىن تەمىنلىنىدىغان مەخسۇس مۇئەللىملەر بار ئىكەن... ئۇيغۇرلار شېئىر - قوشاق يېزىشقا ناھايىتى ھەۋەسلىك كېلىدىكەن. ئۆز يېزىقلىرىنى ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىشقا ئىشلەتكىنىدەك، كۈندىلىك ھاجەتلىرىگىمۇ ئىشلىتىدىكەن، راھىبلارنىڭ قولىدا ئۇيغۇرچە يېزىلغان كىتابلار بەك كۆپ ئىكەن» دېيىلگەن③. بۇ قىسقىغىنە تارىخىي پاكىتتىن بىز ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر يۈكسەلگەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ھالدا چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

مائارىپنىڭ يۈكسىلىشى نەتىجىسىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار جۈملىدىن، مائارىپچى، تىلشۇناس، تەرجىمان، يازغۇچى - شائىر، مەشھۇر بۇددا ئۆلىمالىرى، تېۋىپلار، مۇنەججىملەر، خەتتاتلار، رەسساملار، ئۇستىكارلار... يېتىشىپ چىققان. زىيالىيلار قاتلىمىغا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا پائالىيەت سورۇنلىرى كەڭرى بولغان، دىنىي ئۆلىمالار گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىلىرى، بۇلاق بويلىرى ۋە دەريالارنىڭ مەنبەلىرىدە ئىستىقامەت قىلىشاتتى. مۇرتۇق، بۇلىيۇق، تۇيۇق ۋە يالقۇنتاغ، قۇرۇق تاغ، ئاق تاغدىكى مەنزىرىلىك

جايلار زىيالىيلار ئىستىقامەت قىلىدىغان ئەنە شۇنداق خالىي جايلار ئىدى. زىيالىيلار ئەنە شۇنداق جايلاردىكى ئىبادەتخانىلاردا بىر تەرەپتىن ئىستىقامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك دىنىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەنى تۈرلۈك تىللاردىن دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلاتتى؛ شېئىرلار يازاتتى، نەققاشلىق ۋە رەسساملىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، غارلارنى ۋە كېمىر ئۆيلەرنى تۈرلۈك گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەتتى. نورۇز بايرىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بايرام كۈنلىرى ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن تەقۋادار ئەر - ئاياللارغا ھەرخىل ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى④.

دۆلەت ئورگانلىرىدىمۇ زىيالىيلارنىڭ رولى ئېتىبارغا ئېلىناتتى. چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان سودا، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا، دۆلەت مەسلىھەتچىسى، كاتىپ - پۈتۈكچى خىزمەتلىرىگە ۋە باشقا مۇھىم ئوردا خىزمەتلىرىگە بىلىملىك كىشىلەر تەيىنلىنەتتى. بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدىكى رولىمۇ ناھايىتى زور بولغانىدى.

زىيالىيلارنىڭ پائالىيىتىنى ئاساسلىقى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇر بۇددا ئۆزلەشتۈرمە — تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ يارىتىلىشىدا زىيالىيلارنىڭ رولى ئىنتايىن زور بولغان. ئىككىنچىدىن، دۇنياغا مەشھۇر ئۇيغۇر بۇددا مىڭ ئۆيلىرىنى بېزەشتە شۇ دەۋر زىيالىيلىرىنىڭ تۆھپىسى مىسلىسىز چوڭ ئىدى.

بۇ يەردە شۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈركى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئاھالىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بىلىم - مەلۇماتلىق ياكى ساۋاتلىق بولغان. شۇ دەۋردىن قالغان ئىقتىسادىي ئالاقە ھۆججەتلىرىنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى، مەسىلەن، «بۇ نىشان مەنىڭ ئول، مەن قاۋسىدۇ ئۆزۈم بىتىدىم» (بۇ تامغا مېنىڭ، ھۆججەتنى مەن قاۋسىدۇ ئۆزۈم يازدىم)، «تانۇق تاگۇت بۇقا، مەن تىگۈي تايشى بىتىدىم» (گۇۋاھچى تاگۇت بۇقا، بۇ ھۆججەتنى تىگۈي

تايشى يازدىم ) دېگەن سۆزلەر ⑥ ، يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ .

خۇلاسىلىغاندا ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان شانلىق مەدەنىيەت ، ئەينى دەۋردە ماتارىپ ئىشلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ . شۇنىڭدەك ، ئەينى دەۋردىن قالغان يىرىك تەرجىمە ئەسەرلىرى ، نۇرغۇن مىقداردىكى ھۆججەتلەر ، جۈملىدىن يازما يادىكارلىقلار ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ماتارىپنىڭ گۈللىنىش دەرىجىسىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە نامايىش قىلىدۇ . خالاس .

## ئىزاھاتلار

① ئابدۇللا تالىپ : « ئۇيغۇر ماتارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە » ، « شىنجاڭ ماتارىپى ژۇرنىلى » ئۇيغۇرچە 1983 ـ يىل 8 ـ سان 91 ـ بەت .

② يۇقىرىقى ژۇرنال 96 ـ بەتكە قاراڭ .

③ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ « قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىنىش جەريانى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل . « تۈركىي تىللار تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە 2 ـ توپلامنىڭ 100 ـ بېتىگە قاراڭ . بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان .

④ ئىبراھىم مۇتىئى : « بېزەكلىك ۋە بېزەكلىكتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە » ، « ئاممىۋى مەدەنىيەت » ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە 1981 ـ يىل 4 ـ سان ، 13 ـ ، 14 ـ بەتلەرگە قاراڭ .

⑤ ئابدۇقەييۇم خوجا ، تۇرسۇن ئايۇپ ، ئىسرائىل يۇسۇپلەر تۈزگەن « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » ناملىق كىتابنىڭ 55 ـ ، 3 ـ ، 361 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

# تۆتىنچى باب

## ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئەدەبىيات

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا خاس بولغان ئەدەبىيات ئىلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، جۈملىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ھازىرغىچە سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ ساھەدە ئەمگەك سىڭدۈرگۈچىلەر ھازىر خېلى كۆپىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى يەنىلا يۈزەكى بولماقتا. بۇنداق يۈزەكىلىكنىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى، بىر پۈتۈن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئەدەبىياتىنى بۇددا دىنى بىلەن زىچ باغلانغان نۇقۇل تەرجىمە ئەدەبىيات، دەپ قاراشتىن ئىبارەتتۇر. ۋاھالەنكى، ئىدىقۇت ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدەنگەندە، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (يەرلىككە خاس بولغان، دىنىي مەزمۇندىن مۇستەسنا ھالدىكى ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى)، يەرلىك مىللىي يازما ئەدەبىيات ۋە ئۆزلەشتۈرمە ـ تەرجىمە ئەدەبىيات دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن ئاساستا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر.

بۇ بابتا مانا شۇ ئاساستا مۇلاھىزە ۋە بايان ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### بىرىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە خاس ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى

ئۇيغۇر خەلقى ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق. ئۇلار قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش

جەرياندىكى مول تەسەۋۋۇرلىرى، تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى بېيىتىپ بارغان. ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختا پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يۈكسىلىش جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېقىندىن ھەمراھ بولغان مۇھىم مەنىۋى بايلىققا ئايلىنىپ قالغاندى.

خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېغىز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەسلىدىن نەسلىگە، دەۋردىن دەۋرلەرگە مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ بارغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساسىي مەنبە بولغان. ماقالىلەر، بېيىتلار، ناخشا ـ قوشاقلار، قەسىدىلەر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، ئېرسالنامىلەر (يوللانما خەتلەر)، قارلىقنامىلەر، نورۇزنامىلەر، تېپىشماقلار، مەسەل ـ تەمسىللەر، چۆچەك، داستانلار، لەتىپىلەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» تەك شاھ ئەسەرلەردە كۆپلەپ «ئىستېمال قىلىنىشى» — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتنىڭ «ئانىسى» ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ھالبۇكى، ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشمۇ بۇ تەبىردىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن كوللېكتىپ ھالدا، ئاغزاكى ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەك دەسلەپكى نەمۇنىلىرىنىڭمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ساقلانغانلىقى تېبىئىي ئەمەس. (چۈنكى، ئۆزلەشتۈرمە ـ تەرجىمە ئەدەبىيات ئەينى دەۋر ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە قانچىلىك زور سالماقنى ئىگىلىسە، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ ئانىسى — ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان تەشنالىقىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ). قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارالغان ئەپسانىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى،

ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ يارىتىلىشى، تۇرلۇك - تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن بىر مۇنچىلىرىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئەپسانىلەر ئاساسەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن توقۇپ چىقىرىلغان. ئەجدادلار، ئەڭ بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى يېشەلمىگەن چاغلىرىدا، بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا قىياسەن تەسەۋۋۇرلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغانىدى. ھالبۇكى، مانا مۇشۇ تەقلىدتە بارلىققا كەلتۇرۇلگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقانلىرىدىن «ئىدىقۇت شەھرىنىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت»، «قۇدۇق قازغان پادىچى يىگىت رىۋايىتى» (كارىزنىڭ پەيدا بولۇشىغا باغلىق)، «ئىدىقۇت تېغى نېمە ئۈچۈن قىزىل رەڭدە»، «ئىدىقۇت تېغىدىكى توققۇز جىلغا قانداق پەيدا بولغان؟»، «يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى رىۋايىتى» (بۇ رىۋايەت 9 - ئەسىرلەردىن كېيىن ئىدىقۇت شەھرىگە تەگرىتاغ جىلغىلىرىدىن سۇ باشلاش ۋەجىدىن چىقىرىلغان ئۆستەڭ ھەققىدە توقۇلغان)، «تاشقا ئايلانغان ئەۋلىيا رىۋايىتى» (جىنسارىدىكى بىزەكلىك كىمىرلەرنىڭ قېزىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت. بۇ رىۋايەت جىنسار ناھىيىسى تەۋەسىدە كەڭ تارقالغان)، «يەتتە قىز ۋە يەتتە يىگىت» (بۇنىڭغا قىياس قىلىنغان سىما ھازىرمۇ بار - پىچاننىڭ لەمجىن غولى ئېغىزىدا)، «چەشتاغ رىۋايىتى» (تۇرپان يارغۇل ئەتراپىدا كەڭ تارقالغان)... قاتارلىق مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى قەدىمىي بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر بار.

تۆۋەندە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان بىر قانچە يەرلىك خاراكتېردىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. «قۇدۇق قازغان پادىچى يىگىت» رىۋايىتى

تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا، كارىزنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت كەڭ تارقالغان:

بۇرۇنقى زامانىدا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بۇغدا تېغىدا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر پادىچى يىگىتنىڭ بىر توپ قويلىرى يوقىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت قويلىرىنى ئىزدەپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قويلىرىنى ئىزدەپ ئىسسىقتا كۆپ ئازاب چېكىپتۇ. پۇتلىرى قىزىق قۇمىدا كۆيۈپ كېتىپتۇ، چاڭقاپ لەۋلىرى چاك-چاك يېرىلىپتۇ. ئۇ ئاخىر قويلىرىنى بىر قۇمۇشلۇقتىن تېپىپتۇ. بۇ چاغدا يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ، قويلىرىمۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىكەن. يىگىت ئەتراپىنى شۇنچە ئاپلىنىپمۇ بىرەر تامچە سۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر چىملىقتا قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ. كۈن پېتىپ ئاي چىقىپتۇ، ئاي ئولتۇرۇپ كۈنمۇ چىقىپتۇ. پادىچى كولىغان قۇدۇقتىن ئاخىر سۈپسۈزۈك مەرۋايىتتەك سۇ چىقىپتۇ. بۇ سۇنى پادىچىنىڭ قويلىرى ھەم پادىچى ئۆزى ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. كېيىنچە ئادەملەر پادىچى يىگىتنى دوراپ قۇدۇق كولاپتۇ ۋە قۇدۇقلارنى يەر ئاستىدىن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ②.

2. «ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى» ھەققىدىكى رىۋايەت

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى دىياردا دەقىيانۇس ئىسىملىك بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن مال-ۋارانلىرى بولۇپ، ئۆزى قوي بېقىشقا خۇشتار ئىكەن. بۇ پادىچى خاسىيەتلىك كۆنلەرنىڭ بىرىدە، قوي بېقىپ يۈرۈپ بىر پارچە خەت پۈتۈلگەن قەغەز تېپىۋاپتۇ. خەتكە شۇنچە سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇنى زادىلا ئوقۇيالماپتۇ. ئۇ خەتنى قوينىغا سېلىپ، تاغ ئۆڭكۈرىگە-شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر دانىشمىنى بولغان بوۋاينىڭ تۇرار جايىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي بەكمۇ قېرىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى، قاشلىرى كۆمۈشتەك ئاقارغان، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، كۆزلىرى قېرىلىقتىن يۇرۇلۇشۇپ يۇمۇلغانىكەن. بوۋاي خەتنى ئالغاندىن كېيىن كۆزىنىڭ چاناقلىرىغا ياغاچنى تىرەك قىلىپ، ئۇنى ئوقۇپ كۆلۈپ كېتىپتۇ. دەقىيانۇس ئەجەبلىنىپ، بوۋايدىن كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، ساڭا بەخت يار بوپتۇ. خەتتە يېزىلىشىچە، ئاشۇ سەن ياشايدىغان ماكاندىكى يوغان جۇجەمنىڭ (ئۈژمە دەرىخىنىڭ) تىك ئۆسكەن غولىغا ئۇدۇل تۇرۇپ، دەسلەپ شىمالغا 364 ماڭدام (قەدەم)، ئۇندىن كېيىن شەرققە 12 ماڭدام مېڭىپ شۇ يەرنى كولىساڭ، بىر خەزىنىگە ئېرىشكىدەكسەن. قېنى، بەختىڭنى سىناپ كۆرەرسەن، ئوغلۇم! — دەپتۇ.

دەقيانۇس بوۋايغا تەزىم بىلەن رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەتىسى 3 — 4 ئاغىنىسىنى چاقىرىپ، بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەرنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. 7 — 8 مېتىرچە كولىغاندىن كېيىن ئۇلار بىر ھەشەمەتلىك ئالتۇن ئىشىككە دۇچ كەپتۇ. يەنە بىر ھازا كولىغاندىن كېيىن يوغان بىر تاش چىقىپتۇ. تاشنى قومۇرۇپ تاشلىغانىكەن، ئۇنىڭ ئاستىدىن پارقىراپ تۇرغان يوغان ئالتۇن ئاچقۇچ چىقىپتۇ. ئۇلار ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئاتنىڭ بېشىدەك يوغانلىقتىكى قۇلۇپقا سالغانىكەن، شۇ ھامان يەتتە قېتىم داراڭلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئاندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۇلار قىزىل، يېشىل، ھال... ھەر خىل نۇرلار چېچىلىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك سارايىنى كۆرۈپتۇ. نۇر چېچىپ تۇرغان گۆھەرلەرنىڭ يورۇقىدا ئۇلار ھېچبىر قىينالماستىنلا سارايغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت... قاتارلىق مەدەنلەر بىلەن تولغان 41 ھۇجرىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بوۋايغا مەلۇم قىلىشىپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك مەسلىھەت، كېڭەشلەرنى بېرىپتۇ. دەقيانۇس شۇندىن ئېتىبارەن بوۋاينىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن ئالتۇن ـ كۈمۈش تېپىلغان جايغا ھەشەمەتلىك ئوردا ساپتۇ، شەھەر قۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. دەقيانۇس ئۆزى شۇ شەھەرگە شاھ بوپتۇ، دانىشمەن بوۋايىنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى قول ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دەقيانۇس ئەتراپىدىكى كەڭ زېمىنلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، مەشھۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاينىڭ نامى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقىلىشقا باشلاپتۇ[8].

3 . « يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى » ① ھەققىدىكى رىۋايەت .

ئۆتكەن زاماندا ، يالقۇنتاغ دىيارىدا بىر تۇل خوتۇن ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ دادىسىدىن كىچىك قالغان بىر ئوغلى بولۇپ ، بۇ ئوغۇل بەستلىك ـ پالۋان قامەتلىك بىر يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ . ئۇ ئوغۇل ۋايىغا يەتكەندە ، ئۆزى ياشىغان يۇرتتىكى نامرات خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى باياشاتلاشتۇرۇش كويىغا چۈشۈپتۇ ـ دە ، تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدىكى جىلغا سۈيىنى ئۆز يۇرتىغا باشلىماق بولۇپتۇ . بۇ يىگىت شۇ ئارزۇدا ئۆزىگە يارىشا مېتىن ۋە كەتمەن تەييارلاپتۇ ھەم سەپەرگە ماڭغان ۋاقتىدا :

— ئاپا ، سىز ھەر كۈنى ماڭا تاماق ئاپارغان ۋاقتىڭىزدا تۆگىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ بېرىڭ . مەن قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئالدىڭىزغا كېلىمەن . سىز ھەرگىز مېنى كۆرىمەن دەپ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقماسلىققا ۋەدە بېرىڭ ھەم ۋەدىگە ۋاپا قىلغايسىز ، ئاپا ، — دەپتۇ ـ دە ، يولغا راۋان بوپتۇ .

يىگىت ئۆزى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن زور غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئىشلەپتۇ . ئۇنىڭ ھەربىر ئۇرغان مېتىنىدىن ئۆيدەك ـ ئۆيدەك يوغانلىقتىكى تاشلار ھەر تەرەپكە ئوت چاچرىتىپ پارچىلىنىدىكەن ؛ كەتمەننى ھەربىر قېتىم چاپقىنىدا كىچىك ـ كىچىك دۆڭيوتىلارنى تۈزلىۋېتىدىكەن ، يىگىت ئاچقان ئېرىقتىن زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار ئېرىق بويلاپ پەسكە قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ . يىگىت ئېرىقنى چېپىپ خېلىلا ئاۋۇتۇپتۇ .

ھەركۈنى ئوغلىغا تاماق توشۇيدىغان ئانىنىڭ ئىچى پۇشۇپ ، ئوغلىنىڭ « سىرلىق » ئىشىنى كۆرمەكچى بوپتۇ : بىر كۈنى ئانا قوڭغۇراق ئاسقان تۆگىسىنى خېلى يىراق بىر جايغا تاشلاپ قويۇپ ، ئۆزى دۆڭنىڭ

---

① بۇ ئېرىقنىڭ ئىزى ھېلىمۇ بار ، بۇ ئېرىق يالقۇنتاغ سىستېمىسىنىڭ شىمالىي باغرىدا بولۇپ ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان . ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر ئەتراپىدا . ئېرىقنىڭ بېشى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى جىلغا ـ « قارار يۇزى » دىن باشلىنىدۇ .

ئۈستىگە چىقىپ، ئوغلىنىڭ ئىشىنى كۆرۈپتۇ. ئوغلى ئانىدىن تۇغما ھالدا كوچەپ ئىشلەۋاتقانىكەن، بۇنى كۆرگەن ئانا ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ، خىجىل بوپتۇ-دە، دەرھال كەينىگە يانماقچى بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىگىت «كەينىڭگە قارا!» دېگەندەك بىر ئاۋازنى ئىشىتكەندەك بوپتۇ-دە، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ ئانىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ، نۇمۇستىن ئۆزىنى يوشۇرۇشقا جاي تاپالماي قالغان يىگىت ھەسرەت بىلەن:

— ھەي ئاپا، ۋەدىگە ۋاپا قىلماي، قارا يۈز بولدىڭىز. ماڭمۇ ۋە ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز! — دەپ خىتاپ قىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۈستەڭدىكى سۇ دەھشەت بىلەن قەھرلىك دولقۇنلىنىپتۇ-دە، تېرەك بويى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە بىردىن پەسىيىپ يىگىتنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئانىسى بۇنى كۆرۈپ ئۆز قىلمىشىغا مىڭبىر پۇشايمان قىپتۇ، يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان ئېگىز بىلىنىپتۇ-دە، ئوغلى سۇ باشلىغان جىلغا ئىچىدە يىغلاپ-قاقشاپ يۈرۈپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ جىلغىنىڭ نامى شۇنىڭدىن كېيىن «قارا يۈزى»① دەپ ئاتالغانىكەن. ئۈستەڭمۇ شۇ ۋەجىدىن چالا قالغانىكەن④.

4. ئىدىقۇت تېغى ھەققىدىكى ئەپسانە (A)

تۇرپان دىيارى قەدىمكى زامانلاردا ناھايىتى باي-باياشات، ئاسايىش بىر ئەل ئىكەن. بىر كۈنلەر كېلىپ بۇغدا تېغىدا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئەجدىھا ھەر يىلى ئەتىيازدا بۇغدا تېغىدىن تۇرپانغا چۈشۈپ چارۋا مال، باغ-ۋاران، زىرائەتلەرنىلا نابۇت قىلىپ قالماي، بەلكى تىنچ ياشاۋاتقان پۇقرالارنىمۇ يەپ-يۇتۇپ، يۇرتقا دەھشەت سېلىپ، مىسلىسىز چوڭ ئاپەت بولۇپ قاپتۇ. يۇرتنىڭ خاقانى ئەجدىھانى يوقىتىشقا نۇرغۇنلىغان مەردۇ-مەردان، باتۇرلارنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەجدىھانى يوقىتىش تۇگۇل، ئۆزلىرى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. پۈتكۈل تۇرپان دىيارى ئىنتايىن دەھشەتلىك ئاپەت ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان

① تۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدە — ناھىيە بازىرىدىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئىدىرلىق جايدا «قارا يۈزى» دەپ ئاتىلىدىغان جىلغا ئىچىگە جايلاشقان بىر كەنت بار.

كۆنلەردە، بۇ يۇرتتىن ئاجايىپ كۈچتۈڭگۈر بىر پالۋان چىقىپتۇ. ئۇ خاقاندىن ئەژدىھانى يوقىتىشقا ئاتلىنىشقا ئىجازەت سوراپتۇ. خاقان پالۋان يىگىتنىڭ مەردانە جاسارىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئەگەر ئەژدىھانى يوقىتىپ قايتىپ كەلسە، قىزىنى بېرىپ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالىدىغانلىقىنى ۋە چەكسىز مول ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت ئۆزىگە ھېچقانداق ئىلتىپاتنىڭ كېرىكى يوقلۇقىنى، پەقەت ئۆز ئەل ـ يۇرتىنى دەھشەتلىك ئاپەتتىن خالاس قىلىپ، خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىسىلا، بۇنىڭدىن چوڭ ئىنئام يوقلۇقىنى ئېيتىپ، جەڭگە تەييارلىق قىلىپتۇ.

پالۋان يىگىت ئالتە ئاي جەڭگە تەييارلىق قىلىپتۇ. قىش ئۆتۈپ ئەتىياز كېلىپ ئەژدىھانىڭ بۇغدا تېغىدىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. يىگىت مىسران قىلىچىنى ئېلىپ، دۇلدۇل ئېتىغا مىنىپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ... ئۇ ئېتىنى ئوتلاقتا قويۇۋېتىپ، ئەجدىھانىڭ يولىنى توسۇپ، بىر قىيا تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن پالۋان يىگىتنىڭ ئېتى قاتتىق كىشنەپتۇ. پالۋان يىگىت ئويغىنىپ قارىسا ئەژدىھا كېلىۋاتقۇدەك، ئۇ مىسران قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ ئەژدىھانىڭ يولىنى توسۇپ جەڭگە چۈشۈپتۇ. ئەژدىھا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ، پالۋان يىگىتكە ھۇجۇم قىلىپتۇ. پالۋان يىگىت قىلىچىنى كۆتۈرۈپ قەھىر ـ غەزەپ بىلەن ئەژدىھاغا ئېتىلىپتۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېلىشىشىدىن يەر ـ زېمىن تىترەپ لەرزىگە كەپتۇ. توزىغان توپا ـ چاڭدىن قۇياش نۇرى توسۇلۇپ، ئاسمان خىرەلىشىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. ئەنە شۇنداق قاتتىق ئېلىشىش ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. پالۋان يىگىت ئۇسساپ، قورسىقى ئېچىپ ھالىدىن كېتىشكە باشلىغان پەيتتە، ئۇنىڭ ئەقىللىق، ۋاپادار ئېتى ئىچىشكە ئۇسسۇزلۇق، يېيىشكە ئوزۇقلۇق ئەكىلىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پالۋان يىگىت كۈچ ـ قۇدرەتكە تولۇپ، ئەژدىھاغا قاراپ مىسران قىلىچىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا توغرىلاپ ئېتىلىپتۇ. ئەژدىھا پالۋان يىگىتنى دەم تارتىپ سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ ـ دە، پالۋان يىگىتنىڭ مىسران قىلىچى ئۇنى چىڭ ئوتتۇرىدىن تىلىپ تاشلاپتۇ. ئەژدىھا ئۆلگىنىگە تەن بەرمەي

تولغانغانىكەن، پالۋان يىگىت ئۇنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن چىقىپ يەرگە چۈشۈپتۇ-دە، مىسران قىلىچىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئەژدىھانى چېپىشقا باشلاپتۇ. پالۋان يىگىت 9 قېتىم قىلىچ ئۇرغاندا ئەژدىھا ئون پارچە بولۇپ، جىنى چىقىپ ئۆلۈپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئەژدىھا ئاخىر تاققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئىدىقۇت تېغى ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانمىش. ئىدىقۇت تېغىدىكى 9 ئېغىز-جىلغا-ئەژدىھانى چاپقاندا پارچىلانغان ئاراشلاردىن پەيدا بولغانىكەن ⑤.

5. ئىدىقۇت تېغى ھەققىدىكى ئەپسانە ( B )

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يالقۇنتاغنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرت-دىيارلاردا ياشايدىغان خەلقلەر باياشات، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرەر ئىكەن. چۈنكى يالقۇنتاغ ئەسلىدە سېرىق قۇمدىن ھاسىل بولغان تاغ بولماستىن، بەلكى بۇغداي ئۇنىدىن ھاسىل بولغان تاغ ئىكەن. شۇ سەۋەبلىك، بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتتا ياشايدىغان خەلقلەر يېمەك-ئىچمەكتىن قىلچە غەم-ئەندىشىسىز، توق ھالەتتە ياشاپ ئۆتكەنىكەن. ھەركىم خالىسا بۇ ئۇندىن ھاسىل بولغان تاغدىن ئېھتىياجىغا قاراپ تاغار-خالتىلىرىغا ئۇن ئېلىپ قايتىپ، ئەركىن تۇرمۇشتا ياشايدىكەن. ئۇن تاغ ئۇزاق زامانلارغىچىلا ھەممە خالايىققا ئورتاق بولۇپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇن تاغقا يىراق بولمىغان جايدا ئولتۇرۇشلۇق بولغان بىر تۇل ئايال ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇن تاغقا ئۇن ئالغىلى خالتا كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار تاغقا ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا تۇل ئايالنىڭ كىچىك ئوغلى ھاجەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇن تاغنىڭ باغرىنى مەينەت قىلىپ قويۇپتۇ. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىدىن پەرىشان بولغان ئايال بالىسىنىڭ ھاجىتىنى ئېرىغدىماق بولۇپ، ئەتراپىدىن لاتا-پۇرۇچ، چالما-داڭگال ئىزدەشتۈرۈپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇن تاغ باغرىدىن نە لاتا-پۇرۇچ، نە چالما-داڭگال تېپىلماپتۇ. بۇ ئىشتىن تىت-تىت بولغان ئانا ئاخىر يولدا قورساق ئاچقاندا يەيمىز، دەپ ئېلىۋالغان قۇيماقتىن ئىككىنى سېۋەتتىن ئېلىپ، ئوغلىنىڭ ھاجىتىنى ئېرىغداپتۇ. بۇ چاغدا كۈنمۇ غەربكە

خېلىلا قىڭغايغانىكەن، ئانا ئالدىراپ ـ تېنەپلا خالتىسىغا ئۇنى ئېلىپ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يول بويى خالتىدىكى ئۇن بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئانىنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ، ئۆيىگە يەتكۈچە ئۇنى خېلى هالسىرىتىپتۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇن ئېلىپ كېلىشلەردە بۇنداق غەيرىي هادىسىنى سەزمىگەن ئانا، ئۆيىگە يېتىپ كېلىپلا خالتىنىڭ ئاغزىنى يېشىپ قارىغۇدەك بولسا، خالتىغا قاچىلانغىنى بۇغداي ئۇنى بولماستىن، بەلكى ساپسېرىق قۇم بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق تەئەججۈپلەنگەن ئانا دەرهاللا كەينىگە يېنىپ ئۇن تاققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئانا ئۇن تاققا يېتىپ بارغان چېغىدا كۈنمۇ غەربىي تاققا باش قويغان بولۇپ، قۇياشنىڭ كەچكى شەپەق نۇرىدا هېلىقى ئۇن تاغ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش ئالتۇندەك سېرىق قۇم تاغ بولۇپ يالقۇنلىنىپ تۇرغانىكەن. ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ئانا «ئۇن تاغ» دىن بىر ئوچۇم ئېلىپ كۆزىگە يېقىن ئېلىپ قاراپتۇ، تىلى بىلەن يالاپ كۆرۈپتۇ، ئالقانلىرى ئارىسىدا ئۇۋۇلاپ كۆرۈپتۇ.... دەرۋەقە، ئۇن تاغ قۇم تاققا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بىچارە ئانا بۇنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك قىلىپتۇ. ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان يەپتۇ ۋە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىپتۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن «ئۇن تاغ» هازىرقى يالقۇنتاغ هالىتىگە كىرىپ قالغانىكەن ⑥.

### 6. تاشقا ئايلانغان ئەۋلىيا رىۋايىتى

ئىلگىرىكى زامانلاردا، هازىرقى جىمسار ناهىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بىر مەهەللە بولغانىكەن. مەهەللىنىڭ بىر چېتىدە شۇ مەهەللە بېيىنىڭ قورۇقى بولۇپ، 12 ـ 13 ياشلاردىكى بىر تاز يېتىم بالا باينىڭ قويلىرىنى باقىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە توساتتىن باينىڭ 6 ـ 7 قويى يوقاپ كېتىپتۇ. پادىچى بالا ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ ئىزدەپمۇ كەچ كىرگۈچە يوقالغان قويلارنى هېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئامالسىز قالغان قويچى يىغلاپ يۈرۈپ قالغان قويلارنى يىغىپ باينىڭ قورۇقىغا غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قايتىپ كەپتۇ. دېگەندەك، باي، تاز يېتىم قويچىسىنى قاتتىق ئۇرۇپ ـ تىللاپتۇ ۋە يوقالغان قويلارنى تېپىپ كەلمىسە، ئۇنىڭغا يەيدى-

غانغا ئاش - نان بەرمەيدىغانلىقىنى ھەم ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ...

پاناھسىز قالغان، ئاچ قورساقنىڭ ئۈستىگە قاتتىق جازاغا ئۇچرىغان بىچارە قويچى يىغلاپ يۈرۈپ قويلىرىنى ئىزدىگىلى مېڭىپتۇ. بىر كېچە - كۈندۈز ئىزدەپتۇ يۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. دەرمانسىزلىنىپ ھالىدىن كېتەي دېگەن قويچى بالا ئاخىر ئامالسىز قورۇققا يېنىپتۇ. شام ۋاقتى بىلەن بىر ئىدىرلىقتىن ئېشىۋاتقان قويچىغا تۇساتتىن ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. قويچى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بوۋايغا ئەدەب بىلەن سالام بېرىپتۇ. بوۋاي سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— بالام، بۇ ئىدىرلىق ئىچىدە كەچ كىرگەندە يالغۇز يۈرۈپ قاپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قويچى بالا كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بولغان ئىشنى ئاق ساقاللىق بوۋايغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي بالىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپتۇ ۋە:

— يىغلىما بالام، قويلىرىڭ ئوڭ ياندىكى قاپتالنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. قويلىرىڭنى ئالتە بۆرە قورۇغداپ تۇرۇپتۇ. سەن ھازىرلا شۇ ياققا بارغىن. بۆرىلەر سېنى كۆرگەن ھامان ئۆز يولىغا كېتىدۇ. قويلىرىڭنى تېپىپ غەمدىن خالاس بولغايسەن، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ... پادىچى بېشىنى سىلاپ كۆرسە، بېشىغا قۇيۇق چاچ ئۈنۈپ، قاسماقلىرى يوقاپ كەتكەن، بۇنىڭدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولغان پادىچى بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئوڭ ياندىكى ئىدىرلىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. قارىسا ئالتە بۆرە يوقالغان ئالتە قوينى قورۇغداپ تۇرغۇدەك، دېگەندەكلا بۆرىلەر پادىچىنى كۆرگەن ھامان ئۆز يوللىرىغا مېڭىشىپتۇ. پادىچى قويلىرىنى ياندۇرۇپ قورۇققا قايتىپتۇ. پادىچىنىڭ قويلارنى ساق - سالامەت تېپىپ كەلگەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ بېشىدىكى قاسراقلارنىڭ يوقىلىپ، قويۇق قارا چاچ ئۈنۈپ، كۆرۈمسىز قويچىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، قاراقاش بالىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن باي قاتتىق تەئەججۈپلىنىپتۇ ۋە بالىنىڭ ئالدىغا ئېسىل تائاملارنى قويۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن بالىنىڭ قويلارنى قانداق قىلىپ تېپىۋالغانلىقىنى،

بىشىنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇنچە تېز ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئاق كۆڭۈل پادىچى قويلارنى تېپىپ كېلىش جەريانىدا بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. باي چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ...

ئەتىسى، باي پادىچى بالىغا بىر قۇر ياخشى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، شېرىن - تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ، ھېلىقى ئاق ساقاللىق بوۋاينى ئىزدەپ تېپىشقا يول باشلىتىپ مېڭىپتۇ. قويچى باينى ئەگەشتۈرۈپ، ئاۋالقى كۈنى بوۋاي بىلەن ئۇچراشقان جايغا كېلىپ ئەتراپنى ئىزدەشتۈرۈپتۇ، لېكىن بوۋاينى تاپالماپتۇ. تۇۋلاپ كۆرۈپتۇ، ئەمما ھېچبىر سادا ئاڭلانماپتۇ. ئاخىر باي بىلەن پادىچى ئېگىز بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپتۇ. شەرق تەرەپتە — كۆز يېتتىم يەردە بىر يارلىقتا يوغان ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشۈپتۇ - دە، شۇ تەرەپكە بېرىپ قاراپ كۆرۈپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى ئاق ساقاللىق بوۋاي تاشقا ئايلانغان ھالەتتە ياتقان، ئۇنىڭ كىندىكىدىن سۈزۈك سۇ فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدىكى ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلارنى ياشارتىپ تۇرغۇدەك. باي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپتۇ - دە، ئۆيىگە قاراپ يېنىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. باينىڭ مال - مۈلكى، قورۇقى پادىچى بالىغا قاپتۇ. باينىڭ بۇ مال - مۈلۈكلىرى شۇ مەھەللىدىكى كەمبىغەللەرنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە يىغىلغانىكەن. پادىچى باي قالدۇرۇپ كەتكەن بايلىقنى ئەنە شۇ كەمبىغەل يۇرتداشلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. ھەمدە ئۇلار ھېلىقى ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپ - يانلىرىغا نۇرغۇنلىغان غارلارنى قېزىپ، ئاق ساقاللىق بوۋايغا تەقلىد قىلىپ ھەرخىل ھەيكەللەرنى ياسىشىپتۇ. كېيىنچە، بۇنداق قېزىلغان غارلار مىڭغا يېتىپتۇ. ھازىرقى يەرلىك كىشىلەر بۇ جاينى «چيەن بۇدۇڭ» ① دەپ ئاتىشىدىكەن ⑦.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ

---

① «چيەن بۇدۇڭ» خەنزۇچە «千佛洞» (مىڭ بۇت قويۇلغان غار) نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تۈرىدىن بۇ يەردە پەقەت كىتابىنىڭ ھەجىمىنى نەزەردە تۇتۇپ يەتتە ئەپسانە ـ رىۋايەتنى نەمۇنە سۈپىتىدە كۆرسەتتۇق ( بۇنداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن قولىمىزدا نەچچە ئون پارچىسى بار ، كەلگۈسىدە ئايرىم كىتابچە قىلىپ كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە سۇنىمىز ) ، مانا مۇشۇ مىسالغا كۆرسىتىلگەن قىسقىغىنە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئارزۇ ـ تىلەكلىرى ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ، قەھرىمانلىق ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھى ، ئەدەب ـ ئەخلاق ، پەزىلەتلىرى ، ئېتنوگرافىيىسى . . . ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلالايمىز .

ماركس : « خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەينى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن ، ئۇ خەلقلەر تارىخىنى پوئېتىك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەۋر ـ جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەردىن ( ئەلۋەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ) تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك » دەپ كۆرسىتىدۇ . ماركسنىڭ مۇشۇ نەزەرىيىۋى شەرھىسى بويىچە ئېيتقاندا ، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن « ئىدىقۇت شەھرىنىڭ بىنا بولۇشى » ھەققىدىكى رىۋايەتتىن بىز ئىدىقۇت رايونىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ شەھەر بىنا قىلىپ ، شەھەرلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ، تېرىقچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، سودا ئىشلىرىنى خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپلا تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ، « يىپەك يولى » نىڭ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن خېلى بۇرۇنلا راۋانلاشتۇرۇلغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز ؛ « قۇدۇق قازغان پادىچى يىگىت » ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئىككى نۇقتىنى چۈشىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ : بىرى ، جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ، شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا كۆچۈش ئىزناسىنى ؛ يەنە بىرى ، ئەمگەكچى ، پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى داۋامىدا تەبىئەتنى تەدرىجىي تونۇپ ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇپ ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى پەرەز

قىلىپ يېتەلەيمىز .

« يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى » رىۋايىتى بىلەن « ئىدىقۇت تېغى » ھەققىدىكى ئەپسانىدىن بىز خەلقىمىزنىڭ خەلقپەرۋەرلىك ، قەھرىمانلىق روھىنى ، ئەدەب ـ ئەخلاق چۈشەنچىسىنى ، شۇنىڭدەك ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى چۈشىنىشكە ئىمكان تاپساق ، « تاشقا ئايلانغان ئەۋلىيا رىۋايىتى » بىلەن « مىڭئۆينىڭ بىنا قىلىنىشى » ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن بىز ئەجدادلارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ شولىسىنى كۆرىمىز .

قىسقىسى ، بىر پۈتۈن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئەدەبىياتىدا يەرلىككە خاس بولغان ئەنە شۇ باي مەزمۇنلۇق ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تۈرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى مانا شۇ خىلدىكى يەرلىك ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىگە بولمىغان بولسىدى ـ دىنىي مەزمۇننى ئاساس قىلغان ئۆزلەشتۈرمە ـ تەرجىمە ئەدەبىياتىنى شۇ قەدەر گۈللەندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان بولاتتى . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، دىنىي ئېھتىياج ئۈچۈن دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلىگەندىمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ پۇختا ئاساسىي بولمىغان خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتنى بېيىتىش مەقسىتىدە يات خەلقلەرگە خاس ئەدەبىياتنى قوبۇل قىلىشقا ئىنتىلىشى ۋە جۇرئەت قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر .

مانا مۇشۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان ـ قويۇق يەرلىك خاراكتېرگە ، قەدىمىيلىككە ئىگە بولغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ دەستلەپكى نەمۇنىلىرىدىن باشقا ، ئىككىنچى تۈر كۆمگە مەنسۇپ بولغان ـ يازما خاتىرىلەردە ساقلىنىپ قالغان بىر مۇنچە قوشاقلار ، ماقال ـ تەمسىللەر ، ئاتىلار سۆزى ـ ھېكمەتلەر ، پەندى ـ نەسىھەتلەرمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە خاس ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر .

بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قوشاقلاردىن ئىككى كۇپلېتنى نېمىس تۈركو-

لوگى گاباتىن خانىم بىلەن تۈركىيىلىك رەشىد رەخمەتى ئارات 1933 ــ يىلى ئەنگلىيىدە چىقىدىغان « ئۇلۇغ ئاسىيا » ناملىق ژورنالدا « قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى » ماۋزۇسى ئاستىدا ئېلان قىلغان ⑨ . بۇنىڭ ئەسلى تېكىستى ۋە يەشمىسى تۆۋەندىكىچە :

بىلىگ بىلىك يا بەگىم ،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر .
بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە ،
بىر كۈن دۆلەت تۇش بولۇر .
( بىلىم ئۆگىنىڭ ، ئەي بېگىم ،
بىلىم سىزگە ھەمراھ بولىدۇ .
بىلىم ئۆگەنگەن ئەرگە ،
دۆلەت ئاخىر يار بولىدۇ . )

بىلىگلىگ ئەر بىلىگە ،
تاش قۇرسانسا قاش بولۇر .
بىلىگسىزىن يانىڭا ،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر .
( بىلىملىك ئەرنىڭ بىلىگە قىستۇرۇۋالغان تېشى
قاش تېشىغا ئايلىنىدۇ .
بىلىمسىزدىكى ئالتۇن تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ . )

بۇ قوشاقتا ئوبرازلىق ئوخشىتىشلارنىڭ دەل جايىدا قوللىنىلغانلىقى ، ۋەزنىنىڭ يەڭگىل ، راۋانلىقى ، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر دەل قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىغا ماس كېلىدۇ . ئۇنىڭدىكى باش قاپىيەگە بېرىلىش ئۇسلۇبى بولسا ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا سۆيۈنگەنلىكنى نامايەن قىلىدۇ . بۇ ، يازما ئەدەبىيات بىلەن ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر ــ بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە ماس كېلىدۇ .

چىرايلىق قۇراشتۇرۇلغان بۇ ئىككى كۇپلېت قوشاقتا ئىلگىرى

سۇرۇلگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى مەزمۇنغا قاراپ، شۇنى تەكىتلەپ
كۆرسىتىش زۆرۈركى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار
خاندانلىقى ئۆز تارىخىدا ناھايىتى زور يۈكسىلىش باسقۇچىنى بېشىدىن
ئۆتكۈزگەنىدى. ۋاھالەنكى، مۇنداق بىر زور يۈكسىلىشنىڭ بارلىققا كې-
لىشى ئۈچۈن ـ ئۇلۇغ دەۋرنى يارىتىش ھارپىسىدا، مۇئەييەن جەمئىيەت
ئەزالىرىدا ئورتاق بولغان زامانىۋى ئاڭنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى بەكمۇ مۇھىم
بولغان ئىجتىمائىي شەرت ئىدى. ھالبۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا ئەنە
شۇ يۇقىرىقى خەلق قوشىقىدا ئالغا سۈرۈلگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيە
يېتەكچى ئورۇندا تۇرغىنىدا، بىر ئېتنىك مەنبەگە ئىگە بولغان، ئوخشاشلا
گۈللىنىش دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قاراخانىيلار سولالىسىگە تەۋە
قېرىنداشلار ئارىسىدىمۇ بۇ خىل ئىدىيە روشەن گەۋدىلەنگەنىدى، بۇ
ھەقتە، 11 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى نادىر
ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ: ئادەم
بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ھەققانىيەتنى
ياقىلىيالايدۇ، ھەقىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلىيالايدۇ؛ تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى
ۋە ياشاشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ھەق ـ ناھەقنى
ئايرىيالايدۇ؛ تۈرلۈك خېيىم ـ خەتەرلەرنى تۈگىتىپ، ياخشىلىقنى جارى
قىلدۇرۇپ، يامانلىقنى چەكلىيەلەيدۇ، ئۆزىگىمۇ، دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ،
بەخت، بايلىق يارىتالايدۇ، دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ⑩.
يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مەلۇم مىللەتنىڭ مۇئەييەن جەم-
ئىيەتتە گۈللەندۈرگەن مەدەنىي ھاياتىدا بىلىم ناھايىتى زور رول
ئوينايدۇ. شۇنداقلا، گۈللەنگەن مەدەنىي ھاياتنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەل-
گىسى ـ جەمئىيەت ئەزالىرىدا يېتىشكەن يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاقىي
پەزىلەتتۇر. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن قالغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە
مۇشۇنىڭغا دائىر بولغان ـ يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈش،
بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشتەك مەزمۇندىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنى-
لىرىدىن ھېكمەتلەر — ئاتىلار سۆزىمۇ ئۇچرايدۇ.
بۇ ئاتىلار سۆزى — ھېكمەتلەر، پەندى ـ نەسىھەتلەر، ماقال ـ

تەمسىللەرنىڭ ئەسلىسى ۋە يەشمىسى مۇنداق:

1) ئەسلىسى:

قىلماغۇ قىلىقلارنى
ئاشنۇچە سانىمىش كەرەك.
سانىمادىن قىلمىشتا كىن
نەتىگىن تانىمىش كەرەك.

يەشمىسى:

قىلماسقا تېگىشلىك قىلىقلارنى
ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك.
ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن
ئۇنىڭدىن تاناماسلىق كېرەك.

2) ئەسلىسى:

كىرىككەن تونلەر كىرىن
سۇۋ ئۇزە يۇمۇش كەرەك
سۆز كىرى كەتمەس يۇسا
نەتىگىن قىلمىش كەرەك.

يەشمىسى:

كىر باسقان كىيىمنىڭ كىرىنى
سۇ بىلەن يۇسا چىقىپ كېتىدۇ.
سۆز كىرىنى يۇيۇپ چىقىرىشنىڭ
ھېچقانداق ئامالى يوق.

3) ئەسلىسى:

ئايىپسىز تىشكەئەر
بويۇنىن سۇنمىش كەرەك.
ئول ئاتىاغ تۇزۇن بىرلە
تىرىگلىك قىلمىش كەرەك.

يەشمىسى:

ئەيىبسىز ئاياللارغا

ئەرلەر بوينىنى ئېگىشى كەرەك .
ئۇنداق ھەققانىي ( ئايال ) بىلەن ،
( ئۆمۈر بويى ) بىرگە تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك .

4 ) ئەسلىسى :

ئاقىقات بولسا تۇزۇن
ئاڭا جان بەرش كەرەك .
مەڭى چىن ئول مەڭى ئوق
تاقى نە ئايمىش كەرەك .

يەشمىسى :

ھەقىقەت توغرا بولسا ،
ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك .
پاكىت بەرىبىر پاكىت ،
ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىشنىڭ ھاجىتى بار ( ؟! )

5 ) ئەسلىسى :

ئەش قىلغۇ ئەزگۇ ئەشنى ،
كۆركىتۇر كۆنى يولنى .
كەسمەڭلار ئەگرى تالنى ،
تۆبەسىنتە مېۋە بار .

يەشمىسى :

دوست بولساڭ ياخشى بىلەن دوست بول ،
ئۇ ساڭا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .
ئەگرى تال دەپ كېسىۋەتمەڭلار ،
ئۇنىڭ شاخلىرىدا مېۋىسى بار .

※ ※ ※

1 ) ئەسلىسى :

ئەردەملىك كىشى بىرلەتۇز ئول
ئەردەمسىز كىشى ئۆتۈك ئىچىندەكى ئولياق بىرلە تۇز ئول .

يەشمىسى:

پەزىلەتسىز كىشى گۆھەر،

پەزىلەتسىز كىشى پىتەك.

2) ئەسلىسى:

بۇيانلىغ كىشى بۇرقانلار بىرلە تۇز ئول،

بۇيانسىز كىشى بۇق باقىر بىرلە تۇز ئول.

يەشمىسى:

ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى بۇرھاندۇر،

ئىنساپسىز كىشى ئەسكى مىستۇر.

3) ئەسلىسى:

بەگنىمسىنمەيەك بەگ بولسا بەلتىر سايۇ بەلگۇ سالۇر

ئاتاقىمسىنمايۇق ئاتىغ بۇلسار ئارت سايۇ ماياقايۇر.

يەشمىسى:

ئەمەل تۇتمىغان ئەمەل تۇتسا، ھەر دوخمۇشقا قامچا قويۇر،

ئاتىنى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا، ھەربىر تاغ ئۆتكىلىگە بەلگە سالۇر.

4) ئەسلىسى:

ياغمۇر ياغسا قاپۇغ بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك

ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرەك.

يەشمىسى:

يامغۇر ياغقاندا يېپىنچاك بولسا، يېپىنىۋال،

ياۋۇز ئادەم يېقىنلاشسا، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل؟

5) ئەسلىسى:

ئەر قۇتى بەلىك.

سۇۋ قۇتى تەرىك.

يەشمىسى:

ئەرنىڭ قۇتى-قورقماسلىقتا،

سۇنىڭ قۇتى چوكقۇرلۇقتا ⑫ .

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى زامانىسىدىن قالغان بۇ ئەل ئىبىغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىكى يامان قىلىقلارنى قىلماسلىق، يېرىك سۆز قىلماسلىق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئىپپەتلىك ئاياللارنى ئىززەتلەش، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش ۋە بۇ يولدا جانپىدا قىلىش، ياخشىلار بىلەن دوست ـ ھەمراھ بولۇش، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى « گۆھەر » گە تەمسىل قىلىش ۋە پەزىلەتسىز كىشىلەرنى پىتەككە ئوخشىتىش ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىش؛ زالىم، ماختانچاق ئەمەلدارلارنى قامچىلاش، يامان غەرەزلىك ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش؛ قورقۇمسىز، باتۇر ئەرلەرنى ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى ... قاتارلىق ئەخلاق ـ پەزىلەت مىزانلىرى، ئەقىدە ـ چۈشەنچىلەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇش پەلسەپىلىرى، روشەنكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىدىكى مەنىۋى ھاياتنىڭ مۇئەييەن كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىدۇ. بۇ ئۈگۈت ـ نەسىھەت، ئاتىلار سۆزى ـ ھېكمەتلەر، ماقال ـ تەمسىل خاراكتېرىدىكى مىسرالاردا ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقى، جانلىقلىقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلار كىشىگە چوڭقۇر تەسىرات ۋە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان مۇشۇ ئازغىنە ئەل ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق پارچىلار بىلەن قاراخانىيلار خاندانلىقى جەمئىيىتىدە يېزىلغان، پىكىر، ئىدىيە، تەلىمات ۋە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە ئەل ئىبىغىز ئەدەبىياتىغا زور دەرىجىدە مۇراجىئەت قىلغان « قۇتادغۇ بىلىك » تىكى تىل ۋە ئۇنىڭدىكى بىلىم قارشى، ئەدەب ـ ئەخلاق مىزانلىرى، تۇرمۇش پەلسەپىلىرىدە مۇئەييەن ئورتاقلىقنىڭ بارلىقى كىشىگە ھەرگىزمۇ تەسادىپىيلىق تۇيغۇسى بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، گەرچە ئىككى خاندانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ئايرىم، دىنىي ئېتىقادلىرى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، ئۇلار ئورخۇن بويىدىكى ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە مۇئەييەن بىر جەمئىيەتتە ئوخشاش بىر مۇھىتتا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئاساسىنى تىكلىۋالغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ناھايىتى چوڭ تەتقىقات تېمىسىدۇر. ۋاھالەنكى، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىپ قالغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بەكمۇ ئاز. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ دەۋرلەردە ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تۈرى ئۈستىدىمۇ تېخىچە يېتەرلىك ئىزدىنىشلەر، تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. لېكىن، بۇ يەردە شۇنداق بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تامامەن ھەقلىقمىزكى، مەيلى ئىدىقۇت دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يەرلىككە خاس مىللىي يازما ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە بولمىسۇن ياكى ئۆزلەشتۈرمە ـ تەرجىمە ئەدەبىياتتا بولمىسۇن ۋە ياكى ئەينى دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان ئەسەرلەردە (ئوغۇزنامىگە ئوخشاش) بولمىسۇن، ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ «مەنبەلىك» رولىدىن چەتتە قالغان ئەمەس. شۇ جۈملىدىن، ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئىككى تۈرىنىڭ ئۆزئارا «ئۆتۈشۈش» تەك تەسىرچانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئىزاھاتلار

① ② ③ بۇ ئۈچ رىۋايەتنى مەن «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغانىدىم. بۇ كىتابقا ئەنە شۇ ژورنالدىن مىسال كەلتۈرۈلدى.

④ بۇ رىۋايەتنى مايىت ئەپەندى ئېيتىپ بەرگەن. مەممەت شانىياز (يازغۇچى) خاتىرىلىۋالغان. 1987 ـ يىل ئەتىياز پەسلىدە مەن شەرقىي شىنجاڭ رايونىغا ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىش خىزمىتى بىلەن كاماندىرۇپكىغا بارغىنىمدا يولداش مەممەت شانىياز بۇ رىۋايەتنى ماڭا ھەدىيە قىلغانىدى.

⑤ بۇ رىۋايەتنى تۇرپان ناھىيە مۇرتۇق يېزا تۆۋەن مەھەللىدە (بۇ مەھەللە بىزەكلىك غولىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان) ئولتۇرۇشلۇق قېيىم بوۋا ئېيتىپ بەرگەنىدى.

⑥ بۇ رىۋايەتنى مەن 1987 ـ يىل ئەتىياز پەسلىدە شەرقىي شىنجاڭ رايونىغا ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىش خىزمىتى بىلەن كاماندىرۇپكىغا چىققاندا، جىمسار ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان يولداش مەممەت ئەۋەيدۇل ئېيتىپ بەرگەنىدى.

⑦ « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىل 2 ـ سان 13 ـ بېتىگە قارالسۇن .

⑧ « قۇتادغۇ بىلىك » نىڭ  هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى بىلەن ترانسكرىپسىيىسى بىللە ئىشلەنگەن نۇسخىسىغا قارالسۇن . مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل نەشرى .

⑨ ⑩ « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىل 2 ـ سان 16 ـ بېتىگە قارالسۇن .

## ئىككىنچى پاراگراف  ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس يازما ئەدەبىيات نامايەندىلىرى

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دىنىي مەزمۇندىكى رەڭگارەڭ ئۆزلەشتۈرمە ـ تەرجىمە ئەدەبىيات بايلىقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە شۇنداقلا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك مول ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەقدارلىرى بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۇلۇغ پائالىيەتلىرى ، يارقىن تۇرمۇش كارتىنىلىرى ، ئاڭ ـ تەپەككۇر جەريانلىرىنى مەنبە قىلغان ئېسىل مىللىي ئەدەبىيات بايلىقىغىمۇ ئىگە ئىدى . بۇنداق مىللىي ئەدەبىيات بايلىقى قاتارىدا سانىلىدىغان ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ، ئۆز مۇھىتىدا ، ئۆز ئەدىبلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ـ ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئاساسى مەنبە قىلغان زور بىر تۈركۈم شېئىرلار ۋە ئەينى دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان « ئوغۇزنامە » داستانى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋارىسلىق قىلغان « ئىرق پۈتۈك » ( پال كىتابى ) قاتارلىق ئەسەرلەر كىرىدۇ .

### 1 . « ئىرق پۈتۈك »

« ئىرىق پۈتۈك » قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ، دۇنيا قارىشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە .

ھازىرغىچە ، « ئىرق پۈتۈك » نىڭ بىر قانچە نۇسخىلىرى

تېپىلغان. ئۇلارنىڭ بىرى ئا. ستەيىن تەرىپىدىن دۇڭخۇاڭدىكى بېزەكلىك (مىڭ ئۆي) دىن تېپىلغان نۇسخىسى، بۇ نۇسخا جەمئىي 104 پەتلىك بولۇپ، ھەر بېتىدە 40 تىن 70 گىچە رونا (ھەرپ) بار. بۇ نۇسخا كىچىك كىتابچە بولۇپ، مۇقاۋىسى سېرىق رەڭلىك، قېلىن جۇڭگۇ قەغىزىگە يېزىلغان. كىتابچىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 13.6 س. م، كەڭلىگى 8 س. م) ①.

يەنە بىرى، ئا. لىكوك تەرىپىدىن تۇرپاندىكى تۇيۇقتىن تېپىلغان نۇسخا (ھەر بەتتە 31 قۇر) ②.

«ئىرق پۈتۈك» نىڭ بۇ ئىككى نۇسخىسىنى بىرىنچى قېتىم دانىيىلىك تۈركولوگ ۋ. تومسېن ئېلان قىلغان (قەدىمكى ئۇيغۇر رونىك يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن تەبىرنامە ـ «ئىرق پۈتۈك» نى تەتقىق قىلىشتا ۋ. تومسېن كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان). بۇنىڭدىن باشقا تۈركىيىلىك ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە «ئىرق پۈتۈك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى بىلەن تۈركچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. يولداش ئىبراھىم مۇتئىي بۇ ئەسەرنىڭ («ئىرق پۈتۈك» نىڭ) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 ـ يىل 1 ـ سانىدا ئېلان قىلدى. يەنە رۇسچە «شەرق خەلقلىرىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدا بۇ ئەسەرنىڭ نەزمى ئەسەر ئىكەنلىكىنى شەرھلەش نۇقتىسىدىن ۋ. ئى ستىبلىۋامۇ بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

«ئىرق پۈتۈك» نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ئىچىدە، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغانلىقىنى، بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئۆز ئىچىمىزدە تېخى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەردىكى يۈزەكى مۇلاھىزىمىزنى قىسقىچە بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈرىيەت دەپ بىلدۇق.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئۇچرايدىغان چۈشكە

تەبىر ئېيتىش ئادەتلىرى، خەلق ئىچىدە چۈش تەبىرچىلىرىنىڭ بارلىقى؛ ئۆتكەن زامانلاردا پادىشاھ ـ خانلارنىڭ ئۆز ئوردىلىرىدا مەخسۇس تەبىرچىلەر تۇرغۇزۇپ، كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر ئېيتقۇزۇشى؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا ( بولۇپمۇ چۆچەكلەردە ) چۈش باياننىڭ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىشى؛ يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئورنىنىكى بولغان « قۇتادغۇبىلىك » تە مەخسۇس بىر بابتا چۈشكە تەبىر بېرىش ئۇسۇللىرىنىڭ شەرھلەنگەنلىكى، « ئىرق پۈتۈك » تەك قىممەتلىك ئەدەبىي ۋەسىقىمىزدە مەخسۇس چۈش تەبىرى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغانلىقى — ئۇيغۇرلارنىڭ چۈش توغرىسىدا، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ روھىي پائالىيەتلىرىنىڭ سىرى، ماھىيىتى ھەققىدە ئۇزۇن زامانلاردىن بېرىلا تەتقىقاتقا، ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئالىملار نۇرغۇن پەنلەرنىڭ ئەدەبىياتتىن « شاخلىنىپ » چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. يەنە بەزىلەر، ئەدەبىيات ئەڭ دەسلەپتە ئىنسانلارنىڭ چۈشلىرىنى خاتىرىلەش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. بىز بۇ يەردە ھازىرغىچە پەقەتلا چۈشنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزدا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنىلا نەزەرگە ئېلىپ تۇرىمىز.

نادانلىق دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بەكمۇ تۆۋەن سەۋىيىدە ئىدى. بۇ دەۋرلەر تەرەققىيات بەكمۇ ئاستا بولغان، ئىنسانلار گورۇھى قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدىكى قۇرۇلما ھالىتىدە ياشايتتى؛ بۇ دەۋر ئىنسانلىرىنى مۇئەييەن ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارالغاندىمۇ، لېكىن ئۇلاردا تەبىئەت كۈچلىرى ( بوران، گۈلدۈرماما، يامغۇر، چاقماق . . . ) تاغ، سۇ، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋان، قۇياش، ئاسمان . . . قاتارلىق شەيئىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەرقىنى ئايرىش، ئۆزلىرىنى چۈشىنىش ئاڭلىقلىقى كەمچىل ئىدى. ئۇلار تەبىئەتنى بەكمۇ سىرلىق چۈشىنەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەت بارلىقى ئۈستىدە تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى؛ ئۇلار چۈش كۆرۈشەتتى، چۈشلىرىدە ئۆزلىرىنى ۋە باش‐

قىلارنى كۆرەتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ تېنىنىڭ ئۇرۇغ كوللېكتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشەتتى. ئۇلاردا ئاجايىپ-غارايىپ خىياللار، سىرلىق تەبىئەتتىن قورقۇش ھېسىياتلىرى مەۋجۇت ئىدى، باشلانغۇچ جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرنى تەنىنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، جاننىڭ ھەرىكىتى، جان ئۆلمەيدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «يىراق قەدىمكى زامانلاردا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى پۈتۈنلەي بىلمىگەنلىكى ھەمدە چۈشىدىكى نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئارقىسىدا ئۇلاردا، تەپەككۇرىمىز بىلەن تۇيغۇمىز تېنىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى، بىر تۈرلۈك ئالاھىدە بولغان، تەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىدىغان جاننىڭ ھەرىكىتى ئىكەن، دەيدىغان ئىدىيە بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كىشىلەر مۇنداق جاننىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولدى. ئەگەر جان ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىپ، داۋاملىق ھايات تۇرىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىغا ئاساس قالمايدۇ؛ مۇنداق ئىدىيىنىڭ شۇ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ۋۇجۇتقا كېلىشى ھەرگىز بىر تۈرلۈك تەسەللى ئەمەس، بەلكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك تەقدىر ئىدى. شەخسلەرنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېتىقسىز ئويدۇرمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پەيدا بولۇشىغا دىنىي جەھەتتىكى تەسەللىنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نادانلىقتا تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت دەپ قارالغان جاننى تەن ئۆلگەندىن كېيىن زادى نېمە قىلىشنى بىلمەسلىكى سەۋەب بولغانىدى»③.

ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇ ئىپتىدائىي بىلىش نەتىجىلىرى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە فورمىدا، رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا، بەزىدە، چۈش شەكلى بىلەنمۇ ئېيتىلغانىدى. بۇ، ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ چۈشلىرىنى خاتىرىلەش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، دېگەن كۆز قاراشنىڭ

پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسى.

پەلسەپىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى زاماننىڭ ستىخىيىلىك ماتېرىيالىزمى ۋە ساددا دىئالېكتىكىسى، يېقىنقى زاماننىڭ مېتافىزىك ماتېرىيالىزمى ھەمدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەيدانغا كەلگەن ماركسىزملىق پەلسەپە پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىمىغان ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىش پائالىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئەنە شۇ قەدىمكى زاماننىڭ ستىخىيىلىك ماتېرىيالىزمى ۋە ساددا دىئالېكتىكىسىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ نامايەندىسى دەپ ئېيتىشقا بولسا كېرەك.

قەدىمكى زامان ماتېرىيالىزىمىغا خاس ساددىلىق ستىخىيىلىك خۇسۇسىيەت، مۇھىمى، بىۋاستە كۆزىتىشچانلىق بىلەن باغلانغاندى. ئىنسانلارنىڭ ئېيتىمدائىي بىلىش سەۋەبلىرى، يەنى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بوران، قار ـ يامغۇر، چاقماق، پەسىل ئۆزگىرىشلىرىنىڭ سىرلىرى؛ تاغ، دەريا، سۇ، ھاۋا، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبلىرى؛ ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىدىن تۇغۇلۇش ـ كۆپىيىش، ئۆلۈش ـ تۇگەش؛ بەختلىك تۇرمۇش ۋە پالاكەت ـ ئاپەتكە يۈزلىنىش... قاتارلىق مەسىلىلەردە پەقەت يۈزەكى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار كۈندىلىك ھاياتىدا دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بەزى ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، يۈراش سېزىمى، ئۇچۇش سۈرئىتى، ئۈزۈش ماھارىتى، زېرەك، چاققان، قۇۋ، ھوشيارلىقى دەسلەپكى ئاڭغا ئىگە بولغان ئىنسانلار نەزىرىدە ئۇلارنىڭ ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سىرلىق ئىقتىدارى بارلىقى ئوي ـ پىكرىنى پەيدا قىلغان. بۇنداق يۈزەكى، بىۋاستە كۆزىتىشچانلىق ئۇلارنىڭ ئېڭىدا مۇقەددەسلىك قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ھەقتە ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «مۇقەددەسلىك قاراشلىرىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىگە كەلسەك، بۇنى ئاتالمىش ئېپتىدائىي قەبىلىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ بەكمۇ قىزىقارلىق مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئەڭ دەسلەپتە ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئالغانمىز... يەنى بۇ مۇقەددەس نەرسە ھايۋان ئىدى»④.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇقەددەسلىك قاراشلىرى ئىنسانىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ، بىلىش تەرەققىيات تارىخىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ، كېيىنكى تارىخىي باسقۇچلاردىكى يېڭى بىلىش تەرەققىياتىدا ماتېرىياللىق رولىنى ئوينىغانىدى.

ئەدەبىياتىمىزدىكى توتېمغا باغلىنىدىغان مىف ـ ئەپسانە، رىۋايەتلىرىمىزدە، ئاساسەن، ئەنە شۇ مۇقەددەسلىك كۆز قاراشلىرى روشەن نامايەن بولىدۇ. كېيىنچە، خەلق چۆچەكلىرىدە ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئېغىر كۈنلەرگە، پالاكەتكە يولۇققان چاغلىرىدا ئۇچار ـ قانات، ھايۋاناتلاردىن مەدەت تىلەپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشتەك ئەپسانىۋى، رومانتىك تۈس ئالغان ۋەقەلىكلەرنىڭ بايان قىلىنىشىمۇ ئاشۇ مۇقەددەسلىك قاراشلىرىنىڭ راۋاجى ۋە كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاڭ ـ تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدە بىر قانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاڭ پائالىيەتلىرى ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان كەڭ كائىناتنى چۈشىنىشكە قارىتىلغان بولسا، ئىككىنچى قەدەمدىكى پائالىيەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى (يەنى قانداق يارىتىلغانلىقىنى) چۈشىنىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى ئاڭ ـ تەپەككۇر پائالىيىتى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئاڭ ـ پائالىيىتىگە ئاساس بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەيىنى تەبىئەتتىكى بارلىقلارغا مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ چۈشەندى، يەنى كۈن، ئاي، تاغ، دەريا، دەل ـ دەرەخ، ئۇچار قانات، ھايۋاناتلارنى ئۆزلىرىنىڭ «ئەجدادى» دەپ قاراشتى. بۇنداق ساددا چۈشەنچىلەر، ئەدەبىياتىمىزدا، ئەڭ دەسلەپتە چۈش شەكلىگە بىرىكتۈرۈلگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى.

بۇ يەردە شۇ نەرسىنى تەكىتلەش ھاجەتكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىئولوگىيە تەرەققىياتىغا خاس بولغان پەلسەپىۋىلىك قاراشلار «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىگىچە تېخى بىرەر «سىستېما» سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن ئەمەس. 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن

بولسا، ئەدەبىياتىمىزدا ئەجدادلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ خېلى ئەتراپلىق، چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنى «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىپادىلەنگەن كەڭ مەزمۇنلار مۇنازىرىسىز ھالدا دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. ھالبۇكى، «ئىرق پۈتۈك» نىڭ ئەدەبىي ۋەسىقىلىك رىمىز ئىچىدە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇشى، تۇركولوگ نوپۇزلۇقلىرىنىڭ بۇ ئەسەرگە شۇ قەدەر مەھلىيا بولۇشلىرىمۇ ئەنە شۇ نۇقتىدىن بولسا كېرەك.

مۇشۇ پاراگرافىمىزنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «ئىرق پۈتۈك» نىڭ ئىككى خىل نۇسخىسىنى (يەنى دانىيىلىك تۇركولوگ ۋ. تومسېن تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان نۇسخىلار) يولداش ئىبراھىم مۇتئى ئۆلارنىڭ يېزىق شەكلى ۋە تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلىنىپ 9 ــ ئەسىرگە تەئەللۇق ئەدەبىي ۋەسىقە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ۋ. تومسېن «ئىرق پۈتۈك» نىڭ (يەنى «ئىرق پۈتۈك» نىڭ 104 قۇرلۇق نۇسخىسىنىڭ، بۇنى يولداش ئىبراھىم مۇئتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان) پىروزا شەكلى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ۋ. ئى. ستىبلىۋا بولسا بۇ ئەسەر تېكىستىنىڭ كۆلتېكىن، تۇنيۇقۇق ۋە بىلگە خاقان توغرىسىدىكى ئابىدىلەرنىڭ تېكىستلىرىگە ئوخشاش، دېگەن كۆز قاراش بىلەن تېكىستتىكى «بېيىتلار» نىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشىنى ئاللىتېراتسىيە ① سىستېمىسى بويىچە بېرىلگەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، «ئىرق پۈتۈك» نى نەزمى ئەسەرلەر قاتارىغا قويىدۇ، بۇ خىل كۆز قاراشنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار، چۈنكى، 8 ــ، 9 ــ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئورخون تاش ئابىدىلىرى بىلەن تۇرپان تېكىستلىرىنىڭ ئىپادىلەش شەكلىدە بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب بولۇپ، بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدىلىكى بىرىنچىدىن، شېئىر ــ جۈملىلەر رىتىملىق، سىنتاكتىك پاراللېلىزم تەرتىپىدە بولغان بولسا، ئىككىنچىدىن، مىسرالاردىكى سۆز ياكى بوغۇملار ئاساسەن ئاللىتراتسىيىلەنگەن. مېنىڭچە، «ئىرق پۈتۈك»

---

① ئاللىتېراتسىيە ــ شېئىر مىسرالىرىدا سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ باش ھەرپىنىڭ ئوخشاش ياكى ئاھاڭداش تاۋۇشلار بىلەن كېلىشى.

نىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىنى نەزمى خاراكتېرى كۈچلۈك، دەپ قاراش بىر قەدەر مۇۋاپىق.

«ئىرق پۈتۈك» مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك دەرىجىسى جەھەتتە بولسۇن، 9 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئەدەبىي ۋەسىقىلىرىمىز ئىچىدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى، تۆۋەندە بىز «ئىرق پۈتۈك» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

«ئىرق پۈتۈك» تە جەمئىي 65 چۈش تەبىرى خاتىرىلەنگەن. چۈش تەبىرىنىڭ خۇلاسىسى ھەربىر تەبىرىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت «بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ. بىلىڭلەركى، بۇ يامان» دېگەن ئىخچام سۆز-لەر بىلەنلا ئىپادە قىلىنىدۇ. «ئىرق پۈتۈك» تىكى 65 چۈش تەبىرىنىڭ ئوتتۇز توققۇزىغا «ئەزگۈ» (ياخشىلىق)، ئون سەككىزىگە «يابلاقدۇر» (يامانىدۇر) خۇلاسىسى بېرىلىپ، ئالتە چۈش ھۆكۈمسىز قالدۇرۇلىدۇ. مۇشۇ نىسبەتتە «ياخشى، يامان» دەپ ھۆكۈم قىلىنغان 65 پال ئۆز ئىچىگە تۆۋەندىكىدەك مول مەزمۇنلارنى ئالغان:①

1. «ئىرق پۈتۈك» تە تىلغا ئېلىنغان ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ تۈرلىرى: ① ئات — تۇغ ئات، ھۇرۇن ئات، سېمىز ئات، ئورۇق ئات، يېغىر باسقان ئات؛ قارىغۇ ئات، مىنىش ئېتى، سېرىق ئات، ئاق ئات، ئالا ئات؛ ئايغىر، بايتال، قۇلۇن. ② قۇش — قارا قۇش، تو-غان قۇش؛ لاچىن — دەريا لاچىنى، دالا لاچىنى؛ ھۆپۈپ، كاككۇك، تۇرنا، تورغاي، قۇزغۇن. ③ تۆگە — تېتىر، ھىنگان، بوتىلاق. ④ ئېيىق. ⑤ توڭغۇز. ⑥ يىلان. ⑦ يولۋاس. ⑧ كالا ـ ئۆكۈز، سېيىر، مۇزاي. ⑨ بۆرە. ⑩ قوي. ⑪ چۈمۈلە. ⑫ توشقان. ⑬ تۈلكە ⑭ كېيىك. ⑮ بۇغا.

---

① «ئىرق پۈتۈك» نىڭ تولۇق تېكىستىنى بۇ يەردە ئالدى بىلەن بېرىشنى لازىم تاپمىدۇق. چۈنكى تۆۋەندە مىساللاردا ئېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىتابخانلار «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 ـ يىل 1 ـ سان 174 ـ بېتىگە قارىسا بولىدۇ.

« ئىرق پۈتۈك » تە خاتىرىلەنگەن 65 پالدا يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ھايۋانات، جانىۋار ــ پەرەندىلەر 47 يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ.

2. « ئىرق پۈتۈك » تە تىلغا ئېلىنغان تۇرمۇش پائالىيەتلىرى ۋە ھادىسىلىرى:

① ئوۋ قىلىش ــ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوۋغا چىقىشى، خاقاننىڭ ئوۋغا چىقىشى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئوۋ قىلىشى. ② ئۇرۇش قىلىش. ③ ئويۇن ــ تاماشا، بەزمە قۇرۇش. ④ قۇربانلىق قىلىش. ⑤ ئۆي كۆچۈش. ⑥ ئۆكۈزنى سابانغا قوشۇش. ⑦ قىمار ئويناش. ⑧ ئوغرىلىق. ⑨ كەمبەغەللىك باللىسىنىڭ ئوقەت قىلىشى. ⑩ ئوت كېتىش. ⑪ كىگىز پىشۇرۇش. ⑫ ئاتنى تەتۈر كىشەنلەش. ⑬ تەگىردىن بەخت ــ سائادەت تىلەش. ⑭ قوزغۇننى باغلاش. ⑮ قۇش ــ ھايۋانلارغا تۇزاق قۇرۇش. ⑯ ئاتقا تەرلىك يېپىش ۋە ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈش.

3. « ئىرق پۈتۈك » تە تىلغا ئېلىنغان جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم ــ ئاتالغۇلار:

① دېڭىز. ② ئارت ( داۋان )، ③ تاغ. ④ قومۇشلۇق. ⑤ يول ⑥ دەرەخزارلىق. ⑦ سۇ. ⑧ يايلاق. ⑨ قىشلاق. ⑩ ئاسمان ⑪ يەر ــ زېمىن. ⑫ كۆل ⑬ پاتقاقلىق. ⑭ دەريا. ⑮ يېشىل، قىزىل قىيا. ⑯ كۆلچەك.

4. « ئىرق پۈتۈك » تە ئېيادىلەنگەن دەرەخ تۈرلىرى:

① چىنتەن ( سەندەل ) دەرىخى. ② تېۋىلغا. ③ ياغاچ. ④ توغراق.

5. « ئىرق پۈتۈك » تە ئېيادىلەنگەن رەڭ تۈرلىرى: ئاق، قارا، قىزىل، يېشىل، ئالا، ئالا تاغىل، بوز، تۇم قارا، كۆك بوز.

6. « ئىرق پۈتۈك » تە بايان قىلىنغان تەبىئەت ھادىسىلىرى:

قار، يامغۇر يېغىش، تاڭ ئېتىش، كۈن چىقىش، ئاسمان تۇتۇلۇش، ھاۋا سوزۇلۇش ( ئېچىلىش )، تۇمان پەيدا بولۇش، توزان كۆتۈرۈلۈش، ئاشلىق پىشىش، ئوت ــ چۆپ ئۈنۈش، سۇنىڭ مۇز تو-

تۈشى ، ياز پەسلى .

7 . « ئىرق پۈتۈك » تە تىلغا ئېلىنغان ھاياتلىق ھادىسىلىرى :

تۇغۇلۇش ـ كۆپىيىش ، گۈللىنىش ـ ئاۋات بولۇش ، خاراب بولۇش ـ يوقىلىش ، ئۆلۈش ، بەختلىك بولۇش ـ ئاسايىشلىق ، سەرسان بولۇش ، بەمبرىش ۋە ئورۇقلاش ، تۇزاققا چۈشۈش ، ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ، مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىش ، دىدار كۆرۈشۈش .

8 . « ئىرق پۈتۈك » تە ئىپادە ئېتىلگەن پىسخىك ھالەتلەر :

يىغلاش ، خۇشاللىنىش ، قورقۇش ، يېلىنىش ، ئۆتۈنۈش ، مۇڭلىنىش ، غەمگە پېتىش ، تىلەك ، ئۈمىت ، بىچارىلىك ، رەھىم قىلىش ، قۇت ئاتا قىلىش ، مەغرۇرلىنىش ، كۆڭۈل ئېچىش ، ئاچچىقلىنىش ، تەسەللى بېرىش .

9 . « ئىرق پۈتۈك » تە تىلغا ئېلىنغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى :

ئوردا ـ ساراي ، ئالتۇن تەخت ، ئۆي ( كىگىز ئۆي ) ، ياغلىق قاچا ، مىنىش ئېتى ، يىلقا ، تۆگە ، قوي ـ كالا پادىلىرى ، ئۇزۇن تون ( چاپان ) ، كۆزگۈ ( ئەينەك ) ، بۇقۇسا ( ساپان ) ، ئىدىش ، قاچا ، چىلەك ، ئوقيا ، ئارغامچا .

10 . « ئىرق پۈتۈك » تە ئىنسانلارنىڭ تەبىقىلەرگە ۋە تۈرلەرگە ئايرىلىشى :

پادىشاھ ، بەگ ، ساۋچى ( خەۋەرچى ) ، ئەلچى ، باي ، كەمبەغەل ، باتۇر ئەر ، تەڭرىلىك موماي ( قېرى ئايال ) ، ئۇزۇن تونلۇق ئايال ، قۇل ، يۇرت كاتتىلىرى ـ ئاقساقاللار ، دىندارلار ، ئاتا ـ ئانا ، كىچىك بالا ، باتۇر يىگىت ، بەگ ئەر ، قۇنچۇي ( مەلىكە ) ، كېلىنچەك .

11 . « ئىرق پۈتۈك » تە ساددا دىئالېكتىك چۈشەنچىلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى :

زۆرۈرىيەت ۋە تەسادىپىيلىق ، سەۋەب ـ نەتىجە ، تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ھەر تۈرلۈك بولۇشى . . . قاتارلىقلار .

يۇقىرىدا « ئىرق پۈتۈك » تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كەڭ مەزمۇنلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق . ئاپتور بۇ مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكى

چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىدۇ:

1) «ئىرق پۈتۈك» تە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلاردىن بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق دۆلەت ئاپپاراتى قۇرغان دەۋرلىرىدە قالدۇرغان ئىجتىمائىي ۋە ئاڭ - تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنىڭ خاتىرىسى، دەپ چۈشىنىش ئىمكانىيىتى كۆرۈلىدۇ. بۇنى «ئىرق پۈتۈك» تە ئەكس ئەتكەن خان - پادىشاھ، بەگ، ئەلچى، باي؛ ئوردا - ساراي، تەخت؛ قۇل؛ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرى، كىشىلەرنىڭ تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشى؛ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سودا - سېتىقنىڭ تىلغا ئېلىنىشى... قاتارلىق مەزمۇنلار دەلىللەيدۇ.

2) «ئىرق پۈتۈك» تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلاردىن ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىدىن كۆپ خىل ئىگىلىكنى بايقايمىز. بۇنداق كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، «ئىرق پۈتۈك» تە ئۇزاق بىر دەۋرنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرسەك، يەنە بىر جەھەتتىن فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى ناتورال ئىگىلىكنىڭ ئىزناسىنى كۆرىمىز.

3) «ئىرق پۈتۈك» تە ئىپادىلەنگەن تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرلىرى، ئۇچار - قاناتلارنىڭ خىللىرى، چارۋا تۈر كۈملىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، دەرەخ تۈرلىرى، ئوۋچىلىق بايانلىرى... قاتارلىق مەزمۇنلار ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ ئەينى دەۋردە ياشىغان تەبىئىي مۇھىتىنى، يەنى يايلاق - دالا ھاياتى دەۋرلىرىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.

4) «ئىرق پۈتۈك» تە تەگرىدىن بەخت - سائادەت تىلەش، ھەر نەرسىنىڭ تەقدىرىنىڭ ھەرخىل قىسمەتتە بولىدىغانلىقى چۈشەنچىسى، «ئۈچ مەۋجۇدات» دېگەن دىنىي ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىنىشى... قاتارلىق جەھەتلەردىن («ئىرق پۈتۈك» تە «ئاق ئات» ئۇقۇمى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇ ئۇقۇم شامان دىنى چۈشەنچىسىدىكى «ئۇرۇش ئىلاھى» نىڭ مىنىدىغان ئېتى ئاق ئات، دېگەن مەنىگە باغلىنىدۇ) ئەجدادلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى دىنىي ئىدىيىۋى ھالەتلىرى

ۋە سەۋيىسىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن.

5) «ئىرق پۈتۈك» تە ئىپادىلەنگەن پسىخىك ھالەتلىرىدىن ئەينى زامانلاردا ئەجدادلارنىڭ ئىنسانىنىڭ روھىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىچكى دۇنياسى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ئالاھىدىلىكى، ئىقتىدارىنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن بەدىئىي خاتىرە قالدۇرغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

6) «ئىرق پۈتۈك» تە تىلغا ئېلىنغان بايلىق ـ كەمبەغەللىك، پايدا ئېلىش، ئوقەت قىلىش، پاراۋان تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتەك ئىدىيىۋى ھالەتلەردىن ئەجدادلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ناھايىتى ئىلگىرىدىنلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، بۇنداق تونۇشنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك قارىشى كۈچەيگەن دەۋرلەرگە، يەنى فېئودالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

7) «ئىرق پۈتۈك» تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلاردىن ـ باتۇرلۇققا، غالىبلىققا مەدھىيە ئوقۇش، كۈچلۈكلۈكنى ياقتۇرۇش؛ ئاجىز ـ بىچارىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىش؛ ئىتتىپاقلىقنى ئەلا بىلىش، ئەدەب ـ ئەخلاقلىق بولۇشنى ياخشىلىقنىڭ مەنبەيى دەپ ھېسابلاش؛ ۋەيرانچىلىق، خارابلىشىش، ئۇرۇش قىلىشلارنى يامانلىق مەنبەسى دەپ تونۇش؛ ئەلنىڭ تىنىچ ـ ئامان، ئاسايىشلىقتا ئۆتۈشىنى، گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلىش؛ ئاياللارنىڭ ئوغۇل تۇغۇشىنى، ماللىرىنىڭ ئەركەك تۇغۇشىنى بەختلىك بولۇشنىڭ ئاساسى دەپ چۈشىنىش... قاتارلىقلاردىن بىز ئەجدادلارنىڭ ئەينى زامانلاردىكى ئومۇمىي پسىخىكىسىنى جۈملىدىن پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى، بەخت قارىشىنى مەلۇم دائىرىدە چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت تاپىمىز.

8) «ئىرق پۈتۈك» تە ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش بويۇملىرىدىن ئەجدادلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشكە دائىر ئېتنوگرافىيە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولالايمىز.

«ئىرق پۈتۈك» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ناھايىتى كەڭ ھەم

چوڭقۇردۇر ، بۇ ھەقتە يۇقىرىقىدەك مۇلاھىزە بىلەن كىتابخانلارنى قايىل قىلىش تەسەۋۋۇردىن تولىمۇ يىراق . « ئىرق پۈتۈك » ھەققىدە شۇنداق دېيىش مۇبالىغە ئەمەسكى ، بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلىك قەدىمكى ھايات تارىخىنىڭ مىكرولاشتۇرۇلغان بەدىئىي خاتىرىسىدۇر . تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر بولغان ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرۈشى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلانغۇسى .

ئەنە شۇنداق يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بۇ ئەسەرنىڭ مول مەزمۇنىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان . بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كۆرۈلىدۇ :

1 . « ئىرق پۈتۈك » نىڭ تېكىستىمۇ خۇددى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بەزى ۋەسىقىلىرىمىزدىكىگە ( مەسىلەن ، كۆلتېكىن ئابىدىسى ، تۇرپان تېكىستلىرىگە ) ئوخشاش ، بېيىتلارنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشى ئاللىتېراتسىيە سىستېمىسى بويىچە تۈزۈلگەن . « ئىرق پۈتۈك » ئاپتورنىڭ ( ئاپتورى ھازىرغىچە بىزگە نامەلۇم ) بىر قاتار ئاللىتېراتسىيەلەنگەن سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب بويىچە بەلگىلىك ئېستېتىكىلىق قائىدىلەرگە رىئايە قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ .

مەسىلەن ، 81 ـ ، 82 ـ قۇرلارغا پۈتۈلگەن پالدا :

بوز بۇلىت يۇرىدى ،
بۇدۇن ئۇزە ياغدى .
قارابۇلىت يۇرىدى ،
قامىغ ئۇزە ياغدى .

( يەشمىسى : بوز بۇلۇت پەيدا بولۇپ ، كىشىلەر ئۈستىگە ( يېغىن ) ياغدى . قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ ، ھەممە ئۈستىگە ( يېغىن ) ياغدى . . . )

بۇ پالنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى « بوز » ئىككىنچى مىسراسىدىكى « بۇدۇن » بىلەن ، ئۈچىنچى مىسرادىكى « قارا » تۆتىنچى مىسراسىدىكى « قامىغ » دېگەن سۆز بىلەن ئاللىتېراتسىيەلەشتۈرۈلگەن ( بۇنداق

مىساللارنى « ئىرق پۈتۈك » تىن تۆرغۇن كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت بىر مىسال بىلەنلا كۇپايىلەندۇق ).

2. « ئىرق پۈتۈك » نىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن مۇنداق تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئادەم ۋە ھايۋاناتلار ھاياتىدىن ئېلىنغان رېئال كۆرۈ-نۈشلەر.

ئىككىنچى، تەبىئەت تەسۋىرلىرى.

ئۈچىنچى، ئەپسانىۋى تۈس ئالغان سۈژىتلار ۋە رىۋايەت تىپىدىكى سۈژىتلار.

تۆتىنچى، ھېكمەتلىك ئىبارىلەر.

3. « ئىرق پۈتۈك » تە تەبىئەت تەسۋىرلىرى ئادەملەرنىڭ پىسخىك ھالىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا بېرىلگەن. مەسىلەن:

79 ـ، 80. ئەر پۇشۇقلۇق ( غەمكىن )، ئاسمان بۇلۇتلۇق بولدى. شۇ ئارىدا كۈن چىقىپ، ئىچ پۇشۇقى ئارىسىدا خۇشاللىق يۈز بېرىپتۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.

4. « ئىرق پۈتۈك » تە يەنە ئەپسانىۋى تۈس ئالغان بايانلار ۋە خەلق چۆچەكلىرىگە خاس گۈزەل ئېپىزوتلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. خەلق چۆچەكلىرىگە خاس ئېپىزوتتىن بىر مىسال:

52 ـ، 53 ـ، 54. ئەر ( ئادەم ) سوقۇشقا بېرىپتۇ، يولدا ئېتى ھېرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا تۇرنا قۇش ئۇچراپتۇ. تۇرنا ئۇنى قانىتىغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئا-نىسى يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى بەك خۇشال بولۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

خۇلاسىلىغاندا، « ئىرق پۈتۈك » تىكى چۈش تەبىرلىرىنىڭ مەز-مۇنىنىڭ قويۇق رېئال تۇرمۇش ئاساسىغا باغلانغانلىقىنى، شەكىل جەھەتتىكى يۇقىرىقىدەك بەدىئىي ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ ئەسەرنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس يەرلىك مىللىي ئەدەبىياتنىڭ قىممەتلىك بىر نامايەندىسى دەپ ئېيتىمىز.

ۋاھالەنكى، بۇ ئەسەر ئۇستىدىكى تەتقىقاتىمىز ئېتنوگرافلار، ئەدەبىياتشۇناسلار، تىلچىلار، تارىخچىلار، پسىخولوگلار، جۈملىدىن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يۇكسەك ئېتىبارغا قويۇلمىدى. ھېلىھەم بۇ ھەقتە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي بولمايدۇ.

## 2. «ئوغۇزنامە»

«قەھرىمانلىق ھەققىدىكى مەشھۇر ئېپوس «ئوغۇزنامە» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى ھايات تارىخى ئوبرازلىق خاتىرىلەنگەن. «ئوغۇزنامە» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسىدىن ۋە بەدىئىيلىكى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەزىنىسىدىكى نادىر ئۆلگىلەرنىڭ بىرىدۇر. بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان «ئوغۇزنامە» نىڭ بىر قانچە نۇسخىسى بار. بىرى 13 ـ ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىدا قەلەمگە ئېلىنغان ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا پۈتۈلگەن تۇرپان نۇسخىسى، ئىككىنچىسى، ئىرانلىق تارىخچى راشىددىن فەزلۇللاخ (1247 ـ 1318 ـ يىللار) نىڭ «جامىئۇتتە ۋارىخ» ناملىق ئەسىرىگە ئېلىنغان نۇسخىسى. ئۈچىنچى، خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان (1603 ـ 1664 ـ يىللار) نىڭ «شەجەرەئى تۈرك» (تۈركىي خەلقلەر شەجەرىسى) دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن نۇسخا. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى تارىخىي كىتابلارغىمۇ «ئوغۇزنامە» نىڭ پارچىلىرى ـ ئېپىزوتلىرى ئېلىنغان.

«ئوغۇزنامە» نىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى قول يازمىسى ئەنە شۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان تۇرپاندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىرماش شەكلى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا 21 ياپراق 42 بەت، ھەر بېتى 9 قۇر خەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ قول يازما نۇسخا ھازىر

فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى « پۇخرالار كىتابخانىسى » ( Biblio heque Naitonale ) دا ساقلانماقتا ⑤

« ئوغۇزنامە » نى جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەر — يونانىنىڭ « ئىلئادا » ، « ئودىسسا » سى ، ئىرانىنىڭ يېگانە ئەسىرى « شاھنامە » داستانى ، ھىندىستاننىڭ « ماخابخاراتا » ۋە « رامايانا » سى ، ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەردىن زاڭزۇ خەلقىنىڭ « گېسارۋاڭ قىسسىسى » ، قىرغىز خەلقىنىڭ « ماناس » داستانى ، ئۆيرات موڭغۇللىرىنىڭ « جاڭغىر » داستانى . . . قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر قاتارىغا قويۇشقا بولىدۇ .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىنى ، ئېتمولوگىيىسىنى مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلدە ئىخچام ئىپادىلەپ بەرگۈچى تارىخىي ھۆججەت - « ئوغۇزنامە » ، ئۇزۇن تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېغىزدىن ئېغىزغا ، نەسلىدىن نەسلىگە ، دەۋردىن دەۋرگە مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ ، خەلقىمىزنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭگەن مەنىۋى ئوزۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن . ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ داستان مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ تولۇقلانغان ، 13 - ئەسىرگە يەتكەندە بولسا تۇرپاندا قەلەمگە ئېلىنغانىدى .

« ئوغۇزنامە » داستانى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىلمىي قىممىتى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا قىزىققۇچى غەيرىي تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، « ئوغۇزنامە » ئەمگەكچان ، پاراسەتلىك ، باتۇر كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق تارىخىنى ، ئېتنوگرافىيىسىنى ، دىنىي ئەھۋالىنى ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ، چۈشەنچىلىرىنى ، ئەنئەنىسىنى ، تىل ، ئەدەبىياتىنى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش كارتىنىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم بىر ھۆججەت سۈپىتىدە تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىقىدۇر . بۇ داستاننىڭ پەقەت ئەدەبىيات جەھەتتىكى قىممەتى ئالاھىدىلىكى ھەققىدە

گېرمانىيە فېدېراتسپ جۇمھۇرىيىتى ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەشھۇر تۈركولوگ ئا. ۋ. گابائىن خانىم مۇنداق دەيدۇ: «... ھازىر سۈرىتى بىلەن ساقلانغان ‹ ئوغۇزخان › داستانى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن بىر بەخت، بۇ ئەسەر ئاددىيغىنا بىر ئوقۇپ قويۇش دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغىنى يوق، كىتابتا شېئىرىي چۈپلۈك ۋە ئوبرازغا دائىر سۆزلەر كىشىنى ئۆزىگە تارتىدۇ، بەزى سۆزلەر رىتىملىق ئاھاڭغا ئوخشاش قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ» ⑧ دەپ يازىدۇ. مانا بۇ «ئوغۇزنامە» توغرىسىدا بىرلا نۇقتا ئۈستىدە دېيىلگەن سۆزىدىن بىز بۇ ئەسەرنىڭ قانچىلىك قىممەتكە ئىگە ئەسەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

«ئوغۇزنامە» نىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى تۆۋەندىكىچە:

باتۇر ئوغۇز تۇغۇلۇشى بىلەنلا، ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ، قىرىق كۈندىن كېيىن، ئۇ چوڭ ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى غەلىتە بولۇپ، كۆك يۈزلۈك، قىزىل ئېغىزلىق، قىزىل كۆزلۈك، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان، ئۇنىڭ پۇتى بۇقىنىڭكىدەك، بېلى بۆرىنىڭكىدەك، مۈرىسى يىلپىزنىڭكىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك، باتۇر ئوغۇز، ئادەم ۋە ھايۋانلارنى يالماپ، ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگۈچى قىيئات (تاق مۈڭگۈزلۈك يىرتقۇچ ھايۋان) نى ئۆلتۈرىدۇ. بىر كۈنى ئوغۇز بىر يەردە، تەڭرىگە تاۋاپ قىلىۋاتقىنىدا، ئاسماندىن بىر شولا چۈشىدۇ، ئۇ شولا ئايدىنمۇ يورۇق، كۈندىنمۇ نۇرلۇق. شولا ئىچىدە بىر قىز بولۇپ، تەنھا ئولتۇرغان. بۇ قىز شۇنداق گۈزەلكى، ئۇ كۈلسە، تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا، تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز بۇ قىزغا كۆيۈپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ، تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئىسىم قويىدۇ.

بىر كۈنى ئوغۇز بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى بىر قىزنى كۆرۈپ قالىدۇ، بۇ قىزمۇ ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، «كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆك، چېچى ئېقىپ تۇرغان سۇدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى». ئوغۇز بۇ قىزغىمۇ ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىمۇ ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. بۇ ئايال

دىنمۇ ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆك ، تاغ ، دېڭىز دەپ ئات قويىدۇ .

باتۇر ئوغۇز دۆلەتنىڭ خاقانى بولىدۇ ، شۇنىڭدىن كېيىن ، ئوغۇزخان بوي سۇندۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . شەرق ( ئوڭ تەرەپ ) تە ئالتۇنخان بوي سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ، غەرپ ( سول تەرەپ ) تەرىم پادىشاھى قارشىلىق قىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلىدۇ . بىر كۈنى ئەتىگەندە ، ئۇلار مۇز تاغ ئېتىكىدە ئاۋۇل تىكىپ ئولتۇرغىنىدا ، چوڭ بىر كۆك بۆرە شولا ئارىسىدىن پەيدا بولىدۇ . بۇ كۆك بۆرە ئۆزلۈكىدىن ئوغۇز قوشۇنىغا يول باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئىتىل ( ۋولگا ) دەرياسى بويىدا ئىككى تەرەپ قوشۇنى جىددىي جەڭ قىلىدۇ ، ئوغۇز خاقان يېڭىدۇ ، رىم پادىشاھى مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ .

ئوغۇز خاقان يەنە جۇرجىتنى بوي سۇندۇرىدۇ . ئاندىن كېيىن ، سىندۇ ( ھىندىستان ) نى ، تاڭغۇتنى ، سۇرىيىنى ، بارقاننى بوي سۇندۇرىدۇ .

« ئوغۇزنامە » ئېپوسىنىڭ ئاخىرىدا ، ئوغۇز خاقان 40 كېچە - كۈندۈز كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ . يۇرتنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ . ئۇ ئۈچ ئوغلىغا شەرقنى ، ئۈچ ئوغلىغا غەربنى بۆلۈپ بېرىدۇ ھەمدە ئالدىنقى ئۈچ ئوغلىغا ئالتۇن يانى ، كېيىنكى ئۈچ ئوغلىغا كۈمۈچ ئوقنى بېرىدۇ . ئۇ ئوغۇللىرىغا نەسىھەت قىلىپ ، « يا ئوقنى توغرىلايدۇ » ، « ئوق ياغا بوي سۇنۇشى كېرەك » دەيدۇ .

« ئوغۇزنامە » نىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ :

بىرىنچى بۆلىكى ، ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ( ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇشىدىن باشلاپ ) . ئوغۇزنىڭ خاقان بولغىنىغا قەدەر ، ئىككىنچى بۆلىكى ، ئوغۇز خاقاننىڭ ئۆزىنىڭ سوزۇلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە غەلىبىلىك ئۇرۇش تارىخى بايان قىلىنغان تەپسىلاتلار ، ئۈچۈنچى بۆلىكى ، ئوغۇز خاقاننىڭ ۋەزىرى ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈش كۆرۈشىدىن تارتىپ ، ئوغۇز خاقاننىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بولغان زېمىنلارنى ئوغۇللىرىغا

بۆلۇپ بەرگەنلىكىگە قەدەر، يەنى داستانىنىڭ ئاخىرقى ئېپىزوتلىرى.

«ئوغۇزنامە» نى مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق ئىككى قىسىمغا بۆلۇش مۇمكىن:

بىرىنچى قىسىمدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ۋە قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئەكس ئېتىلگەن.

مەسىلەن، ئوغۇزنىڭ ئاسمان ئىلاھىنىڭ قىزى، دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرغان قىز بىلەن توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇشى؛ ئوغۇللىرىغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە كۆك، تاغ، دېڭىز دەپ ئات قويۇشى؛ مۇراسىم مەيدانىغا تىكىلگەن ياغاچنىڭ بىرىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، بىرىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ ئاسقانلىقى، بىرىنىڭ تۈۋىگە قارا قوي، بىرىنىڭ تۈۋىگە ئاق قوي باغلىغانلىقى؛ كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى... قاتارلىق يۇقىرىقى مەزمۇنلار دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئىككىنچى قىسىمدا، ئوغۇز خاقانىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەربىي پائالىيەتلىرى بىلەن باغلىنىدىغان نۇرغۇن ۋەقەلىكلەر مەلۇم دەرىجىدە بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن. بۇ قىسىمدا نۇرغۇن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامى ۋە بۇ نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى رىۋايەت تۈسى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

ئوغۇز خاقان ئۇرۇش جەريانىدا، ئۆزىگە قاراشلىق ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاشۇ قەبىلىلەرنىڭ نامى ۋە ئالاھىدىلىكى ئاساسەن شۇ قەبىلىگە ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان قەبىلە بەگلىرىنىڭ مۇھىم تۆھپىسى ۋە پائالىيىتى بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئوغۇزخان لەشكەرلىرى دەريادىن ئۆتۈشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. بۇ چاغدا لەشكەر ئارىسىدىكى ئۇلۇس ئوردا دېگەن بەگ دەريا بويىدىكى تال ـ ياغاچلارنى كېسىپ، ئۇنىڭدىن سال ياساپ، لەشكەرلەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شاتلانغان ئوغۇزخان: «ھەي، سەن بۇ يەرگە بەگ بولغىن، قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىپچاق قەبىلىسىنىڭ نامى چۈشەندۈرۈلىدۇ. قولۇپلانغان ئالتۇن ئۆينى يەم بىلەن ئاچقان

كىشىگە بېرىلگەن « قال ئاچ » سۆزى بىلەن قالاچ قەبىلىسىنىڭ نامى چۈشەندۈرۈلسە ، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى توشۇشتا ئەقىل ئىشلىتىپ هارۋا ياسىغان بارماقلىق جۇسۇن بىلىگ ئۈستىگە « قانغالۇق » دېگەن نام بېرىلىش بىلەن قاڭلى قەبىلىسىنىڭ نامى چۈشەندۈرۈلىدۇ . . .

قىسقىسى ، « ئوغۇزنامە » نىڭ بۇ قىسمىدا بايان قىلىنغان قەبىلە ناملىرى ياكى دۆلەت ناملىرى بولسۇن ، بۇلار مەلۇم دەرىجىدە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زامانلاردا ئۆز ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرى ۋە باشقا مىللەتلەرگە بولغان چۈشىنىشى ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ بەدىئىي ۋاسىتە بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

« ئوغۇزنامە » ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ دۇردانىلىرىدىن بىرى ، ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ، تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ موللۇقى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى يۇكسەك بەدىئىيلىكى بىلەنمۇ قىممەتلىكتۇر . « ئوغۇزنامە » گەرچە نەسرىي شەكىلدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئەسەر بولسىمۇ ، لېكىن بەزى ئېپىزوتلار نەزمى شەكىلدىمۇ ئېلىنغان . مەسىلەن :

مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان ،
ئالالىڭ يا تاقى قالقان ؛
تامغا بىزگە بولسۇن بۇيان ،
كۆك بۆرى بولسۇنغىل ئۇران ؛
تەمۇر يىدالار بول ئورمان ،
ئاۋ يەردە يۈرسۇن قۇلان ؛
تاقى تالۇي تاقى مۇرەن ،
كۈن تۇغ بولغىل كۆك قۇرىقان .
( ئەسلى تېكىستىنىڭ 96 — 102 - قۇرلىرى )

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان ،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان .
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان ،
كۆك بۆرى بولسۇن هەم ئۇران .

تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،
ئوۋلۇقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران.
ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن،
قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.

مانا بۇ ئابزاس سەككىز بوغۇملۇق شېئىر شەكلىدە كەلگەن ھەمدە ئاخىرقى مىسرالىرى قاپىيىلەشكەن بولسا، تۆۋەندىكى بىر ئابزاس 13 بوغۇملۇق شېئىر شەكلىگە ماس كېلىدۇ:

ئاي قاغۇنۇم سەنگە ياشاغۇ بولسۇنغىل ئۇزۇن،
ئاي قاغۇنۇم سەنگە تۆرۈلۈك بولسۇنغىل تۈزۈن؛
بەنگە كۆك تەڭرى بەردى چۇشۇمدە كەلتۈرسۇن،
تالۇي يۈرۈر يەرنى ئۇرۇغۇڭغا بەردۈرسۇن.
(ئەسلى تېكست 323 — 327 - قۇرلار)
(ئەي خاقانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن،
ئەي خاقانىم، سېنىڭ ئەل - نىزامىڭغا ئادالەتلىك يار بولسۇن.
كۆك تەڭرى چۈشۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت،
ئىشغال قىلغان يەرلىرىنى ئۇرۇغىڭغا بۆلۈپ بەرسۇن دەپ.

بۇنىڭدىن باشقا، «ئوغۇزنامە» دە شېئىرىي رىتىمدارلىق ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر مۇنچە جۈملىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
ئوشۇل ئوغۇلنىڭ ئۆڭلۈكى چىراغى كۆك ئەردى،
ئاغزى ئاتاش قىزىل ئەردى،
كۆزلەرى ئال،
ساچلارى قاشلارى قارا ئەردىلەر ئەردى.
(ئەسلى تېكست 5 — 7 - قۇرلار)
قىرىق كۈندۈن سوڭ
بەدۈكلەدى

يۇرۇدى
ئوينادى .
( ئەسلى تېكىست 11 ـ ، 12 ـ قۇرلار )
كۆنلەردىن سوڭ ،
كەچلەردىن سوڭ ،
يىگىت بولدى .
( ئەسلى تېكىست 17 ـ ، 18 ـ قۇرلار )
بۇ چاغدا ،
بۇ يەردە
بىر چوڭ ئورمان بار ئەردى .
( 18 ـ قۇر )
يا بىرلە ،
ئوق بىرلە ،
شۇڭقارنى ئۆلتۈردى .
( ئەسلى تېكىست 42 ـ قۇر )⑦

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە نۇرغۇن رىتىملىق جۈملىلەر داستاننىڭ ھەر قايسى ئېپىزوتلىرىدا ئۇچرايدۇ . داستاندىكى بۇنداق رىتىمدارلىق ، تەبىئىيكى ، بۇ داستاننىڭ قەدىمىيلىكىنى ، خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ ، مەدداھلار تەرىپىدىن كۆپ ئېيتىلىش جەريانىدا دىكلاماتسىيە ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇلۇش يۈزىسىدىن شېئىرىي رىتىمدارلىقى كۈچەيتىلگەنلىكىنى ، كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا ، نۇرغۇنلىغان نامسىز ئاپتورلار تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ ، تاكامۇللاشتۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

« ئوغۇزنامە » داستانىنىڭ ئوبرازلىق تىل قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر . داستاندا ئىستېمال قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى جانلىق ، ئاممىباپ ۋە ئوبرازلىق بولۇپ ، ھەر قايسى تەپسىلاتلاردىكى مەزمۇننى ناھايىتى تەسىرلىك ، چۈشىنىشلىك ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت

قىلىدۇرۇلغان. شۇنىڭدەك، داستاندا خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىپ، ئوبرازلارنىڭ پورترېت تەسۋىرى، پسىخىك ھالەتلىرى ناھايىتى جايىدا يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن، داستاننىڭ بېشىدىلا ئوغۇزنىڭ تاشقى قىياپىتى مۇنداق بېرىلسە:

ئاداغى ئۇد ئاداغىدەگ، بەللەرى بۆرى بەللەرىدەگ، ياغرى كىش ياغرىدەگ، كۆگۈزۈ ئادۇغ كۆگۈزۈدەگ ئېردى. بەدەنىنۇڭ قاماغى تۈگ تۈلۈكلۈگ ئېردى، يىلقىلار كۈتەيە تۇرۇر ئېردى، ئاتلارغا مىنە تۇرۇر ئېردى، كىك ئاۋ ئاۋلايا تۇرۇر ئېردى...

( ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرى بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۇتۇن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقانىدى. ئۇ يىلقىلارغا قارايتتى، ئاتلارنى مىنەتتى، ئوۋ ئوۋلايتتى...).

ئوغۇزخان شەيدا بولغان ئىككى گۈزەل قىزنىڭ پورترېت تەسۋىرى مانا مۇنداق بېرىلىدۇ:

... كەنە كۈنلەردە بىر كۈن ئوغۇز قاغان بىر يەردە تەڭرىنى يالبارغۇدا ئېردى. قاراڭغۇلۇق كەلدى. كۆكتۈن بىر كۆك يارۇق تۈشتى. كۈندىن ئايان، ئايدىن قوغۇلغۇلۇغراق ئېردى. ئوغۇز قاغان يۈرۈدى، كۆردىكىم، ئۇشبۇ يارۇقنىڭ ئاراسىندا بىر قىز بار ئېردى. يالغۇز ئولتۇرۇر ئېردى. ياقشى كۆرۈكلۈگ بىر قىز ئېردى. ئۇنىڭ باشىندا ئاتاشلۇغ يارۇقلۇغ بىر مەڭى بار ئىدى. ئالتۇن قازۇقتەك ئىدى. ئۇ شول قىز ئانداغ كۆرۈكلۈگ ئېردىكىم، كۈلسە كۆك تەڭرى كۈلە تۇرۇر، يىغلىسا كۆك تەڭرى يىغلا تۇرۇر...

(... كۈنلەردىن بىر كۈن ئوغۇزخان بىر جايدا تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى. «ئەتراپ» قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇرچۈشتى. «بۇ نۇر» كۈندىن يورۇق، ئايدىن نۇرلۇق ئىدى. ئوغۇزخان «ئۇنىڭ قېشىغا» بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كۆردى. «ئۇ قىز» يالغۇز ئولتۇراتتى، ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، قۇتۇپ

يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى، ئۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كۈلسە كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، يىغلىسا كۆك ئاسمان بىللە يىغلايتتى...)

يەنە بىر قىزنىڭ (دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ) قىياپەت كۆرۈنۈشى مۇنداق بېرىلگەن:

... كەنە بىر كۈن ئوغۇز قاغان ئاۋغا كەتتى، بىر كۆل ئاراسىندا ئالىندان بىر يىغاچ كۆردى. بۇ يىغاچنىڭ قابۇ چاغىندا بىر قىز بار ئېردى. ئانىڭ كۆزى كۆكتىن كۆكرەك ئېردى. ئانىڭ ساچى مۇرەن ئۇسۇغى دەگ، ئانىڭ تىشى ئۈنجۈدەگ ئېردى. ئانداغ كۆركلۈگ ئېردىكىم، يەرنىڭ ئەلكۈنى ئانى كۆرسە ئاي ـ ھاي، ئاھ ـ ئاھ، ئۆلەر بىز دەپ، سۈتتەن قومۇز بولا تۇرۇرلار.

(... يەنە بىر كۈنى ئوغۇزخان ئوۋغا چىقتى. ئۇ ئالدىدىكى بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ كۆردى. شۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز يالغۇز ئولتۇراتتى. بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاسمان-دىنمۇ كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «ئاي ـ ھاي، ئاھ ـ ئۇھ، ئۆلىدىغان بولدۇق» دېيىشەتتى. ‹ئۇنى كۆرگەن› سۈتمۇ قىمىزغا ئايلىناتتى...)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يۇقىرىدىكى ئېپىزوتلاردا بېرىلگەن مۇۋا-پىق بەدىئىي تەسەۋۋۇرلار، ئوبرازلىق ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە... قاتارلىق ستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ئو-مۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە، داستاندىكى پېرسوناژلارنىڭ سەلتەنەتلىك بەدىئىي ئوبرازى ناھايىتى مۇۋاپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. داستانغا خاس مۇنداق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا نۇقتىلاردىنمۇ نۇرغۇن مىسال ئېلىش مۇمكىن.

ئاخىرىدا، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەم ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ھەم يازما ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان بۇ قىممەتلىك مىراس «ئوغۇزنامە» داستا-نىدا، قەدىمكى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك

ژانىرلىرىغا خاس ئامىللار روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇخىل ئامىللار ئەسەردە ئىپادە قىلىنغان رېئال تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ رومانتىك تەسۋىرلىرىنى ئورگانىك ھالدا بىر ـ بىرىگە زىچ بىرىكتۈرۈش رولىنى ئويناشتىن تاشقىرى، ئۇنى كۆركەم، گۈزەل، رەڭگا رەڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بۇنىڭدىن «ئوغۇزنامە» ئېپوسى مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا زور تەرەققىياتلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى، شۇنىڭدەك ئەينى دەۋر ئۇيغۇر فولكلورىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەسۋۋر ئېلېمېنتلىرىنىڭ موللۇقىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ ⑧.

خۇلاسىلىغاندا، «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئەكس ئېتىلگەن مەزمۇننىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، شەكىل قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى ھەم ستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ نەمۇنىلىك قوللىنىلىشى... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ قەدىمىلىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، ئەدەبىياتى ۋە تىل تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

### 3. ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يەرلىككە خاس بولغان مىللىي يازما ئەدەبىيات تەركىبىدە، «ئىرق پۈتۈك» ۋە «ئوغۇزنامە» داستانىدىن باشقىلىرى ئاساسەن شېئىرىيەت تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئىلاھلارغا مەدھىيە ئوقۇش، زىيالىيلار تۇرمۇشى، ئۆلۈم ـ يېتىم ھەققىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتلەر، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسىدىكى ۋىسال تەشنالىقى، ئادىل شاھلار ھەققىدىكى مەدھىيە، ئارزۇ ـ تىلەكلەر، ياخشىلىقنى تەرغىپ قىلىش تېمىلىرى... بىلەن باغلانسا، شەكىل جەھەتتىن شۇ دەۋر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىگە خاس بولغان تەكرار ئىككىلىك قاپىيە ھەم باش قاپىيە ئېتىبارغا ئېلىنغان ئالتە مىسرالىق، سەك-

كىز مىسرالىق لىرىك شېئىرلاردىن ئىبارەت .

بۇ دەۋردە يېزىلغان شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلىپ ، ئاياغ قاپىيە ۋە بوغۇم تۇراقلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان . شېئىرلار يېزىلغان دەۋرى ، تۈرلىرى ۋە ئۇسلۇبى يېقىدىن ئالغاندا ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ، ئۇ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تىلىنىڭ ئۆزگىرىش ، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ھەمدە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بەزى تەپسىلاتلارنى يورۇتۇشتا ئىشەنچلىك ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ ⑨ .

شېئىرىي شەكىل ، تۈر جەھەتتىن ئالغاندا . يەنى ھازىرغىچە رەتلەنگەن 649 كۇپلېت ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئىدىقۇت شېئىرىيەتچىلىكىدە تەكرار ئىككىلىك شەكلى ، غەزەل ـ بېيىت ، ناخشا ـ قوشاق ، قەسىدە ۋە رۇبائى خاراكتېرىنى ئالغان تۆتلۈكلەر بولغان . ھەتتا بەزى شېئىرلار ئېلىپبە تەرتىپىدىمۇ يېزىلغانىدى .

بۇ دەۋردە يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ، ئىستېمال قىلىنغان تىل خېلى مۇكەممەللەشكەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلى ئىدى . چۈنكى بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلى خانلىق دائىرىسىدە ھۆكۈمران تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ، بۇ دەۋردىكى تىل گراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن ، لېكسىكا جەھەتتە بېيىغان ، ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ، نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى نىسبەتەن توغرا ، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ بېرەلىگۈدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى ( دىنىي تەرجىمە ئەسەرلەردە ، قىيىن بولغان دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ ئۆز پېتىچە قوبۇل قىلىنغانلىقى باشقىچە ئىش ئىدى ) .

بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىر ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيىنى ، يەنى بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىنى بۇ زېمىندا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ئېلىپ كىرگەنىدى ( گەرچە بۇددا

دىنىنىڭ تەسىرى قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە تاشلانغان بولسىمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان). بۇنىڭدىن تاشقىرى، مانى دىنىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە خېلى زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بۇ دىنلارنى تەسىر كۆرسەتمىدى، دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن بۇ دەۋردە يېزىلغان شېئىرلاردا دىنىي مەزمۇنمۇ مۇئەييەن سالماقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ۋاھالەنكى، بۇ دەۋردىكى يەرلىككە خاس بولغان مىللىي يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش روشەن گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، «شۇنداق ئورۇنلاردا» ماۋزۇسى ئاستىدىكى شېئىردا [11]تەبىئەت تەسۋىرى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش (تەسۋىرلەش) ئاساسىي ئىدىيە قىلىنغان بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىستىقامەت قىلىدىغان ۋە ئەدەبىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جىلغىلار، ئورمانلىقلار، دەريا بويلىرى ۋە باغۇ ـ بوستانلىقلار ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. تەبىئىكى، بىز بۇ تەسۋىرلەردىن ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت دىندارلىرىنىڭ، زىيالىيلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى ئاز ـ تولا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. شۇنداقلا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى بۇ شېئىردىكى تاغ ـ داللارنى تەسۋىرلەشتىكى يۇقىرى شېئىرىي ماھارىتىدىن ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا يېزىلغان شېئىرلار (مەيلى مانى دىنى مۇھىتىدا ياكى بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار بولسۇن) گەرچە مەزمۇن جەھەتتىن دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن سۇغىرىلغانلىرى مەلۇم سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇسلۇب، شەكىل ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتلەردىن نەزەر سالغاندا، ئۇلاردا ئەينى دەۋر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش جەھەتتە شائىر ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ قەلىمى ئاستىدا يېزىلغان بىر پارچە مۇھەببەت لىرىكىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئەسلىسى:

ئا . . .   . . .
ئادىنچىغ ئامراق . . .   . . .
ئامراق ئۆز كىيەم . . .   . . .①

قاسىنچىغىم ئۇ [ يۇ ② ] قادغۇرۇرمەن
قادغۇردۇق [ چە ] قاشى كۆرتىلەم
قاۋشىغسا يۇرمەن

ئۆز ئامراقمىن ئۇيۇرمەن
ئۇيۇ ئىۋىرۇرمەن ئۇدۇ . . . [ چۇن ]
ئۆز ئامراقمىن ئۆپۇگسە يۇرمەن

بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم
بارۇ يەمە ئۇمازمەن
باغىرساقىم

كىرەيىن تىسەر كىچىگكىيەم
كىرۇ يەمە ئۇمازمەن
كىن يىپار يىدلىگم

يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازىن
ياۋاشىم بىرلە
ياقشىپان ئادرىلمالىم

كۇچلۇگ پىرىشتىلەر كۇچ بىرزۇن
كۆزى قارام بىرلە

---

① ② كۆپ چىكىت قويۇلغان ئورۇنلار قىزىلۇپلىنغان ئەسلى ئورگىنالدىكى زىدىلەنگەن — ئۆچۈپ كەتكەن يەرلەرنى بىلدۈرىدۇ ، ئىسكوپكا ئىچىدىكى بوغۇملار بۇ شېئىرلارنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈگۈچى تەرىپىدىن قوشۇلغان .

كۆلۈشكەن ئۇلۇرالىم

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا :
ئا . . .
مىسلىسىز ئامراق . . . .
ئامراق جېنىم . . .

نىگارىمنى ئويلاپ قايغۇرىمەن
قايغۇرغانسېرى قېشى گۈزىلىم [ بىلەن]
قوۋۇشقۇم كېلۇر .

ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن ،
ئويلاپ ـ ئويلاپ تۇرغانسېرى
ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۈم كېلۇر .
باراي دېسەم گۈزەل ئامرىقىم ،
بارالمايمەن يەنە
مېھرىبانىم .

كىرەي دېسەم كىچىككىنەم ،
كىرەلمەيمەن يەنە
ئېپار ھىدلىكىم .

يورۇق تەڭرىلەر يارلىقسۇن
يۇۋاشىم بىلەن
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى .

كۆچلۈك پەرىشتىلەر مەدەت بەرسۇن
كۆزى قارام بىلەن
كۈلۈشۈپ ئولتۇرايلى ⑬ .
بۇ شېئىردا شائىر سەمىمىي لىرىك ھېسسىيات بىلەن جۇدالىق

دەردىنى تارتقان ۋاپادار ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنى ياد ئېتىپ، ۋىسال كۈنلىرىگە ئىنتىزار بولغانلىقىنى ــ ۋاپادار ئاشىقنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇسىنى ناھايىتى جايىدا سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ شېئىردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى «مۇھەببەت تىپى» يارىتىلغان، دەپ ئېيتساق بەلكىم ئارتۇق كەتمەس. ھېچ بولمىغاندا مەزكۇر شېئىرنى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئىچىدىكى سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئوبدان نەمۇنە دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

دېمەككى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مەزكۇر تېمىنىڭ قەدىمكى دەۋردە مۇنچىلىك يۈكسەك ماھارەتتە ئېچىپ بېرىلىشىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھات - شىرىن» قاتارلىق داستانلاردىكى ئاشىق - مەشۇق ئوبرازلىرىنىڭ شۇنچە يارقىن يارىتىلىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپىيلىق بىلىنمەيدۇ، خالاس.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن - ئاپرىنچۇر تېكىن تەرىپىدىن يېزىلغان ھەر كۇپلېتى ئۈچ مىسرادىن بولغان يەتتە كۇپلېتتىن ئىبارەت بۇ قىسقىغىنە شېئىرنىڭ باش ۋە ئاياغ قاپىيەلىرىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلىشىدىن سىرت، شېئىرنىڭ سۆز - جۈملىلىرىنىڭ ئوبرازلىق، شەكلى ئۆزگىرىشچان، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكى، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خېلى يۈكسەلگەنلىكىنى مەلۇم تەرەپتىن نامايان قىلىدۇ.

مۇشۇ دەۋرگە تەئەللۇق بولغان ئاتساڭ نامىلىق، بۇددا مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىرنىڭ شېئىرىدىنمۇ بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە» ماۋزۇسى ئاستىدا بىزگە مەلۇم بولغان شېئىرنىڭ بىر كۇپلېتىدا:

ئەسلىسى:

ئاياغۇلۇغ ئۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا
ئادىنلارنىڭ ئاسىغى ئۈچۈن كۈئۈكەلىگ ئۆزە
ئانچۇلايۇ قالتى سۇمۇر تاغلار قانى تەگ
ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كۆركلە ئەتئۆز بەلگۈردۈر

ئازۇ يىمە ئۇل قاگىمىز باغلاشىنۇ
ئامرىلىپ ئىنىچ تەررە مەدىن ئۇلۇمىش ئۆدتە
ئارتى نەڭ سىمەكىسزىن ئالقۇتىن سىگار
ئاگىسىز ئۆكۈش ئۇلۇشلاردا تولۇ كۆزۈنۈر .

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا :
هۆرمەتلىك پاسىبانىمىز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ،
باشقىلار ئۇچۇن بەخت ئىزلىگەندە ،
گويا ئاسمانغا تاقاشقان سۇمۇر تېغىدەك ،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ .
يەنە ئۇ ئاتىمىز شۆك ۋە جىمجىت
چازا قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا ،
ئۇنى هەر تەرەپتىن ئىزلەش هاجەتسىز ،
ئۇ هەر قايسى ئەللەرنىڭ ئالدىدا كۆرۈنىدۇ [13] .

مانا بۇ سەككىز مىسرالىق ئۇزۇن بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسىدا شائىر ئۆزى مەدھىيىلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتە ناهايىتى چىرايلىق ئوخشىتىشلارنى قوللانغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . دېمەك ، يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ناهايىتى يېتۈك شائىرلاردىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈسەك ، خۇددى بىر تامچە سۇدىمۇ كۈننىڭ ئەكسىنى كۆرگىنىمىزدەك ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا شېئىرىيەت ژانىرىنىڭ خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز . ئەپسۇسكى ، بۇ دەۋرگە تەئەللۇق يازما يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىشى نەتىجىسىدە ، قولىمىزدا يېتەرلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبلىك ، ئەينى دەۋر شېئىرىيىتى توغرىسىدا مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق بولغان تەتقىقات يولىدا مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرايمىز . هالبۇكى ، بۇ دەۋرگە خاس بولغان ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى ئۈستىدە سۆز ئېچىشمۇ تەسكە چۈشىدۇ .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرىيەت ھەققىدىكى بايانىمىزنىڭ ئاخىرىدا دىققەتكە سۇنۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە باركى، ئۇ بولسىمۇ، بۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەر قايسى دىنىي مۇھىتتا يېتىشكەن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلار ئارا ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەنگەنمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە. «چۈنكى ئۇيغۇرلار ئاشۇ خانلىق دائىرىسىدىكى رايونلارغا ئۆزلىرى ئېتىقات قىلىپ كەلگەن شامان دىنى بىلەن مانى دىنىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ دىنلار بىر خىل ئىدىيىۋى سىستېما بولۇش سۈپىتىدە، مۇقەررەر يوسۇندا، بۇددا دىنى بىلەن تىركەشكەن» ئىدى ⑭. ھالبۇكى، بىزگە مىراس بولۇپ قالغان ئەينى دەۋر شېئىرلىرىدىمۇ دىنىي مەزمۇن مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەرقايسى دىنىي مۇھىتتا يېتىشكەن شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆزى ئېتىقات قىلغان دىنىنى ۋە بۇنىڭغا تەئەللۇق بولغان تەلىمات، كۆز قاراشلارنى، ئەقىدىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. شۇنىڭدەك، بۇ دەۋر شېئىرلىرى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن كىشى مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە مەلۇم ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. دېمەك، بۇ مەسىلىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئىدىقۇت قىسمىغا تەئەللۇق بۆلىكى تەتقىقاتىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇتىدۇ.

ئاخىرقى سۆز شۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە خاس بولغان يەرلىك مىللىي يازما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنسا، يۇقىرىقى مۇلاھىزىمىز ھەرگىزمۇ ئورۇنسىز ھېسابلانمايدۇ.

## ئىزاھاتلار

① ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن: «قەدىمكى تۈرك ۋەسىقىلىرى» تۈركچە، 1938 ـ يىل، ئىستانبۇل، دۆلەت نەشرىياتى نەشرى، 71 ـ بەت.

② «بۇلاق» 1980 ـ يىل 1 ـ سان 174 ـ بەتكە قارالسۇن.

③ «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ

ئاخىرى » ــ « ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىن ، ستالىن ، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما » ( پەلسەپە قىسمى ) ، ئۇيغۇرچە مىللەتلەر نەشرىياتى ، 99 ــ ، 100 ــ بەتلەر .

④ « ئېنگېلسنىڭ ماركسقا خېتى » ( 1882 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 8 ــ كۈنى ) « ماركس ، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » خەنزۇچە ، 35 ــ توم ، 121 ــ بەت .

⑤ گېڭ شىمىن ، تۇرسۇن ئايۇپ : « قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە » مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ــ يىل نەشرى ، 4 ــ بەت .

⑥ ئا . ۋ . گاباتىن : « قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى » ، « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژورنىلى » ئۇيغۇرچە ، 1980 ــ يىل 3 ــ سان 69 ــ بەت .

⑦ گېڭ شىمىن ، تۇرسۇن ئايۇپ : « قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ــ يىل ، 16 ــ ، 19 ــ بەتلەرگە قارالسۇن .

⑧ ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۈسەيىن : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى » ئۇيغۇرچە ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ــ يىل نەشرى ، 96 ــ بەتكە قاراڭ .

⑨ گېڭ شىمىن ، تۇرسۇن ئايۇپ : « ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر » ــ « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ــ يىل 2 ــ سانى ، 1 ــ بەت .

⑩ ئىبراھىم مۇتىئى : « بېزەكلىكتىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە » ، « ئاممىۋى مەدەنىيەت » ژورنىلى ، ئۇيغۇرچە ، 1981 ــ يىل 4 ــ سان ، 16 ــ بەت .

⑪ بۇ شېئىرنى « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ــ يىل 2 ــ سان 2 ــ بېتىدىن كۆرۈڭ .

⑫ بۇ شېئىرنىڭ ئەسلىسى ۋە تەرجىمىسىنى يولداش ئىبراھىم مۇتىئى « ئاممىۋى مەدەنىيەت » ژورنىلىنىڭ 1981 ــ يىل 4 ــ سانىدا ئېلان قىلدۇرغانىدى . بۇ كىتابقا شۇ ژورنالدىن نەقىل ئېلىندى .

⑬ بۇ شېئىر « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ــ يىل 2 ــ سان ، 29 ــ ، 30 ــ بەتلىرىدىن ئېلىندى .

⑭ لىيۇزىشاۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، بىرىنچى قىسىم ، 272 ــ بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ــ يىل نەشرى .

يىپەك يولى تۈگۈنىگە جايلاشقان تۇرپان قەدىمدىن تارتىپ شەرق ۋە غەربنىڭ سودا ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم بىر قاتناش تۈگۈنى بولغان. بۇ قاتناش تۈگۈنىدىن نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، پايانسىز چۆل ـ جەزىرە ۋە قاتمۇ قات تاغ ـ داۋانلاردىن ئاشقان ـــ چاڭ ـ توزانغا مىلەنگەن سودا كارۋانلىرى، ئېتىقادى چىڭ دىندارلار، چۇقان ـ سۈرەن بىلەن يۈرۈش قىلغان قوشۇنلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان. بايلىق تەمەسى، دىنىي ئەسەبىيلىك، ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى ۋە تۇرتكىسىدىن ھاسىل بولغان بۇ شەخس ۋە گورۇھلارنىڭ پائالىيەتلىرى، شۈبھىسىزكى، مۇشۇ رايونغا گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتمۇ ئېلىپ كەلدى، ۋەيرانچىلىق ۋە زاۋاللىقمۇ ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، دۇنيادىكى ھەرقايسى چوڭ سەنئەت ئېقىملىرىنىمۇ باشلاپ كىردى ①. نەتىجىدە، قەدىمكى رىم، ئىران، جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن تۇرپان مەدەنىيىتى (بۇ يەردە تۇرپاننى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنى «تۇرپان مەدەنىيىتى» دەپ ئاتاپ تۇردۇق) ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئەنە شۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ تەرەققىي قىلغان ـــ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئورىگىناللاشقان تۇرپان مەدەنىيىتى ئىچىدە دىنىي مەزمۇننى ئاساس قىلغان بەدىئىي ئەدەبىيات ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىدى.

19 ـ ئەسىردىن باشلاپ، جاھان تۈركولوگلىرى ۋە شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخلىرىغا بەس ـ بەس بىلەن قىزىقىشى نەتىجىسىدە، تۇرپان رايونى چەت ئەللىك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىملاپ قېدىرىپ ـ تەكشۈرۈلدى. مۇشۇ خىلدىكى

تەكشۈرۈشلەر چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنى نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئىگە قىلدى ــ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان مول يادىكارلىقلار ئېلىپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گېرمانىيە فېدېراتسىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈركى تىللار تەتقىقاتچىسى، ئالىم بانگ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى گابائىن خانىم تەرىپىدىن «تۈركىي تىلدا يېزىلغان تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن نام بىلەن توققۇز توم قىلىپ نەشر قىلىندى. تۈركىيە ئالىمى رەشىد رەھمەتى ئارات «تۈركىي تىلدا يېزىلغان تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 10 ـ تومىنى ۋە ئىككى توملۇق «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىككە ئائىت يادىكارلىقلار» نى نەشر قىلدۇردى. 1960 ـ يىللاردا گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى «بېرلىندىكى تۇرپان يادىكارلىقلىرى» ماۋزۇسى ئاستىدا سەككىز توملۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنى ئېلان قىلدى. فرانسىيىدە 1971 ـ يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار» چوڭ بىر توم قىلىپ نەشر قىلىندى. يالغۇز گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارلا ئۈن مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە خەنزۇ، سانسكرىت (ئەنەتكەك)، تىبەت (تۇبۇت)، كىنگىت (قەدىمكى قارا شەھەر)، كۇسەن (قەدىمكى كۇچا) تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا توملىرى، مانىخېزم دىنىي ھۆججەتلىرى، نېستورى دىنىي كىتابلىرىدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر، قوشاقلىرى، داستانلىرى، ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىققا، تېببىي ئىلىمگە ئائىت ئەسەرلەر ۋە كۆپلىگەن قانۇن ۋەسىقىلىرى بار②.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ـ چەت ئەل ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىدىن باشقا، ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى ۋە يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە رايونلاردىن تېپىلغان بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلارمۇ بار (1959 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تىيانشان

گۆڭشى تۆمۈرتى دادۇيىدىن يەھيا رېھىم دېگەن دېھقان تېپىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى چوڭ ھەجىملىك دىراما ئەسەر « مايتىرى سىمىت » شۇ جۈملىگە كىرىدۇ ) . مانا مۇشۇ يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بولغان ئۆزلەشتۈرمە - تەرجىمە ئەدەبىيات مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان — ئۆزلەشتۈرمە دىنىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن مەيلى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى بولسۇن ياكى تۇخار ( كۇچار ) ، سانسكرىت ( ھىندى ) تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى بولسۇن ، ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن « ساددراما پونداريكا » ( ئامىتا بۇددانىڭ سول قول ھېمايىچىسى ئاۋا لۇكىتېۋارا ھەققىدە رىۋايەت ) ، « شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمالى » ، « سۇۋارناپراباسا » ، « ئالتۇن يارۇق » ( بۇلار خەنزۇ تىلىدىن تەجىمە قىلىنغانلىرى ) ؛ تۇخار ، سانسكرىت تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىرىدىن : « مايتىرى سىمىت » ( دىراما ئەسەر ) ، « ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى » ( « قالىيامقارا ۋە پاپامقارا » ) ، « ئاراخاۋاركا » ( دىداكتىك شېئىرىي ئەسەرلەر توپلىمى ) ، « چوڭ مايمۇن پاتمارال » ( نەسرىي ، نەزمە بىلەن يېزىلغان داستان ) ، « چېستانى ئېلىگ بەگ » ، « رەسسام بىلەن ياغاچچى » ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى تەرجىمە ئەدەبىيات تەشكىل قىلىدۇ . بۇنداق تەرجىمە ئەدەبىياتنى بىز « ئۆزلەشتۈرمە — تەرجىمە ئەدەبىيات » دەپ ئاتىدۇق . بۇنداق ئاتىشىمىزدىكى سەۋەب — بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ( تەرجىمە — ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات ) شۇ ۋاقىتلاردا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر ، ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە ، ئەسلىدىكى مەزمۇنىدىن خېلى دەرىجىدە يېتىلگەن ، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ، بەدىئىي جەھەتتىن خېلىلا يۇكسەلدۈرۈلگەندى .

ھەممىگە ئايانكى ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە كۈچىيىشىدە

كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان تۇرپان ، كۇچالار ئۆز زامانىسىدا بۇ دىنىنىڭ
ئىككىنچى ئانا ماكانى بولۇپ قالغانىدى . ۋاھالەنكى ، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىل-
غان بۇددا نوملىرىنىڭ بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا
سانسكرىت يېزىقى بىلەن ھىندى تىلىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرى
ئوقۇلاتتى ③ . بۇ ھال ، بۇددا تەلىماتى ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ ئاز ساندىكى
بۇددا راھىبلىرى ئىچىدىلا ئومۇملىشىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا
دىننى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چەكلىمىگە ئۇچراتقانىدى . ئەڭ مۇھىمى ،
مەيلى دىن ، مەيلى مەدەنىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىنىڭ گۈللىنىشىدە
بولمىسۇن ، مەدەنىيەتتە ئۆز دەۋرىدە ئىلغار بولغان باشقا دۆلەت ۋە خەلق-
لەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىش زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى .
بۇنداق ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەت ئەزالىرى تە-
رىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ، ئومۇملىشىشىدا ، شۇ ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل
قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىغا تايىنىشى ئەڭ ئاساسلىق ۋا-
سىتە ئىدى . مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تەلەپ ۋە تەقەززاغا ئۆزلىرى
مۇقەددەس دەپ تونۇپ ، ئېتىقات قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ئىخلاسمەن دىندارلى-
رىنىڭ ئۆز دىنىي تەلىماتلىرىنى كەڭرى تەشۋىق قىلىپ — كېڭەيتىش
روھى ۋە « ساۋابلىق ئىش قىلىش » تەك ئەقىدە كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ،
ھىندى ، تىبەت ، خەنزۇ ، كۇچا ، قارا شەھەر ، سوغدى تىللىرىدىن بۇددا
دىنىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان نوم ، رىسالە دەستۇرلار ، ئەقىدە - چۈشەنچىلەر ،
تەپسىرلەر ، رىۋايەت ، ھېكايىلەر تەرجىمە قىلىنغانىدى . مانا بۇلار - ئىدى-
قۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۆزلەشتۈرمە — تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ
بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەردىن ئىدى .

ئەنە شۇ دەۋردىكى ئۆزلەشتۈرمە — تەرجىمە ئەدەبىياتىنى بارلىققا
كەلتۈرگەن يازغۇچى - شائىر ، ئەدىب ، تەرجىمانلار ، قولىغا چۈشكەن
ھەربىر قىممەتلىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ - ئۆزلەشتۈرۈشتە ، ئەسەر-
نىڭ بىر خىل تىلدىكى نۇسخىسى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي ، كۆپ
ئەجىر سىڭدۈرۈپ ، شۇ ئەسەرنىڭ باشقا تىلدىكى نۇسخىسى بىلەنمۇ سې-
لىشتۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، ئۆز تەرجىمىسىنى

مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى. «ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى سانسكرىتچە تەلەپپۇز بىلەن ئەمەس، بەلكى توخرى تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن قوبۇل قىلىنغان» لىقى ④. يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى مەلۇم تەرەپتىن ئىسپاتلايدۇ.

تەرجىمە قىلىش جەھەتتە يەنە تەرجىمانلار چۈشىنىشكە قىيىن بولغان جايلارغا ئىزاھات بەردى ياكى ھاشىيەلەر يازدى؛ يېڭى ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاپ، سانسكرىتچە - ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە، كۇچا، قارا شەھەرچە - ئۇيغۇرچە، سوغدىچە - ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تۈزۈپمۇ چىققانىدى ⑤. بۇ پىكىرىمىزنى 1959 - يىلى 12 - ئايدا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدىن تېپىلغان خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى دەلىللەيدۇ (بۇ پارچىلار ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. نومۇرى: «1326») ⑥.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تەرجىمە ئەسەرلەرنى بىز «ئۆزلەشتۈرمە — تەرجىمە ئەدەبىيات» دېيىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئاساس شۇكى، تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن بەزىلىرى نەسرىي ئۇسۇل بىلەن يېزىلغانلىرى بولسا، نەزمىي شەكىلگە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغان، بەزىلىرىنىڭ ئاخىرىغا شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن شېئىرىي ئىلاۋىلەر بېرىلگەنىدى. بۇنداق قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىش، شەكىل جەھەتتىن يېڭىلاش، تىل جەھەتتىن لايىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق قايتا ئاۋلانغان ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدىن نەپەس ئېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئىستىل بىلەن سۇغىرىلغانلىقتىن، ئەندى بۇرۇنقىدەك بۇددا دىنى ۋە ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق نەرسىلەر ئەمەس. بەلكى شۇ تەرجىمان، شۇ تىلچى، شۇ ئەدىبنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ئايلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلمەس يادىكارلىقلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى ⑦.

ئەنە شۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۆزلەشتۈرمە — تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئالاھىدىلىكلەر روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇ ئەسەرلەر

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىگە كەڭرى تارقىلىپ، زور تەسىر قوزغىغانىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە زور تەسىر قوزغىشىدا شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەزمۇن ئالاھىدىلىكىمۇ ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئەلۋەتتە. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى ــ «ئالتۇن يارۇق» ئىدى.

«ئالتۇن يارۇق» (تولۇق ئاتىلىشى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلگى ئاتلىغ نوم بىتىگ» ــ (ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك)) ئەسىرى 730 بەتلىك، ھەر بېتى 22 قۇردىن جەمئىي 16060 قۇرغا يېقىن ھەجىمگە ئىگە چوڭ تىپتىكى پىروزا خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنىغا ئائىت تەسىرلىك ھېكايىلەر، رىۋايەتلەر ۋە ئەقىدىلەر سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر چىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى رۇس ئالىمى، تۈركشۇناس س. ئى. مالوف تەرىپىدىن 1909 ــ 1911 ــ يىللىرى گەنسۇنىڭ جۇچۈەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ۋاڭ شىگو يېزىسى يېنىدىكى بۇتخانىدىن تېپىلغان ھەمدە 1915 ــ 1917 ــ يىللىرى رادلوف ۋە مالوف تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ، خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇلغان (بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا نۇسخىلىرى بىلەن سانسكرىتچە، تىبەتچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە نۇسخىلىرىمۇ بولۇپ، بۇ نۇسخىلار ھازىر بېرلىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلانماقتا) ⑧.

بۇ ئەسەر 10 ــ ئەسىرلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان بېشبالىقتا (ھازىرقى جىمسار تەۋەسىدە) ياشىغان مەشھۇر ئەدىب ۋە تىلچى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئىپادە قىلىنغان.

«ئالتۇن يارۇق» تا ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىر قانچە بەدىئىي ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇلغان ئۆتكۈر قارىمۇ قارشىلىققا ئىگە بولغان سۇژېتلار

ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان دىنىي ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن «قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش — ئىنتايىن ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىش» دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، چامبۇدىۋىپ يۇرتىنىڭ خاقانى ماخارادىنىڭ كەنجى ئوغلى ماخاستىۋىنىڭ، يەتتە كۈچۈكى بىلەن جاڭگالدا يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ ئۆلەر هالەتكە چۈشۈپ قالغان چىشى يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىق ۋەقەلىكى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، ئىنسانلاردا شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي، باشقىلار ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان قەھرىمانلىق ئىرادىنى تۇرغۇزۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق» قا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن «رىيازەت چېكىش زۆرۈر ۋە پايدىلىق»، «سەۋر - تاقەت، ئىتائەتچانلىق — مېھىر - شەپقەتنىڭ ئانىسى، ئۆزىنى بۇ يولدا قۇربان قىلىش چەكسىز ئالىي بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ (نىرۋانغا يېتىشنىڭ) بىردىنبىر ئالىيجاناب يولى» دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن. بۇنداق ئىدىيىنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى — ئەينى زاماندىكى ئىدىقۇت هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى مۇستەهكەملەش، خەلقنى ئىتائەتچانلىقتا تۇتۇشتەك مۇددىئاسىغا ماس كېلەتتى. ئومۇملۇقتا ئۆزىنى قۇربان قىلىش بولسا، پاراۋان تۇرمۇشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغاتتى. مانا مۇشۇ هەر ئىككىلا تەرەپكە ماس كېلىدىغان ئىدىيىلەرنىڭ بۇ ئەسەردە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى — «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغانلىقىنى قىياس قىلىشىمىزغا مەلۇم ئىمكان بېرىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئالاهىدىلىكى شۇكى، ئەسەر سۇژىتىنىڭ مۇكەممەللىكى، كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختىلىقى، خاراكتېرلارنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى ۋە تىپىك ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، دېتاللىرىنىڭ مۇستەهكەم ۋە پىششىقلىقى . . . قاتارلىق تەرەپلەردىن باشقا، ئەسەرنىڭ تىلىمۇ خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇبرازلاشتۇرۇلغان،

بەدىئىي تەسۋىرلىرى جانلىق ھەم كۆركەم، تەسىر كۈچى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان ⑨. بۇنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن كۆرگىلى بولىدۇ:

ماخاستىۋى تېكىنىنىڭ ئاچ يولۋاسقا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان شارائىتى ( مۇھىت تەسۋىرى ) مۇنداق بېرىلگەن:

« . . . بۇ ئاغىر ئۇلۇغ ياغىز يېر ئالتى تۇرلۇگىن تەبرەتى قابشاتى. ئىنچا قىلتى ئۇلۇغ يېل كەلىپ كۆل سۈۋىن توقىپ يايمىشتەگ يوقارۇ قۇدى يايلىتى يايىقالتى. كۆك قالىغ يۈزىنتەكى كۈن تەگرى راخۇقا سىگىرتمىش تەگ يارۇقسۇز ياشۇقسۇز ئۆگسۈز ئۆلەز بولتى. بۇلۇك يىڭاق بارچا بۇتۇرۇ قاراردى. قارا تۇمان ئۈزە ئۆرتۈلدى. كۆك قالىغتىن تەگرىتەم يىد يىپارقۇا - چەچەكلەر تۈشتى، ياغدى. ئول ئارىغ سەمەك ئىچى قۇا - چەچەك ئۈزە تولۇ بولتى . . . ».

( « . . . بۇ غايەت زور قوگۇر يەر ھەر تۈرلۈك تەۋرەپ كەتتى. خۇددى قاتتىق بوران چىقىپ كۆل سۈيىنى چايقىغاندەك سۇلار يۇقىرى - تۆۋەن داۋالغۇپ چايقالدى. ئاسماندىكى كۈن گويا تەگرى تورى چىرمىۋالغاندەك قاراڭغۇلىشىپ - نۇرسىزلىنىپ غۇۋالاشتى. تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى، قارا تۇمان بىلەن قاپلاندى. كۆك ئاسماندىن تەگرىنىڭ ئىپاردەك خۇش بۇي گۈل - چېچەكلىرى ياغدى. ئورمانلىقنىڭ ئىچى گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى . . . » ).

ئوغلى ماخاستىۋى يوقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئازابلىنىش ھالىتى:

« . . . قاتۇن بۇ ساۋىغ ئەستىپ ئوقىن ئۇرسۇقمىس كىسى تەگ، بوسۇش قادغۇقا كۆگۈلى كۆگۈزى ئەگىرتىپ . . . مۇنچۇلا يۇ سىگلەدى . . . »

( . . . خوتۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇددى ئوق تەگكەن ئادەمدەك دەلدەگشىپ، كۆڭلى - كۆكسى ھەسرەتكە چىرمىشىپ يىغلامسىراپ . . . كۆپ نالە - زار قىلدى . . . )

يەنە، ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆرگەن چاغدىكى قايغۇلۇق ھالىتى:

«... ئىنچىكە قىلتاق ئۈلۈغ ئىغاچ كۈچلۈك قاتتىغ يىلكە توقتىلىپ قامىلمىس تەگ تۇستىلەر قامىلتىلار...»

(... خۇددى بىر زور دەرەخ قاتتىق بورانغا سوقۇلۇپ ئۆرۈلگەندەك يىقىلىشتى...).

«... بالىق سۇۋىنتىن ئادىرىلىپ، ئىنسىگ قۇمتا ئاغىنامىس تەگ، يېرتە ئاغىنا يۇ ئىنچاتىپ يىغلادى...»

(... خۇددى بېلىق سۇدىن ئايرىلىپ، قىزىق قۇمدا ئېغىنىغاندەك، يەردە ئېغىناپ يىغلىدى...)⑪.

دېگەن ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

«ئالتۇن يارۇق» تىن نەقىل ئېلىنغان بۇ ئېپىزوتلاردا، مۇھىت تەسۋىرى بىلەن ئەسەردىكى باش پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى زىچ ماسلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ نازۇك ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ھاياجانلىق پائالىيەتلىرىمۇ ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ئېپىزوتلارنى ئوقۇغان ھەربىر كىشى قاتتىق تەسىرلەنمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، «ئالتۇن يارۇق» تىن ئىبارەت بۇ ئۆزلەشتۈرمە ــ تەرجىمە ئەدەبىياتنىڭ نادىر ئۆلگىسىدىن بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيمىز.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تۇنجى قېتىم خاتىرىگە ئېلىنغان «چاشتانى ئېلىگ بەگ» قىسسى ① ــ باتۇرلۇق قىسسىلىرىدىن بىرى

---

① تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئىككى خىل كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ: بىرى، بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىجادىي ئەسىرى دەيدىغان كۆز قاراش؛ يەنە بىرى، چەت تىلدىن تەرجىمە قىلىنغان، دېگەن كۆز قاراش. بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئەنە شۇنداق ئىختىلابلىق قاراشلار مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئوتتۇرىدىكى گەپنى خاتىرىگە ئېلىنغان دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

بولۇپ ، ئۇ ، پىداكارلىقنى ، قەھرىمانلىقنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان نە-
مۇنە ئەسەرلەرنىڭ بىرى ( بۇ ئەسەر 1931 — 1914 - يىللىرى گېرمانىيە
ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ، ھازىر غەرب-
بىي بېرلىن مۇزېيخانىسىدا ساقلانماقتا ) ⑪ . بۇ ئەسەردە قەھرىمان
چاشتانى ئېلىگ بەگدىن ئىبارەت خەلقنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھېچقانداق
خېيىم - خەتەر ۋە مۇشكۈللۈكلەردىن قورقماي ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن
قۇتۇلدۇرىدىغان غايىۋى قەھرىماننىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ ، خەلق ئاممى-
سىنىڭ پاجىئەلىك ، ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھاياتتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا ، « ئىككى تېكىننىڭ رىۋايىتى »
(بىياكى « شاھزادە قالىيامقارا ۋە پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت ») ناملىق ھې-
كايىدە ئاق نىيەت تېكىن بىلەن قارا نىيەت تېكىن ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى يا-
مانلىقتىن ھەزەر ئەيلەپ ، ياخشىلىق قىلىشقا ، ھەققانىيەتنى ياقلاشقا دەۋەت
قىلىنىدۇ ( بۇ ھېكايە ئىدىقۇت دەۋرىدە بۇددا نوملىرىدىن تەرجىمە
قىلىنغان بولۇپ ، بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 1907 —
1908 - يىللىرى تۇڭخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن تېپىلىپ ، فرانسىيىلىك
تۇركشۇناس پ . پېللىئوت تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن . ئۇ ھازىر پا-
رىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا ) ⑫ .
رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن چوڭ تېكىن بۇددا دىنىغا ناھايىتى چىڭ
ئىخلاس بىلەن ئېتىقات قىلغۇچى پېرسوناژ بولۇپ ، بۇددا دىنى ئەقىدىلى-
رىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلاپ ،
كەمبىغەل ، ئاجىز ، بىچارىلەرنى ئاچ - زېرىنلىقتىن ، ئازاب - ئوقۇبەتتىن
قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلەر تارتىشىغا قارىماي ،
خېيىم - خەتەرلەرگە دۇچ كېلىشكە پىسەنت قىلماي ، چىنتەمەنى ئەنگۈش-
تەرنى ئېلىپ كېلىش سەپىرىگە ئاتلانغىنىدا ، ئىچى تار ، ھەسەتخور ، ئۆز
شەخسىيىتى ، نام - شۆھرىتى ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىك ، يامانلىق-
تىن يانمايدىغان قارانىيەت ، سۇيىقەستچى كىچىك تېكىننىڭ سەپەرگە بىرگە
چىقىدۇ . نەتىجىدە ، چوڭ تېكىنگە زىيانكەشلىك قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ

نام ـ شۆھرىتىنى كۆتۈرمەكچى بولغان كىچىك تېكىن زىندانغا تاشلىنىدۇ. ئاخىر چوڭ تېكىن نۇرغۇن رىيازەتلەر چېكىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىدۇ. كىچىك تېكىن تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ.

ئەسەر سۇژىتى ئەنە شۇ سەپەرگە زىچ باغلانغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈللۈك، خەلقپەرۋەرلىكتەك ياخشى خىسلەتلەر بىلەن پەسكەشلىك، ھەسەتخورلۇق، رەزىللىك، شەخسىيەتچىلىكتەك يامان ئىللەتلەر قاتتىق قامچىلىنىدۇ. يامانلىق بىلەن ياخشىلىق جانلىق ۋەقەلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيە گەۋدىلىنىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، سانسكرىت تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن دىنىي مەزمۇندىكى نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، قەدىمكى توخرىي (قەدىمكى كۇچا، قاراشەھەر تىلى) تىلىدىنمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ـ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغانىدى. مانا مۇشۇنداق ئەسەرلەر ئىچىدە بىر قەدەر ئەھمىيەتلىكرەك بولغىنى «رەسسام بىلەن ياغاچچى» ھېكايىسىدۇر [13].

بۇ ھېكايە مۇنداق:

بۇرۇن، شىمالىي ھىندىستاندا بىر ياغاچچى ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھۈنەرگە بەكمۇ ئۇستا بولۇپ، كۆرگەنلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ياسىيالايدىكەن. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياغاچتىن تازا كېلىشتۈرۈپ بىر قورچاق ياساپتۇ. ئۇنى دۇنيادىكى قىزلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش قىلىپ كىيىندۈرۈپتۇ. زىبۇ زىننەتلەر بىلەن بېزەپ ئەڭ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزۈپتۇ. بۇ قىزچاق گەپ قىلالمايدىكەنۇ، ئاش ـ تاماق ئېتىش، مېھمان كۈتۈشكە ئوخشاش خىلمۇ خىل ئىشلارنى قىلالايدىكەن.

شۇ زاماندا، جەنۇبىي ھىندىستاندا ياغاچچىغا ئوخشاش ناھايىتى ئۇستا بىر رەسسام ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى ماھىرلىقى پۈتۈن جايغا داڭ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ياغاچچى ئۆز ماھارىتىنى

ىسناش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، رەسسامنى ئۆيىگە مېھمانغا چا-
قىرىپتۇ. رەسسام كېلىش بىلەنلا ياغاچچى، قىزنى مېھمان كۈتۈشكە
بۇيرۇپتۇ. قىز بولسا داستىخان سېلىپ، ئاش - تاماق ھازىرلاپ، ھاراق -
شاراب ئەكىلىپ رەسسامنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. قىزنىڭ گۈزەللىكى،
ئەدەپ - ئەخلاقى رەسسامنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋاپتۇ. رەسسام ئويلىنىپ
قاپتۇ: «مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان بۇ قىز زادى كىم؟
ياغاچچىنىڭ ئىگىچى - سىڭلىسىمۇ؟ قىزى ياكى ئايىلىمۇ؟».
رەسسامنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى شۇنچە ئېشىپتۇ يۇ، ئەمما
مۇنداق بىر ئوي - خىيال ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتىنى بېسىپتۇ:
«مۇھەببەت ئىلاھى بۇ قىزنىڭ جامالى بىلەن مېنى
قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرسىمۇ،
مەن ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلماسلىقىم كېرەك. قولۇمنى
تارتاي؛ بۇ ياش قىز يەنىلا مېنىڭ چۈشۈمنى قالايمىقان قىلمىسۇن، كى-
شىلەر، ئەگەر ئۆز ھاياتىنى قەدىرلەيدىغان، ئەقىللىق ئادەم بولسا خەۋپ -
خەتەرگە دۇچار بولماسلىق ئۈچۈن، ئون خىل ئايالغا مۇھەببەت ئىزھار
قىلماسلىقى كېرەك، يەنى خانىشقا، ئاكىسىنىڭ ئايىلىغا، چوڭ ئەمەلدارنىڭ
ئايىلىغا، توغقىنىنىڭ ئايىلىغا، ئۇستازىنىڭ ئايىلىغا، بەك خۇشامەتچى ئا-
يالغا، شەخسىيەتچى ئايالغا، كۆرگەنلا ئادەمگە كۆڭۈل بېرىدىغان ئايالغا،
بولۇپمۇ گۈزەل ئايالغا مۇھەببەت ئىزھار قىلماسلىقى كېرەك، دېيىشىدى-
كەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مېنىڭ توغقىنىم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا
مۇھەببەت ئىزھار قىلماسلىقىم كېرەك».
شۇنداق قىلىپ كەچمۇ كىرىپتۇ. ياغاچچى رەسسامنى ئۆيىدە قون-
دۇرۇپ قاپتۇ. قىزچاقنى ئەتەي رەسسامنى كۈتۈشكە قالدۇرۇپ قويۇپ،
ئۆزى ئۇخلاشقا چىقىپ كېتىپتۇ. قىزچاق ئويلىنىپ يەرگە قارىغان ھالدا
رەسسامنى يەلپۈپ سەگىتىپتۇ. رەسسام: «ياغاچچىنىڭ بۇ قىزنى مېنىڭ
يېنىمدا قالدۇرۇپ قويغىنىغا قارىغاندا خىزمەتچىسى بولسا كېرەك، ئاھ، بۇ
نېمىدېگەن گۈزەل، تارتىنچاق، ئۇياتچان قىز - ھە! ئۇنىڭدا مېنى
سۆيىدىغان نىيەت يوقتەك تۇرىدۇ. بۇ ھۆرمەتلىك قىز مېنىڭ ھەرىكە-

تىمگە قىلچىمۇ دىققەت قىلمايۋاتتىدۇ. لېكىن قوللىرىنى ئۇزۇتۇپ، مېنى ئۆز قوينىغا تارتىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. مۇشۇنداق جايدا، مۇشۇنداق پەيتتە، مۇنداق بىر گۈزەل قىز بىلەن ئۇچراشقاندا، كىممۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالايدۇ؟ مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىپ، بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلمايمەن؟ مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆرسەم قانداق؟ دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن راستىنلا قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئالدىغا تارتىپتۇ. قىز شۇئان پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ، ئەسكى لاتا پارچىلىرى بىلەن شوينىلار يەرگە چېچىلىپ كېتىپتۇ. رەسسام بۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، سىنچىلاپ قارىسا، بۇ ئادەم ئەمەس ئىكەن، مۇنداق دەپتۇ: «مەن بۇ ماھىر ئۇستىغا ئالدىنىپتىمەن. ھەي، بۇ ئىشقى نەپسىنىڭ كۈچى، دۆتلۇكنىڭ كۈچى، ئادەم دېگەن بىر دۆۋە ئەسكى لاتا پارچىسىغىمۇ مۇھەببەت باغلامدۇ؟ ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ: مەن زادىلا يوق ئىدىم، مېنى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياساپ چىققان، دېگىنى توغرا ئىكەن...».

رەسسام: «ساھىبخانا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ مېنى ئالدىغانىكەن، مەنمۇ ئۆز ماھارىتىمنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۇنى رەسۋا قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرھال قەلەم ـ سىياھلىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆز رەسمىنى ئۇدۇلدىكى تامغا خۇددى ئۆزى بىلەن ئوخشاش كېيىنگەن، بوينىغا ئارغامچا سېلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، بېشى بىر ئاز تۆۋەنگە ساڭگىلىغان، كۆزلىرى پولتىيىپ، كالپۇكلىرى دوردىيىپ چىققان، بەدىنىگە چىۋىنلەر ئولىشىۋالغان بىر قىياپەتە راسا ئوخشىتىپ سىزىپ قويۇپتۇ ھەمدە ئۆزى كارۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ مۆكۈنۈۋاپتۇ. تاڭ ئېتىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئىشىك ئېچىلماپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن ساھىبخان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ قارىسا، رەسسام ئۇدۇلدا ئېسىلىپ تۇرغۇدەك. ياغاچچى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئىشىكنى چېقىپ كىرىپ ياغاچچى قورچاقنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ، تىتىلىپ كەتكەنلىكىنى، رەسسامنىڭ ئۆلۈك ھا-

لەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياغاچچى: «مەن ئۇنى يېگىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئىزاغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ» دېگەن ئويغا كەپتۇ. بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا ئادەم ئۆلسە ئالدى بىلەن خانغا مەلۇم قىلىپ، ئاندىن دەپنە قىلىش لازىم ئىكەن. ساھىبخان دەرھال خانغا مەلۇم قىلىپ: «جەنۇبىي ھىندىستانلىق بىر رەسسام مېنىڭكىدە قونغانىدى، مەن ياغاچتىن بىر قورچاق ياساپ، ئۇنى كۈتۈشكە قويغانىدىم. بۇ رەسسام قورچاق قىزنى راست قىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، قولىنى تارتىپ، ئۇنى چېتىشتۇرغان شوينىلارنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قورچاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىزا تارتىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ. پادىشاھى ئالەم، ئۇنى تەكشۈرۈپ بەرسىلە، مەن دەپنە قىلىۋەتسەم» دەپتۇ. پادىشاھ ئۆز ۋەزىرىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئاڭغىچە كىشىلەر ئۆلىشىپ، رەسىمنى كۆرۈپ، راس دەپ ئىشىنىپ، يىغا - زارە قىلىشىپتۇ. ۋەزىرمۇ ئىشىنىپتۇ - دە: «ئارغامچا كېسىۋېتىلسۇن، ئاندىن بۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقى ياكى ئۇنى ساھىبخاننىڭ بوغۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىمەن» دەپتۇ. ساھىبخان دەرھال پالتىنى قولىغا ئېلىپ، ئارغامچىنى كېسىشكە تەمشەلگەندە، رەسسام كارىۋات ئاستىدىن چىقىپ: «ھاي ئۇستام، مانا مەن، كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن. كەسمەڭ، كەسمەڭ! تېمىڭىز زىدە بولمىسۇن، مەن سىزغان بۇ رەسىمنى سەۋەبسىز بۇزۇۋەتمەڭ. ئىنچىكىلەپ قاراپ بېقىڭ... رەسىم بىلەن رەسسام ئوخشاش ئەمەس، سىز بۇنى بىلمەمسىز؟» دەپتۇ. قاراپ تۇرغانلار ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ساھىبخان ۋە ۋەزىر يۇرت - جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولۇپ ئىزا تارتىپتۇ»⑭.

بۇ ھېكايە ئەسلى ھىندى خەلق ھېكايىلىرىدىن بولۇپ، خىلمۇخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئامىسىنىڭ ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلارنىڭ ھېسسىياتى، ئوي - پىكىرلىرى قوشۇلۇپ، بېيىپ، مۇكەممەللەشكەن. نەتىجىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭمۇ قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىقى بولۇپ قالغان.

رەسسام بىلەن ياغاچچىدىن ئىبارەت ئىككى پىر كامىل ئۇستىنىڭ

ھۈنەر سىنىشىپ بىر - بىرىنى مات قىلىش ۋەقەلىكى ئارقىلىق ئاساسىي مەزمۇن ئىپادىلەنگەن بۇ ھېكايىدە، ئىنسان پسىخولوگىيىسىدىكى نازۇك تەرەپلەر ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن. ھالبۇكى، بۇ ھېكايىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇشىدىكى بىر سەۋەب — دەل بۇ ھېكايىدە ئەخلاق - پەزىلەت نۇقتىسىنىڭ چىقىش نۇقتا قىلىنىشى، بولۇپمۇ يۈكسەك ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىگە مەدھىيە ئوقۇلۇشىدۇر. چۈنكى، يۈكسەك مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەن خەلق ئېگىدا ئىسىل ئەخلاق - پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن ھۈنەر - سەنئەت رىقابىتى ئېگىنى قەدىرلىشى - كىشىگە ھەرگىزمۇ تەسادىپىيلىق تۇيغۇسى بېغىشلىمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئالتۇن يارۇق» بىلەن «ئىككى تېكىن ھەققىدىكى رىۋايەت» تە ئاساسەن دىنىي ئىدىيە يادرو قىلىنىپ، باشقىلارنىڭ راھەت - پاراغىتى، مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى ئالغا سۈرۈلگەن بولسا، «چاشتانى ئىلىگ بەگ» دە خەلققە كۆيۈمچان، ئۆز پۇخرالىرىنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان خەلقپەرۋەر، قەھرىمان پادىشاھ - بەگلەرگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ھېكايىسىدە بولسا تۇرمۇش چىنلىغى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋەقە - دېتاللار بىلەن گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنى تەكىتلەش ۋە ئەقىل - پاراسەت ھەم يۈكسەك ماھارەتتە بارلىققا كېلىدىغان ھۈنەر كامىللىقىغا ئاپىرىن ئوقۇلغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۆزلەشتۈرمە - تەرجىمە ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىكى يوقىرىقىدەك ئىلغار تىندىنسىيىگە ئىگە بولغان مەزمۇنلار ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ تېمىلار «ئۆلمەس تېمىلار» بولۇپ، ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلمەكتە. دېمەككى، ئەينى دەۋردە مۇشۇ خىل مەزمۇنلارنىڭ قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەنلىكى دىققەتكە

سازاۋەر بىر مەسىلىدۇر .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان ئەنە شۇ قاتاردىكى ئەسەرلەرنىڭ شۇ دەۋر ئەدىب ، يازغۇچى ، شائىر ، تەرجىمانلار تەرىپىدىن زور مېھنەت سىڭدۇرۇلۇپ ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ، بەدىئىي ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگىرىشتۈرۈلگەنلىكى — ئەينى دەۋر يازما ئەدەبىياتىنىڭ يۇختا بەدىئىي قۇرۇلما شەكىللىرىگە ، رەڭگارەڭ دىراماتىك ئېلېمېنتلارغا ، مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ، خىلمۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ .

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باي ۋە خىلمۇ خىللىقى بىلەن شۇ دەۋر يازما ئەدەبىياتىغا مەنبە ۋە ئوزۇق بولغانلىقى ، شېئىرىيەتنىڭ يۇكسەلگەنلىكى ، ئۆزلەشتۈرمە - تەرجىمە ئەدەبىياتتىكى خاسلىقىش ئامىللىرى — مانا بۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ . بىز بۇلاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىقۇت دەۋرى قىسمىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن دىنىي خاراكتېر ( مەيلى مانى ، بۇددا دىنلىرى بولسۇن ) سالمىقىنىڭ زورلۇقىنى ، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان ، تىل ئۇسلۇبى جەھەتتىن پۇتۇنلەي دېگۇدەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن ، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى چاقناپ تۇرغان بىر ئەدەبىيات بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز . دېمەك ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ، جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگىدۇر .

ئىزاھاتلار

① لىيۇزىشاۋ : « ئۇيغۇر تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، بىرىنچى قىسىم 225 - بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 - يىل نەشرى .

② ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۈسەيىن : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى » ، ئۇيغۇرچە ، 149 - بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 - يىل نەشرى .

③ ئابدۇرېھىم سابىت : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، بىرىنچى كىتاب ، 1 ـ قىسىم ، 185 ـ بەت ، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان كىتاب .

④ قۇربان ۋەلى : بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » ئۇيغۇرچە ، 134 ـ بەت ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل نەشرى .

⑤ ئابدۇرېھىم سابىت : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، 1 ـ كىتاب ، 1 ـ قىسىم ، 186 ـ بەت .

⑥ قۇربان ۋەلى : « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » ، ئۇيغۇرچە ، 10 ـ بەت .

⑦ ئەبدۇرېھىم سابىت : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، بىرىنچى كىتاب ، 1 ـ قىسىم ، 186 ـ بەت .

⑧ ⑨ « بۇلاق » مەجمۇئەسى ، 1981 ـ يىل 3 ـ سان 292 ـ ، 296 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .

⑩ ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۈسەيىن : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەزكىرىسى » ، ئۇيغۇرچە ، 185 ـ ، 186 ـ بەتلەر ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .

⑪ ئابدۇرېھىم سابىت : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، بىرىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم ، 192 ـ بەت .

⑫ ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۈسەيىن : « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەزكىرىسى » ، ئۇيغۇرچە ، 164 ـ 165 ـ بەتلەر .

⑬ ئابدۇرېھىم سابىت ـ « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى » ، ئۇيغۇرچە ، بىرىنچى كىتاب ، 1 ـ قىسىم ، 222 ـ بەت .

⑭ بۇ ھېكايە 1902 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى قېتىم ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئۆمىكى تەرىپىدىن تۇرپان ، قاراشەھەر ، كۇچا قاتارلىق جايلارنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈلگەن . 1908 ـ يىللار ئارىلىقىدا گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس سېك بۇ ھېكايىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىككى قېتىم نېمىسچىگە تەرجىمە قىلغان . ( 13 ـ ئىزاھاتتىكى كىتابنىڭ 227 ـ بېتىگە قارالسۇن ) .

« ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى » دەپ نام ئالغان شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ئەجدادلار ، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ، مۇزىكىچىلىقى ۋە دراماچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەنىدى . ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دار ئويۇنى ، بەيگە ، چېلىشىش ، ئات ئۇسسۇلى ، شىر ئۇسسۇلى ، گۈل سەيلىسى ، ئايەم سەيلىلىرى ، مەۋسۇم سەيلىلىرى ، نورۇز ۋە قاپاق كۆيدۇرۇش . . . قاتارلىق ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئومۇملاشقانىدى . تۇرپاندىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت رەڭلىك ساپال قورچاقلاردا شىر ئۇسسۇلى ۋە ئات ئۇسسۇللىرىنىڭ ئوبرازى بېرىلگەنلىكى يۇقىرىقى پىكىرنى مەلۇم تەرەپتىن دەلىللەيدۇ ①.

ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە خەتتاتلىق ، رەسساملىق ، ھەيكەلتىراشلىق ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت . . . قاتارلىق بەدىئىي سەنئەت ساھەلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى . ھەر ساھەدە يېتىشىپ چىققان ئەدىبلەر ، زىيالىيلار ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ، ئۇستىكارلار ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرەك قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە ئىدى . شۇ جۈملىدىن باخشىلار ، تويىنلار ، راھىبلارمۇ مەزھىپى بويىچە ئۆز دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ، ئەقىدىلىرىنى خالىغانچە تەشۋىق قىلىش پۇرسەتلىرىگە ھەم ئىگە ئىدى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان چوڭراق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن تۇرپان ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا مانى ، بۇددا ۋە خرىستىئان دىنلىرى كەڭرى تارقالغان ، بولۇپمۇ بۇددا دىنى ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى . بۇنى شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، كۇچا ، تۇرپانلاردا ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇت سەيرىسىگە خاقاندىن تارتىپ پۇقراغىچە ھەممە ئادەم قاتنىشاتتى ② ( بۇ خىل پائالىيەتنىڭ داۋاملاشقان تارىخى خېلى ئۇزۇن بولۇپ ، مىلادى 4 ـ ئەسىرلەردىن تاكى ئىدىقۇتتا بۇددا دىنى خارابلاشقانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ) . مانا مۇشۇ

ئامموۋى خاراكتېر ئالغان دىنىي پائالىيەتلەر قاتارىدا ، بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ نوم نوملاشلىرىغا نۇرغۇن جامائەت قاتنىشىش ، راھىبلارنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرى ، رىۋايەت ـ ھېكايىلەرنى سۆزلىشىگە ئىشتىراك قىلىشلار ، ئىبادەتخانا سەيناسىرى ۋە « گۇللۇك كېمىر » ـ بېزەكلىك سورۇنلىرىدا ئاۋازسىز تىياتىر كۆرۈش پائالىيەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى . « بايرام كۈنلىرىدە ، مەسىلەن : نورۇزنىڭ 15 ـ كۈنى (ئۇيغۇر) دىيانەتلىك ئەر ـ ئاياللار ئىبادەتخانىغا يىغىلىشاتتى ، ئۇ يەردە تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ ، سەدىقە ئاتاپ ، رەھمەتلىك تۇغقانلىرى ئۇچۇن مۇسىبەت قىلىشاتتى ، ئاخشاملىرى خاسىيەتلىك ھەم تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىشاتتى ياكى يېقىملىق ناخشا توۋلىشاتتى . ئاسما رەسىملەردە جانلىق ـ تەسىرلىك ھېكايىلەر بايان قىلىناتتى . ھېكايە سۆزلىگۈچىلەر ، ناخشا ئېيتقۇچىلار (باشقا ـ باشقا كىشىلەر باشقا ـ باشقا روللاردا) « موللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى » گە ئوخشاش ئېپىك سەھنە ئەسەرلىرىنى ھېكايە قىلاتتى . . . »③ ، مانا بۇ بايانلار بىزگە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دىنىي پائالىيەتنى يادرو قىلغان ئامموۋى مەدەنىيەت ئەھۋالىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ .

ئەنە شۇنداق يۇقىرىقىدەك ئامموۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە ، ئىدىقۇتتا تىياتىرچىلىقمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيتتى . « شۇ دەۋر (ئىچكى ئۆلكىلەر) دىكى خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ بەدىئىي سەنئىتى : ئاۋازسىز تىياتىرى ، ئۇسسۇللۇق تىياتىرى ، ناخشا ، ئوركېستىر ۋە ئېپىك تىياتىرلىرى ناھايىتى زور مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى »④ . دېمەك ، ئەينى دەۋردە غەربىي دىياردا ، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا خەلق دراممىلىرى — كوچا دراممىلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى . ۋاھالەنكى ، بۇنداق كوچا دراممىلىرىغا بولغان قىزىقىش نەتىجىسىدە ، رەسمىي سەھنىدە ئوينىلىدىغان چوڭ ـ چوڭ تىپتىكى دراممىلارمۇ باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئېتىبار بېرىلگەن. بۇنىڭ مىسالى ـ « مايترى سىمىت » دراممىسى

ئىدى.

«مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ بۇرھان بىلەن ئۇچرىشىشى) — 27 پەردىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«مايترى سىمىت» دراممىسى سەككىز ياشلىق مايترىنىڭ ئۇستازى بادارى براھماننىڭ چۈشىدە «ۋايشرا ۋانا» ناملىق ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپتىپ، ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل-پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايترىنى 16 شاگىرتى بىللە ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىپ ⑤، بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قۇتقازغۇچى ئىلاھ — كەلگۈسى بۇرھان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان ⑥.

«مايترى سىمىت» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ 3-بۆلۈمىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

«بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان؛ ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچانترى بودىساتۋا ئۇستازى ئەنەتكەك تىلىدىن (سانسكرىت تىلىدىن) توخرى تىلىچە ياراتقان (ئىجاد قىلغان)، پرتانىراكشت كراماۋاژىك توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ ئاۋدانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم تۈگىدى»⑦.

دېمەك، ئالدى بىلەن سۈلمىلىق (قارا شەھەرلىك) ئارياچانترى بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن، توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىجات قىلغان بولسا، پرتانىراكشت توخرى تىلى

دىكى ئىجادىي نۇسخىسىغا ئاساسەن، تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلىنغاندى [8].

بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاش يىگەن تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە بۇ ئەسەرنىڭ «يۆكۈنچ بۆلۈم»نىڭ ئاخىرقى ۋارىقىنىڭ (14 - ۋارىقىنىڭ) ئالدى بېتىدە مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ:

1. «يەنە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلىنغان كۈنگە،
2. ئاللانىغان ياخشى پەيتكە، قۇتلۇق - خەيرلىك ۋاقىتقا،
3. قۇتلۇق قوي يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ
4. يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىدە، مەن ئۈچ ئەردىنىگە ئېتە-
5. قادچان كۆڭۈللۈك ئۇپاسى چۇتاش يىگەن
6. تۇتۇق ئايالىم تۇزۇن بىلەن بىللە كېيىن كېلىد-
7. غان مايترى بۇرھانغا ئۇچرىشايلى دەپ
8. بىر مايترى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق (ياساتتۇق) بىر
9. مايترى سىمىت نومىنىمۇ
10. كۆچۈرتكۈزدۇق ... [9].

«مايترى سىمىت» نىڭ پرتانراكشت تەرىپىدىن توخرىي تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ھەرخىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. «مايترى سىمىت» ھەققىدە 1980 - يىللاردىن ئېتىبارەن نۇقتىلىق تەتقىقاتقا كىرىشكەن ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئەسەرنىڭ 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلىشماقتا [10].

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئەسەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى رايونلارغا خېلى كەڭرى تارقالغانلىقى مەلۇم. بۇددا ئەقىدىسى بويىچە، بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈش (ياكى كۆچۈرتكۈزۈش)، بۇت - ھەيكەللەرنى ياسىتىش ياكى بۇرھان رەسىملىرىنى

سىزدۇرۇش، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ياستىش ياكى رېمونت قىلدۇرۇش، ئىبادەتخانىلارغا سەدىقە ئاتا قىلىش . . . قاتارلىق ئىشلار بۇددا دىندارلىرى ئارىسىدا زور ساۋابلىق ئىش دەپ سانىلاتتى ⑪ .

ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىياتىر ـ دراملارغا بولغان زور قىزىقىشىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقىلىشىدا مەلۇم رول ئوينىغانىدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ مۇكەممەللىكى ھەربىر بۆلۈمىنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنىنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكى، ھەربىر بۆلۈمىنىڭ ۋەقەلىكى كونكرېت ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭدا سەھنە قاتناشچىلىرى ( يەنى ئەسەردىكى پېرسوناژلار ) ۋە تەڭكەش قىلىنىدىغان كۈيلەرنىڭ كۆرسىتىلىشى ـ مانا بۇ بىر قاتار بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئەينى دەۋر ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەدىئىي دىتىغا تازا ماس كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا دراما ئوينىلىشقا باشلىغان ھازىرقى شىنجاڭدا، مىلادى VII ئەسىرلەرگە كەلگەندە تازا ئەۋجىگە چىققان. « مايترى سىمىت » ئەنە شۇ زامانلاردا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينالغان مەشھۇر دراملارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى ⑫. دېمەك، « مايترى سىمىت » قا ئوخشاش ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان دراما ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان دراماچىلىقىنىڭ ئەينى دەۋرلەردە شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەشھۇر نېمىس تۈركولوگى ئا. فون گاباينىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « مايترى سىمىت » نى « ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دېيىش مۇمكىن » ⑬ دەپ ئېيتىشىمۇ ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەستۇر.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يازما

يادىكارلىقى — «مايترى سىمىت» قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى، پەلسەپۋى ۋە ئەخلاقىي كۆز قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىپلا قالماي، بەلكى تارىخ، مەدەنىيەت تارىخى ۋە دىن تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى ۋە ئېستېتىكا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىز مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇرغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى، 13 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن سىياسىي داۋالغۇشلار، دىنىي بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلىدىن زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ۋاھالەنكى، بۇ دەۋردە يارىتىلغان مەدەنىيەت بايلىقلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنى بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەردۇر.

## ئىزاھاتلار

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، ئۇيغۇرچە، 78 ـ، 79 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى.

② «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

③ ④ ئا. فون گاباين: «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژورنىلى»، ئۇيغۇرچە، 1980 ـ يىل 3 ـ سان 69 ـ بەت.

⑤ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ئۇيغۇرچە، 72 ـ بەت، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

⑥ ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرىلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت»، 1 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى.

⑦ ⑧ ⑨ يۇقىرىقى كىتاب 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.

⑩ (بۇ ھەققە فرانسىيىلىك خامىلتون 1958 ـ يىلى «تۇڭباۋ» مەجمۇئەسىنىڭ 46 ـ جىلدىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە «مايترى سىمىت» 10 ـ ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ ئېيتسا، فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «مەدەنىي

يادىكارلىقلار » ژورنىلىنىڭ 1962 ـ يىل 7 ـ ، 8 ـ بىرلەشمە سانىدىكى ماقالىسىدە 10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . تۈركىيىلىك پروفېسسور سىناشى تېكىن « گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى خەۋەرلىرى » نىڭ 16 ـ سانىدا ئېلان قىلغان « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت كىتابىنىڭ پۈتكەن دەۋرى » دېگەن ماقالىسىدە 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى دەلىللەپ كۆرسەتىدۇ . بۇ ھەقتە خېلى زور ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئىسرائىل يۈسۈپ قاتارلىق يولداشلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا بۇ ئەسەرنى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ . ـ « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت » نىڭ 4 ـ ، 5 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى .

⑪ گېيىڭ شىمىن : « بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ ۋە تۈركىي خەلقلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى » ـ « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژورنىلى » ، ئىجتىمائىي پەن قىسمى ، ئۇيغۇرچە ، 1983 ـ يىل 1 ـ سان 142 ـ بەت .

⑫ قۇربان ۋەلى : « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » ئۇيغۇرچە ، 72 ـ بەت ، 1986 ـ يىل نەشرى .

⑬ ئا . فون گابائىن : « قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى » « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژورنىلى » ئىجتىمائىي پەن قىسمى ، ئۇيغۇرچە ، 1980 ـ يىل 3 ـ سان 69 ـ بەت .

## بەشىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن قىسمەن ئەدىبلەر

جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا مۇئەييەن شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىشى — شۇ دەۋر ، شۇ خانلىق دائىرىسىدە يېتىشىپ چىققان زور بىر تۈركۈم — نەچچە ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولغىنىدەك ، ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى بولغان ئەدەبىياتنىڭ يۈكسىلىشىمۇ ئەينى دەۋردە يېتىشكەن ئەدىبلەر ، يازغۇچى ، شائىر ۋە تەرجىمانلارنىڭ مىننەتسىز ئەجرىدىن ئايرىلمايدۇ . بۇ دەۋردە يېتىشكەن يازغۇچى ، شائىر

ئەدىب ۋە تەرجىمانلار ئۆزلىرى ياراتقان ئ
بەلكى ئۇنىڭدىن نەچچە مىڭ باراۋەر ، ھەتتا
نىدۇ . چۈنكى « ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى ئۇ
مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى » بولغانلىقى ئۈ
لىستىك سەنئەت ئىنسانىنى ھەممىشە
تەستىقلايدىغانلىقى » ئۈچۈن ① ، ئادەتتىكى
ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆپ باي
جۈملىدىن يازغۇچى ـ شائىرلار بىباھا بايلىق
قۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئەدەب
ئاچقاندا بۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەك
تونۇشۇپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر .
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە
ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ دەۋردە يې
ئەدىب ، تەرجىمانلار ھەققىدە بىزنىڭ بىلىد
بۇ دەۋرگە تەئەللۇق ئەدەبىيات ساھەسىد
دەۋردىن بىزگە بىرەر شەجەرە ، تەرجىمھال ت
شۇنداق بولسىمۇ ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە
سىدا ، ئىدىقۇت دەۋرى ئەدەبىياتىدا كۆزگە ك
تەرجىمانلاردىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆت
ئاپرىنچور تېكىن ـ مانى دىنى مۇھ
بىرى . بۇ شائىر ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغا
شېئىر يېزىپ قالدۇرغان شائىرلارنىڭ بىرى .
ئاپرىنچۇر تېكىن ھەققىدە يۇق
تەپسىلىي تەرجىمھال ماتېرىيالى قالغان ئەم
لەن باغلانغان ئىككى پارچە شېئىرى ئار
جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن . باش ـ ئا
ماھىر بولغان ئاپرىنچۇر تېكىنىنىڭ
تەتقىقاتچىلار 9 ــ 13 ـ ئەسىرلەردە ياش

ۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ.

ئاپرىنچۇر تېكىنىدىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان ئىككى پارچە شېئىرنىڭ بىرى ۋىسال ئارزۇسى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن شېئىر بولۇپ، سەمىمىي لىرىك ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بۇ ئۈچ مىسرالىق، يەتتە كۇپلېتلىق شېئىرنىڭ سۆز، جۈملىلىرى ئوبرازلىق، شەكلى ئۆزگىرىشچان، ئىدىيىۋى مەزمۇنى گەۋدىلىك چىققان. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ شائىرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېتۇك شائىرلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇش مۇمكىن.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ـ بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن ئۇلۇغ تەرجىمان، شائىر ۋە ئەدىب، جۈملىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق مەدەنىيەت ئەربابى.

سىڭقۇ سەلىنىڭ ھاياتى ھەققىدىمۇ بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز بەكمۇ ئاز. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» ناملىق كىتابىدا قىسقىغىنە قىلىپ يېزىلغان بىر ئابزاس خاتىرىدىنلا ئۇنىڭ كىملىكىنى ۋە قايسى يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. «ئالتۇن يارۇق» نىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز ئۇچرايدۇ:

«ئۇلۇغ تاۋغاچ ئەلىنتە تەيشىن ساۋشىن ئالقۇ شاستىرلارىغ قاماغ نوملارىغ (قالىسىز) ئۆتكۈرمىش بۇدستۋا كىتسو سانتسو ئاتلىغ ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن تاۋغاچ تىلىنچە ئەۋىرمىش، يەنە بۇ بەش چوپدىق كەيۇك بۇلغانيۇق ياۋۇز ئۆدتە قولۇتا كىنكى بوشغۇتلۇق بەشبالىقلىغ سىنقۇ سىلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۇرك — ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۇ ئەۋىرمىش نوم ئىلىگى بىتىيۇ تولۇ تۇگەل بولتى.

(ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا: «ئۇلۇغ تاۋغاچ (جۇڭگو) ئېلىدە چوڭ ـ كىچىك مەزھەپلەرگە ئائىت ھەممە تەفسىرلەر ۋە نوملارنى (مۇقەددەس كىتابلارنى) قالدۇرماستىن (كۆزدىن) ئۆتكۈزگەن بۇدساتۋا كىتسو سامتسو ئىسىملىك راھىب ئەنەتكەك (قەدىمكى ھىندى) تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، يەنە بۇ بەش خىل

پاسكىنىلىقلار بىلەن بولغانغان قەبىھ زاماندا كەم بىلىملىك بېشبالىقلىق سىنقۇ سېلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئىككىنچىلەپ ئۆرىگەن مۇقەددەس كىتابلار شاھى تولۇق تامام بولدى . » ②

بۇ خاتىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، سىنقۇ سېلىنىڭ تولۇق ئىسمى سىنقۇ سېلى تۇتۇڭ بولۇپ ، يۇرتى بېشبالىق شەھىرىدۇر . —

تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ، سىڭقۇسېلىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي پائالىيىتى تەرجىمانلىققا بېغىشلانغان . ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى ئاساسەن تۆت پارچە بولۇپ ، بۇلار : 1 . « ئالتۇن يارۇق » ، 2 . « شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى » ، 3 . « سەككىز يۇگمەك » . 4 . « ئەت ئۆزۈگ كۆڭۈل ـ ئۇگ كۆرمەك ئاتلىغ نوم ـ تەننى ، كۆڭۈلنى ـ كۆرمەك ئاتلىق نوم » ( پارچە ) . بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا سىڭقۇ سېلىنىڭ يۇقىرىقىدەك مەشھۇر ئەسەرلەردىن ئالتە پارچىنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ③ .

سىڭقۇ سېلىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان پىشقەدەم تىلشۇناس . تەتقىقاتچى ئىبرا- ھىم مۇتىئى ئەپەندى سىڭقۇ سېلىنىڭ تۆھپىسىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلايدۇ :

1 . سىڭقۇ سېلى قەدىمكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىر قانچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرلارغا ۋە غەربىي رايوندىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ ، ئۆز دەۋرىدە ۋەتىنىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشە- نىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا زور تۆھپە قوشقان .

2 . ئىلگىرى ھېچبىر مىللەت ئالىمى قىلىپ باقمىغان قىيىن ئىشنى — ئەينى دەۋردە مۇرەككەپ بولغان خەنزۇ تىلىدىن ئەسەر تەرجىمە قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان .

3 . مەشھۇر تىلچى ، تەرجىمان بولغان بۇ زات سانسكرىتچە ، توخ-

رىچە تىللاردىن تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، خەنزۇ بۇددا ئالىملىرىنىڭ بىۋاستە يازغان ئەسىرىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر، خەنزۇ خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشقان.

4. سىڭقۇ سېلى ئۆزىنىڭ تەرجىمە پائالىيىتىدە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نەمۇنىسىنى تىكلەشكە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان.

5. سىڭقۇ سېلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر ئۇيغۇر نەسرىي ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىي ئەدەبىياتىنىڭمۇ پارلاق ئۈلگىسى ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سىڭقۇ سېلىنىڭ ئىدىقۇت ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىمۇ زور بولغان. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، سىڭقۇ سېلى ئۆز دەۋرىدىكى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بولغان بىر قانچە ئەسەرنى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا تونۇشتۇرۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا خەنزۇ ئەدەبىياتى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ④.

قولىمىزدا گەرچە سىڭقۇ سېلى يېزىپ قالدۇرغان شېئىر ئۈرنەكلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما بىز ئۇنىڭ تەرجىمە ماھارىتىدىن بىر قەدەر پىشقان شائىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن «ئالتۇن يارۇق» تىكى خەنزۇچە شېئىرىي پارچىلارنىڭ تەرجىمىسىدىن بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى:

祸哉爱子端严相
因何死苦先来逼
若我得在汝前亡
岂见如斯大苦事

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى:

نە ئادا ئەردى ئاتايىم

كۆركلە ـ كىشە ئوگۇكۇم .
ئۆلمەك ئۆمگەك نەچۇكىن
ئونرە كەلىپ ئەرتتۇردى .

سەنتىدە ئونرە ئۆلمەكىگ
بۇلايىن ئاي كۇن ـ كىيەم
كۆرمەيىن ئەرتى مۇنتەگ
ئۇلۇغ ئاچىغ ئەمگەكىن .

ھازىرقى ئۇيغۇرچىسى :

نە ئاپەت بۇ ئاتىكام ،
چىرايلىقىم شۆھرىتىم .
ئۆلۈم ئازابى نە ئۇچۇن ،
ئاۋۋال سېنى ئېپكەتتى .
سەندىن ئاۋۋال ئۆلمەكنى ،
تىلەيتتىم ئەي قۇياشىم .
كۆرمەس ئىدىم بۇنىڭدەك ،
ئۇلۇغ ئاچچىق كۇلپەتنى .

خۇددى يولداش گېڭ شىمىن ئۆزىنىڭ سىڭقۇ سېلى ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ، سىڭقۇ سېلى بۇ خەنزۇچە شېئىرنى تەرجىمە قىلغاندا ، ئەسلى تېكىستىكى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇننى جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىش ئۇچۇن ، ئاجايىپ ئىجاتكار يول تۇتقان ، ئۇ شۇ دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلغان يەتتە بوغۇملۇق مەرسىيە ( بۇنداق مەرسىيەلەرنىڭ « تۈركى تىللار دىۋانى » دا بىر مۇنچە نەمۇنىلىرى بار ) ئۇسلۇبىدىن ماھىرانە پايدىلىنىپ ، ئەسلى شېئىرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە سۆزلىرى بىلەن چەكلەنمەستىن خەنزۇچە بىر كۇپلېت بىر كۇپلېت شېئىرنى ئۇيغۇرچىدا

ئىككى كۇپلېت قىلىپ پۇتۇنلەي قايتا يېزىپ چىققان. نەتىجىدە بۇ شېئىر شەكىل جەھەتتىن خەنزۇچىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلى شېئىردىكى چوڭقۇر مەنە ھېسسىياتنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بەرگەن ⑤.

ئاتساڭ — بۇددا مۇھىتىدا يېتىشكەن ئۇيغۇر شائىر. بۇ شائىرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرى پەقەت بىرلا بولۇپ، ماۋزۇسى «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدھىيە» دەپ قويۇلغان (ماۋزۇ تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان — «بۇلاق» 1981 ـ يىل 2 ـ سان 37 ـ بەتكە قاراڭ). بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن بۇددا دىنىدىكى ماخايانا مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق نومى بولغان ئارامتاساكا سۇترانى مەدھىيىلەشكە بېغىشلانغان. بۇ شېئىر ئۆلۈغ ئەنگىلىيە مۇزېيىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىغا ئائىت شېئىرلار توپلىمىنىڭ 36 ـ، 37 ـ بەتلىرىدە.

كۆل تارقان ـ مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىر.
كىكى ـ بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىر.
پراتيا ياشرى — بۇددا راھىبلىرىدىن چىققان شائىر.

ئاسىغ تۇتۇڭ ـ بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن مەشھۇر خەتتات ۋە شائىر.
چىسۇيا تۇتۇڭ ـ بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن يازغۇچى ۋە شائىر.

قالىم كەيشى ـ بۇددا شەرئىتىنى نەزىم بىلەن يېزىپ چىققان شائىر. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان ئايرىم شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئىسلام دىنى مۇھىتىغا تەۋە ئىكەنلىكىمۇ مەلۇم ⑥. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مانا مۇشۇ شائىرلار ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنى يۇكسەلدۈرۈشتە مۇئەييەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ قىسمەنلىرىدىن ئىبارەت. بۇلار بىر تەرەپتىن، ئەسەر تەرجىمە قىلىش ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئارىسىدا زور ئابروي قازانغان بولسا،

يەنەبىر تەرەپتىن، ئۆزىگە خاس شېئىر ئۇسلۇبلىرى بىلەنمۇ خەلققە تو-نۇلغانلار ئىدى.

### ئىزاھاتلار

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، ئۇيغۇرچە. 1988 ـ يىل 15 ـ ئاۋغۇست سانى 3 ـ بېتىگە قاراڭ.

② ئىبراھىم مۇتىئى: «خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتكە زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تەرجىمان — سىڭقۇسېلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1983 ـ يىل 1 ـ سان 81 ـ بەت.

③ قاھار باراتىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەت» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. بۇ ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژورنىلى، ئۇيغۇرچە، 1986 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

④ ⑤ ئىبراھىم مۇتىئى: «خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتكە زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تەرجىمان — سىڭقۇ سېلى» ـ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1983 ـ يىل 1 ـ سان، 89 ـ، 92 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

⑥ «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ژورنىلىنىڭ (ئۇيغۇرچە) 1981 ـ يىل 4 ـ سانىغا قاراڭ.

# بەشىنچى باب

## ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەدەنىي ھايات ناھايىتى جانلانغانىدى. مەدەنىي ھاياتنىڭ جانلىنىشى، ئەلۋەتتە، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارغا باغلىق ئىدى. تاشقى ۋەزىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىدىقۇت خانلىقى تىكلەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىر مەزگىل پاراكەندىچىلىك شارائىتىنى ئۆتكۈزۈش بىلەن بەند بولغان بولسا، ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەھدىت كۈچ ھېسابىدا سانالغان تۈبۈتلار (تىبەتلىكلەر) مۇ ئىچكى توپىلاڭ بىلەن ھەلەك ئىدى. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن تىركەشكۈدەك باشقا سىياسىي كۈچ يوق ئىدى. ئىچكى جەھەتتە، خانلىق ھاكىمىيەت يېڭى ماكاندا مۇستەھكەملىنىشكە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئۇنۇملۈك چارىنى قوللىنىشقا جۈرئەت قىلدى. خانلىق تەۋەلىكىدىكى پۇخرالارمۇ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاسايىشلىق تۇرمۇش ئىنتىزارلىقىدا «ئومۇمىي خەلق مەنپەئىتى» ئۈچۈن يېڭى ئاڭ تىكلەپ، غەيرەت، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى...

نەتىجىدە، خانلىق دائىرىسىدە تاشقى مۇناسىۋەتلەرگە نورمالنى پوزىتسىيە تۇتۇلغان، ئىچكى مۇناسىۋەتلەر تەڭشىلىپ، مەدەنىي ھايات جانلانغان بىر خىل ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كونكرېت نامايان بولدى.

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپلا كوئېنلۇن تاغلىرىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە، تارىم ئويمانلىقىدىن جۇڭغار ـ ئىلى ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا بىر مۇنچە قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە ياشاپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، تاغ ـ قىيا چەكمە سۈرەت سەنئىتى، شەھەر ـ قەلئە سەنئىتى، شىنجاڭ ئۆڭكۈر سەنئىتى، مىڭئۆي تام رەسىملىرى، بۇت ـ ھەيكەلچىلىك سەنئىتى، نەپىس يىپەك توقۇلما، رەڭدار گىلەمچىلىك، نەققاشچىلىق، بىناكارلىق، مۇزىكىچىلىق، ئەل ـ نەغمە سەنئىتى، مىڭلارچە كۇبلېت خەلق قوشاقلىرى، ئاجايىپ خەلق چۆچەك ۋە داستانلىرى . . . نى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى جۇرئىتى ۋە قابىللىقىنى نامايان قىلغانىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن يارىتىلىپ، راۋاجلاندۇرۇلغان ـ بېيىتىلگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىچىلىق سەنئىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىدى. شۇ سەۋەپتىنمۇ شىنجاڭ رايونى جاھان ئەھلىگە «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان.

خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىچىلىقىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا پەيدا بولغان ئىپتىدائىي دەۋر ئەدەبىياتى ـ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىش، چارچاشنى يەڭگىللىتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ھاياتلىق يولىنى ئىزدەش ئۈچۈن، ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، كوللېكتىپ ئەمگەك ئېلىپ بېرىشى لازىم ئىدى. كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ قايتىلىنىشى بەلگىلىك

«ريتىم» نى پەيدا قىلدى. ريتىملىق ئەمگەك يۇقىرى دەرىجىدە جىددىيلىككە كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ئەمگەكنى يېنىك، ئەپچىل ۋە ئۈنۈمدارلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەلۇم ئەمگەك ساداسى چىقاردى. مانا بۇ ئىپتىدائىي مۇزىكىلارنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمگەك سادالىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي سۆزلەرنى قوشۇش بىلەن ئىپتىدائىي شېئىر ـ قوشاقلارغا ئايلاندى. «قىدىمقىلار مېھنەت قىلىپا ئېيتار غەزەل، غەزەل بىلەن مېھنەتنى قىلار ئەۋزەل» دېگەندەك، ئىپتىدائىي قوشاقلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك ساداسى بىلەن ھەقىقىي بىرلەشتۈرۈلگەنىدى①. مانا بۇ تەبىر خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىق سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئىخچام باياندۇر. بۇ ھەقتە يەنە، ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان پلېخانوپ، ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ئىچىدە «ھەربىر ئەمگەك تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس ناخشىلىرى بار. ناخشىنىڭ ئۇدارى ھامان ئىنتايىن مۇۋاپىق ۋە توغرا ھالدا ئاشۇ ئەمگەك تۈرىدە بار بولغان ھەرىكەت رىتىمىغا ماسلاشقان» ② دەپ ئېيتىدۇ.

بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنمۇ كۈچلۈك نەزەرىيىۋى بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «ئىپتىدائىي ئەمگەك بىلەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر ئىپتىدائىي سەنئەتنى پەيدا قىلدى. ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە بىۋاستىلىكى، ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقى ۋە زېرىكەرلىكى، ئەمگەك جەريانىنىڭ رىتىمدارلىقى، ئىنسان پسىخولوگىيىسىدىكى رىتىم تۇيغۇسى ۋاقىت خاراكتېرلىق سەنئەت ـ رىتىم سەنئىتىنى توغرىدىن توغرا تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى بىۋاستە ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇردى. ئىپتىدائىي ھاياتتا رىتىم غايەت زور مەنىۋى ئەركىنلىك كۈچىگە ئايلاندى. كۆپ خىل ئەمگەك كۈرەش ۋە سەپەر جەريانلىرىدىن، بۇ جەريانلاردىكى مۇۋەپپەقىيەت تەنتەنىلىرى ۋە مەغلۇبىيەت قايغۇلىرىدىن ھەرخىل رىتىملىق مۇزىكا كۈيلىرى ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر كېلىپ چىقىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئەمگەك ۋە كۈرەش

جەريانلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىق ۋە سالماقلىق رىتىمىگە بارغانسېرى قانائەتلەنـمـەيدى ، ئۇنـى بـەدىئىيلـەشـتـۈردى ، ھەتـتا ئەمگەك قوراللىرىغا ياكى ئۆز يـانـلىرىغا قوڭغۇراقلار ئېسىپ ، ناخشا ئوقۇپ روشەن رىتىم بىلەن ئەمگەك قىلىدىغان ، ھايات كۈچۈرىدىغان بولدى . ئىسقىرىت ۋە داقا ـ دۇمباقلار ، ئەڭ ئالـدى بـىـلەن داپ ۋە قوڭغۇراق ئىپتىدائىي چالغۇ سۈپىتىدە مەيدانغا كـەلـدى . بوستان ۋە چۆل ـ جەزىرە ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ، جەڭ ۋە ئوۋچـىـلىق ، ئولتۇراقلىق ۋە كۆچمەنلىك ( تەقلىدىيات ـ ئەكسارىيات ئىـجـادىـيـەت ) تـىـن ئىبارەت سەنئەت قانۇنى بويىچە كىشىلەرنىڭ رېئال تـەقلىد چىلىكنى ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە رومانتىك تەسەۋۋۇرىنى ، شۇ ئاساسـىـكـى بـەدىئىي ئىـجادىـيـتـىنى ئـىلـگـىرى سـۈردى . مـانـا بـۇلار ئىـپـتـىدائىي ناخشا ـ ئۇسسۇل سـەنئىتىنىـڭ پـەيـدا بولۇشـى ۋە راۋاجـلىنىشىدىـكـى تارىخىي سەۋەبلەر ئىدى » ③ .

ئەجـدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ئېنى دەۋرنـىڭ ئەھۋالغا ماس كەلگەن ھالدا نامايان بولغان . يەنى ، ئەجدادلىرىـمـىز ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئوۋچىلىقتا ئولجا ـ غەنىيمەتكە ئېرىشسە ياكى ئۇرۇشـتـا غـەلىبە قازانسا ۋە ياكى شۇ قاتارىدا كۆللېكتىپ ھاياتىدا ئالاھىدە بـىـرەر مۇۋەپـپەقىيەت يۈز بەرگەندە ، ئەر ـ ئايال ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق جەم بـولـۇشـۇپ ، كـولـلېكتىپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەنتەنە قىلىشىپ ، ھاراق ـ شـاراب ئىـچـىشىپ ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئوينىشاتتى . تارىخىي قەھرىمانلىق داسـتـانى « ئوغۇزنامە » دە بۇنداق كوللېكتىپ مۇراسىم خاتىرىلەنگەن ④ .

5 ـ ، 6 ـ ئەسىرگە ئائىت « ۋېي يىلنامىسى . گاۋچې تەزكىرىسى » دە گـاۋچـې ( يـەنـى قـاڭـلـىلار يـاكـى قاڭقىلار ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجـدادلـىرىـنـىـڭ بـىـر تـۈركـۈمـى ـ ئا ) نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئۈستىدە تـوخـتـالغاندا : « ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ ، مۇراسىم ئۆتـكـۈزگـىـنـدە ، توپلانغۇچىلار نەچچە تۈمەن بولاتتى . مال سويۇلۇپ ، ئات بـەيـگـىـسـى قىلاتتى . سـەيـلە قـىـلاتـتى . ناخـشـا ئېيـتـىـپ ئۇسسۇل ئوينايتتى »⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن .

يـۇقـىرىقىدەك كوللېكتىپ مۇراسىم ھەققىدە ، نادىر ئەسەر « دىۋانۇ

لۇغاتىت تۈرك » تىمۇ چىرايلىق قوشاقلار خاتىرىلەنگەن . مەسىلەن :

ئەسلىسى :

كۈگلەر قامۇغ تۈزۈلدى .
ئۆرىق ، ئىدىش تىزىلدى .
سەنىسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى .
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم ⑥ .

ئۆرىق باشى قازلايۇ .
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ .
ساقىنچ قۇزى كىزلەيۇ .
تۈن كۈن بىلە سەۋنەلىم ⑦

ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم
يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم ⑧ .

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا :

بارچە سازلار تۈزۈلدى ،
ئۆرىق ، ئىدىش تىزىلدى .
سەنسىز كۆڭلۈم بۇزۇلدى ،
كەلگىل ، ئاستا ئوينايلى .

ئۆرىق بوينى غاز كەبى ،
قەدەھ تولۇق كۆز كەبى .
ھەسرەتنى توۋىگە يوشۇرۇپ ،
تۈن - كۈن بىلەن سۆيىنەيلى .

ئۈچ رەت ئىچىپ ۋارقىرايلى ،

يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى...
قايغۇ قاچتى، سۆيىنەيلى.

بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە، سازلارنىڭ ھازىرلىنىپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىردەك ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ھاراق ـ شاراب ئىچىپ تەنتەنە قىلىشىپ — شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈلگەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. دېمەك، قوشاقلاردىكى تۇرمۇش كارتىنىسىدىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا چالغۇ ـ سازلار بىلەن مەرىكە ـ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، سورۇن تۈزەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەتلەرنى رەسمىيلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىق سەنئىتى — مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلىپى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، بېيىپ، تاكامۇللىشىپ بارىدۇ.

ئۇسسۇل، ناخشا ۋە مۇزىكا ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ، مۇكەممەل بولغان سەنئەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇسسۇل بارلىققا كەلگەن. ئۇسسۇل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىجات قىلغان سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى، ئۇ دەسلەپتە ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇشتا مۇقەررەر ھالدا پەيدا بولىدىغان بەدەن ھەرىكەتلىرىنىڭ مەلۇم بىر خىلدىن پايدىلىنىپ ئىدىيە ـ ھېسسىياتنى ئىپادىلىشىدىن باشلانغان، كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئاددىي، قوپاللىقتىن مۇرەككەپ، نازۇك، قىزىقارلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا گۈزەللەشتۈرۈلگەن بەدەن ھەرىكىتى بىلەن ئوبراز يارىتىش، ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش، رىتىمغا چۈشۈرۈش، بىرىكمە ھاسىل قىلىش قاتارلىق ئاساسىي شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك سەنئەت شەكلىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىلگەن ⑨، نوقۇل ئۇسسۇل تارىخى ئۈستىدە، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان تەتقىقاتچىلار، ئەجدادلىرىمىز ياشىغان ئانا ما-

كانلارنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ ( تارىختا غەربىي دىيار ) رايونىدا كەم دېگەندە 4000 يىلدىن بۇيان ئۇسسۇل ئويىنىلىپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىشىدۇ ⑩ .

مۇشۇ كىتابىمىزنىڭ باش تەرىپىدە ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە ، يەتتە سۇ رايونلىرىدا ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ، شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىكى كەڭرى ۋادا ، يايلاق ، قۇملۇقلاردا ياشىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق . گەرچە ئۇلار ئەنە شۇ كەڭ زېمىندا تارقىلىپ ياشىغان بولسىمۇ ، تارىخىي مۇناسىۋەتلىرى بىر پۈتۈنلۈكتىن كۆپ ھاللاردا ئايرىلمىغان . ئەجدادلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ، مۇزىكىچىلىقى ھەققىدىمۇ خۇددى شۇنى ئېيتىش كېرەك . بۇ ھەقتە پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ : « كونكرېت ئالغاندا ، چالغۇ ، كۈيچىلىك تېمپېرامىنتولوگىيىسى ، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزئارا بىر پۈتۈن بولغان ؛ غەربىي رايون بىلەن شىمالىي قۇملۇق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلچىلىقى بىر پۈتۈن بولغان » ⑪ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ، مۇزىكىچىلىق سەنئىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، مۇجەسسەملەنگەن بىر خىل سەنئەت سىستېمىسى بويىچە « مۇقام » شەكلىنى ھاسىل قىلىپ تېخىمۇ تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بولسا ، بۇنداق سەنئەتنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا تارىختىن بۇيان كۆپىنچە مەشرەپ شەكلىنى ئالغانىدى . ئەمدى مۇقامنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتى توغرىسىدا كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن مۇنداق بىر ئابزاس نەقىل كەلتۈرۈش مۇمكىن : « مۇقام بىر خىل قەدىمىي سەنئەت شەكلى بولۇپ ، ئۇنىڭ باشلانغۇچ شەكلى مۇقەددۇر ئىدى . ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئەسىر ئىلگىرىلا بۇگۈنكى شىنجاڭنىڭ شەرق قىسمىدىكى تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن لوپنۇر ئەتراپىغىچە تارقالغان . مىلادى 4 - ئەسىردە ، كۇچا يازما ئەسەرلىرىدە مۇقام دېگەن نام رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىغىمۇ

تارقالغان » ⑫ . دېمەك، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقى بۇنىدىن 2200 يىللار بۇرۇنلا مۇكەممەل سىستېما شەكىللەندۈرۈپ، يۈكسەك تەرەققىي قىلغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىق سەنئىتى توغرىسىدا بىرمۇنچە خاس ئاتالغۇلار بولغان. قەدىمدە ناخشا ـ غەزەل « يىر »، ئۇسسۇل « بۇدىڭ »، چالغۇ مۇزىكىسى ياكى يۈرۈش مۇزىكىلىق نەغمىلەر « كۈگ »، مۇزىكا سەنئىتى « ئويۇن » دەپ ئاتالغان ⑬ .

ئەندى، ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىق سەنئىتى ھەققىدە توختالساق، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىچىلىق بىلەن يەرلىك سەنئەت ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىگە خاس بولغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، راۋاجلاندۇرغانىدى. بۇنىڭدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىدىقۇتقا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ يەرلەردە ياشاپ كەلگەن قېرىنداشلىرىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقى بولغان. بۇلار ئۆز ئالدىغا ئۆتۈرغول ( قۇمۇل ) ناخشا ـ ئۇسسۇلى، ئىدىقۇت ( تۇرپان ) ناخشا ئۇسسۇلى، كۇسەن ( كۇچار ) ناخشا ـ ئۇسسۇلى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. بۇنداق شەكىللىنىش ـ خاسلىشىش خاراكتېرىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىقنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىچىلىقى ئاساسەن، ئەنە شۇ يەرلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىچىلىق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغانىدى. بۇنىڭدا كۇسەن ( كۇچا ) ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقىنىڭ رولى گەۋدىلىك بولغان.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا غەربىي دىيارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى، مۇزىكىچىلىقى ھەققىدە ۋە بۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئە-

سەرلىرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكىچىلىقى ھەققىدە قىممەتلىك بايانلار بار . مۇشۇ بايانلارغا ئاساسلىنىپ ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن :

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس ئۇسسۇللار: « گۈل پانۇس ئۇسسۇلى » ، « تاقلىما ئۇسسۇلى » ، « باتۇر ئۇسسۇلى » ، « شىر ئۇسسۇلى » ، « نازىركوم ئۇسسۇلى » . . . قاتارلىقلار . بۇلاردىن « باتۇر » ئۇسسۇلى ئۇسسۇللۇق دراما ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ .

ئويۇن ـ تاماشىغا ھەۋەسكار بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ناخشا ـ مۇزىكىدىن ئايرىلغان ئەمەس . بۇ ھال يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىلغان ئىدىقۇت دەۋرىدە تېخىمۇ ئەۋجگە چىققانىدى .

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق مەدەنىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەلنەغمىلىرى ئەينى زاماندا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندە جامائەتچىلىكنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئادەتتىكى ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا كونسېرتلىرىدىن تاشقىرى بىر قىسىم چوڭراق ھەجىمدىكى مەشرەپ ـ سەنەم ئەلنەغمىلىرىمۇ چاڭئەنگە كىرىشكە باشلىغان. بۇلار ئەينى دەۋردە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغانىدى .بۇنىڭدىن بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى :

تاڭ دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئوينالغان ئەرلەر ئۇسسۇلى ـ « تاقلىما ئۇسسۇلى » تاماشىبىنلارنى قاتتىق مەھلىيا قىلغانىدى . بۇ ھەقتە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لىۋ يەنسى « تاقلىما ئۇسسۇلى » ناملىق شېئىر يېزىپ قالدۇرغان :

يەرگە قويۇپ قولىدىكى ئۈزۈم تولغان سېۋىتىنى ،
كۆنۈپتىشقا بىردىن قاراپ يادلىدى ئۆز يۇرتىنى ،
زەرباپ چەككەن يۇمشاق رەڭدار ئۆتۈكىدە تېپىپ سەكرەپ ،
يالتىراتتى زەر كەمەرنىڭ ئۈستىدىكى ياقۇتىنى .

جىمجىت ھەريان ، ھەممە كىشى كۆڭۈل قويۇپ نەزەر سالغان ،
پىپا بىلەن مۇڭلۇق نەيمۇ كۆرسەتكەچكە قۇدرىتىنى .
ئاق ھەم قىزىل گۈللۈك زىلچە تۆپىسىدە قايناپ ئۇسسۇل ،
تەسۋىر قىلدى چىمەنلىكتە كەچتە يانغان شام ئوتىنى .
مەيلەر تۆكەپ ساز توختىدى ، ئاياغلاشتى ئۇسسۇلمۇ ھەم ،
توزغاق كۆلى غەربىدە ئاي كۆتۈرگەندە ئوغىقىنى ⑭ .

بۇ شېئىرنىڭ باشتىكى ئىككى مىسراسى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۆز يۇرتى تۇرپاننى ئەسلىگەن ھەرىكەت قىياپىتىدە سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چېۋەر ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىسىنى نامايان قىلىدۇ .

ئەينى دەۋردە غەربىي دىيارنىڭ ( بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ) ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ زور شۆھرەت قازانغانلىقى ـ چېگرىدىن ھالقىغىدەك سەۋىيىگە يەتكەنلىكى بىز دېمەكچى بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ، مۇزىكىچىلىقنىڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى مەلۇم تەرەپتىن دەلىللەپ بېرىدۇ .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئەلچىلىككە ئىدىقۇتقا كېلىپ ، بۇ خانلىقتا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن يازما قالدۇرۇشقانىدى . ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ « ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىلىرى » ( 使高昌记 ) ناملىق ئەسىرىدە ئىدىقۇت خانى ئارسلانخاننىڭ ئۇنى بېشبالىقتا تاللانغان دراملار ۋە ئويۇنلار بىلەن كۈتۈۋالغانلىقىنى ، خان ، خان ئاغچا ۋە خان قىزىنىڭ ئۇنىڭ شەرىپىگە مۇزىكىلىق قىيىق سەيلىسى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان . بۇ ئەلچى ئۆز خاتىرىسىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقاچان سازنى يېنىدىن ئايرىمايدىغانلىقىنى ھەتتا ئاتلىق يول يۈرگەندىمۇ سازنى بىللە ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان .

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ھەم تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا بايان قىلىنىشىچە ، ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى

دەۋرىدىكى چاغلىرىدا، ئۇلاردا مۇنتىزىم بولغان ئوردا ئوركىستىرلىرى، ھەربىي ئوركېستىر، دىنىي مۇراسىم ئوركىستىرلىرى، خەلق ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىقى... قاتارلىقلار بولغان [15]. بۇھال ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان ۋە يەنىمۇ ئېتىبار بېرىلگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگە بېرىپ تۇرغان ـ مەدەنىي ئالاقىنى كۈچەيتىشتە زور رول ئوينىغان سەنئەت ئۆمەكلىرى بولغان. بۇنداق ئۆمەكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس گىرىم فورمىلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، نومۇر ـ كونسېرتلىرى بولغان ( بۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى، ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەلىكىدە، يەنە، قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا ئۆمەكلىرى دەپ ئاتىلىغان ) [16]. بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا بېرىپ ماھارەت كۆرسەتكەنلىرىدە، بۇلارنىڭ ماھارىتىگە يەرلىك ئاھالىلەر ئاپىرىن ئوقۇشقان. بۇ ھەقتە ئا، فۇن، گابائىن مۇنداق دەيدۇ: « شۇ دەۋر ( ئىچكى ئۆلكىلەر ) دىكى خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەدىمىي شىنجاڭنىڭ بەدىئىي سەنئىتى، ئاۋازسىز تىياتىرى، ئۇسسۇلۇق تىياتىرى، ناخشا، ئوركېستىر ۋە ئېپتىدائىي تىياتىرلىرى ناھايىتى زور مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى » [17].

ئىدىقۇت دەۋرىدە مۇزىكىچىلىقمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ دەۋردە قوللىنىلغان سازلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، تۇرپان سازەندىلىرىنىلا ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار: غۇڭقا، پىپا ( بەرباپ )، راباپ، بالىمان، يالغۇزەك ( نەي )، شياۋ، داپ، جىلۇ دىپى، بەل دۇمبىقى، دالا ناغرىسى قاتارلىق چالغۇلارنى ئىشلەتكەن [18].

قىسقىسى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىق ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. بۇ ھەقتە سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان سەنئەتشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ كاندىداتى تامارا ئەلىباقىيېۋامۇ ئۆزىنىڭ « روھىي بايلىقىمىز » ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: « ئۇيغۇر تۇرپان ئىدىقۇتلىقى دەۋرى ( IX – XIV ئەسىرلەر ) دىن قالغان ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلىرى –

«مىڭئۆي» تاملىرىدىكى ئاجايىپ رەڭلىك رەسىملەر ـ ئۇيغۇرلاردا مۇقام ژانىرىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى دەلىللەيدىغان قىممەتلىك مىساللاردۇر. بۇ نەقىش ـ سۈرەتلەردە رەققاسلار ۋە قەدىمىي ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدا (ئۇد، قالۇن، دۇتار، راۋاپ، ساپايى، نەي ۋە باشقىلاردا) نەغمە قىلىۋاتقان سازەندىلەر، سىرىك ۋە ئۆرپ ـ ئادەت كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن» ⑲.

خۇلاسىلىغاندا، ئەزەلدىنلا ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن كەلگەن، ئىجاتچانلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي ئۇيغۇرلار، ئىدىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكەنىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئوردا، ھەربىي، دىنىي ئېھتىياج بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ مۇنتىزىملاشقانلىقى، قومۇل، تۇرپان، كۇچا رايونلىرىنى مەركەز قىلغان رايونلار ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلگەن ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنىڭ خاسلىشىش يۆنىلىشىدە تەرەققىي قىلغانلىقى، مەخسۇسلاشقان سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، چالغۇ ـ سازلارنىڭ تارىلىق چالغۇ، پۈۋلىمە چالغۇ، ئۇرغۇلۇق چالغۇ قاتارلىق تۈرلەر بويىچە كۆپ خىللاشقانلىقى، مۇزىكا ئاۋاز باسقۇچىدا ئەنئەنە بويىچە بەش تاۋۇشلۇق ئاۋاز باسقۇچى سىستېمىسىنىڭ قوللىنىلغانلىقى، ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىقنىڭ چېگرا ھالقىغانلىقى... مانا بۇلار، ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مۇئەييەن دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### ئىزاھاتلار

① ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزىرىيىسى»، ئۇيغۇرچە، 30 ـ بەت. شىنجاڭ داشۆسى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باستۇرغان كىتاب. 1983 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

② پىلىخانوپ: «(ئادرېرىسسىز خەتلەر) ـ سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش»، خەنزۇچە، 39 ـ بەت. خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى، 1962 ـ يىل نەشرى.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : « شىنجاڭنىڭ تالڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى » ، ئۇيغۇرچە ، 2 ـ ، 3 ـ بەتلەر ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى .

④ گېڭ شىمىن ، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان « قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـ ئوغۇزنامە » نىڭ 60 ـ ، 61 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن . مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى .

⑤ « ۋېي يىلنامىسى ، گاۋچې تەزكىرىسى » 6 ـ جىلدقا قارالسۇن .

⑥ « تۈركى تىللار دىۋانى » ئۇيغۇرچە ، 3 ـ توم 181 ـ بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى .

⑦ « تۈركى تىللار دىۋانى » ، ئۇيغۇرچە ، 1 ـ توم 135 ـ بەت .

⑧ « تۈركى تىللار دىۋانى » ، ئۇيغۇرچە ، 1 ـ توم 193 ـ بەت .

⑨ ⑩ قۇربان ۋەلىنىڭ « بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز » ناملىق كىتابىنىڭ 240 ـ ، 239 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

⑪ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : « شىنجاڭنىڭ تالڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى » ، ئۇيغۇرچە ، 96 ـ بەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى .

⑫ گۇەن يېۋېي : « ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا » ـ « شىنجاڭ سەنئىتى » ، ئۇيغۇرچە ، 1983 ـ يىل 1 ـ سان ، 98 ـ بەت .

⑬ مۇسەيىن كېرىم : « ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى توغرىسىدا » ـ « شىنجاڭ سەنئىتى » ئۇيغۇرچە ، 1985 ـ يىل 5 ـ سان ، 69 ـ بەت .

⑭ ئا . مۇھەممەت ئىمىننىڭ « شىنجاڭنىڭ تالڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى » ناملىق كىتاۋىنىڭ 64 ـ بېتىدىن ئېلىندى .

⑮ « شىنجاڭ سەنئىتى » ژورنىلىنىڭ ( ئۇيغۇرچە ) 1985 ـ يىل 5 ـ سان 79 ـ بېتىگە قارالسۇن .

⑯ ئا . مۇھەممەتئىمىننىڭ « شىنجاڭنىڭ تالڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى » ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن .

⑰ ئا . فون . گاباتىن : « قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى » ـ « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژورنىلى » ، ئۇيغۇرچە ، 1980 ـ يىل 3 ـ سان 69 ـ بەت .

⑱ ئا. مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

⑲ ئالمۇتىدا چىقىدىغان «پەرۋاز» ناملىق توپلامنىڭ 1985-يىللىق سانىغا قارالسۇن.

## ئىككىنچى پاراگراف ئاممىۋى تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا ئويۇن-تاماشىغا ئامراق، ناخشا-ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن، جەڭگىۋار روھلۇق، باتۇرلۇق، چەبدەس-چەۋەندازلىققا خۇشتار، ئىلىم-پەنگە ئىنتىلىدىغان، ھۈنەر-كەسىپكە ماھىر، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلگۈچى بىر مىللەت. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن پىسخىك ئالاھىدىلىكىدە گەۋدىلىك بولغان يۇقىرىقى تەرەپلەر، «ئاسايىشلىق دەۋرى» بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە تېخىمۇ يارقىن نامايان بولغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇخىل پائالىيەتلەرگە ئىدىقۇت خانلىقىدا ئىمكانىيەت كەڭ بولغان. بۇنداق پائالىيەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى بىلەن، دىنىي مۇراسىملار بىلەن، ئىلىم-پەن كۆرەكلىرى بىلەن باغلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ پائالىيەتلەر پادىشاھتىن تارتىپ ئاددىي پۇخراغىچە-پۈتۈن خانلىق ئەزالىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. خانلىق ھاكىمىيەت دائىرىلىرى ئەنە شۇ پائالىيەتلەرنى قوللاپلا قالماستىن، ئۆزلىرىمۇ بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىلىرىدىن بولغان. ھەتتا خاقانلار پۇخرالارغا زىياپەتلەر بېرىپ ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان. «ئۇيغۇر خاقانلىرى دائىم دېگۈدەك زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ خەلقنى چىللايتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ خاقانغا نىسبەتەن ھۆرمىتى ئاشاتتى. بۇنداق زىياپەتلەر ناھايىتى مولچىلىق بولاتتى، زىياپەت سورۇنلىرىدا نەغمە-ناۋا ياڭرايتتى»①.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى مىسلىسىز گۈللىنىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېتىبار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەنمۇ چۈشىنىش مۇمكىن. بۇنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىمىز:

## 1. ئوغلاق تارتىش ۋە بەيگە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ھايات تارىخىدا «ئات مەدەنىيىتى» ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تەخمىنەن مىلادىدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇن ئىنسانلار ئات مىنىش تېخنىكىسىنى ياراتقاندىن كېيىن، ھەرقايسى خەلقنىڭ (بولۇپمۇ كۆچمەن ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقلەرنىڭ، يەنى يايلاق خەلقلىرىنىڭ) ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمۇ مۇستەسنا بولغان ئەمەس.

ئاتقا مىنىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، چارۋىچىلىقتا زور يۈكسىلىش كۆرۈلدى. كېيىنچە، ئىنسانلار ئاتتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى ھەم ھەربىي ئىشلاردا ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. مانا مۇشۇ ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانلاردىن كېيىن، ئات بىلەن زىچ باغلىق بولغان بىر قاتار تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ مەيدانغا كەلدى. ئوغلاق تارتىش، بەيگە، چەۋگەن ئويۇنى (ئاتلىق ئوينىلىدىغان بىر خىل توپ ئويۇنى) قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئات بىلەن باغلىق بولغان تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئوغلاق تارتىش - تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك، قەيسەرلىك ۋە چەبدەسلىك تەلەپ قىلىنىدىغان ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى تەنھەرىكەت تۈرى. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بۇ ھەرىكەت تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېيت -

بايرام ۋە خۇشاللىق چوڭ يىغىلىشلاردا، توي - تۆكۈنلەردە ئېلىپ بېرىلىپ كەلگەن.

بۇ خىل تەنھەرىكەت تۈرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا «تۈرك قامۇسى» دا مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «تۈركىي قوۋملاردا تەنتەربىيە ئوتتۇرا ئاسىيا داللىرىدا كۆچمەن قەبىلە هاياتى كەچۈرۈۋاتقان زامانلاردىن هېسابلىغاندا ئۇزۇن بىر تارىخقا ئىگىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياۋايى پادىلار هالىدا ياشاۋاتقان ئاتنى تونۇغان ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرگەن تۈركىي قەۋملەر ئۇنى يالغۇز بىر جەڭ ۋاسىتىسى قىلىپلا قالماستىن، تىنچ ۋاقىتلاردىمۇ ئات ئۈستىدە تۈرلۈك تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى ۋە ئات بەيگىلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئوغلاق تارتىش، قىز قوۋار، كۆك بۆرى، بەيگە ئويۇنلىرى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئات ئۈستىدە ئورۇندىغان ئەڭ قەدىمىي تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن هېسابلىنىدۇ»②. دېمەك، ئوغلاق تارتىش ۋە بەيگە تۈركىي خەلقلەرگە خاس بولغان ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئات ئۈستى تەنھەرىكىتىدۇر.

ئوغلاق تارتىش ئۇسۇلى: ئوغلاق تارتىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئاتاپ قويۇلغان ئوغلاق (ياكى موزاي) نى سويۇپ، باش ۋە پاقالچاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇچىسىنى بوغۇپ قويىدۇ. بەزىدە ئىچ - قارنى ئېلىپ تاشلىنىپ، سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. ئوغلاق تەييارلانغاندىن كېيىن كەڭتاشا ئوتلاقتا ياكى كەڭ، تۈز مەيدانغا تاشلاپ بېرىلىدۇ. ئېتى يۈگرەك چەۋەندازلار ئالدىن كېلىپ ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ، ئۆزەڭگە ئاستىغا ياكى تىقىمغا بېسىپ ئېلىپ قاچىدۇ، باشقىلار قوغلاپ تالىشىدۇ. ئادەتتە ياخشى تونۇشلارمۇ مۇسابىقە ۋاقتىدا، ھەرگىز بىر - بىرىگە يول قويۇشمايدۇ. ئوغلاقنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى تىقىمغا بېسىپ بار كۈچى بىلەن تارتىدۇ. بۇ چاغدا ئات توختىماي ئايلىنىدۇ، ئادەم تىركىشىدۇ. كۆرگۈچى ئاما ۋارقىرىشىدۇ. پۈتۈن مەيدان جىددىيلىشىپ، كىشى قەلبىنى هاياجانلاندۇرىدۇ. ئېلىپ قاچقان ئوغلاقتا باشقىلار يېتىۋالسا، نەچچە ئونلىغان چەۋەندازلار غۇژمەك بولۇۋېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن قىستىلىپ كىرىدۇ. ئوغلاقچىلارنىڭ بىر قىسمى ئېلىپ قېچىش يۈنىلىشىنى توسايدۇ.

غۇژمەك بولۇشۇۋالغان ئوغلاقچىلار توپنى بۆسۈپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. بەزىدە بىر توپ كىشىلەر بىرلىشىۋېلىپ، قوغداش، تېقىمغا ئېلىپ قېچىش ۋە قوغلاپ كەلگەنلەرنى توساش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىش تەقسىم قىلىشىۋالىدۇ. كۈچلۈك ئات مىنگەن قاۋۇل يىگىتلەر ئوغلاقنى تارتىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئوغلاقنى تارتىپ ئېلىپ قاچقۇچىلار قوغدىغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئوغلاقنى ئالىدۇ ـ دە، ئېلىپ قاچىدۇ. مۇشۇنداق قايتا ـ قايتا تالىشىش، تارتىشىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا كىم ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىش جەريانىدا باشقىلارنى يەتكۈزمەي، ئوغلاقنى قايسى ئۆيگە تاشلىسا ياكى بەلگىلەنگەن پەللىگە ئاتسا، شۇ تەرەپ غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئوغلاقمۇ شۇلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەكمۇ يەك تارتىشىش ئۇسۇلىمۇ بولۇپ، تەييارلانغان ئوغلاق مەيدانغا تاشلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۆز ئورۇنلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى چەۋەنداز ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ تارتىشقا باشلايدۇ. كىمنىڭ كۈچى كۆپ، ئېتى كۈچلۈك بولسا، شۇ كىشى ئوغلاقنى تارتىپ ئالىدۇ. لېكىن ئوغلاقنى ئېلىپ قاچمايدۇ. بۇنداق مۇسابىقە كىچىكرەك دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇخىل تارتىشىش ئۇسۇلىدا قاتناشقان ئادەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، يېڭىلگەننى قالدۇرۇش ياكى ئالماشتۇرۇش تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ [3].

ئوغلاق تارتىشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدىلىرى، كۆزەتكۈچى ـ ھۆكۈم قىلغۇچىلىرى بولىدۇ. يۇرت ئىچىدىكى ئوغلاق تارتىشتا (خەلق ئارىسىدىكى توي ـ تۆكۈنلەردە ئېلىنغان ئوغلاقتا) ئوغلاقنى كۆزلىگەن ئۆيگە تاشلىغۇچى تەرەپكە يەنى ئۇتقان تەرەپكە، شۇ ئوغلاق تاشلانغان ئۆي ئىگىسى تەرىپىدىن زىياپەت بېرىلىدۇ. ئوغلاق تارتىشنى ئۇيۇشتۇرغۇچى غەلىبە قىلغۇچى چەۋەندازلارغا قائىدە بويىچە مۇكاپات بېرىدۇ.

ئوغلاق تارتىشتا، چەۋەندازلارنىڭ چېۋەرلىكى ۋە كۈچلۈكلۈكىدىن سىرت، يۈگۈرۈك، ياخشى ئاتنىڭ بولۇشى ئاساسىي شەرت ئىدى. بۇنداق ياخشى ئاتلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدە كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلەتتى، «بېشبالىق ئەتراپلىرى ئات يېتىشتۈرۈشكە نا-

ھايىتى لايىق كېلىدىغان بىر رايون ئىدى. بۇ رايوندا ناھايىتى كۆپ يىلقا توپلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خوتۇنلىرى، ئوغۇللىرى ۋە يەنە شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ئايرىم - ئايرىم ئات پادىلىرىغا ئىگە ئىدى. ھەربىر يىلقا توپى ئايرىم - ئايرىم ئوتلاقلاردا ئوتلايتتى. ھۆكۈمدارنىڭ خوتۇنىنىڭ ھەربىر شاھزادىنىڭ ئاتلىرىنىڭ رەڭلىرى ئايرىم ئىدى. ھەركىم ئۆز ئېتىنى رەڭگىگە قاراپ تونۇۋالاتتى. مۇنداق ئەھۋالدا ئاتلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. يىلقىلار ناھايىتى تولا بولۇپ، پۈتۈن بېشبالىق ۋادىسى بويىچە ئوتلىشاتتى. ئۇلارنىڭ سانىنى پەقەت ئاللا بىلىدۇ...»④. مانا بۇ ئىنچام بايان، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئات يېتىشتۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بېشبالىقتىن باشقا، ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىگە قاراشلىق بولغان قارا شەھەر، ئىلى ۋادىلىرىدىنمۇ ناھايىتى ياخشى، نەسىللىك ئاتلار يېتىشتۈرۈلگەنىدى. بۇنداق ئەۋزەل شارائىت، ئەينى دەۋردە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتقا باغلىق ھەرخىل پائالىيەتلىرىگە كەڭرى ئىمكانىيەت تۇغدۇرغانىدى.

ئات بەيگىسى — تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چەۋەندازلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە «ئەر قانىتى ئات» دېگەن ماقال بار، ھەقىقەتەن، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئاتتىن ئايرىلغان ئەمەس. ئۇزاق تارىخقا نەزەر سالساق، ئوۋ ئوۋلاش، يىراق جايلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش، جەڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ھامان يۈگۈرۈك ئاتلارنى تاللاشقا توغرا كەلگەن. مۇشۇ قاتاردىكى ئات چاپتۇرۇش پائالىيىتىدە تەبىئىي ھالدا بەيگە ئېلىپ بېرىلغان.

«تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابنىڭ 276 - بېتىدە «دالا يۈرۈشلىرى تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر بولۇپ، ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش ھازىرلىقى سۈپىتىدە بولغان دائىمىي تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى ئىدى. ئاتقا مىنىش، ئات ئۈستىدە ئوق ئېتىش ھەممە كىشىنىڭ تەبىئىي مەشغۇلاتلىرى بولغان. ئات بەيگىسى، ئات ئۈستىدە

چوماقلىشىش، دېسكا ئېتىش، چېلىشىش، قۇشچىلىق (ئوۋ) ۋە باشقىلار ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەيتتى...» دېيىلگەن.

ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بەيگە توغرىسىدىكى سۆز ـ جۈملىلەر، ماقال ـ تەمسىللەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «دىۋان» نىڭ 1 ـ توم 146 ـ بېتىدە: «ئارغۇن، شالغۇت، ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئۈزۈپ چىقىدۇ»، «شوخ ئېتىم تېزلىك بىلەن چاپتى، بەيگىدە ئۈزۈپ چىقتى» («دىۋان» 1 ـ توم، 188 ـ بەت) دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن (خاتىرىلەردىن) بىز تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئات بەيگىسى پائالىيىتىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ «غەربىي دىياردىن تۇلپارلار چىقىدۇ» غانلىقى خاتىرىلەنگەن. «تۇلپار» دەپ تەرىپلەنگەن يۇگۇرۈك، نەسىللىك ئاتلار بولسا، تارىختا پەرغانە، ئىلى، قاراشەھەر، بارىكۆل يايلاقلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن ئاتلار ئىدى.

ئىدىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە، ئات يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاتلار خىللىرى بويىچە، رەڭگىگە قاراپ پادىلارغا ئايرىلىپ بېقىلغان. يەنە شۇنىڭدەك، ئاتلار بەيگە ئېتى، مىنىش ئېتى، ھەربىي ئات، پوچتا ئېتى، تېرىلغۇ ئېتى دېگەندەك تۈرلەر بويىچە پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئېھتىياجىغا قاراپ پەرۋىش قىلىنغانىدى.

ئات بەيگىلىرى قەدىمدە كۆپىنچە مەۋسۇم بايراملىرىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى. توي ـ تۆكۈنلەردىمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى. «تارىختىكى ئات بەيگىلىرىنى قەبىلە، يۇرت ئاقساقاللىرى پۇتۇنلەي ھۆددىگە ئېلىپ ئۆتكۈزگەن. ئات بەيگىسىنىڭ كۆلىمى قەبىلە، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە، چارۋىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلەنگەن. كىچىك كۆلەمدىكىلىرىگە ئادەتتە 10 نەچچە ئات، چوڭ كۆلەمدىكىسىگە 200، 300 ئات قاتناشقان. بەيگىدە ئۈزۈپ چىققانلارغا قارا مالدىن بىر قانچىنى مۇكاپات بېرىدىغان تۈزۈم بولغان» ⑤.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى ۋە ئات چاپتۇرۇپ قارىغا ئېتىش ( ئوقيا ئېتىش ) پائالىيەتلىرى دائىم بولۇپ تۇراتتى. « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » ناملىق كىتابتا: « ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ـ ئات مىنىش ۋە ئوق ئېتىشتۇر. تۇرپاندەك بۈيۈك شەھەردە ماكانلاشقان تۇججارلار ( Tuccarlar ) بۇ ھەۋەستىن خالىي ئىدى. بۇددا ۋە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلار بولسا جەڭگىۋارلىقنى يوقاتمىغانىدى. ئۇلار پەقەت جەڭ قىلىش ئادەتلىرىنى ( ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى ) ( تەنھەرىكەت ) شەكلى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇ ئادەتلىرىنى ئۇنتۇمىغانىدى »⑥ دەپ يېزىلغان. بىز بۇ قىسقا باياندىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئات بەيگىسى ۋە ئوغلاق تارتىشتەك پائالىيەتلەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئېلىپ بېرىشىدىغانلىقلىرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىلكىدە بولغان زېمىنلاردا ـ تەڭرى تېغىنىڭ شەرقى ئۇچىدىكى بارىكۆل، بېشبالىق ئوتلاقلىرى، تۇرپان ئويمانلىقىدا كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكلەر، جۇڭغار، ئىلى ۋادىلىرى، قاراشەھەر ـ يۇلتۇز يايلاقلىرىدا ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە بەكمۇ قولايلىق شارائىت بار ئىدى. ئەينى دەۋردە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇ خىلدىكى پائالىيەتلەر ھەر دائىم ئېلىپ بېرىلغان، بۇنىڭغا ھەممە پۇخرا بىردەك ئىشتىراك قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدى.

## 2 . چەۋگەن ئويۇنى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە بولغان ئات ئۈستىدىكى ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرى — چەۋگەن ( ئات توپى ) ئويۇنى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە:

ئېلىمىز ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى 1970 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن مىلادى 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان ھەيكەلنى — ئات توپى ئويناۋاتقان لاي قورچاق ھەيكەلنى

تاپتى . بۇ ھەيكەل ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ چەۋگەن ئويۇنى ھەققىدە 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر ، ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ « قۇتادغۇبىلىك » ناملىق نادىر ئەسىرىدە مۇنداق مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغان : 2635 ـ بېيت : ( ئەسلىسى )

چۆگەنكە كەد ئەرسە ئاتار ئەرسە ئوق ،
يەمە قۇشچى ئاۋچى ئاژۇندا ئوزۇق .

يەشمىسى :
( ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى ئاتار بولسۇن ئوق ،
يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق ) ⑦

« تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى » نىڭ 29 ـ توم 383 ـ بېتىدە : « بۇگۈنكى ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى قەۋملەرنىڭ قەدىمكى زاماندا ئات ئۈستىدە ئوينىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . كېيىن چەۋگەن ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندىستانغا كەلتۈرۈلدى . ئۇ يەردە ئىنگلىزلار كۆرۈپ ، ياۋرۇپاغا ئېلىپ بېرىشتى . ھازىر « پولو » ( Polo )نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلدى » دەپ يېزىلغان .

يۇقىرىقى تارىخىي ئەسەر ( قۇتادغۇ بىلىك ) ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملاردىن ئات تۇپى ئويۇنىنىڭ تۈركى خەلقلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە بېقىپ ئىجات قىلىپ ، راۋاجلاندۇرغان ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ، جۈملىدىن بۇ ئويۇننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتا ، ئىدىقۇتقا ئوخشاش ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەركەزلىرىدە كەڭ تۈردە ئوينالغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس .

قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ، چارۋىچىلىق ، ئوۋچىلىق قاتارلىق تىرىكچىلىك مەشغۇلاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى

ئاتتىن ئايرىلمىغانىدى. ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا قوللىرىغا چوماق - توقماق ئېلىپ ئاتلىق ئۇۋچىلىق قىلىشقان. ئوغلاق تارتىش، ئات چاپتۇرۇپ قارىغا ئېتىش (ئوقيا بىلەن)، چەۋگەن ئويۇنى، ئات ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش، بەيگە مۇسابىقىسى قىلىش... قاتارلىق ئات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك ئويۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرى ئىدى. بۇنداق ئويۇنلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى.

چەۋگەن ئويۇنىنى ئويناش ئۇسۇلى: «مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 ماگدام، كەڭلىكى 200 ماگدام ئەتراپىدىكى تۈزلەڭدە 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تەرىپى گادىماچ كالتەك بىلەن كۆندىن ياسالغان ئالما چوڭلۇقىدىكى توپنى ئىككى تەرەپ بولۇپ قارىمۇ قارشى ياسالغان قاپقىغا كىرگۈزۈپ ئوينايدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەر تەرەپتىن 4 تىن ئاتلىق قاتنىشىدۇ. خۇلاسە - قايسى تەرەپ توپنى قاپقىغا كۆپ چۈشۈرسە شۇ تەرەپ ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.

ئەسىرلەر داۋامىدا، بۇ خىل تەنھەرىكەت شەكلى بىزدىن كۆچۈپ، باشقا ئەللەردە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. لېكىن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھازىر بۇخىل تەنھەرىكەت ئويۇنى چوڭلار ئارىسىدا ئوينالمىغىنى بىلەن، شەرقىي شىنجاڭنىڭ بەزى يېزىلىرىدا ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئاتسىز شەكىلدە ئەتياز كۈنلىرىنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنى سۈپىتىدە ئوينىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

## 3. دارۋازلىق

دارۋازلىق - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىكى چاققان، جەسۇر، ئەپچىل - ھەرىكەتچان، پاراسەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت ماھارىتى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللىي تەنھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

دارۋازلىقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «قەدىمكى زاماندا مەلۇم بىر شەھەرنىڭ ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلار ئۈستىدە بىر جادۇگەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ، بۇ

جادۇگەر ھە دېسىلا خەلققە بالايىئاپەت ياغدۇرۇپ، خاتىرجەملىك بەرمەپتۇ. خەلق بۇ جادۇگەرنى يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ بۆلۈتنىڭ ئۈستىدىن پەسكە چۈشمىگەچكە، داۋاملىق تۈردە خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوبۇل ئىسىملىك بىر باتۇر يىگىت خەلقنى بالا - قازادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بۇلۇتقا تاقاشقىدەك بىر نەچچە تال موما ياغاچنى تىكلەپ، ئۇلارنى ئارغامچا بىلەن ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپتۇ. جادۇگەر بۇلۇت ئۈستىدە پەيدا بولغان ھامان، ئۇ ئارغامچا ئۈستىدە چەبدەسلىك بىلەن ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، جادۇگەر بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دارۋازلىق ھەرىكىتى قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ» ⑧.

دارۋازلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنى شامان دىنى بىلەن باغلاپ قىياس قىلىش مۇمكىن. قەدىمكى ۋاقىتلاردا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىشىنىڭ يۈزەلىكى، ئىلاھىيەتچىلىك كۆز قارىشىنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن، «ئىلاھىيلاشقان» پېرىخۇنلار بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ پېرىخۇنلار پال، چۈش ئۆرۈش، مۇنەججىملىك قىلىش، تىبابەتچىلىك مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئۇلار سېھىرگەرلىك قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ھەتتا «تەڭرى بىلەن ئالاقىلىشاتتى». ئەينى دەۋردە شامان دىنىنىڭ ئۆلىمالىرى بولغان بۇنداق پېرىخونلار - قامانلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە ھۆرمىتى چوڭ ئىدى. «شامان ئېتىقادىغا قارىغاندا، ئاسماندىكى تەڭرى پەرىشتىلەر بىلەن يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەت باغلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئالاقىنى باغلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قامانلار پەيدا بولغان. قامانلار ئۇسسۇل ئويناپ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان پەرى قىز قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىناتتى» ⑨.

مانا مۇشۇ قامانلار «تەڭرى بىلەن ئالاقىلىشىش» ئۈچۈن يەرگە خادا تىكىپ، تۇغ - ئەلەملەر باغلاپ، دارۋازلىقنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنى

بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى — داۋاز ھەرىكىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە، داۋازلىق ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي مەنبەسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ يەكۈنى ھېسابىدا مۇنداق بېرىلگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ‹ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا (كۆك تەڭرىگە) ئېتىقات قىلىدىغان دەۋرلەر (مۇندىن تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى) ھۇسۇل مەرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ چاغدا داۋازلار ناغرا - دۇمباق سادالىرى ئىچىدە قىزىل - يېشىل ئەلەملەر لەپىلدەپ تۇرغان قىل ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، تەڭرىگە ئىنتىلىشنىڭ روھىنى نامايان قىلاتتى›» دەپ بايان قىلىنىدۇ ⑩.

سىتات ئېلىنغان بۇ بايانلاردىن قارىغاندا، دارۋازلىقنىڭ شامان دىنى دەۋرلىرىگە باغلىنىدىغانلىقى مۇئەييەنلىشىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، دارۋازلىق ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان بىر خىل پائالىيەت. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ 3 - توم 421 - بېتىدە: «ئادەم داۋازلىق قىلدى، يەنى ئارغامچا ئۈستىدە ئوينىدى» دەپ «يىپلادى - Yipladi» دېگەن پېئىل ئىزاھلانغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا دارۋازلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇلار دارۋازلىقنى ئۆز ئېلىدىلا يۇرگۇزۇپ قالماي، بەلكى چەت - ياقا يۇرتلاردىمۇ ئوينىغانلىقى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «خەنىنامە»، «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قىسقىچە بايانلىرى»، «تاڭ بايانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردە غەربىي دىيار سېھىرگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، جۈملىدىن چاڭئەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ دار باغلاپ ماھارەت كۆرسەتكەنلىكلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ ⑪.

دېمەك، دارۋازلىق ئۇيغۇرلاردا تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپلا ئويلىنىپ كەلگەن بىر خىل تەنھەرىكەت پائالىيىتى ئىكەنلىكىدە شۇبھە يوق. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىدىكى ھەرقانداق بىر پائالىيەت ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپلا، مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ ھەر قايسى ئىقلىملىرىدا،

مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى ئاساسىي پائالىيەت مەركىزى قىلغان ھالدا راۋاجلانغان، گۈللەنگەن ۋە ئومۇملاشقان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دارۋازلىق پائالىيىتىمۇ ئۆز ساھەسىدىكى ئەھمىيىتى بىلەن ياشناپ بارغان ( گەرچە، دارۋازلىقنىڭ كېلىشى شامان دىنى بىلەن باغلانسىمۇ، شۇنداقلا ئىدىقۇت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا كۆچۈپ، شاماندىن قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق پائالىيەتلەر ئاللىقاچانلا خەلقنىڭ سەنئەت بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى ) ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان — تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان ھەيكەللەر ئىچىدە تەگشەك خادىسىنىڭ ئۇچىدا پۇتىنى قايرىپ ئاسمانغا قارىتىپ تۇرغان بىر جۈپ ھەيكەل بار ( بۇ بىر جۈپ ھەيكەل 7 ـ، 8 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەۋرىستانلىقتىن تېپىلغان ). بۇ ماددىي پاكىت دارۋازلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدىقۇت شەھىرىدىن ئىبارەت قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچىقىدا خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا بار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت راسا گۈللەنگەن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ( مىلادى 850 ـ 1250 ـ يىللار ) گۈللەپ ـ ياشنىغانلىقىنى قىياس قىلىشىمىزغا ياخشى ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

دارۋازلىق ھەرىكىتى ـ نەزەرىيە جەھەتتىن مېخانىك ھەرىكەت قائىدىلىرىنى پىششىق ئىگىلەشنى، ئەمەلىيەت جەھەتتىن دارۋازلىق ھەرىكىتىنىڭ ھەرخىل نازۇك، چەبدەسلىك ھەرىكەت قائىدىلىرىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدىغان، ھەرىكەت تېخنىكىسى جەھەتتە يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ تەنھەرىكەت. دارۋازنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ قىيىنلىق نۇقتىسى شۇ يەردىكى، ماھارەت كۆرسەتكۈچى ھاۋا بوشلۇقىغا قۇرۇلغان پائالىيەت سەھنىسىدە تەگشەك خادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېغىرلىق مەركىزىنى توغرا ئىگىلىشى كېرەك.

دارۋازلىق ھەرىكىتى پائالىيەت نۇقتىسىدا، يەر ئۈستى ھەرىكىتى، دار ئۈستى ھەرىكىتى، چىغىرىق ھەرىكىتى، ئۇسسۇل ھەرىكىتى، سېھىرگەرلىك قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر: تەگشەك خادىسى بىلەن ئارقان ئارقىلىق ئېگىزلىك نۇقتىسىغا پەللىمۇ پەللە ئۆرلەش ۋە بۇ جەريانىدا ھەرخىل خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى قىلىش،

مولاق ئېتىش، تۆۋەنگە سىيرىلىش؛ جەڭۋازلىق، قىلىچۋازلىق، پىچاقۋازلىق قىلىش، تاش چېقىش، توپبازلىق، رىك ـ رىك ئوينىتىش، ئاتەشۋازلىق (ئوت ئويناش)، چىنە ـ تەخسە ئويناش، كۆز باغلاش، قىزىقچىلىق... تۈرلىرى بىلەن نامايان بولىدۇ.

داۋازلىق ھەرىكىتى ـ تەنھەرىكەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئېيتىشىش (قىزىقچىلىق)، سەھنە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەركىب ـ ئامىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان، رېژىسسورلۇقى بولغان ئەلنەغمە تىياترى خاراكتېرىدىكى ئۇنىۋېرسال قۇرۇلمىلىق تەنھەرىكەت تۈرىدىن ئىبارەت. بۇ ھەرىكەتنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ ھەرىكەتتە ھاۋا بوشلۇقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇرەككەپ پائالىيەتلەر پىسخولوگىيە ۋە فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

دارۋازلىق ئويۇنى قىزىقارلىق بىر ئويۇن. داۋاز 20 ـ 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دارغا 60 مېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن ئارقان ئۈستىدىن ھېچقانداق بىر ئېھتىيات تانىسى ئىشلەتمەي، يالاڭ ئاياق مېڭىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە نازۇك ھەم چەبدەس ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ.

## 4 . بۇت كۆچۈرۈش مۇراسىمى

بۇددا دىنى مۇسۇلمانلىقتىن ئىلگىرى دەرىجىدە گۈللەنگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇت ۋە كۇچا قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلىرىدە ناھايىتى داغدۇغىلىق دىنىي مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلەتتى. مەسىلەن، ھەر بەش يىلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نوم تەپسىرلەش، دىنىي بىلىملەر كۆرىكى، يەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش پائالىيىتى ۋە بۇت كۆچۈرۈش مۇراسىمى قاتارلىقلار ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلەتتى.

بەش يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددا چوڭ يىغىلىشى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر دىنىي پائالىيەت ئىدى. بۇ پائالىيەت كۇچا ۋە ئىدىقۇت شەھىرى قاتارلىق بۇددا مەركەزلىرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. ھەر يەر ـ ھەر

يەرلەردىن كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ كامىل پىر - ئۇستازلىرىنىڭ بىلىم - مەلۇماتلىرىنى نامايان قىلاتتى. بۇنداق پائالىيەتكە ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممىسى ئىشتىراك قىلىپ، نوم شەرھىيلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىشاتتى. بۇ خىل پائالىيەت بۇددا ئەقىدىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، بۇددا دىنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا رولى بەكمۇ چوڭ ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەنە بىر خىل دىنىي پائالىيىتى بولۇپ، بۇ پائالىيەت يەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى قەدىمكىلەرنىڭ قىسمەن ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقان بولۇپ، يەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ئەنە شۇ جۈملىدىن ئىدى. بۇنداق ئەنئەنىۋى پائالىيەتكە ئىدىقۇت دەۋرىدە بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى سىڭدۈرۈلگەن. «بۇددا دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرىنى تاشلاشمىغانىدى. ئۇيغۇرلار يىلدا ئىككى قېتىم يەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشاتتى؛ قىش مەۋسۇمىدە تۇرانلار (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى - نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) يامان روھلاردىن پاكلىنىش ئۈچۈن ئەندىشىلىك ھالدا كۈمۈش ۋە ئالتۇن قۇتىلارغا قۇيۇپ ساقلىغان سۇلارنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە سېپىشەتتى» ⑫.

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە تاغ، يەر، سۇ، ئوتنى ئۇلۇغلايتتى. يەرگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قۇتىلاردىكى ساقلىغان سۇلىرىنى بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە سېپىپ، يامان روھلاردىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىشى - ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى بىلەن بۇددا ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ بەلكىم قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى بىر ئىجادى بولسا كېرەك.

مانا مۇشۇ قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەر قاتارىدا بۇت كۆچۈرۈش مۇراسىمى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئىدىقۇت دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئىچىدە بەك گەۋدىلىك ئىدى.

بۇت كۆچۈرۈش - بۇددا دىنى قائىدىسىدىكى چوڭ بىر مۇراسىم بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بىر خىل دىنىي پائالىيەتتۇر.

بۇت كۆچۈرۈش مۇراسىمى ھەر يىلنىڭ 4 ـ ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شەھەر كوچىلىرى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈلۈپ، سۇلار چېچىلىپ تازىلىنىدۇ. شەھەر قۇۋۇقلىرى رەڭگارەڭ بېزىلىپ، كاتتا پەردە ـ چىمىلدىقلار ئېسىلىدۇ، تەرتىپ ساقلىغۇچىلار تەيىنلىنىدۇ. چۈنكى، شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئۈستىدە خاقان ۋە ئۇنىڭ خانىشلىرى كېنىزەكلىرىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرىدۇ. خاقان تۇرغان سېپىل راۋىقىدىن 3 ـ 4 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئېگىزلىكى ئۈچ جاڭ ئەتراپىدا بولغان تۆت چاقلىق بۇت كۆچۈرۈش ھارۋىسى ھازىرلىنىپ، ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بۇت سېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ بۇت ھارۋىسىمۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسىلىدۇ. بۇت ھارۋىسى شەھەر قوۋۇقىغا ئاز قالغاندا خاقان يېڭى كىيىملەر بىلەن تاجىنى قولىغا ئېلىپ، شاك كۆيدۈرۈپ، يالاڭ ئاياق ھالدا بۇتنى قارشى ئالغىلى ھارۋىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. بۇت ھارۋىسى قوۋۇقتىن ئۆتكەندە خانىشلار چاچقۇ چاچىدۇ ۋە تۆۋەنگە چۈشۈپ، بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ... بۇ پائالىيەت ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھەربىر چوڭ بۇتخانىلار (ئىبادەتخانىلار) دىكى راھىبلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك بۇتلىرىنى ھارۋىلارغا سېلىپ بىر كۈندىن شەھەر ئايلاندۇرىدۇ. بۇت سەيرىسى ئاياغلاشمىغىچە خاقانمۇ ئوردىغا كىرىپ دۆلەت ئىشلىرىنى بىجىرمەيدۇ.

بۇت كۆچۈرۈش مۇراسىمى دۆلەت خاراكتېرىنى ئالغان دىيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇت سەيرىسى بولغاندا پۇخرادىن تارتىپ ئەمەلدارغىچە، ئۇلۇغدىن تارتىپ ئۇششاقىچە ھەممەيلەن ئىشتىراك قىلىشىدۇ. بۇت سەيرىسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى چوڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا «روزا تۇتقان» ھالدا، تەشنالىق ۋە چارچاشلارنى ئۇنتۇپ، بۇددا قانۇنلىرىنى، شەرھىلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئاندىن بۇت ھارۋىغا سېلىنىپ، ئوردىغا قاراپ كۆچۈرۈلىدۇ.

بۇت سەيرىسىنىڭ ئۇزاق مەزگىللەردىن داۋاملىشىپ كەلگەن شەكلى شۇ تەقلىد تە بولسىمۇ، لېكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇت

كۆچۈرۈش مۇراسىمىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار ئىدى. بۇ ھەقتە «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «بۇددا دىنى بىلەن باغلانغان تۇرانلار (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى ـ نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) چىنلىق ئەلچىگە (ۋاڭ يەندېنى دېمەكچى) شۇلارنى چۈشەندۈرۈشكەن: ئۇيغۇرلار باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ھەممىسى بىر يەرگە توپلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇددا مەبۇدلىرىنى كۆچۈرۈشىدۇ. بۇ مەبۇد سەيلىسى جەريانىدا كۆپلىگەن كىشىلەر ئات مىنىشىدۇ ۋە كۆرۈنگەنلا نەرسىلەرنى ئوقيا بىلەن ئېتىشىدۇ ۋە ئۇ نەرسىلەرنى ئۇزۇن نەيزىلىرىگە ئىلىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇلار يامان روھلاردىن قۇتۇلىدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىدۇ. پەقەت ئومۇمىي مىللەت بويىچە ئوق ئېتىش ۋە نەيزىۋازلىق تەلىماتلىرىنى ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن ئىبادەت قىلىش بۇددىستلار دۇنياسىنىڭ ھېچبىر يېرىدە كۆرۈلمىگەن ھادىسە ئىدى...» ⑬.

يۇقىرىدىكى نەقىلدە كۆرسىتىلگىنىدەك، بۇددىستلار دۇنياسىنىڭ ھېچبىر يېرىدە كۆرۈلمىگەن ھادىسە ـ بۇت سەيرىسىگە ئاتلىق قاتنىشىش ۋە يامان روھتىن قۇتۇلۇش چۈشەنچىسى بىلەن بەزى نەرسىلەرنى ئوقيا بىلەن ئېتىش ئەھۋاللىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى قائىدىلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەن ئۆتمۈش ھاياتىدىكى بەزى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ نۇقتا، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق، دىن بىلەن تۇرمۇش، تۇراقلىق بىلەن ئىجادىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىجتىمائىيىتىدە گەۋدىلەنگەنلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر.

خۇلاسىلىغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت تۈرلىرى ناھايىتى جانلاندۇرۇلغانىدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «سۇ ـ مۇز ئويۇنى»، «شىر ئويۇنى»، بۈركۈتۋازلىق، توخۇ، قوشقار ئۇرۇشتۇرۇش... قاتارلىقلارنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇ يەردە پەقەت ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بىر قانچە ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى

كۆرستىش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق .

### ئىزاھاتلار

① باھا ئېلىدىن ئۆگەلىنىڭ : « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن . بۇ ئەسەر تۈركچە ، 1971 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان .

② « تۈرك قامۇسى » ، تۈركچە ، 29 ـ توم ، 383 ـ بەت .

③ ئوغلاق تارتىش ئۇسۇلى ھەققىدىكى بۇ قىسمەن بايانلار « شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى » ناملىق كىتابتىن ئېلىندى . بۇ كىتاب ( ئۇيغۇرچە ) خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىل نەشر قىلىنغان .

④ باھا ئېدىن ئۆگەلىنىڭ « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن .

⑤ « شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى » ناملىق كىتابنىڭ 48 ـ بېتىگە قارالسۇن .

⑥ باھا ئېدىن ئۆگەلىنىڭ « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن .

⑦ يۈسۈپ خاس ھاجىپ : « قۇتادغۇ بىلىك » ، 561 ـ بەت ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى .

⑧ بۇ رىۋايەت « شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى » ناملىق كىتابنىڭ 132 ـ بېتىدىن ئېلىندى .

⑨ « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى »، ئۇيغۇرچە ، 1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن .

⑩ « شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى » ناملىق كىتابقا قارالسۇن .

⑪ ⑫ باھا ئېدىن ئۆگەلىنىڭ : « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن . بۇ ئەسەر تۈركچە ، 1971 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى .

## ئۈچىنچى پاراگراف  زىيالىيلار ۋە راھىبلارنىڭ پائالىيەتلىرى

ھەر قانداق بىر دۆلەتتە ، ئۇلۇغ يۈكسىلىش بولۇۋاتقان دەۋردە زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . ئىدىقۇت ئۇيغۇر خان-

لىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىمۇ بۇ تەبىردىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىلىم - مەرىپەتكە ناھايىتى ئېتىبار بېرىلگەنىدى. بۇ دەۋردە دۆلەت تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان مائارىپ مۇئەسسەسىلىرى، خانلىقتىن مەخسۇس تەيىنلىنىپ، مۇقىم مائاش ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىلار (ئۆگرەتمەنلەر) بولغان؛ باشقا جايلاردىن كەلگەن ئۆلىمالارغىمۇ بۇ خانلىقتا ئېتىبارلىق مۇئامىلە قىلىنغان. نەتىجىدە، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

زىيالىيلار قاتلىمى، ئەينى دەۋردە ئاساسەن ھەرخىل دىنلارنىڭ راھىبلىرى، زاھىتلىرى، تويۇنلىرى، باخشىلىرى ۋە شەيخلىرىدىن ئىبارەت بولاتتى. ئۇلار، بولۇپمۇ بۇددا دىنى زاھىتلىرى گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىلىرى، بۇلاق بويلىرى ۋە دەريالارنىڭ مەنبەلىرىدە ئىستىقامەت قىلاتتى. مۇرتۇق، بۇيلۇق، تۇيۇق ۋە يالقۇنتاغ، قۇرۇق تاغ، ئاق تاغدىكى مەنزىرىلىك جايلار زىيالىيلار ئىستىقامەت قىلىدىغان ئەنە شۇنداق خالىي جايلار ئىدى. زىيالىيلار ئەنە شۇنداق جايلاردىكى ئىبادەتخانىلاردا، بىر تەرەپتىن ئىستىقامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك دىنىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى ①.

زىيالىلار قاتلىمىنىڭ ئەنە شۇنداق خالىي جايلاردا ئىستىقامەت قىلىشىغا ۋە ھەرخىل مەدەنىي پائالىيەتلەر، جۈملىدىن ئىجادىيەت مەشغۇلاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتلەردىن شەرت - شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەر كەڭرى ئىدى.

ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خانلىق دائىرىسىدە دىن (بولۇپمۇ بۇددا دىنى) يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، زىيالىيلارنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ دىن بىلەن زىچ باغلانغانىدى. زىيالىيلارنىڭ دىنىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، مۇستەھكەملىنىشىگە قوشقان تۆھپىسى چوڭ ئىدى. شۇڭلاشقا، زىيالىيلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى پادىشاھتىن تارتىپ

پۇخراغىچە ھەممە بىردەك قوللايتتى. «... راھىبلار مۆمىن ھەم تىرىشچان، يەنە قىرى پازىللارنىڭ، تالانتلىق ئالىملار، يىراق يەرلەرنىڭ دانىشمەنلىرى بۇ يەرگە توپلانغان. پادىشاھ، ۋەزىر، ئاۋام مۆتىۋەرلەر ئۇلارنى ھەمىشە ئاسرايدۇ ۋە ئۇلارغا ھەرقاچان ھۆرمەت قىلىدۇ»②.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولغاچقا، ئەينى دەۋردە زىيالىيلار قاتلىمى بولۇپمۇ بۇددا راھىبلىرى ئالاھىدە غەمخورلۇققا ئېرىشەلەيتتى. مەسىلەن: باج ـ سېلىق تۆلەش، ھاشار ئەمگەكلىرىدىن خالىي ئىدى. ساگراملار-نىڭ خېلى كۆپ تېرىلغۇ يەرلىرى، ھەتتا ئۇلاقلىرى بار ئىدى. ئىسرىق سالغۇچىلار يەنە داۋاملىق تۈردە پۇل ـ مال، يەر، ئاشلىق ساخاۋەت قىلىپ تۇراتتى. ساگرامنىڭ يەرلىرى ئادەتتە ئىجارىگە بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاشلىق ياكى ئىجارە ھەققى ئۈچۈن پۇل ئېلىناتتى.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىك، مەنىۋى جەھەتتىكى ھۆرمەتلەر زىيالىلار قاتلىمىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە، ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشىغا زور ئىلھام بەخش ئەتكەنىدى. نەتىجىدە، ھەرخىل مەدەنىي پائالىيەتلەر ناھايىتى جانلاندۇرۇلغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، زىيالىيلارنىڭ پائالىيەت مەزمۇنلىرى، تۈرلىرى ناھايىتى مول ئىدى. رەسساملىق ماھارەتلىرىنى نا-مايىش قىلىش، خەتتاتلىق مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈش، دىنىي ھېكايىلەرنى سۆزلەشتە بەسلىشىش، مۇشاۋۇرلىق سورۇنلىرى تۈزەش، ئىلمىي مۇھاكىمە، بەھس پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، تەرجىمە كورژىكلىرى تەشكىللەش، ئىستىقامەت قىلىش، كىتاب كۆچۈرۈش، «تىياتىر» ئويۇنلىرى كۆرسۇتۇش... قاتارلىقلار ئىدىقۇت زىيالىيلىرىنىڭ بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان پائالىيەتلىرى ئىدى.

ئەنە شۇ بىر قاتار پائالىيەتلەر، ئەينى دەۋر ئەھمىيىتى بىلەن ئېيت-قاندا، كۆپىنچە دىنىي ئېھتىياج بىلەن باغلانغانىدى. بۇ يەردە ئىككىلا نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، كىتاب كۆچۈرۈپ ساۋابلىق ئىزدەش بىلەن دىنىي بايرام، مۇراسىم ۋە دىنىي يىغىلىش پۇرسەتلىرىدە

دىنىي ھېكايىلەرنى سۆزلەش، ئاۋازسىز تىياتىرلارنى ئاممىغا كۆرسىتىش پائالىيىتى بەكمۇ ئەھمىيەتلىك سانىلاتتى.

بۇددا دىنىنىڭ نېگىزلىك چۈشەنچىسى ھېسابلانغان «بارلىق جانىدارلارغا قىلچىمۇ ئازار بەرمەسلىك پىرىنسىپى» — بۇددا دىنى ئېتقاتچىلىرى قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بىر ئەقىدە ئىدى. ناۋادا بۇنداق پىرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىنسا، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىن بىرەرىنى كۆچۈرۈپ ئەل ئىچىگە تارقاتقاندا، گۇناھىدىن ساقىت بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. بۇ توغرۇلۇق «ئالتۇن يارۇق» تا خاتىرىلەنگەن بىر بۇددا دىنى رىۋايىتى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىگە كەڭ تارقالغانىدى:

«ئىنچۇۋ دېگەن يۇرتنىڭ كىتاۋ دېگەن بىر بېگى بولۇپ، ئۇ مەلۇم يىلى قىزىنىڭ توي ئىشى مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى ئۆلتۈرۈپ، زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. توي تۈگەپ ئون كۈن ئۆتەر - ئۆتمەستىن كىتاۋ بەگ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. كىتاۋ بەگ گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى مۇزلاپ، پەقەت يۈرىكىلا ئىسسىق تۇرىدۇ، بەگنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆت كۈن ساقلاپ، ئاخىر بولالماي ئاچىقىپ كۆمۈشكە تەييارلانغاندا، كىتاۋ بەگ تۇيۇقسىز تىرىلىپ قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەر دەرھال مەڭدەپ كېتىپ، قېچىشقا تەمشىلىدۇ. كىتاۋ بەگ ئۇلارنى چاقىرىپ توختىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «... مەن تويدا ئۆلتۈرگەن جانلىقلار ئۇ دۇنياغا بېرىپ، تەڭرىگە ئەرز قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۆت دىۋە كېلىپ مېنى (روھىمنى) تۇتۇپ تەڭرىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى. تەڭرى مېنى سوئال - سوراققا تارتتى. سوراقنىڭ ئاخىرىدا پەقەت «ئالتۇن يارۇق» نى كۆچۈرۈپ تارقاتسامىلا گۇناھىمنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى».

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇلازىملار كىتاۋ بەگنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. كىتاۋ بەگ ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بەگلىكتىنمۇ، مال - مۈلۈكتىنمۇ كېچىپ، «ئالتۇن يارۇغ» نى كۆچۈرۈشكە قەتئىي نىيەت باغلايدۇ، كۆپ ئىز - دېرەكلەش ئارقىلىق ئاخىر كىتابنى تاغ غارلىرى

ئارىسىدىكى بىر بۇتخانىدىن تېپىپ كېلىپ، كېچە - كۈندۈز ئولتۇرۇپ كۆچۈرۈپ، «گۇناھنى يۇيۇش» پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ...» ③.

بۇنداق «كىتاب كۆچۈرۈپ ساۋاب تېپىش» ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئەھمىيەتلىك ئىش سانالغاچقا، ئادەتتىكى كىشىلەر تۇگۇل، ھەتتا خان، ۋەزىر، چوڭ ئەمەلدارلارمۇ بۇ ئىشقا ئېتىبار بېرىشكەن. «مايترى سىمىت» نى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار چۇتاش يىگەننىڭ ئەنە شۇ مەقسەتتە كۆچۈرتكۈزگەنلىكى بۇ پىكرىنى دەلىللەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، كىتاب كۆچۈرۈشنى بىراۋغا ۋاكالىتەن قىلغۇزسىمۇ ئوخشاشلا ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارالغان. نەتىجىدە، كۆپلىگەن كىشىلەر ئەنە شۇ زىيالىيلار، راھىبلارغا بۇ ئىشنى ۋاكالىتەن قىلغۇزغان، بۇنداق كىتاب كۆچۈرۈش زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ مۇھىم بىر پائالىيىتىگە ئايلىنىپ، بۇددا دىنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا رولى چوڭ بولغانىدى.

بۇددا دىنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇددا ھېكايىلىرىنى سۆزلەش، «مايترى سىمىت» قا ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناپ چىقىشمۇ ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدە ئىدىقۇت شەھىرى، كۇچا، بېشبالىققا ئوخشاش چوڭ دىنىي مەركەزلەر بولغان. بۇ يەرلەردە ھەشەمەتلىك ساڭراملار، ئىبادەتخانىلار قەد كۆتۈرگەنىدى. شۇنىڭدەك مانى، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىمۇ بار ئىدى. مۇشۇ ئىبادەتخانىلار دىنىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ياخشى سورۇنلىرى ھېسابلىناتتى. نورۇز (يېڭى يىل) بايرىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بايرام كۈنلىرىدە ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن تەقۋادار ئەر - ئاياللارغا ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرى ئۈچۈن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، سەدىقە - ساخاۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ھەرقايسى دىنلارنىڭ مۇرىتلىرى ئۆز دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى، تەلىماتلىرىنى بەس -

بەس بىلەن تەشۋىق قىلىشاتتى. ئۇلار ھەر خىل تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ، ئاۋازسىز تىياتىرلارنى ئويناپ، زىيارەتكە كەلگەنلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي تەشۋىقاتىغا قاتتىق جەلب قىلىۋالاتتى. ④.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، زىيالىيلار، جۈملىدىن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ خانلىق ھاكىمىيەت دائىرىسىدىكى پائالىيەتلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان. ئۇلار ئوردىدا مۇشاۋۇرلۇق ( مەسلىھەتچى )، پۈتۈكچى، مۇراسىم باشقۇرغۇچى ۋە دىپلوماتىك خىزمەتلەرنى بېجىرىشتەك مۇھىم خىزمەتلەرنىمۇ بېجىرەتتى. چەت ئەل ئەلچىلىرى كەلسە، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ خانغا ياردەملىشىپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشلىرى، ئەلچىلەرنى بۇتخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشلار بۇ پىكرىمىزنى ئاساسلايدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ شۇ قەدەر يۈكسىلىپ جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلغۇدەك ھالەتتە تەرەققىي قىلىشى ئىدىقۇت دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان زىيالىيلارنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە كۆرسەتكەن زور تىرىشچانلىقى، ئىجادچانلىقى ۋە مېھنىتىدىن ئايرىلمايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئەجدادلىرىمىز بىلىمىنىڭ بەخت دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكەنىدى.

## ئىزاھاتلار

① ئىبراھىم مۇتىئى: «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت گۈلشىنىدە بېزەكلىك روھى يەنىمۇ جەۋلان قىلغاي»، «تۇرپان» ژۇرنىلى 1981 ـ يىل 1 ـ سانىغا قالسۇن.

② شۆەنجۇاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايونغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» گە قارالسۇن.

③ بۇ رىۋايەت ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر تۈزگەن، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 ـ يىل نەشر قىلىنغان.

④ ئا. فون. گاباينىڭ «قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. بۇ ماقالە «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە 1980 ـ يىل 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

## تۆتىنچى پاراگراف «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ هۆججىتى» توغرىسىدا تەتقىقات

«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ هۆججىتى» نى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپاندىن تاپقان. بۇ يادىكارلىق ئورالما هۆججەت شەكلىدە يېزىلغان. هازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 270 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 29.5 سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي 125 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ هۆججەت هازىر جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بۇ هۆججەتنىڭ باش تەرىپى كەمتۈك، بەزى خەتلىرى ئۆچكەن، ئايرىم يەرلىرى ئېغىر دەرىجىدە پەرسۇدە بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، هۆججەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى خېلى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

بۇ هۆججەت توغرىسىدا گېڭ شىمىن ئەپەندى تۇنجى بولۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، هۆججەتنىڭ لاتىن هەرپلىرى بىلەن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى، سۆزلۈكى، ئىزاهلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ كۆز قاراش ــ مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 ــ يىللىق 4 ــ سانىدا ئېلان قىلغان.

«مانى ئىبادەتخانىسى هۆججىتى» ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوردىسىدىن هۆكۈمەت هۆججىتى قاتارىدا مانى ئىبادەتخانىسىغا تارقاتقان هۆججەتتى بولۇپ، گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، بۇ هۆججەتنىڭ يىل دەۋرى مىلادى 9 ــ 11 ــ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئىكەن①. هۆججەتكە «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىلى» دېگەن تامغا، ۋەزىرلەر تامغىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك تامغىلاردىن بولۇپ، جەمئىي ئون بىر تامغا بېسىلغانىكەن②.

① ②« شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىللىقى» جەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ــ يىلى نەشرى، 530 ــ بەتتىكە قارالسۇن.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ تەگدىن تولىسى بۇددا دىنىغا تەئەللۇق نەرسىلەر بولۇپ، مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيتتى. شۇنىڭدەك، بۇ يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىلىرى، ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر، پارچە ـ پۇرات ئىلىم ـ پەرىم تۇختامنامىلىرى ۋە باشقا مەزمۇندىكى يازما يادىكارلىقلار ئىدى. «مانى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتى» نىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىنىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى مۇھىم مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، يەنى مىلادى 762 ـ يىلى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئورخون ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي مەركىزىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىگەندىن كېيىن، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ پارallel خانلىقنى قۇرغان. بۇلاردىن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنىغا، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدە گەرچە بۇددا دىنى خېلى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، مانى دىنىمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئىدىقۇت شەھىرى، يارغۇل، بېشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلار ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر بۇددىزم مەركەزلىرى ئىدى. بېزەكلىك، تۇيۇق، لەمجىن، قىزىل تاغ (يالقۇنتاغ ياكى ئىدىقۇت تېغى) جىلغا ـ ياردائىكلىقلىرىدا، قىزىل دەريا بويى، ئۆگەن دەريا بويى، قىزىل قاغا، قۇمتۇرا، سىمسىم قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋە شىكشىن تۆپىلىكلىرىدە قېزىلغان بېزەكلىك ئۆيلەر ـ بۇددا ئۆيلىرى خېلى كۆپ ئىدى. بۇھال، بۇددا دىنىنىڭ ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە دۆلەت دىنى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، مانى دىنىمۇ خېلى تەرەققىي تاپقانىدى. بۇنىڭ

تۇپ سەۋەبلىرىدىن بىرى 10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردە ئىدىقۇت خانلىرى مانى دىنىغا چوقۇناتتى[1].

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىر قانچە دىن تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۇددا دىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ، خان جەمەتىدىكى ئاساسلىق ئەربابلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبلىك، مانى دىنىغا ئىدىقۇت خانلىقىدا خېلى چوڭ ئىمتىياز ۋە ئىمكانىيەتلەر بېرىلگەنىدى. ئۆز نۆۋىتىدە مانى دىنىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنىدى، دۆلەتنىڭ بىر مۇنچە چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مانى ئەربابلىرى قاتنىشاتتى. خانلىقنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى مانى ئەربابلىرىنىڭ باشچىلىقىدا باراتتى. تاكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ: مانى مۇخلىسلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىچكىرىسگە ئەۋەتىلەتتى[2].

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنىدا مەخسۇس مانى ئىبادەتخانىلىرى بولغان. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر، ئۈزۈمزار باغلار، چارۋا ماللار بار ئىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە تېرىيدىغان، ھەقسىز «ھاشا ئەمگىكى» قىلىدىغان ئىشلەمچىلەر، كۆتكۈچىلەر، ئۇستىكارلار، تىمۇپلار بولغانىدى. مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، مانى راھىبلىرىنىڭ ئىچىدە مەرتىۋە پەرقى ناھايىتى چىڭ ئايرىلاتتى. موجاكلار (دىن تارقاتقۇچىلار) ئەڭ يۇقىرى قاتلام، ئاۋدىنۇلار (تىڭشىغۇچىلار) تۆۋەن قاتلامدىكى ئېتىقادچىلار ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مانى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى بىر قانچە تەرەپتىن كېلەتتى: خانلىق تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان مەخسۇس ۋەخپە يەرلەر، باي ـ مۆتىۋەرلەر ئىئانە قىلغان

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى، 141 ـ بەتكە قاراڭ.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 143 ـ بېتىگە قاراڭ.

تېرىلغۇلۇقلار ، مېۋىلىك باغلار ۋە مال - چارۋىلار ، ئاھالىدىن يىغىلىدىغان « ئۇشرە - زاكات » ۋە تېۋىنغۇچىلار ، ساخاۋەتچىلەردىن يىغىلىدىغان خەير - ئېھسان پۇل - ماللاردىن ئىبارەت ئىدى . بۇنداق كەڭرى ئىمتىياز « ھۆججەت » مەزمۇنىدىن مەلۇم بولغىنىدەك ، خانلىق تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىناتتى .

« ھۆججەت » مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، مانى ئىبادەتخانىلىرىغا باغلانغان ئىجارىكەش ۋە ياللانما دېھقانلار ھەر يىلى ئىبادەتخانىغا 960 دەن (بىزدەن تەخمىنەن 400 جىڭ ئەتراپىدا) بۇغداي ، 84 دەن گۈنجۈت ، 24 دەن پۇرچاق ، 36 دەن تېرىق (ھەر ئايلىقتا كېتىدىغان 80 دەن بۇغداي ، 7 دەن گۈنجۈت ، 2 دەن پۇرچاق ، 3 دەن تېرىق ھېسابى بويىچە ھېسابلىنىدا ، - ھۆججەتنىڭ 26 - ، 22 - قۇرلىرىغا قارالسۇن ) تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، مانى ئىبادەتخانىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان 4125 قوقېۋ تىلغا ئېلىنىدۇ ( 35 - قۇرغا قاراڭ ) . ھۆججەتتە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە راھىبلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان 500 قوپقۇ رەخت ( 39 - قۇرغا قاراڭ ) ۋە بوز تىلغا ئېلىنىدۇ . كىچىكرەك تەمىناتلاردىن پاختا ، قومۇش ۋە قوغۇنلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ .

يۇقىرىقىدەك تەمىناتلاردىن بەھرىمەن قىلىنغان مانى ئىبادەتخانىلىرىدا خېلى كۆپ ساندىكى مەجبۇرىي ھاشا ئەمگىكىگە سېلىنىدىغان ئىشلەمچىلەر ، مەسلەن ، مال باققۇچى ، غاز - ئۆردەك باققۇچى ، ئوتۇنچى ، كىگىزچىلەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . دېمەك ، مانى ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىلگەن ئىمتىياز ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان . بۇ ھال ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا دىنىنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . شۇنىڭدەك ، بىز « ھۆججەت » مەزمۇنىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەشغۇلاتلىرىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز .

« ھۆججەت » ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇنى بىلەن بىزنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە خەۋەردار

قىلىندۇ. «هۆججەت» نىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى تۇرىدۇ. بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

## مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ هۆججىتى (ترانسكرىپسىيىسى)

1. قارغۇچىلار كىرزۇن، قارگ... بولسار يمە ئىلكىيە (؟)
2. قانىقتا كىر سەر، (ماذ) مستانتاقى يارلىق
3. بىرلە كىرزۇن كىر گۇر (سىن)... دەكى تۆرۈچە
4. ئىلكى (؟) دەكى تۆرۈچە ئىش (ئايغۇ) چى موژاك ئىلمىگا تۇتۇق
5. ئىشلەتزۇن. تاس سىيىت بارس ت (ا) رقان تەمىر ياقسى تۇتزۇن.
6... زۇن. ئۆرتۇگۇ بولسار ئىكەگۇ
7... ئاسۇر... تساگاغ ئىكەگۇ بىرلە
8... ۇن. ساچغۇچا... لار... (ئۆگتۇن بالىغ) داغى ئىسىگ (كۇچۇگ)
9. (ت) اغاي باغس ئىلىمغا ئۇز (ئىش) لەزۇن. كىدىن بالى (قتاقى)
10. ئىسىگ كۇچۇگ قۇمار بارس ت (ا) رقان ئىشلەزۇن. باغ
11. (بورلۇق) يىر سۇۋ قاق تىمەزۇن، ئۇز ئىتۇرزۇن. ئۆگتۇن
12. ب (القتاقى با) غ بورلۇق تۇسۇز (؟) بولسار تاغاي بارس
13. (ئىلىمغا) (بۆز)... (قاۋ) رىققا تەگزۇن. كىدىن
14. بالىقتاقى ئىش (ئاغدۇق بولسار) قۇمار بارس
15. ت (ا) رقان قىڭاقىز (غۇتقا) تەگزۇن. ئۆنتۇنگى ن (ەتەگ)
16. يىغغۇ تىر گۇ ئەرسەر ئىلىمغا تۇتۇق يىغىپ
17. ياقسى تۇتزۇن. (كىدىنگى نەتەگ) ي (ە) غغۇ تىرگۇ بار ئەرسەر قۇمار

18 . ( نىلڭ يۇمىس ) چىسى ( ياقسى تۇتىز – ) ۇن . ئاغىلىقىقا
كىرگۇسىن
19 . ئاغىلىقىقا قوچۇ ئەۋ ( ؟ ) . . . ( ق ) ا كىرگۇسىن تۇكەل
20 . كىگۇررۇن . ئىكەگۇ ب ( مرلە ياقسى ) ئىشلەتىزۇن يۇگىل ( ا
زۇن )
21 . بىرلە تۇتىزۇن . ئۆگتۇن يىڭاق يىر سۇۋ ئۆكۇش ئۇچۇن
22 . ( با ) لىقتاقى ئەۋ تۇرۇق قوقپۇ يىغىغۇ يىر سۇۋلار ئىتىگۇ قۇمار
بارس
23 . . . . . ( ئۆ ) گىتۇنگى تۇتۇن دۇمەن
24 . يىر ( سۇۋ ) بورنىلڭ ياقا ( ؟ ) نىلڭ ئالتمىس ئىكى قوقپۇ ئۇزە
25 . بۆز تەگسۇرۇپ تگرى ياد . . . كەدگۇ بۆز بىر( زۇن ) .
26 . ئاي سايۇ ئىكى ئەنچمن تگرىلەرگە سەكىزەر ئون سىق
27 . بۇغداي يىتى سىق كۆنچىت ئىكى سىق بۇرچاق ئۇچ
28 . سىق قونۇق ( بىرزۇن ) لىۋ تۇتىزۇن . ئۆدمە
29 . ب ( مرىپ ) . . . ت ( ساك )تاباسائىكى ئىش ئايغۇچىلار
( بىرزۇن )
30 . ئۇز ئۇزاغۇتىقا ( ئىش ئايغۇ ) چىلار لىۋ تۇتىزۇن . مو(ژاككا )
31 . لىۋ بىرىپ تىگرىللەر ئاشى سۇۋسۇسى تەك سىز بولسار ئىكى
32 . خرۇخانلار ئۆز ئاشى ئازۇقى بىرلە بىرىپ ، سولمى
33 . مانىستان . . . ئۇلۇرزۇن . ئىش ئايغۇچىلار قىڭا
34 . قاۋرىقىقا تەگزۇن . ( ئد )ىش ئايغۇچى ئاغىلىقىقا كىرۇر بو
( لغۇلۇق )
35 . يىر تۇسى تۆرت مىلڭ يۇز بىس ئوتۇز قوقپۇ بۇرق ( ان ) ( ؟ )
36 . تۆرۇچە سرۋسييت قانىقتا كىگۇرزۇن . مانىستان تاقى
37 . ( تە ) تەگ تۇرلۇگ ئىش كۇچ بولسار ئىكى خرۇخانلار ئىش
38 . ئايغۇچىلار ب ( مرلە ئىش ) لەتزۇن . كەدمە تىكىرمەنىلڭ
39 . بىس يۇز قوقبۇدا ئەلىگ قوقپۇ كەدمەگە بىرزۇن .
40 . تاقى قالمىس تۆرت يۇز ئەلىگ قوقپۇ كەدمەگە بىرزۇن .

41 . ئەسپاسانچقا قىشقى تون ئەتۆك بولزۇن ، كەپەز بۆزى

42 . ( تىملىڭ ) ئالتمىش بۆز ( ئەسپاسى ) ئەسپاسانچقا يايقى تون

43 . بولزۇن ئىكى ئەنچمن تگرىلەرنىڭ ئاشى بوغزى تـ ( ەگسىز )

44 . بولمازۇن ، بىر ئاي بىر خرۇخان بىر ئىش ئايغۇچى بىرلە

45 . تۇرۇپ يىچانىپ ئاش بوغۇز ئۇز قىلتۇرزۇن . تاقى بىر

46 . ( ئا ) يدا بىر خـ ( رۇخان ) بىر ئىش ئايغۇچى بىرلە تۇرۇپ

47 . يىچانىپ ئاش بوغۇز ئۇز قىلتۇرزۇن . قايۇ ئايقى ئاش بو

( غۇز )

48 . ئاغدۇق بولسار ، ئول ئايقى خرۇخان ئىش ئايغۇچى بىرلە

49 . قاۋرىققا تەگزۇن . ئىكى خرۇخانلار ئىش ئايغۇچىلار

50 . بىرلە تۇرۇپ . . . . . . ئىگ ئاسچىلاراگ ئۆتمەكچىلەرىگ قاۋىرا

51 . تۇرزۇنلار . تگرىلەر خۋانتا ئولۇرسار ئىكى خرۇخان ( لار )

52 . ئاداقىن تۇرۇپ ئاين ( ـە ) غ سۇۋسۇسىغ ئىۋرخانى زماستىككە

تەگى .

53 . تۇز تەگۇرۇپ ، ئانتا كىن ئۆزلەرى خۋانتا ئولۇرزۇن .

54 . مانىستانتا نەتەگ ئىش كۈچ بولۇپ تگرى موژاككە

55 . ئۆتۈككە كىلـ ( ـسەر ) ئىلكىدەكى تۆرۈچە خرۇخانلار ئىش

56 . ئايغۇچىسىز كىرمەزۇن . ئىش ئايغۇچىلار يمە خرۇخان ( سىز )

57 . كىرمەزۇن . خرۇخانلار ئىش ئايغۇچىلار بىرلە تۇرۇپا

58 . ئۆتۈنزۇنلەر . قام ( ا ) غىنغاي ئەسپاسى ئەرەن ئوغلانسىز

59 . تگرىلەر نەچە ئەر ( سەر ) ، ئاگارۇ تاپىنزۇن . ئانتا

60 . كىن قالمىش قام ( ا ) غىنغاي ئوغلان ئىۋرخانى زماستىك ( تا )

61 . تاپىنغۇچى بـ ( ـە ) لگۈلۈك قىلىپ خۋانتا ئۇز تاپىنتۇرزۇن . بۇ

بىتىگنى

62 . ئەرەن تگرىلەر قىرقىن تگرىلەر مانىستانتا ئاشانسار

63 . خۋانتا ئۆدمەگە بىر ( ەر ) ئىكىرلەر كۈپچۈك تاس سۇۋ كلۇ

رۇپ

64 . بور سۇۋى قىلىپ تگرىلەرگە ئىۋرخانى زماستىككە تەگى

65 . تۈزلۈ تەگۈرزۈن ، ساچراگۇ تگرىلەر ئۆدمەگە بازسار ئىسمىس
66 . مىنىن ئۆگىن يىغتۇرزۈن . قاچ ( ا ) ندا قانلۇ قىلغۇ بولسار
67 . مۈنى ئۆزە قىلزۈن . بۇ ئىسمىس مىگا تگرى موڭاك
68 . ئەفتادان ياغمازۈن . قانلۇ قىلغۇ بولسار تگرى بولسار تگرى
موڭاك يرلىق ( مىچا )
69 . خرۇخانلار ئىش ئايغۇچىلار بىرلە تۇرۇپ قىلتۇرزۈن . ئىكى
70 . ئەنچمن تگرىلەرنىڭ ئىكى تاۋاتىسى سۈۋسۇسىگا موڭاك
71 . ئەفتادان ياغمازۈن . تىگرى موڭاككە ئەفتادانغا كىم
72 . تەگگەلى ك ( ەا ) لىسەر ئۆز سۈۋسۇسىن بىرزۈن .
73 . بىر ي (ئىلىقى ) لىۋ ( ؟ ) بۇغداينىڭ سۆكتىسى بولۇر . ئىكى
يۈز
74 . سىق . بۇ ئىكى يۈز سىق سۆكتىدە يۈز سىق سۆكتى
75 . قىلىم ( تارىغۇچىن ) ئۆدلار يىرزۈن . يۈز سىق سۆكتى تگرى
76 . موڭاكىنىڭ ئەفتادانىنىڭ كاۋاللارى يىرزۈن . بۇ يۈز سىق
77 . سۆكتى يىغمىش تۇتزۈن ، ئاتلارغا يىرگۇ قاتۇرزۈن
78 . ئۈچ ئوردۇداقى يىرلەرىگ ئۈچ كىشىگە بىرزۈن .
79 . بىر كۆلا يگامىرىر ( ؟ ) قاغۇن مانىستاگا ك ( ە ) لۈرز( ۈن ) .
80 . ئوتۇز قاغۇن ئۇلۇغ مانىستانتا بىرزۈن . ئوتۇز قاغۇن
81 . كىچىگ مانىستانتا بىرزۈن . بۇ قاغۇنۇر يىغمىس يىغىپ
82 . ك ( ە ) لۈر ( زۈن ) . كەچىك ( ؟ ) قىلسار يىرمىس قاۋرىققا
ئەگزۈن .
83 . تگرى موڭاككا بىر كۈرى بىسلىك سوگۈن ئىچىنتە ( ؟ ) . . .
84 . بىسلىك سوگۈن . ئىكى ئەنچمن تەگرىلەرگە بىر تەنە
85 . سوگۈن بىرزۈن . ئۆگتۈن كىدىن نەچە مانىستان -
86 . لارداقى باغ بورلۇق يىر سۈۋ ئىكى ئىش ئايغۇچىلار
87 . ئۆز ئىتۇرۇپ ، يانا قاق يىرلەرى نەچە بار ئەرسەر ،
88 . ئاز ئۆكۈش ياقاغا بىرىپ يىرىگ كۆنتۇرۇپ بور
89 . تۇسىگە تەگۈرزۈن . تۇس كىرۈر يىرلەرىگ ئۆز

90 . ئىتۇرۇپ تۇسىن ئاسزۇن . ئىكى ئىش ئايغۇچىلار
91 . ئىترە ( ــ ) مەزۇن . ئىترەسىپ ئىش كۈچ ئاغدۇق قىلسار
92 . قسىگا قىزغۇتقا تەگزۇن . بۇ يىر سۇۋ باغ
93 . بورلۇق سەۋىگا تگرى موڭاك ئەفتادان خرۇخانلار
94 . قاتىلمازۇن . ئىش ئايغۇچىلار بىلزۇن . ئىش ئايغۇچى
95 . تاغاي بارس ئىلىمغا تۇتۇققا يۇمۇشچى كىچىگى قۇتادمىش
96 . يگەن . ئىش ئايغۇچى قۇمار بارس ت ( l ) رقاگا يۇمۇشچى
97 . ( كد ) چىگى كۆرمىش . بۇ ئىشلەرىگ ئىش ئايغۇچىلار
98 . ئۈز قىلسار ئۆگدىگە ئاچىققا تەگزۇن . ئاغدۇق
99 . قىلسار ئۈچ يۈز قسىگا تەگزۇن . بىرەر زيىنكىم
100 . ئۆچۈگى ( ؟ ) بىرلە قىزغۇت بىتزۇنلەر . مانىستانتاقى
101 . ئەرەنلەرىگ ئىگەي چور باسۇق بىرلە باستا تۇرۇپ
102 . ئىشلەتزۇن . ئىش ئايغۇچىلار كۆنلۈگ ئىشتىن ئايىتۇ تۇر
زۇن
103 . بىر يىل يگرمى قاگلىغ قامىش مانىستانغا كىرزۇن .
104 . تاقى قالمىش قامىشىغ بورلۇقلار سايۇ ئۇلەزۇن .
105 ئۇرخانى زماستىك سىرخان ئۇگەلەر ئىگلەسەر كۆرۈتۇر
106 . ئەملەتكۈچى ي ( ۇمۇ )ش بىرزۇن . ئوتاچى ئوقىپ كلۇرۇپ
ئوتىن
107 . ئەمـىـن ئىش ئايغۇچىلاردا بك تۇتۇپ ئالىپ ئۈز ئەملەتزۇن .
108 . قايۇ دىنتارلار ئىگلەپ يىغمىس ئىسنىمەسەر ئۈچ يۈز
109 . ( قىد ) گا تەگزۇن . ساۋغا ( ؟ ) كۈچكۈن بارزۇن .
110 . مەنلىگ سانگۈن ئوغلانى ، ئارسلان توگا ئىنىسى بىرلە
111 . كۈن كىيە ئوغلانى ، ئىغاچچى بولمىش . بۇ تۆرت ئىلىگ
112 . كىشى بىرەر سىق كەبەز ئىدىپ ك ( ە ) لۈرزۈن . يار مانىس
تانتا
113 . ئىكى كۈرى كەبەز بىرزۇن . ئالتى كۈرى كەبەز قوچۇ
مانىستان

114 . قا ك ( ه ) لۇرزۇن . . . مانىستانتاقى ئۇتۇگچىلار لالاك

115 . كەدتۇغمىش ، لىسا سابى كۆرتلە ، بـ ( ه ) گتۇر بۇ ئۇچەگۇ

116 . بىر كۈن بىرەر يۇك ئوتۇك ك ( ه ) لۇرۇر . قۇتلۇغ توگا
قولمىش

117 . بۇ ئىكەگۇ ئىكى كۈنتە بىر يۇك ئوتۇك ك ( ه ) لۇرۇر . بۇ
ئوتۇگچە

118 . ملارنىڭ ئوتۇگىن ك ( ه ) لۇرۇپ ئالغۇچى ياقشى قۇتلۇغ
ئارسلان .

119 . دىنتىلارنىڭ ئاشى يىگ بولسار ، ئۈچ يۇز قىڭقا تەگرۈن .

120 . مانىستان ساند ( ىد ) غ ئوتاچىلار ياقشى ئاچارى ئىنىسى ،
ئولى

121 . بىرلە . سۇر گۈنچى تويىن ياپاپ ئوغلى تاز . قازچى ياغتسىن

122 . تويىن . كەدىزچى ئوغۇل بارس . زيغچىلار مۇنچا كىشى ما
نىستاد ( ىد ) ا

123 . ئىشلەزۈن . ئوتاچىلار تۇزقاق تۇرزۇن . بالىق ئارقاسىنتا

124 . تويىن ئارقاسىنتا يرقان چوبان ياغمازۇن . كىم

125 . قايۇ بولسار ئىشلەزۈن . ئادىن ئىشكا ياغمازۇن .①

---

① بۇ يادىكارلىق « ئارخېئولوگىيە ئىلمى ژورنىلى » نىڭ 1978 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا گېڭ شىمىن ئەپەندى ئېلان قىلغان « قەدىمكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدىكى مانى ئىبادەتخانىسى هۆججىتىنى دەسلەپكى يېشىپ ئوقۇشۇم » دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى .

| | | |
|---|---|---|
| 1 . ئاچىق | ( 98 ـ قۇردا ) | مۇكاپات |
| 2 . ئاش بوغوز | ( 43 ـ ) | يېمەك ـ ئىچمەك |
| 3 . ئاشچى | 50 | ئاشپەز |
| 4 . ئازۇق | 32 | ئاشلۇق ، ئوزۇقلۇق ، ئوزۇق |
| 5 . ئاغدۇق | 52 | يامان ، ئەسكى |
| 6 . بىسىلىك | 83 | ئالىي دەرىجىلىك ، سۈپەتلىك |
| 7 . پۇرچاق | 27 | پۇرچاق |
| 8 . بەلگۈلۈك | 61 | بارلىققا كەلگەن ، ۋۇجۇدقا چىققان . |
| 9 . دىنتار | 108 | دىندار ، ئېتىقاتچىلار |
| 10 . خروخان | 24 | خرۇخان |
| 11 . خۋان | 51 | تاماق |
| 12 . ئىلگە | 105 | ئارغىپ قالماق ، كېسەل بولماق . |
| 13 . ئىلكى | 4 | دەسلەپكى |
| 14 . ئىلكىيە | 1 | ؟ ① |
| 15 . ئىلىمغا | 4 | ئەمەل نامى |
| 16 . ئىش ئايغۇچى | 4 | ئىش بىجىرگۈچى |
| 17 . ئىسىن | 108 | كۆڭۈل بۆلمەك . ئېتىبار بەرمەك |
| 18 . ئىنترەس | 91 | ئىشتىرىشمەك ، دۆڭگىمەك |
| 19 . كاۋال | 76 | ئۇلاق ، يۈك ئېتى |

① « ؟ » بەلگىسى قويۇلغانلىرى مەنىسى ئېنىق بولمىغان سۆزلەرنى بىلدۈرىدۇ .

| | | |
|---|---|---|
| 20 . كىرگۇ | 18 | كىرىم |
| 21 . كۇلا | 79 | ئامبار ، ئورا |
| 22 . كەبەز | 41 | كېۋەز |
| 23 . كەدگۇ | 25 | كىيىملىك |
| 24 . كەدىزچى | 122 | كىگىزچى |
| 25 . كەدمە | 38 | كىيىم ( راھىبلار كىيىدىغان ) |
| 26 . كەچىلىك ( ؟ ) | 25 | كېچىش |
| 27 . كۆنتۇر | 88 | كۆندۈرمەك ، ئاچماق ، ياخشىلىماق |
| 28 . كۈچكۈن | 109 | قۇدرەتلىك ، كۈچلۈك |
| 29 . كۈرى | 83 | كۈرە |
| 30 . لىۋ | 28 | ئۇسسۇلۇق ، ئىچىملىك |
| 31 . مانىستان | 2 | مانى ئىبادەتخانىسى |
| 32 . مۇژاك | 4 | باش راھىب ( مانى دىنىدا ) |
| 33 . ئۆگتۈن | 11 | جەنۇب ، ئوڭ تەرەپ |
| 34 . ئوتاچى | 106 | تىۋىپ ، دوختۇر |
| 35 . ئوتۇك | 116 | ئوتۇن |
| 36 . ئوتۇگچى | 144 | ئوتۇنچى |
| 37 . ئوقۇ ( ئوقى ) | 106 | چاقىرماق |
| 38 . چوبان | 124 | كەنت باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى |
| 39 . ساچراگۇ | 65 | چېچىلاڭغۇ ، چېچىلغان |
| 40 . ساۋ | 93 | سۆز ـ گەپ |

| | | |
|---|---|---|
| 41. سوڭۈن | 83 | پىياز |
| 42. سىرخان ؟ | 105 | ؟ |
| 43. سىرۇۋسىيىت | 36 | ؟ |
| 44. سۈۋسۈس | 31 | ئىچىملىك ، ئۇسسۇزلۇق |
| 45. سۆكتى | 73 | كىپەك |
| 46. سۈرگۈنچى | 121 | مال ( مال باققۇچى ) |
| 47. سىق | 26 | دەن ( مىقدار سۆز ) |
| 48. تابىن | 61 | باقماق ، ئاسرىماق |
| 49. تاقى | 40 | يەنە ، قايتا |
| 50. تاس ( تاش ) | 5 | يامان ، ئەسكى ② تاشقىرى ① |
| 51. تاۋانسى | 70 | تاۋاق ، قاچا |
| 52. تاغاي | 9 | تاغا ، كىچىك دادا |
| 53. تىكىرمەن | 38 ؟ | تىككۈچى ، سەيپۇڭ |
| 54. تۇرقاق | 123 | دائىم ، داۋاملىق |
| 55. تەگسۈر | 25 | ئالماشتۇرماق ، تېگىشمەك |
| 56. تەنە | 84 | تەنە ( مىقدار سۆز ) |
| 57. تەگسىز | 31 | ... گە يەتمەسلىك ، تەڭ كەلمەسلىك |
| 58. تۈس | 35 | يەر ئىجارىسى |
| 59. دۈمەن ؟ تۈتۈن | 23 | ھەربىر ئائىلە ، ئۆيمۇ ـ ئۆي |
| 60. ئۇزاغۇت | 29 | ھۈنەرۋەن |
| 61. يىرقان | 124 | كۆزەتچى |

| | | |
|---|---|---|
| 62 . يايقى (يازقى ) | 42 | ىق ، يازغى |
| 63 . ياغ | 68 | يېقىنلاشماق |
| 64 . ياقا | 24 | ئىجارە |
| 65 . ياقاغا بىر — | 86 | ئىجارىگە بەرمەك |
| 66 . ي ( ـ ) گرمىرىر | 79 | ؟ |
| 67 . يىزگۇ | 77 | يەم ، يەم ـ خەشەك |
| 68 . يىغغۇ تىرگۇ | 16 | جۇغلانما |
| 69 . يۇمىس | 18 | ئىش ، خىزمەت |
| 70 . يۇمىسچى | 95 | ياردەمچى ، خىزمەتكار |
| 71 . يىچان | 45 | كۆكۈل بۆلمەك ، غەمخورلۇق قىلماق |
| 72 . يىغمىش | 77 | خۇجۇلۇق |
| 73 . زىيىكم ؟ | 99 | ؟ |
| 74 . قاماغ ئىناغ | 60 | ھەممە ، بارلىق |
| 75 . قانلۇ | 66 | دىمىدىلەنگەن سۇ |
| 76 . قانتا | 63 | قەيەردە ، نەدە |
| 77 . قانىق | 2 | ئامبار ، قازناق |
| 78 . قاچ ( ا ) نتا | 66 | . . . چاغدا ، ۋاقتىدا |
| 79 . قارغۇچى | 1 | كۆزەتچى ، قاراۋۇل |
| 80 . قاۋرىق | 13 | جازا |
| 81 . قاۋىر | 50 | سۇرۇشتە قىلماق |
| 82 . قازچى | 121 | غاز باققۇچى |

| | | |
|---|---|---|
| 83 . قاق | 11 | قۇرۇق |
| 84 . قونۇق | 28 | قونۇق ( زىرائەت نامى ) |
| 85 . قوقىۇ | 22 | ئوشرە ، نەپىقە |
| 86 . قىزغۇت | 15 | جازا ، جازالاش |
| 87 . قىن | 15 | جازا ، جازالاش |
| 88 . ئەملەت ـــ | 106 | داۋالاتماق |
| 89 . ئەنچە ( ھ ) ن | 26 | راھىبلار ئۆمىكى |
| 90 . ئەسپاسانچ | 41 | كۆتكۈچى ( ئايال ) |
| 91 . ئەسپاسى | 50 | كۆتكۈچى ( ئەر ) |
| 92 . ئەۋ تۇرۇق | 22 | ئۆي ـ ئىمارەت |
| 93 . ئۆدمە | 28 | ؟ |
| 94 . ئۆگدى | 98 | مەدھىيە ، ماختاش |
| 95 . ئۆكۈش | 21 | كۆپ ، نۇرغۇن |
| 96 . ئۆچىگى ؟ | 100 | ؟ |
| 97 . ئۆرتۈگۈ | 6 | تۇۋاق ، قاپقۇچ |
| 98 . ئۆتمەكچى | 50 | ناۋاي |
| 99 . ئۆگە | 105 | دانىشمەن ، ئەقىللىق |
| 100 . ئۆلە | 104 | ئۆلۈشتۈرمەك ، بۆلمەك |
| 101 . ئىد | 112 | ئەۋەتمەك ، تەيىنلىمەك |
| 102 . ئىرغاچچى | 111 | باغاچچى |

## خاس ئىسملار :

| | | |
|---|---|---|
| 1 . بارس تارقان | ( 10 ـ قۇردا ) | بارس تارقان ( ئادەم ئىسمى ) |
| 2 . باستۇق | 101 | باستۇق ( ئادەم ئىسمى ) |
| 3 . بەگتۇر | 115 | بەگ تۇر ( ئادەم ئىسمى ) |
| 4 . ئىگەي چور | 101 | ئىگەي چور ( ئادەم ئىسمى ) |
| 5 . ئىل كۆرمىس | 97 | ئىل كۆرمىس ( ئادەم ئىسمى ) |
| 6 . لالاك كەد تۇغمىس | 115 | لالاك كەد تۇغمىس ( ئادەم ئىسمى ) |
| 7 . لىساسابى كۆركلە | 115 | لىساسانى كۆركلە ( ئادەم ئىسمى ) |
| 8 . چور | | ئادەم ئىسمى |
| 9 . سولمى | 32 | سولمى ( يەر نامى ) |
| 10 . تەمىر | 5 | تەمىر ( ئادەم ئىسمى ) |
| 11 . يار | 122 | يار ( يەر نامى ) |
| 12 . ياقسى | 112 | ياقسى ( ئادەم ئىسمى ) |
| 13 . قولمىس | 116 | قولمىس ( " " ) |
| 14 . قوچۇ | 19 | قوچۇ ( تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى ) |
| 15 . قۇتادمىس يگەن | 96 | قۇتادمىس يگەن ( ئادەم ئىسمى ) |
| 16 . قۇتلۇق تۇگا | 116 | قۇتلۇق تۇگا ( ئادەم ئىسمى ) |

### ئايرىم سۆزلەرگە ئىزاھاتلار

1 . موژاك ( موجاك ) : سوغدى تىلىدىكى « مۇجك » تىن ئۆزلەشكەن بو-
لۇپ ،مانى دىنىدىكى باش راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ . « موژاك » خەنزۇچە

خاتىرىلەردە ❋ دەپ خاتىرىلەنگەن.

2. ئەسپاسانچ، ئەسپاسى: ھەر ئىككىلىسى سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، «كۈتكۈچى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. پەرقى: «ئەسپاسى» ئەر كۈتكۈچىنى كۆرسەتسە، «ئەسپاسانچ» ئايال كۈتكۈچىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەسپانانچ» تىكى «ئانچ» ئايالچە جىنسنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچە.

3. بۇ يادىكارلىقتا قەدىمكى پارس (ياكى سوغدى) تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان مانى دىنىغا ئائىت بىر مۇنچە مەخسۇس ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: 122 ـ قۇردا: زيغچى، 105 ـ قۇردا: سرخان، 99 ـ قۇردا: زيينكىم، 52 ـ قۇردا: ئىۋراگانى ۋە زماستىك دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشكە ھازىرچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى يوق، شۇڭا بۇ خىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى يېشىلمەي قالدى.

سۆزلۈك ۋە ئايرىم ئىزاھلار «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» (1 ـ قىسىم) دىن پايدىلىنىپ بېرىلدى.. بۇ دەرسلىكنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات 2 ـ فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كافېدراسى تۈزگەن.

# ئالتىنچى باب

## ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىگە بېغىشلانغان بۇ بابتا ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈن ئىشلىرى، دەپنە قائىدىلىرى، كىيىم - كېچەك فورمىلىرى، ئەينى دەۋردە قوللىنىلغان ئادەم ئىسىملىرى ۋە لەقەملەر، يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاش ئادىتى، يېمەك - ئىچمەكلىرى، ئۆي - ماكانلىرى... بىر قەدەر كونكرېتراق بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان تارىخىي ئېتنوگرافىيە بايانلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى ئەجدادلارنىڭ پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن شارائىت ئاستىدا قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن پائالىيەت ئارقىلىق كونا شارائىتلارنى قانداق ئۆزگەرتىپ بارغانلىقىنى مەلۇم دائىرىدە چۈشىنىشكە ئىنتىلىشتۇر. چۈنكى، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق، دەۋر بىلەن ئاڭ، جەمئىيەت بىلەن شەخس، تۇرمۇش بىلەن دىن ... ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىش، راۋاجلاندۇرۇلۇش ۋە گۈللەندۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەسكە چۈشىدۇ. ۋاھالەنكى، ئېتنوگرافىيە بولسا مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەڭ يارقىن ئىپادىلەپ بەرگۈچى بىر ساھە. شۇڭا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇشتا ئەينى دەۋرگە خاس بولغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى — ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىدىكى قىسمەن تەرەپلەرنى كۆرۈپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر.

## بىرىنچى پاراگراف توي- تۆكۈن ئادەتلىرى

توي قىلىش يەنى ئائىلە قۇرۇش — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەھمىيەتلىك بىر ئىلگىرىلەشتۇر. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە توپ نىكاھلىنىش شەكلى بىلەن ئەۋلاد قالدۇرۇلاتتى. بۇ دەۋردە باللار ئانىلىرىنىلا تونۇپ، ئاتىسىنى بىلمەيتتى. كىشىلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى پەقەتلا ئانا سىستېمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى...

ئىجتىمائىي ئەمگەك جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ ھەم ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئۇرۇقداشلىق كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى ۋە ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تېزلەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلانغانلىقتىن، ئۇرۇق تەشكىلىنىڭ بۇرۇنقىدەك نۇرغۇن ئادەملەر ئارقىلىق، كوللېكتىپ ئەمگەك قىلىش ئۇسۇلى ئەمدى ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە جەمەتىنى ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى قىلغان شەكىل بارلىققا كەلدى. ئۇرۇقداشلىق پارچىلىنىپ نۇرغۇن ئائىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

جەمئىيەتنىڭ كىچىك بىر ھۈجەيرىسى بولغان ئائىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، شۈبھىسىزكى، نىكاھلىنىش تۈزۈمىنى، توي مۇراسىم - رەسمىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنداق تۈزۈم، مۇراسىم - رەسمىيەتلەر نۇرغۇن تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تاكامۇللىشىپ باردى. بارا - بارا نىكاھ ئىشلىرى دىنىي تۈس ئالدى. مۇراسىم - رەسمىيەتلەر ئادەت كۈچى شەكلىنى ئالدى.

نىكاھلىنىش جەھەتتە، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا بىر ئۇرۇقتىن بولغانلار ئۆزئارا نىكاھلانمايتتى. ئىدىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە بولسا بۇ ئادەت تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. چۈنكى، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇرۇق، قەبىلە بىرلىكلىرى ئاساسەن پارچىلانغان، ئۇرۇق، قەبىلە بىرلىكى ئورنىغا تېررىتورىيىلىك بىرلىكلەر دەسسىگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا نىكاھلىنىشمۇ بىر بالداق يۇكسىلىپ، تېررىتورىيە بىرلىكى ئاساسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا

نىكاھلىنىشى يۈز گۈزۈلگەنىدى.
توي مۇراسىملىرى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ خان ـ پادىشاھلارنىڭ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەمەلدارلارنىڭ توي مۇراسىملىرى شۇنداق بولاتتى. ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ چۆچەك ژانىرىدا پادىشاھ ياكى شاھزادىلەرنىڭ ئەل ـ يۇرتقا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي زىياپىتى بېرىدىغانلىقى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئادەتتىكى پۇخرالار ئۆز ھالىغا قاراپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، توي ـ تۆكۈنلەردە مەيلى خان ـ پادىشاھلارنىڭ، مەيلى پۇخرالارنىڭ مۇراسىمى بولسۇن، ھەممىسىدە ناغرا ـ سۇناي، مەشرەپ ـ ئۇسسۇللار بولاتتى. تويلۇق بېرىلەتتى. مال سويۇلاتتى. ئوغلاق تارتىش، بەيگە ئويۇنلىرى بولاتتى.
بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بۇددا راھىبلىرى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولمايتتى. بۇددا دىنىنىڭ شەرىئىتىدە راھىبلارنىڭ توي قىلىشى، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىشى، گۆش يېيىشى، جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ قان تۆكۈشى ... قاتارلىقلار قاتتىق مەنئى قىلىناتتى ياكى پەرھىز تۇتۇلاتتى.
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت تەتقىقات، بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى توي ـ تۆكۈن ئىشلىرى ـــ قائىدە ـ يوسۇنلار ھەققىدىكى تەتقىقات بىر خىل بوز ھالىتىدە تۇرماقتا. چۈنكى بۇ دەۋردىن قالغان ـــ مۇشۇ ساھەگە ئائىت يازما ماتېرىياللار قولىمىزدا يوق. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېتنوگرافىيىسى ساھەسىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئاز ـ تولا تىرىشچانلىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ساھە سىستېمىغا سېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتى ئاز، بۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. كىتابخانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۈزرىمىزنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئىككىنچى پاراگراف  دەپنە قىلىش ئادەتلىرى

دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنىڭ بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇزاق تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىر مۇنچە ئادەتلەرنى شەكىللەندۇرگەنىدى.

ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى هونلار ئىتتىپاقىدا بولغان. ئەنە شۇ دەۋرلەردە ئۆلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى هونلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا، هونلار، ئىسكىت، تۈرك، ئۇيغۇرلاردا كىشى ئۆلسە، كىشىلەر چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، پەرياد چېكىپ يىغلاش ئادىتى بار ئىدى. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى هازا ئېچىش ئادەتلىرى ئىدى.

دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆلۈكنى يەرلىكىدە قويغاندا، مېيىت بىلەن بىرگە نۇرغۇن ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى كۆمەتتى. ئەڭ بۇرۇنلاردا ئات، ئوقيا قاتارلىق نەرسىلەر — ئۆلگۈچى هايات ۋاقتىدا قەدىرلەپ ئىشلەتكەن نەرسىلىرى بىرگە كۆمۈلگەن. بۇ ئەهۋال ئىدىقۇت دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقانىدى.

ئىدىقۇت دەۋرىدە ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىشتا، مېيىت بىلەن بىرگە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ دانلىرى، هەر خىل قۇرۇق مېۋىلەر، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار، لايدىن ياسالغان قورچاقلار، زىبۇ زىننەت بويۇملىرى، رەسىملەر، يازما هۆججەتلەر ... قاتارلىق نەرسىلەر ئاخىرەتلىك هېسابىدا كۆمۈلگەن ①.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىش هەر خىل ئۇسۇلدا بولاتتى. بۇنداق ئۇسۇللار هەر خىل دىنلارغا باغلىق ئىدى. بۇددا دىنىدىكىلەر ۋاپات بولسا ئۆلۈكلەر كۆيدۈرۈلەتتى ②. ئايرىم ئەهۋاللاردا ساندۇقتا سېلىنىپ دەپنە قىلىش ئىشلىرىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بەلكىم مانى دىنىنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك. چۈنكى مانى دىنىدا ئادەم ئۆلسە، جەسەت يالىڭاچ هالەتتە كۆمۈلەتتى ③. جەسەتلەر كۆيدۈرۈلمەيتتى.

قەبرىلەر كۆپىنچە يەر ئاستىغا لەخمە كولاپ كىچىك هۇجرا ياساش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلاتتى ( بۇ بەلكىم مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە ئاتالغان قەبرىلەر بولسا كېرەك ) . مەشهۇر دىنىي ئۆلىمالارغا ئاتاپ مۇنارلار ياسىلاتتى . ئادەتتە يەنە تىك گۆر كولاپ ، ئۆلۈكلەرنى ئىلگىرى - كېيىن قاتمۇ قات دەپنە قىلىش ( ئالدىنقى جەسەت قويۇلغان ئويۇقچىدىن ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تەرىپىگە ياكى ئاستىنقى تەرىپىگە يەنە جەسەتنى قويۇش ) ئۇسۇلىمۇ بولغان . بۇنداق قەبرىلەر كۆپىنچە بىر جەمەت كىشىلەرگە ئاتاپ قىزىلغان قەبرىلەردۇر .

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا ئۆلگۈچىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئىشلىرى بولغان . خۇددى مانى دىنىدىكىلەر « مىر » ( يەكشەنبە كۈنى ) ئىبادەت قىلىشىنى ئوخشاش ، بۇددا دىنىدىكىلەرمۇ خاسىيەتلىك كۈنلەردە ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ ، ئۆلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ، دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزەتتى ياكى سەدىقە - ساخاۋەت ئاتا قىلاتتى .

قىسقىسى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا ، مەيلى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردا بولسۇن ، ئومۇمەن ، ھەممىسىنىڭ بىر يۈرۈش دىنىي قائىدە - يوسۇن بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان دەپنە ئادەتلىرى بولغان ۋە بۇ ئادەتلەرگە ئېتىبارلىق قاراشقانىدى .

## ئىزاھاتلار


① « شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » ( ئۇيغۇرچە ) ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 1 - سانىغا قارالسۇن .

② ۋاھىتجان غوپۇر ، ئەسقەر ھۈسەيىن « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى » نىڭ 145 - بېتىگە قارالسۇن .

③ « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 10 - سانى (1983 - يىل نەشرى ) 6 - بېتىگە قارالسۇن .

ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئىستېتىك تەركىبىي قىسمى بولغان كىيىنىش ــ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم فورمىلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇشمۇ ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر نۇقتىدۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى كىيىم - كېچەككە ئىشلىتىدىغان رەختلەرنى ــ يىپەك رەخت، يىپ رەختلەرنى ئاساسەن ئۆزلىرى توقۇيتتى، كۇچا، ئىدىقۇت شەھەرلىرىدە ناھايىتى سىپتا توقۇلغان گۈللۈك رەختلەر بولاتتى. «ئۇيغۇرلار ئۆلكىسىنىڭ ... چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن رەختلىرىمۇ ناھايىتى مەشھۇر ئىدى» ①. تۇرپاندىن يەر ئاستىدىن تېپىلغان بىر يازما ھۆججەتتە، بىر ئائىلە ئەتىيازلىق كىيىم-كېچەك ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا يۈزچى رەخت توقۇغانلىقى يېزىلغان ②. دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى كىيىم - كېچەكنى ئۆزلىرىنىڭ قولىدا توقۇپ چىقارغان رەختلىرىدىن تىكىپ كىيىشكەنىدى.

تۆۋەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش ئەھۋالى 4 خىل شەكىلدە، يەنى خانلارنىڭ كىيىنىشى، ئەرلەرنىڭ كىيىنىشى، ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ كىيىنىشى دەپ ئايرىپ بايان قىلىنىدۇ:

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ كىيىنىشى:

تارىخىي ماتېرىياللاردا ۋە بېزەكلىك تام سۈرەتلىرىدە ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ كىيىنىشى مۇنداق نامايەن بولىدۇ:

ئۇيغۇر پادىشاھى بايرام كۈنلەردە ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن سۇپىدا ياكى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇراتتى. بېشىغا تاج تاقاپ، ئۈچىسىغا قىزىل تون كىيەتتى.

تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيدە ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغان سۈرەت 34 ــ نومۇرلۇق غارنىڭ شەرقىي تېمىدىكى ساخاۋەتچى ئۇيغۇر خانىنىڭ سۈرىتىدۇر. بۇنىڭدا خان ئويما ياقىلىق، يۇمىلاق گۈل

چىكىلگەن ئۇزۇن تون كيگەن، بېلىگە ئۇۋ قوراللىرى ئاسقان، بېشىغا خانلىق تاجى كيگەن ھالدا سىزىلغان.

بېزەكلىكتىكى 20 ــ نومۇرلۇق غاردا ساخاۋەتچى ئۇيغۇر خانى ئۇچىسىغا يېڭى كەڭ، ئويما ياقىلىق تون كيگەن. بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان. پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا نىلۇپەر ياپرىقىغا ئوخشايدىغان كەينى ئېگىز، ئالدى پەس، ئۇچى ئۇچلۇق ئالتۇن تاج كيگەن.

تۇرپاندىن تېپىلغان قوليازمىلاردا خان كيىدىغان قىزىل تون تىلغا ئېلىنغان. بۇ، بېزەكلىكتىكى رەسىملەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. خانلار كىيىدىغان تونىدا ھېچقانداق زىبۇ زىننەت يوق. تۈگمىمۇ قادالمىغان، پەقەت ئىككى پەشنى جۈپلەپ بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان.

پەشنى جۈپلەپ بەلۋاغ باغلاش كىيىنكى كۆنلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باتۇرلۇقنى بىلدۈرىدىغان كيىمگە ئايلانغان.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كيىم ــ كېچەكلىرى ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى، خىزمەت ئورۇنلىرىغا قاراپ پەرقلىق بولغان. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كيىنىشلىرى شۇ دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئىپادىلەيتتى.

ئەرلەرنىڭ كيىنىشى:

تۇرپاندا بايقالغان تام رەسىملىرىدىن قارىغاندا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كيىمى ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى ئوشۇقچە كېلىدىغان كەڭ ھەم يوغان بەلۋاغلىق كيىملەردىن ئىبارەت. بۇ كيىملەر بۆرەك ياقىلىق، تىزدىن تۆۋەن قىسمىنىڭ يان تەرىپىدە چېكى بار، يېڭىنىڭ ئاغزى ئانچە كەڭ ئەمەس. ئۇلار بىر خىل رەڭدىكى تاۋار ــ دۇردۇندىن پايدىلىناتتى. بەلۋىغىغا نەپىس ۋە قىزىل مىستىن ياسالغان بىرمۇنچە زىننەتلىك نەرسىلەرنى تاقايتتى. بەلۋاغنىڭ كىچىك تاسمىسىغا قولياغلىق، پىچاق، تۆشۈك تېشىدىغان ئەسۋاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئاساتتى. بەلۋاغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئوقدانىنى، سول تەرىپىگە يادانىنى ئاساتتى. كېيىنكى چاغلاردا بەلۋاغقا نەرسە ئېسىش (يا ۋە ئوقتىن باشقا) ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئۆتۈك كالتە

قونچلىق بولاتتى.

ئەرلەرنىڭ ئىككىنچى بىر خىل كىيىمى ناھايىتى تار بولاتتى. كىيىمنىڭ رەختى گۈلسىز ياكى گۈلى ئاز بولاتتى. تاش كىيىمنىڭ ئۈستۈنكى بۆلىكى ھەم بېغىشىغا ۋە بويۇندىن تۆۋەنگە قاراپ يېرىم يان پەشنىڭ چۆرىسىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلاتتى.

ئايالLARنىڭ كىيىنىشى:

تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرىدىن ئاياللار كىيىمىنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ: ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۆشەكلىرىدىكى قىزىل ئىچكى كىيىم، ئۈستىگە يەڭسىز، ناھايىتى ئۇزۇن ھەم كەڭ سېرىق سىرتقى كىيىم يېپىنچاقلىنىۋالغان. كىيىمنىڭ بېشى ئالدى تەرەپتىك ئوتتۇرىسىدىن ئېچىلغان. بەل قىسمى ئانچە روشەن بىلىنمەيدۇ. پەشنىڭ چەتلىرىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. ئۈستۈنكى بىلەك قىسمى ۋە سىرتقى كىيىمنىڭ تىكىلگەن جايلىرىغىمۇ گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان. چاچ غەلىتە پاسۇندا بەشكە ئاجرىتىلغان، ئۇنىڭ ئىككىسى ئوڭ تەرەپتە، ئىككىسى سول تەرەپتە، بىرسى ئارقىغا چۈشۈرۈلگەن. چاچنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تۇرلۇك چاچ زىنقچىسى ياكى قۇشقاچ شەكىللىك تاغاق قىستۇرۇلغان. چاچنىڭ ئۈستىدىن چوڭ بىر قىزىل لېنتا يوتىغىچە چۈشۈپ تۇرغان. كىيىمنىڭ ساغرا قىسمىغا گۈل تۈگۈن تۈگۈلگەن.

رەسىملەردە يەنە ئاياللارنىڭ تۆت چاسا ياقىلىق پەشمەت، يېڭى قىسقا، سىرتقى كىيىمنىڭ رەڭگىدىن باشقا رەڭدىكى ئۇزۇن يەڭلىك ئىچ كىيىم كىيىدىغانلىقى مەلۇم.

ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ كىيىنىشى:

بېزەكلىك تام رەسىملىرىدىن ۋە يازما خاتىرىلەردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇيغۇر راھىبلار دائىم بىر ياكى ئىككى ئىچ كىيىم كىيىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىن كەڭ، ئەستىرى سۈپەتلىك سىرتقى كىيىم كىيىدىكەن، چاچ چۈشۈرۈپ ساقال قويمايدىكەن. ئۈچ قات كىيىمنىڭ رەڭگى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. سىرتقى كىيىمنىڭ رەڭگى ئادەتتە ئوچۇق بولمايدىكەن، ھەمدە كىيىمگە تۇغرىسىغا ۋە ئۇزۇتىسىغا قارا زىغزىق

ئۇتتۇلىدىكەن.

مانى دىنىدىكى ئەر - ئايال راھىبلار كەڭ ئاق كىيىم كىيگەن. كۆكرىكى قىزىل رەڭلىك چاسا قالقان بىلەن بېزەتىلگەن. ئايال راھىبلار ئاق كەندىر تانا ئۆتكۈزۈلگەن يارىشىملىق بۆك كىيگەن. بۆكلىرى ئاق، قارا ۋە بىنەپشە رەڭلەردە بولغان. باش مۇخلىسىنىڭ بۆكى بىنەپشە رەڭدە بولغان.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ كىيىنىشى:

مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ كىيىنىشى ھەرخىل بولۇپ، ئەرلەر باشلىرىغا قالپاق ياكى چىمەن دوپپىلار كىيىشكەن. بەللىرىگە گۈل چېكىلگەن يىپەك پوتا، بەلۋاغ ۋە نەقىشلەنگەن كەمەر باغلىغان. سەنئەتچىلەرنىڭ كەمەرلىرى قىزىل قىيشتىن بولغان. قىزىل، قارا رەڭلىك ئۆتۈك ياكى گۈللۈك باسماق پايپاق كىيىشكەن. ئاياللار باشلىرىغا شايى ياكى مىسقال داكا روماللار سېلىشقان.

ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويغان تۇرپان سەنئەتچىلىرىنىڭ ئوركېستىرلىرىدا سازەندىلەر چېكىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە قارا تاۋار ياغلىق بىلەن تېڭىۋېلىشقان. ئىمچا، كەمزۇل، جىلىتكە، چاپان، تون، پەشمەت، يەكتەك، ئالدى كۆكسى ياكى ياقا - پەشلىرى گۈل بىلەن نەقىشلەنگەن ئەرلەر كۆينەكلىرى، ھەر خىل ئەتلەس ياكى يوللۇق چۇۋەر پۇرمە ئاياللار كۆينەكلىرى، ئەر - ئاياللارنىڭ شىم - تامباللىرى، پۇشقىقىغا گۈل چېكىلگەن ئىشتان كىيىشكەن. كۆينەك ياكى ئىمچان ئۈستىگە ئىم تاناپلار (تور يۇپۇقلار) تارتىلغان ⑧.

### ئىزاھاتلار

① باھا ئىبدىن ئۆگەلىنىڭ «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، 198 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى.

③ بۇ ماقالە 1984 - يىلى يېزىلىپ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە 4 - ئاۋغۇست ۋە 6 ئاۋغۇست سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ پاراگراف

ئەنە شۇ ماقالەم ئاساسىدا يېزىلدى. ئۇ ماقالىنى يازغاندا «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋردىكى ناخشا – ئۇسسۇل سەنئىتى»، «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ئەسەر، ماقالىلەر، شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر ۋە بېزەكلىكتىن قالدۇرۇلغان بىۋاسىتە خاتىرەمدىن پايدىلىنىپ يازغانىدىم.

## ئۈچىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىملىرى

ئۇيغۇر خەلقى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇخشىمىغان ئىسىم – فامىلە قوللانغان. پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەر ھازىر 2796 خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىسىم – فامىلە قوللىنىش ئادەتلىرىدە بىر-مۇنچە ئوخشاشلىق ۋە بىرمۇنچە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. ھەر قايسى مىللەت ئۆز تارىخىدا ھەر خىل ئىسىملارنى قوللىنىپ كەلگەن، بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھەربىر مىللەتنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى، تىلى، ياشاش شارائىتى، دۇنيا قارشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، خاراكتېرى، ئېستېتىك قارشى، پسىخىكىسى، ئارزۇ – ئارمانلىرى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە كۆك (ئاسمان)، يەر (تۇپراق)، سۇ (دەريا، دېڭىز، كۆللەر) ئۇلۇغلانغان، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئاساسەن ئەنە شۇ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى بەزى چۈشەنچىلەرگە باغلانغان. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاقانىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، دېڭىز دەپ قويۇشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىدا دۆلەت قۇرغان مەزگىللىرىدە قوللانغان ئىسىملىرىدا بايىنچۇر. كۆل بىلگە، يوللۇغ تېكىن، قارا بۇلۇق، تون يوقۇق، قۇتلۇق بىلگە قاغان... دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار ئۇچرايدۇ. بۇ ئىسىملاردا بەخت، بىلىمنى ئۇلۇغلايدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر بىلىنىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئىسىملارنىڭ

لېكسىكىلىق مەنا جەھەتتە كەڭ مەزمۇنلارغا چېتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، بۇ دەۋردە شامان ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار، دەرەخ، گۈلگىياھلارنىڭ نامى ئىستېمال قىلىنغان ئىسىملار، قۇشلارنىڭ ناملىرىنى ئىسىم ئالدىغا قوشۇش ياكى خاس ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىش، مەدەنلەرنى ئىسىم ئورنىدا قوللىنىش، ھايۋاناتلارنىڭ نامىنى ئىسىم ئورنىدا قوللىنىش، ئىسىمغا دىنىي ئۇنۋان ۋە ئەمەل ناملىرىنى قوشۇپ قوللىنىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

ئارسلانخان، يان تېكىن، قارا بۇلۇق، بارچۇق؛ سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، چۇتاش يىگەن؛ تۇزۇن (ئايال)، قۇتلۇق (ئايال)، سىلىغ تېگىن (ئايال راھىبە)، تاش تۆمۈر، تۆمۈر بۇقا، قۇتلۇق تۆمۈر؛ توغان، توغرۇل؛ راھىب غوزال، توگرا، بۇغۇ، بايىرقۇ، ئىنال تۇدۇن، مۇقاچۇ تۇدۇن، كۆل تارقان، قالىم كەيشى، تابىل، كىمەن، قارا باخشى، چىسىم، مىسىرسىلا، تەدمىلىك، تۆرەدۇ، مۇگسۇز، تۇرچى، تويىن، تورى باخشى، قاۋسىدۇ، تاگۇت بۇقا، ئىغدۇ ئىلچى، بۇگەن سالى، تەسەك تۇرمىش، بۇلدۇز، مىڭ تۆمۈر، تاگۇت بۇقا، قايىمدۇ ...

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا بەخت ئۇقۇمىدىكى «ئىدىقۇت»، «قۇتلۇق» سۆزى، بىلىملىكنى بىلدۈرىدىغان بىلگە سۆزى، پاكلىقنى بىلدۈرىدىغان «تۇزۇن» سۆزلىرىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ياكى خاس ئىسىم سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىش گەۋدىلىك ئىدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن، ئىسلاملاشتۇرۇشنىڭ بىر پۈتۈن ئېھتىياجى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ مۇھەممەت، ماخمۇت، قادىر، ئابدۇللا، ئىسلام، پاتىمە، بۇ-

ۋىشايىشە، زۆھرە، رابىيە، ئادالەت ... دېگەندەك ئەرەبچە مەنە بېرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى...

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى « ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللىقاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەت فېئودالىلىشىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق، قارا قالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق - قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام - ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن » ①. بۇ هال مۇقەررەر هالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلە قوللىنىشىغا مەلۇم ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەنىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر هازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرىنى قەبىلە نامى بىلەن سۈرۈشتۈرۈشىدۇ. مەسىلەن، كېرەينىڭ جانتېكەيدىن بولغانلار بىر ئۇرۇق - جەمەتنىڭ يېقىنلىرى هېسابلىنىدۇ. كېرەي - قەبىلىنىڭ نامى بولسا، جانتېكەي شۇ قەبىلە ئىچىدىكى بىر چوڭ ئۇرۇقتۇر. بۇ هال ئۇيغۇرلاردا يوق. لېكىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنى سۈرۈشتۈرۈشتە بىر خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل - لەقەمدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى لەقەملەر ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، بىرەر يۇرت مەھەللىگە باغلانغان لەقەملەر، يەنە بىرى، شەخسلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، پسىخىك ئالاھىدىكى ياكى جىسمانىي ئۆزگىچىلىكلىرىگە، شۇ شەخسلەرنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن بىرەر بوغۇمىنىڭ مەشهۇر ئىش - ئىزلىرى ياكى سەۋەنلىك - كەمچىلىكلىرىنىڭ تىللاردا لەتىپە - داستان بولۇشىغا هەم كەسپكە باغلىنىپ قويۇلغان لەقەملەردۇر ( بۇ لەقەملەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئاجايىپ قىزىقارلىق رىۋايەتلەر بار ).

لەقەملەر ــ ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى، ئۇرۇق - جەمەتىنى سۈرۈشتە قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ،

ئۇيغۇرلار تېررىتورىيىلىك بىرلىكنى ئاساس قىلغان دەۋرلەردە، يەنى ئىدىقۇت دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا باشلاپ، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلانغانىدى (بۇ ھەقتە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1987 ـ يىل 8 ـ ئاۋغۇست سانىدا بىر ماقالە ئېلان قىلغانىدىم. تەپسىلاتىنى شۇ ماقالىدىن كۆرۈڭ).

ئىزاھاتلار

① ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار» ئۇيغۇرچە نەشرى، 45 ـ 46 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

## بەشىنچى پاراگراف ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ تەركىبىدە بىر قانچە ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىرگە ھايات كەچۈرگەنىدى. ئۇزاق مەزگىل بىرگە ياشاش جەريانىدا، ئۆزئارا سىڭىشىش، ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش ۋە ئاخىرىدا بىر گەۋدىگە، يەنى «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك بىرلىككە قاراپ ئۇيۇشۇشتەك ھادىسىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنىدى. مانا مۇشۇ جەريانلاردا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قىر ـ يايلاق ـ كۆچمەن ھايات ئىزنالىرى، شەھەر، قەلئە ـ ئولتۇراق تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ھەر قايسى دىنلارنىڭ تەسىرى، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، يوغۇرۇلۇش، يېڭىچە بىر شەكىلنى ھاسىل قىلىشتەك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇڭا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر زاھىر ئىدى.

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇچرىغان بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى تۆۋەندىكىدەك قىسقىچە بايان قىلىمىز.

ئۇيغۇرلار گۆش ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ئاساسلىق

ئۇزۇق قىلىسپ كەلگەن خەلق . ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ ، بۇددا دىنى دۆلەت دىنى مەۋقەيىگە كۆتۈرۈلۈپ ، بۇددىستلار قائىدىسى بويىچە «جانلىقلارغا ئازار بەرمەسلىك » ۋە « قان تۆكمەسلىك » كە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن مال سويۇپ ، گۆش يېيىش ئىدىقۇت خانلىقىدا چەكلەنمىگەنىدى . بىراق ، تەقۋادار بۇددىستلار قاتتىق پەرھىز تۇتاتتى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق يېمەك - ئىچمەكلىرى مۇنداق بىرقانچە خىل ئىدى :

قاقۇرغان : قاتلىما ، ماي بىلەن يوغۇرۇلۇپ ، تونۇر ياكى ئۇچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان .

يالاچى يۇغا : تۆھمەتچى نان ، نېپىز قاتلىما نان .

قاتما يۇغا : قاتلىما ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان .

ئىسنچۇ : گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدىكى بىر خىل نان .

چۇقمىن : ھور ناننىڭ بىر خىلى ، نېپىز ۋە سىڭىشلىك كېلىدۇ .

قارا ئەتلمەك : ناننىڭ بىر خىلى ، گۆش ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ ، كېيىن ئۈستىگە سېرىق ياغ ، شېكەر قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ، قويۇلغۇچە قاينىتىلىدۇ ، ئاندىن يېيىلىدۇ .

تۇتماق : چۆپ ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ داڭلىق تاماقلىرىدىن بىرى .

ياۋغان ئاش : گۆشسىز ئاش .

سارماچۇق : قۇشقاچ تىلى ئاش ، سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى .

ئاۋزۇرى : بۇغداي ۋە ئارپا ئۇنى قاتارلىق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىلىنغان تاماق .

ئۈسپۆرى : قوقاستا پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن ، توغراپ ياغقا سېلىنىپ ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك .

ئىگدۇك : سۈت ۋە قېتىقتىن قىلىنغان سۈزمىگە ئوخشاش يېمەكلىك .

يازۇق ئەت : كۆزدە ھەرخىل دورا — دەرمەكلەر بىلەن قۇرۇتۇپ قويۇلۇپ ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش .

كۆمەچ : چوققا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان نان .

قاغۇت: تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق. تېرىق ئاۋۋال قايـ نىتىلىپ، كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ؛ ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن ياغ ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ (بۇ تاماق تالقانغا ئوخشايدۇ).

سوغۇت: ھېسىپ، ئۆپكە ئىچىگە گۈرۈچ، گۆش ۋە دورا- دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك.

سۇغا تۈگۈم: جۇۋاۋا، بەگشە.

گۈرۈچتىن قىلىنىدىغان پولو قاتارلىق تائاملار.

كاۋاپ: قوزا، ئوغلاق گۆشلىرىدىن، توخۇ- ئۆردەك، غاز گۆشلىرىدىن ۋە بىر قىسىم كىيىك- جەرەن، ئارقار، بۇغا، ياۋا توشقان، ياۋا ئۆردەك، كەكلىك، ئۈلار گۆشلىرىدىن ھەرخىل مەززىلىك كاۋاپلار پىشۇرۇلىدۇ. شارائىت بولغاندا، كاۋاپ ھەر خىل دارا- دەرمەك بىلەن پىشۇرۇلىدۇ. تاغ- دالا، چۆل- بىيابانلاردا يۇلغۇن، سۆكسۆك ئوتۇنلىرىدىن گۈلخان يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ ياكى تاشلار قىزدۇرۇلۇپ، تاشقا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئۈزۈم مەيچىلىكى تەرەققىي تاپقان، باج- سېلىق ھېسابىدا پۇقرالار بەزىدە ئۈزۈمدىن مەي ئىشلەپ تاپشۇراتتى. ئۈزۈمدىن مەي ياسالغان مەي ئوردا بەزمىلىرىدە، مەۋسۇم- مۇراسىم بايراملىرىدا ۋە ئادەتتىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىچىلەتتى. دىندارلار مەي ئىچىشنى پەرھىز تۇتاتتى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك- ئىچمىكى ھەققىدە بايان قىلىدىغىنىمىز ھازىرچە شۇنچىلىك.

# يەتتىنچى باب

## ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە مەدەنچىلىك

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، باغۋەنچىلىك ۋە سودا ئىشلىرىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇنىڭدەك، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە مەدەن تاۋلاش ئىشلىرىمۇ ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا راۋاجلانغانىدى.

دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيدا ئۆيلىرى، ئىدىقۇت بېزەكلىك ئۆيلىرى ۋە كۇچا رايونىدىكى تاش كېمىرلەر رەسىملىرىدە مىلادى 4 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان جەرياندىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئىزنالىرى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇنداقلا، مۇشۇ ئورۇنلاردىكى خارابىلىقلاردىن تېپىلغان ئاسارئەتىقىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدى، كەيىنىدىكى مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى، جۈملىدىن ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزگە مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ.

يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكى تام رەسىملىرىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەگرى سوقا (تۆمۈر چىشلىق)، تىرنا قاتارلىق سايمانلار رەسىملىرى، تۈگمەن، يارغۇنچاق، پۇت سوقىسى قاتارلىق ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ سايمانلار، ئوۋچىلىق، مال بېقىش، ئۆردەك بېقىش، بېلىق تۇتۇش، مال سويۇش، كالا سېغىشتەك چارۋىچىلىققا دائىر پائالىيەتلەر؛ تۇرلۇك شىپاڭ ـ راۋاق، ساراي، مۇنار، قورۇ ـ جاي، شەھەر ـ قەلئە ۋە كۆۋرۈكلەر كۆرۈنۈشلىرى، پادىشاھ ۋە خانىشلار ئولتۇرىدىغان تۆت ئاتلىق ھارۋىلار، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۆگە، ئۆكۈز ھارۋىلىرى ۋە يۈك، جەڭ ھارۋىلىرى رەسىملىرى، ئەمچىلىككە دائىر تەسۋىرلەر، جەڭدە ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ

ياراغ رەسىملىرى، قارىلىق، پالتا، ھەرە، قايچا، سىزغۇچ، سىركول قاتارلىق سايمانلار ۋە ھاراق ئىچىتىش ھەم تۆمۈر ئېرىتىش كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغان.

بىز يۇقىرىقىدەك رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىدىن ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، يازما يادىكارلىقلار ھەم خارابە ئىزلىرىدىن (مەسىلەن، بىناكارلىق، رودا ئېرىتىش جەھەتلەردە) ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ھۈنەر ـ سەنئەت، مەدەنىيەتلىك ئەھۋالىرىنى قىسقىچە بايان قىلىش ئىمكانىيەتلىرىنى تاپىمىز.

## بىرىنچى پاراگراف. بىناكارلىق

ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا شەھەر ـ قەلئە تۇرمۇشىنى، يەنى ئولتۇراق ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىشنى باشلىغان. كۆچمەن تۇرمۇش ئادىتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا مۇئەييەن بىر دەۋرنى ھاسىل قىلغان. ئىدىقۇت، يارغول، بېشبالىق، جانبالىق، سۇلمى (ئاگنى ياكى قارا شەھەر)، ئۆتۈرغول، كۇچا، قارا بالغاسۇن قاتارلىق شەھەر ـ قەلئەلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ئولتۇراق ھاياتتا ياشىغان بولسا، ئورخۇن ـ يېنسەي بويلىرىدا ياشىغانلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆچمەن ھايات شەكلىدە ياشىغان، دېمەك، قىر ـ يايلاق، دەريا ـ تاغلارغا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەن ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبلىرى چېدىرلىق كۆچمەن ھاياتنى ئۆتكۈزگەن بولسا، تۈزلەڭ ۋادىلاردا، يەنى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغانلىرى ئولتۇراق ھاياتتا تىرىكچىلىك قىلغانىدى.

ھالبۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورخۇن بويلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىگە كىرگەن رايونلاردا ئەسلىدە ياشاپ كەلگەن قېرىنداش قوۋملار ۋە ياشقا خەلقلەر مۇئەييەن بىر جەرياننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشىشىنى تېزلەتتى. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە قىسمەن كۆچمەن ھايات ئىزنالىرى ساقلىنىپ تۇرغان

بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئولتۇراق ھالەتتىكى تۇرمۇش شەكلى تەدرىجىي يوسۇندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئاساسەن، شەھەر ـ قەلئەچىلىك، ئىبادەتخانا، بۇددا مۇنارلىرى، ئولتۇراق ئۆيلەردە كۆرۈلىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ تاكى گەنسۇنىڭ يۇنچاڭ دېگەن يېرىگە ئاخىرقى خانزادىلەر ئوردىنى يۆتكەپ كەتكەنگە قەدەر، ئىدىقۇت شەھىرى، بېشبالىق شەھىرى، كۇچار (ئىلىك خانلىق مەرتىۋىسىدە)، ئاستانە، قۇمۇل شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلار ئىدىقۇتلۇقلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنكى پايتەخت شەھەرلىرى قىلىنغان. مانا مۇشۇ جەريانلاردا، ئىدىقۇت خانلىرى ئەسلىدىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنى ئۆز ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن كېڭەيتكەن ياكى سېپىللىرىنى ئېگىزلەتكەنىدى.

شەھەر ـ قەلئە سېپىللىرى كۆنگۈرىلىك بولۇپ، سېپىللارنىڭ ئۈستى كەڭ، ئادەملەر ئۈستىدە بىمالال ھەرىكەت قىلالايتتى. شۇنىڭدەك، سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇلخانىلار، قورال ـ ياراغ ئامبارلىرى بولاتتى. سېپىل سوقما تېمىدا يوقىرىغا شوتا بىلەن چىقىدىغان تۆشۈكلەر بولاتتى. شەھەر سېپىلىنىڭ قوۋۇقى تۆت تەرەپكە ئېچىلغان (يارغولدا پەقەت ئىككىلا قوۋۇق بولۇپ، بىرى جەنۇبىي قوۋۇق، يەنە بىرى شەرقىي قوۋۇق ئىدى) بولۇپ، شەھەر ـ ئىچكى قەلئە ۋە تاشقى قەلئە دەپ ئايرىلاتتى. ئىچكى قەلئەدە خان ـ پادىشاھلار، ۋەزىر ـ ئۆلچىلار، سەركەردىلەر ئورۇنلاشقان بولۇپ، تاشقى قەلئەدە ئىبادەتخانىلار، بازار ـ رەستىلەر، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەر، پۇخرالار ئورۇنلاشقانىدى (ئىدىقۇت ۋە يارغول شەھەر خارابىلىرىنىڭ بايانى ئاخىرقى بابتا ئايرىم سەھىپىدە بېرىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە قىسقىچىلا بايان قىلىندى).

ئۇنىڭدىن باشقا، چېگرىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاردىكى قەلئەلەردە، ئەسكىرىي پونكىتلاردا، قاراغۇ تۇرلاردا تۇرۇپ ۋەزىپە ئىجرا

قىلاتتى ھەم بۇيرۇق كۈتەتتى.

شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر جاينىڭ جۇغراپىيىلىك
ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېگىز سېپىللىك قىلىپ ياسىلاتـ
تى. غەربىي دىياردا (ھازىرقى شىنجاڭدا) خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا 36
بەگلىك بولۇپ، بۇلار شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى ئىدى. شەھەر ـ قەلئە
قۇرۇلۇشلىرى ئەنە شۇ قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە قۇرۇلاتتى. ئىدىقۇت
خانلىقى دەۋرىدىكى شەھەر ـ قەلئە قۇرۇلۇشىدا قەدىمكىگە نىسبەتەن ئانچە
زور پەرق كۆرۈلمەيتتى. پەرق بار دېيىلسە، شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ چو-
ڭايتىپ ياسالغانلىقى، شەھەر ئىچىدە ئىبادەتخانا ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ
ياسالغانلىقى ھەم شەھەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قىلىپ ئايرىلغانلىقىنىلا
كۆرسىتىش مۇمكىن.

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار تارىخىدا، مەدەنىيەت
تازا گۈللەنگەن 10 ــ 12 ـ ئەسىرلەر داۋامىدا، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدە ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان ئەھۋال
مەۋجۇت ئىدى: قاراخانىيلار دۆلىتىدە مەسچىتلەر، مەقبەرىلەر گۈمبەزلىك
شەكىلدە ياسالغان بولسا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دۆلىتىدە بىر نەچچە
قەۋەت قىلىپ ياسالغان ئېگىز مۇنارلار بولغانىدى. بۇنداق مۇنارلار بىرەر
ئەتىۋارلىق راھىبلار شەرىپىگە ياسالغان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئاساسەن
ئىبادەت قىلىنمايتتى. مۇنارلار ئىچىدە چوڭراق ئۆيمۇ يوق ئىدى. ئىبادەتـ
خانىلار ئىچىگە كۆپلىگەن ھەيكەللەر قويۇلاتتى، تاملارغا رەسىملەر
سىزىلىپ زىننەتلىنەتتى. مەسچىتلەردە بولسا تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بو-
لۇپ، مەسچىتنىڭ زىننىتى ئاساسەن ئۇنىڭ تام ۋە مېھرابلىرىغا،
تورۇس ـ تۈۋرۈكلىرىگە ئىشلەنگەن نەقىشلەر ئىدى.

ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆي ـ قورۇلار سىرتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار
مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاساسەن ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئەمما
قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى بۆلمىلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ شە-
ھەرلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئاياللارغا ئاتاپ سېلىنغان ئىچكى

ھويلىلار ياكى ئۆيلەر بولسا ( ھاللىقراق ئائىلىلەردە ) ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار زېمىنىدە بۇ خىلدا ئۆي ھازىرلاش يوق ئىدى . چۈنكى ، بۇددا دىنى ھۆكۈم سۈرگەن زېمىندىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئاياللار ئەركىن ھېسابلىناتتى ۋە ئاياللار كۆچىدىن تولۇق پايدىلىناتتى .

شەھەر ـ قەلئەلەر ئېگىز ـ ئېگىز سېپىللار بىلەن قورۇقلانغاندىن سىرت ، ئىبادەتخانىلار ۋە ھويلا ، قورۇ ـ جايلارمۇ سوقما تام ياكى خىش-كېسەكلىك تاملار بىلەن قورۇغدىلاتتى . ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ھاللىقراق ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى چوڭراق قورۇلۇق ئۆيلەر بولۇپ ، كۆپىنچە بالىخانىلىق ، ئېككى قەۋەتلىك ، پەنجىرىلىك قىلىپ سېلىناتتى . ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى 2 ، 3 ئېغىز بولاتتى . ھويلىلىرىدا گۈل ـ گىيا ، ئۈزۈم تاللىرى ئۆستۈرۈلەتتى . تاملار ھاكلىنىپ ياكى گەج بىلەن ئاقارتىلاتتى . ئۆيلەردە تۈكلۈك ئېچىلاتتى . ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرى ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنلا پەگا ئۈستى يېرىم بالىخانىلىق ـ لاپاسلىق قىلىنغان بولۇپ ، ئۇ يەرگە بۆشۈك ، ئورغاق ، سېۋەت قاتارلىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسە ـ كېرەكلەر قويۇلاتتى . بۇنى يەرلىك خەلق « بىجىك » دەپ ئاتايتتى . ھويلا ئىچىدە يەر ئاستىغا چوڭقۇرلاپ قېزىلغان گەملەر بولۇپ ، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۈندۈزكى ئارام ئېلىشلاردا پايدىلىناتتى . ئۆي تېمىنىڭ مەلۇم بىر تېمى قېلىن ياسىلىپ ، ئوتتۇرىسى كاۋاك قويۇلاتتى ۋە ئۈستىنكى تەرىپىدىن تۆشۈك قويۇلۇپ ، تامنىڭ كاۋىكىغا بۇغداي ، قوناق قاتارلىق ئاشلىقلار قويۇلاتتى . كېيىن ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە ، تۆۋەن تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ ، ئاشلىق ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ چۈشەتتى . بۇنى يەرلىك خەلق « ئۇيۇق ساڭ » دەپ ئاتايتتى . بۇ خىل ئۇسۇل ئاشلىقنى قۇرغاق ساقلاشتا ، يېغىلىقتا ئاچارچىلىقتا قالماسلىقتا ، چاشقانلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىشتا ئۈنۈملۈك رولى بولۇپ ، نەمخۇش ھاۋا ئىقلىم رايونلىرىدىكى ئاشلىقنى ئورا كولاپ ، پاخال ئۈستىگە تۆكۈپ ئۈستىنى كۆمۈپ ساقلاشقا نىسبەتەن ئەپچىلرەك چارە ئىدى . « بىجىك » ۋە « ئۇيۇق ساڭ » تۇرپان رايونىدا تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن 40 ـ 50 يىللىق كونا ئولتۇراق ئۆيلەردە ھېلىھەم مەۋ-

جۇت .

كېيىنكى ئۆيلەر ئىدىقۇت بىناكارلىقىدىكى بىر خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېرىيالى پەقەت توپا - لاي، كېسەك بىلەنلا پۈتىدۇ. ئۆينىڭ تېمى بىر يېرىم مېتر ئەتراپىدا قوپۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈستى ياي شەكلىدە ئېگىلىپ ياسىلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر مۇستەھكەم بولۇپ، يازلىقى سالقىن، قىشلىقى ئىسسىق بولىدۇ. ماتېرىيالى ئاددىي، لايىھەلەش ئاسان، ھۈنەر - سەنئىتى مۇرەككەپ ئەمەس، ئۆينىڭ پۈتۈش تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالارغا تازا باب كېلىدۇ.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئۇلتۇراق ئۆيلەردە تاملاردا نۇرغۇن تۈيۈكچىلار بولاتتى. ئۇلارنىڭ مۇناسىپ كەلگەنلىرىگە بۇت قويۇلاتتى. بەزىلىرىگە كىتاب - نوملار، بەزىلىرىگە قاچا - قۇچا ۋە ئۆيگە كېرەكلىك ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر قويۇلاتتى. قىشلىقى ئىسسىنىشتا كاڭ قۇرۇلاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەر مەسىلەن، ئېۋىرغول، ئىدىقۇت شەھىرى، كۇچا قاتارلىق جايلار «يىپەك يولى» تۈگۈنلىرىدىن بولغاچقا، غەرب بىلەن شەرق، شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان كارۋانلار ئۈچۈن چوڭ - چوڭ كارۋان سارايلار، دەڭ - ئۆتەڭلەر بولاتتى. بۇنداق كارۋان سارايلار چوڭ دەرۋازىلىق بولۇپ، ھويلا ئىچى بەكمۇ يوغان بولاتتى. بىر تەرىپىدە ياتاق، تاماقخانا، بىر تەرىپىدە ئامبار - قازناقلار بولاتتى. مۇناسىپ ئورۇندا ئاتخانىلار ۋە هارۋا توختايدىغان ئورۇنلار بولاتتى.

ئىدىقۇت رايونى ئەزەلدىنلا يامغۇر - يېغىنى ئاز رايون بولغاچقا، ئۆي - سارايلارنىڭ ئۆگزىلىرى كۆپىنچە تۈز بولاتتى. بۇ، شۇ رايونغا خاس بىناكارلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. مۇنارلار كۆپىنچە ھىندىستان ئۇسلۇبىدا قۇرۇلاتتى. ھەشەمەتلىك داچىلارنىڭ ئۆگزىلىرى بېلىق سىرتىدىمۇ ياسىلاتتى. دېمەك، شەھەر - قەلئە، ئىبادەتخانا، بېزەكلىك لەر، ساراي - دەڭلەر، ئۇلتۇراق ئۆيلەرنىڭ سىمارچىلىقىدا يەرلىك ئالاھىدىلىك، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ھىندىستان، قەندىھار ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى زاھىر بولغانىدى.

## ئىككىنچى پاراگراف   رەسسامچىلىق

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى بۇ خانلىقتا دۆلەت دىنى مەۋقەيىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ زېمىندا ئەسلىدە خېلى پۇختا ئاساسقا ئېرىشكەن بۇددا دىنى مەدەنىيىتى، بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا يۈزلەندى. بۇنداق گۈللىنىش ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپلەپ سېلىنىشى، بۇددا مۇنارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشى، غار- كېمىرلەرنى تېخىمۇ كۆركەم بېزەش يۈزىسىدىن بۇت- ھەيكەل ياساش تېخنىكىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە رەسسامچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەھەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەنىدى.

رەسسامچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاساسەن، دىنىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولغانىدى. چۈنكى، بۇددا دىنىنىڭ تەرىقەت- تەلىماتلىرىنى، ئەركانلىرىنى، قائىدە- پرىنسىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، ھىندىستان خەلقى ئىچىدە خېلى ئىلگىرىلا ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك رىۋايەت، چۆچەكلەر بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنىڭدەك، ساكيامۇنىنىڭ ئىش- پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇشمۇ دىندارلارنىڭ ئۆز سادىقلىقلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر ۋاستىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇددا دىنىدا ئۆتكەن زامان بۇددالىرى، ھازىرقى زامان بۇددالىرى ۋە كەلگۈسى زامان بۇددالىرى بولۇپ، ھەر زاماندا مىڭدىن جەمئىي ئۈچ مىڭ بۇددا بولاتتى. مانا شۇلارنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىنى تەرغىپ قىلىشمۇ بۇددا دىنىنىڭ بىر ئەقىدىسى ھېسابلىناتتى. يەنە ساكيامۇنىنىڭ جېنى ھەر خىل ئادەم، دەل- دەرەخ ۋە قۇش- پەرەندىلەرنىڭ تېنىدا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىناتتى. ساكيامۇنى ھەر قېتىم دۇنياغا تۆرەلگىنىدە، ئۇ ئەنە شۇ ئادەم ۋە نەرسىلەر سىياقىدا تۆرىلەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇددا دىنى تەسەۋۋۇرىدىكى دوزاق ۋە ئالۋاستىلار ھەققىدىكى توقۇلمىلارنى دىندارلار روھىغا سىڭدۈرۈش قاتارلىق دىنىي تەرغىباتلار ئېھتىياجى — ئۆزىگە رەسسامچىلىق يولىنى ئەڭ

مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىشىپ، غار - كېمىر ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى ئەنە شۇ يۇقىرىقى مەزمۇنلار بىلەن رەسساملىق سەنئىتىگە تايىنىپ، كۆركەملەشتۈرگەنىدى.

بۇددا دىنى ئېھتىياجىدىن تەرەققىي قىلغان رەسساملىق سەنئىتى ئاساسەن بېزەكلىك غارلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ. رەسساملار ئىدىقۇت دەۋرىدە مىڭ بۇددا رەسىملىرى، بۇددا دىنىغا ئائىت رىۋايەت، چۆچەكلەر مەزمۇنىنى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، پورترېت تەسۋىرى، شەكىل يارىتىش، نەقىش تۈزەش، رەڭ بېرىش، بوياش جەھەتلەردە بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن.

رەسساملار چىلغىلارغا رەسىم سىزغاندا، ئالدى بىلەن گەجنىڭ ئۈستىگە قىزىل بوياق بىلەن شەكىلنى ئاددىي قىلىپ سىزىۋالغان. ئاددىي نۇسخىنى سىزىپ بولۇپلا بىر قەۋەت يېرىم سۈزۈك كۆك بوياقنى بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن رەسىمنىڭ ئىزناسى كۆك بوياق ئۈستىدىن غۇۋا كۆرۈنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يېرىم سۈزۈك يېشىل رەڭ ئۈستىگە قارا ياكى قوڭۇر رەڭ بىلەن بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ سىزىپ چىققان ①.

كۇسەن رەسساملىرى تام رەسىملىرىنى سىزىش جەريانىنىڭ دەسلەپكى شەكىل ئېلىش باسقۇچىدا، بوياققا چىلانغان ئىنچىكە تانىنى چىلىڭ تارتىپ تۇرۇپ بارمىقى بىلەن چېكىش ئارقىلىق نەقىش ۋە ئاساسىي رەسىملەرنىڭ ئورنىنى بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن تۈجۈپىلەپ سىزىپ رەڭ بەرگەن. ئەمما بۇ خىل شەكىل ئېلىش ئۇسۇلىنى پەقەت غار ئىچىدىكى تىك تاملارغىلا ئىشلىتىشكە بولغان. غار ئۈستى، بولۇپمۇ ئەگمىلەر ۋە گۈمبەزلەرنىڭ ئۈستىدىكى قۇراقسىمان تورۇسلارغا بىۋاسىتە سىزىش توغرا كەلگەن. ئاق تامغا نۇسخا بېسىشتىن ئىبارەت يەنە بىر خىل ئۇسۇلمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاۋۋال چىلىڭ كېرىلگەن بۇغا ياكى قوي تېرىسىگە رەسىم شەكلىنى سىزىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى تامغا بېسىپ تامغا چۈشكەن ئىزنانى

① ② شىياگىدا: «موگاۋ، يۈيلىن غارلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، «مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىش ماتېرىيالى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1951 - يىل 5 - سانىغا قاراڭ.

ئىنچىكىلەپ سىزىپ چىققان ②.

رەسساملار كۆپىنچە ئىككى ـ ئۈچىسى بىرلىكتە مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. بىرى تەگ رەڭگىنى (تامغا ياكى گەجلەنگەن ئورۇنغا تۇنجى بوياقنى) بەرگەن، يەنى بىرى رەسىم ۋە نەقىشلەرنىڭ شەكلىنى سىز-غان، يەنە بىرسى ئۇنىڭغا قويۇق رەڭ ـ سىۋىت بەرگەن. ئاساسىراق ئورۇنلارغا ياكى ئاددىراق كۆرۈنۈشلەرنى يالغۇز رەسساملارمۇ سىزغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن قېزىلغان غارلاردىكى رەسىملەردە غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ھەم شۇنىڭدەك ھىندىستانچە ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلىنغان بولسا، ئىدىقۇت دەۋرىدە قېزىل-غان غار ـ بېزەك ئۆيلەردىكى رەسىملەردە، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇدساتۋالارنىڭ پرو-توتىپلىرى ئاساسەن يەرلىك خەلق ئىچىدىن ئېلىنغان.

تۇرپاننىڭ مۇرتۇقتىكى بېزەكلىك، تۇيۇق، كۇچانىڭ قۇمتۇرا مىڭئۆيى، باينىڭ قىزىل مىڭئۆيى غارلىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋ-رىگە ئائىت تام رەسىملەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ تام رەسىملىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەكس ئەت-تۈرۈپ بېرىدۇ؛ رەسىمدە ئۆلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىغا قورۇق تام سېلىنغانلىقى، ھويلىلىرىغا گۈل ـ گىياھلار تېرىلغانلىقى سىزىلغان. ئاقسۆڭەك ئەر ـ ئاياللار قوللىرىدا گۈل كۆتۈرۈۋالغان، ئەرلىرى پۇتىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن، ئاياللىرى كەڭ ئېتەكلىك كىيىم كىيگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن مەدەنىي ئالاقىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا بەزى غار ـ كېمىرلەردىكى رەسىملەردە قىسمەن ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. بەزى رەسىملەرنىڭ يېنىغا قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن بىرگە خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان خەتلەرمۇ نەقىشلىك قىلىپ يېزىلغان.

رەسسامچىلىق سەنئىتى ھەققىدىكى بايانىمىز ھازىرچە شۇنچىلىك.

## ئۈچىنچى پاراگراف ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بېزەك ئۆيلەر ۋە ئۇلاردىكى تەسۋىرى سەنئەت

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي خانلىق دائىرىسىدە «يىپەك يولى» سودىسى جانلاندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەر سانائىتى، باغۋەنچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىمۇ يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. نەتىجىدە، ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە ئىقتىساد گۈللىنىشكە يۈزلەندى. ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت ساھاسىدىمۇ جانلىنىش بارلىققا كەلدى — ئىبادەتخانا، مۇنارلارنى قۇرۇش، رېمونت قىلىش، بېزەكلىك، تۇيۇق، قىزىل، قۇمتۇرا، سىمسىم قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خانلىق ئىبادەتخانىلارنى ۋە راھىبلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى كۆپەيتىش، بېزەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئىستىقامەتگاھلارنى كۆركەملەشتۈرۈش، بۇتلارنى بۇددالار ھۆرمىتىگە لايىق بېزەش، ئىستىقامەت غارلىرىنى رەسىم بىلەن بېزەش قاتارلىق ئىشلاردا خانلىقتىن پەرمان ۋە ماددىي ياردەملەر بېرىلدى. ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىن قوللاش، ئىجتىمائىي قىزغىنلىقنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى ئارقىسىدا، «ئىدىقۇت» تا تەسۋىر سەنئەت ئىشلىرى ئۆزىگە مۇناسىپ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى.

### 1. «مىڭ بۇددا غارلىرى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

مەلۇمكى، بۇددا جامائەتلىرى ئاساسەن تەركىدۇنياچىلاردىن تەشكىل تېپىلگەندى. ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن ئادەملەر بولۇپ، پەقەت كىشىلەرنىڭ بەرگەن خەير ـ ئېھسانلىرى بىلەن ھايات كەچۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەدىمكى سانسكرىت تىلىدا «بىكشۇ» يەنى قەلەندەر دەپ ئاتىشاتتى.

بۇددا جامائەتلىرى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنىۋاتقان دەۋرلەردە، بىكشۇلار ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا سەدىقە ـ ئېھسان يىغىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. پەقەت يىلنىڭ يامغۇرلۇق

پەسىللىرىدە ئۇلار بىر جايغا ـ تاغ غارلىرى ۋە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كەلگەن پاناھ جايلارغا توپلىنىشاتتى. يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندە شۇ جايلاردا بۇددىزم ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى ھەققىدە بەھس ـ مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى. مۇنداق جايلار كېيىنچە بىكشۇلارنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق جايىغا ـ ئىبادەتخانىسىغا، بىكشۇلار ئىبادەتخانىلارنىڭ دائىمىي تۇرغۇن راھىبلىرىغا ئايلىناتتى.

تاغ غارلىرى ۋە پاناھ جايلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئىبادەتخانىلار تېزلىك بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي ۋە بىردىنبىر تەشكىلىي فورمىسى بولۇپ، ئۇ ئاستا ـ ئاستا بۇددا تەلىماتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان غايىۋى مەركەزلەرگە ئايلانغان. «قەدىمكى ھىندى يازما مەنبەلىرىدە مەلۇمات بېرىشىچە ‹ ماگېندا › دېگەن راھىب ئۆز مۇرتلىرى بىلەن تۇنجى بولۇپ شەھەرنى تەرك ئېتىپ، تاغ ـ غارلارنى دائىمىي ياشاش ئۈچۈن ئۆز ماكانىغا ئايلاندۇرغان. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ماگېندادىن ‹ سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ۋە مېنىڭ ئادەملىرىمنى تاشلاپ تاغلارنى ماكان قىلدىڭ ؟! › دەپ سورىغاندا : ‹ مەن يېڭىلىڭ پەقەت يامغۇرلۇق پەسلىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەممە پەسلىدە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانماقچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ ـ غارلارنى ئۆزۈمنىڭ ماكانىمغا ئايلاندۇردۇم › دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، پادىشاھ پەرمان ئېلان قىلىپ، ماگېندا ياشىغان تاغلاردا 68 ھۇجرىنى راھىبلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن قۇرۇپ بەرگەنىكەن» ①.

شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان ۋە سىرلانكا ئىبادەتخانىلىرىنى ئوـ يۇپ ياساش ئەنئەنىگە ئايلانغان. كېيىنچە، بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشى بىلەن بىرگە، ئەنە شۇ تاغ باغرىلىرىغا غار ـ ئۆڭكۈرلەرنى ئويۇپ ياساش ئەنئەنىسىمۇ بىرگە قوبۇل ئېتىلگەنىدى.

---

① ئېرپان توختىيېفنىڭ «مىلىڭ ئۆيلەرنىڭ ئارخىتېكتورىسى ۋە سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. ئۆزبېك س . س . ر پەن نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، تاشكەنت نەشرى.

تاغ باغرىلىرى؛ يارداڭلىقلاردا ـ پىنھان، مەنزىرىلىك جايلارغا غار ئۆيلەرنى قېزىش ئەنئەنىسىنىڭ شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر تەرىپىدىن، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئەنئەنىگە ئىجادىي مۇئامىلە قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەنىدى. قېزىپ ياسالغان غار ئۆيلەردە بۇددا دىنى نەزەرىيىسىدىكى مىڭ بۇددا ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ يارالمىشىغا ئائىت ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر سۈژىتلىرىنى گۈزەل سەنئەت ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن يەنە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەزكۇر رايونلاردا ياشىغان (بېزەكلىك غارلار قېزىلغان رايونلاردا ياشىغان) خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇددىزم نەزەرىيىسىدە بۇددالار ئۆتكەن زامان بۇددالىرى، ئەينى زامان بۇددالىرى ۋە كەلگۈسى زامان بۇددالىرى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ، ھەر زامانغا تەئەللۇق مىڭدىن جەمئىي ئۈچ مىڭ بۇددا بار دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بېزەكلىك غار ئۆيلىرىدە مانا شۇ ھەر زاماننىڭ مىڭ بۇددا ئوبرازى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بېزەكلىك ئۆيلەرنىڭ خەلقئارادا مىڭ بۇددا ئۆيى دەپ ئاتىلىشىمۇ ئەنە شۇ ۋەجىدىندۇر.

كۇچا، ئىدىقۇت ۋە دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مىڭ بۇددا ئۆيلىرى مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى، دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە مەزمۇنىنىڭ بېيىشى بىرقانچە باسقۇچلارغا بۆلۈنگەن.

## 2. ئىدىقۇت خانلىقى دائىرىسىدىكى مىڭ بۇددا غارلىرى

بۇددا دىنىنىڭ ئىستىقامەت ئۇسۇلىدا، پىنھان جايدا، 6 ئوغرىنىڭ (ئادەمنىڭ 6 سەزگۈ ئەزاسىنىڭ) پاراكەندىچىلىكىدىن خالىي ھالدا ئىستىقامەت قىلىپ، كامالەتكە يېتىش (يەنى ئەۋلىيالىق ماقامىغا يېتىش) تەكىتلەنگەنلىكتىن، شۇنىڭدەك دائىملىق ئىستىقامەتچىلەر (يەنى راھىبلىقتا ئۆزىنى بىر ئۆمۈر بېغىشلىغانلار) نىڭ كۆپىنچىسى تەركىدۇنياچىلاردىن تەشكىل تاپقانلىقتىن، ئىبادەتخانا جۈملىدىن ئىستى

قامەتگاھلار شەھەر ـ قەلئە ، يۇرت ـ يېزىلاردىن يىراقراق بولغان خالىي ـ خىلۋەت ، پىنھان جايلار — دەريا ـ جىلغىلار ، ياردا گۈلىقلارغا ئويۇپ ياسالغاندى . ئىدىقۇت خاندانلىقى تەۋەسىدە بېزەكلىك ، تۇيۇق ، بەش غار ، چىكاگكۆل ، سىڭگىم ئېغىزى ، يارغول قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىبادەتخانا ۋە بېزەكلىك غارلار ئويۇپ ياسالغان بولسا ، ئىلىك خانلار تۇرغان كۇسەن تەۋەسىدە بايدىكى مۇزات دەرياسى بويىدىكى بېزەكلىك (قىزىل مىڭ ئۆيلىرى ) ، كۇچادا قۇمتۇرا ، سىمسىم ، قىز قالغان ( قىزىل قاغا ) ، مازار باغ غارلىرى ، شىكشىن غارلىرى بار . بۇلاردىن باشقا ، قۇمۇل رايونىدا ۋە ئاقسۇ تەۋەسىدىمۇ بېزەكلىك غارلار قېزىلغان .

### 1. بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرى غارلىرى

بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرى غارلىرى تۇرپان شەھىرىنىڭ 45 كىلومېتر شەرقىدە — مۇرتۇق غولىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان . بۇ جايدىكى بېزەكلىك غارلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ ، ياسىلىش ئۇسۇلى خىلمۇ خىل ، ساقلىنىشى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ ، ھازىر نومۇر بېرىلگىنى 77 ئېغىز غار . بۇلاردىن 40 نەچچە ئېغىز غاردا تام سۈرەتلىرى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ .

قېزىلغان ۋاقتى ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ، مىلادى IV ئەسىردىن باشلىنىپ ، VI ، VII ئەسىرلەردە يەنە بىر پەللە ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (يەنى IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ) يەنە بىر نۆۋەت قېزىلىپ ، بېزەكلىك غارلارنىڭ سانى كۆپەيگەن ؛ شۇنىڭدەك ، بۇرۇنقى مانى ئىبادەتخانىلىرى ئۆزگەرتىلىپ ، قايتىدىن چوڭايتىپ ياسىلىپ ، ئىدىقۇت خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى قىلىنغان ①.

### 2 . تۇيۇق مىڭ ئۆيلىرى

تۇيۇق مىڭ ئۆيلىرى تۇيۇق غولىنىڭ ئىچكىرىگىرەك

---

① مۇھەممەت ھاجى : « تۇرپاندىكى بۇددىزم يادىكارلىقلىرى » شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ، ئۇيغۇرچە ، 1985 ـ يىل 1 ـ سانىغا قارالسۇن .

جايلاشقان بولۇپ، جەمئىي 46 غار بار (تۇيۇق — تۇرپان شەھىرىدىن تەخمىنەن 60 كىلومېتىر شەرقتە جايلاشقان، يەنى ئىدىقۇت تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىدا، پىچان ناھىيىسىگە تەۋە جاي). غەربىي ياندا 26 غار بولۇپ، بۇنىڭ 4 ئۆڭكۈرىدە رەسىم بار، شەرق ياندا 21 غار بولۇپ، 5 غاردا رەسىم بار. بۇلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتىمۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىن بۇرۇن قېزىلغانلىرى ۋە IX — X ئەسىرلەردە قېزىلغانلىرىمۇ بار.

### 3. يارغول مىڭ بۇددا ئۆيلىرى

يارغول غارلىرى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىگە — يارداڭلىقتا ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ھازىر 7 غار ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ ئىككى غارىدا مىڭ بۇددا سۈرەتلىرى ۋە تېۋىنغۇچىلار سۈرىتى بار. قالغانلىرىدا سۈرەتلەر قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 5 — نومۇرلۇق غارنىڭ ئوڭ — سول تەرەپلىرىدىكى تامغا قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى ئويۇپ يېزىلغان. بۇ غارلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتى ئەڭ بالدۇرقىلىرىنىڭ مىلادى IV ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ (يۇقىرىقى ئىزاھتىنكى ئەسەرگە قاراڭ).

بۇلاردىن باشقىلىرى مەسىلەن، چىكاڭكۆل، سىڭگىم ئېغىزى، بەش غار، سىركىپ ئېغىزىدىكى لەمجىننىڭ چۈۋانقىر يېزىسىدىكى غول ئىچىدە «ماندىغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان جايدىكى 10 نەچچە ئېغىز غار بار. بۇلارنىڭ سانى ئاز بولۇشتىن تاشقىرى، رەسىملىرى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، بۇ يەردە تەپسىلىي تونۇشتۇرمىدۇق.

### 4. بايدىكى قىزىل بېزەكلىك غارلىرى

ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق باي ناھىيىسىنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر شەرقىدىكى قىزىل بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 7 كىلومېتىر كېلىدىغان يارداڭلىقتا — مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ئويۇپ ياسالغان مەشھۇر قىزىل بېزەكلىك غارلىرى بار. بۇ جاي كۇچادىن تەخمىنەن 67 كىلومېتىر كېلىدۇ.

1953 ـ يىلىدىكى تىزىما نومۇر بويىچە بۇ غارلار 285 بولۇپ، بۇ غارلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتى مىلادى 2 ـ ئەسىردىن (يەنى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن) قېزىلىشقا باشلاپ، مىلادى 9 ـ ئەسىرلەر (كېيىنكى تاڭ دەۋرى) گىچە قېزىلغان. تەتقىقاتچىلار بۇ غارلارنىڭ قېزىلغان دەۋرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ. ھازىر بۇ غارلاردا ساقلانغان تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆلىمى 10,000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق.

## 5. قۇمتۇرا بېزەكلىك غارلىرى

قۇمتۇرا بېزەكلىك غارلىرى كۇچا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تەخمىنەن 40 كىلومېتىر جايدىكى ئۆگەن دەرياسى ئېقىپ چىقىدىغان تاغنىڭ شەرق قاپتىلىغا جايلاشقان. 1953 ـ يىلىدىكى تىزىما نومۇرى بويىچە جەمئىي 72 غار بار.

قۇمتۇرادىكى ئاساسلىق 72 غاردا، ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلگەن، 31 غاردila ساقراق تام سۈرەتلىرى بار. ھازىر قۇمتۇرا مىڭ بۇددا غارلىرىغا سۇ سىرغىپ كىرىپ، 108 كۋادرات مېتىر دائىرىسىدىكى رەسىم سويۇپ ئېلىنىپ، تۆمۈر رامكىلار ئىچىدە ساقلانماقتا (1991 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى كۇچادىكى نەق مەيدان تەكشۈرۈشىمىزدىكى خاتىرىدىن ـــ ئا). قۇمتۇرادىكى بېزەكلىك غارلارنىڭ قېزىلغان ۋاقتىمۇ مىلادى 1 ئەسىرلەردىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ 3 ـ مەزگىلىدە قېزىلغانلىرى قىزىل غارلىرىنىڭ 4 ـ مەزگىلىدىكىسى بىلەن ئوخشاش ①شۇنىڭغا قارىغاندا، قۇمتۇرا غارلىرىنىڭ قېزىلىشى قىزىل غارلىرىدىن سەل كېيىنرەك تۇرسا كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، قىز قالغان (قىزىل قاغا) دا 46 غار، سىمسىم بېزەكلىك غارلىرىدىن 52 غار، مازار باغدا 34 غار ساقلىنىپ قالغان.

مەلۇمكى، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن باشقا، ئەينى دەۋردە ئورخۇندىن كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغانىدى. بۇ خانلىقنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقتى گەرچە

---

① يەن ۋېنرۇ: «تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بېزەكلىك غارلار»، «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1986 ـ يىل 1 ـ سان.

ئىدىقۇت خانلىقىدىن قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇيغۇرلار قاتارىدا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ تۆھپىسىنى قوشقانىدى.

دۇڭخۇاڭ مىڭ بۇددا ئۆيلىرى جايلاشقان رايون ئەنە شۇ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ جايدىكى مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنىڭ بىر قىسمى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن قېزىلغانىدى. بۇنداق غارلاردا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر، يەرلىك تېۋىنغۇچىلار سۈرەتلىرىمۇ ئورىگىناللىقىغا ئىگە ھالدا يارىتىلغان. مەزمۇن جەھەتتىن بۇلار ھەم ئىدىقۇت بۇددا مەدەنىيىتى تەركىبىگە مەنسۇپتۇر.

## 3. تام سۈرەتلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى، مەزمۇنى، بۇددا رىۋايەتلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشى

«مىڭ بۇددا ئۆيى» سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇنىڭدا مىڭ بۇددا ئوبرازى ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ رەسىملەشتۈرۈلۈشى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق رەسىملەر كونكرېت ۋەقەلىكلەرنى ئاساس قىلغان چۆچەكلەرنىڭ تەسۋىرى كارتىنىلىرى بولۇپ، بۇلاردا كۆپىنچە ئۇچار قانات، ھايۋاناتلار، جانلىقلار بىلەن بۇددالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سۈرەتلەنگەن (بېزەكلىك غار سۈرەتلىرىدە ئۇچار قانات ۋە ھايۋاناتلارنىڭ شۇ دەرىجىدە كۆپ بو-لۇشى بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلغان بۇددا ئەۋلىياسى — ساكيامۇنىنىڭ «جېنى» نىڭ خىلمۇ خىل قۇش، ھايۋاناتلارنىڭ ۋە ھەر خىل ئادەملەرنىڭ تېنىدە «ساقلىنىدىغان»لىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر).

بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى رەسىملىك چۆچەكلەر ئەينى زا-ماندا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە

بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭدا ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە دىنىي ئەقىدە ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن تۇرۇپ ئۆزىنى قۇربان قىلىش، قېرىلارغا ھۆرمەت قىلىش، پەرزەنتلەرنى ئاسراش، ئەر ـ خوتۇنلار ئىناق ئۆتۈش، راھەت ـ پاراغەت، جاپا ـ مۇشەققەتتە ئورتاق بولۇش؛ باشقىلارغا نىسبەتەن كەڭ قورساق بولۇش، ئاداۋەت ساقلىماسلىق ۋە ئۆچ ئېلىشنى ئويلىماسلىق؛ كىشىلەرنى ئەقىل ـ ئىدراكلىق بولۇشقا، راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرۈشكە ئۈندەش؛ خان ـ ھاكىملار پۇقرالارغا، پۇقرالار خان ـ ھاكىملارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرى؛ خەلقنىڭ دىندارلارغا، دىندارلارنىڭ بۇددىغا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھقا قانداق مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپلىرى... قاتارلىق جەھەتلەردىكى بۇددىزم پەلسەپىسى سۆزلەنگەن ①.

مىڭ بۇددا ئۆي سەنئىتىدە خېلى ھەشەمەتلىك سىزىلغان بۇدساتۋا ـ ھاكىملارنىڭ رەسىملىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇددىزم نەزەرىيىسىدە بۇددىغا ئەڭ سادىق بولغان ئەھلى ئىلىملەر ۋە زامانىنىڭ ئالىي مۆتىۋەرلىرى «بۇدساتۋا» (سانسكرىتچە مەنىسى: ئەۋلىيالىققا شەرت ھازىرلاۋاتقانلار) دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ «زېمىن ئىگىلىرى» نىڭ ئوبرازلىرى ۋە ساخاۋەتچى، تېۋىنغۇچىلارنىڭ قىياپەتلىرى، قىسمەن يەرلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىملەرمۇ مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدە ئۆزىگە خاس يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا، مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدە يەنە دوزاق ۋە ئالۋاستىلارنىڭ تەسۋىرى سۈرەتلىرىمۇ نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ رەسىملەرگە سىڭدۈرۈلگەن مەزمۇنلار جەننەت ۋە تەڭرىلەرگە بېغىشلانغان مەزمۇنلارغا قارىمۇ قارشى قويۇلغان بولۇپ، بۇ

① مىڭ بۇددا ئۆيى رەسىملىرى ھەققىدىكى قىسمەن پىكىرلەر قۇربان ۋەلىنىڭ «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىلىرى» ناملىق كىتابىدىن پايدىلانغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەزمۇنلار ئارقىلىق كىشىلەرگە گۇناھدىن ساقىت بولۇش ئىبرەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەنىدى.

قىسقىسى، بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى سېھرىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ، بىر ھۆكۈمران ئىدىئولوگىيە سۈپىتىدە ئىجتىمائىي ئاڭدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەشغۇلاتلىرى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلارنى ياسىسا، بۇددالار سىمۋولى ھېسابىدا مۇنارلارنى قاتۇرۇشتى. ئىستىقامەتگاھ قىلىش ۋە بۇددا تەلىماتلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تەرغىپ قىلىش ئېھتىياجىدىن بېزەكلىك غارلارنى — مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنى قازدى. ئىبادەتخانا ۋە مۇنار قۇرۇلۇشلىرىدا بۇددىستلارنىڭ مىمارچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى نامايەندە قىلىنغان بولسا، مىڭ بۇددا ئۆيى ۋە بۇ مىڭ بۇددا ئۆيىدىكى بېزەكلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى، دۇنيا قاراشلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىلىرى، ھۈنەر - سەنئىتى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتى.

تام سۈرەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئاساسلىقى بۇددانىڭ يارالمىشىغا بېغىشلانغان چۆچەكلەر ۋەقەلىكى مەزمۇن قىلىنغان. خۇسۇسىيەت يېقىدىن بۇ رەسىملەردە بۇددىزم نەزەرىيىسى ۋە بۇددىزم پەلسەپىسى، قىسمەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رېئال كۆرۈنۈشلىرى (ئېنى دەۋرگە خاس تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى) تەسۋىرلەنگەن.

## 4. مىڭ بۇددا ئۆيلىرىدىكى چاتما رەسىملەر

مىڭ بۇددا ئۆيلىرىدىكى چاتما رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، شەكلى ھەر خىل، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلارغا سىزىلغان جانلىق چاتما رەسىملەردىن — ئۇلارنىڭ تۈرلىرىدىن بىر پۈتۈن بۇددىزم دۇنياسىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

چاتما رەسىملەردە ئاساسلىقى بۇددانىڭ يارالمىش سەۋەبلىرى — قىسسەلىرى كۆپ ئورۇن ئىگىلەيدۇ. بۇددا نەزەرىيىسىدە ساكيامۇنىنىڭ جېنى ھەر خىل قۇش - پەرەندە، جان - جانىۋارلارنىڭ ۋە ھەر خىل ئا-

دەملەرنىڭ تېنىدە بولىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەچكە، مانا مۇشۇ تەقلىدتىكى سۈرەتلەرمۇ كۆپ. ئۇنىڭدىن باشقا، ساكيامۇنىنىڭ كامالەتكە يېتىش يولىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر يەنى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئائىت سۈرەتلەر ۋە ئازاب چېكىۋاتقان ئادەم، ھايۋان، قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا دۇچ كەلگەن ھالەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەرمۇ بار.

بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى بولغان جانلىقلارغا ئازار يەتكۈزمەسلىك، يامان ئىشلارنى قىلماسلىقتەك ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالغان ئەزمۇندىكى چۆچەك ۋەقەلىكلىرىمۇ رەسىملەشتۈرۈلگەن.

بۇددىزم تەرغىباتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ ئابرويىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش «ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشى» توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەدەبىياتتىن پايدىلانغان. ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان چۆچەكلەردە ئېيتىلغان ياخشى كىشى، ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بۇددىزم نەزەرىيىسىنى سىڭدۈرۈپ رەتلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازىنى گۈزەللەشتۈرگەن①.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇددىزم تەرغىباتىدا ساكيامۇنىنىڭ «جېنى» ھەر خىل جانىۋار ۋە ھەر خىل تەبىقە ئادەملەر تېنىدە تۇرۇپ ئۆتكەن. شۇنىڭدەك، ساكيامۇنى نۇرغۇن قېتىم بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ۋە ھەر قېتىم قايتا تۆرەلگەندە ھامان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددىزم تەرغىباتىدا يامان ئىش قىلغۇچى ھامان تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ساكيامۇنىنىڭ ھەر قېتىم دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندە قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئارقىلىق بۇددىستلار كىشىلەرنى تەربىيىلەپلا قالماي، بەلكى يەنە توغرا يول تۇتماي، يامان

① قۇربان ۋەلى يازغان «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ 43 ـ بېتىگە قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

ئىش قىلىپ تېگىشلىك جازاغا ئۇچراش ھەققىدىكى چۆچەكلەر ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىقمۇ كىشىلەرگە ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى بېرىشكە تىرىشقان. مانا مۇنداق رەسىملىك چۆچەكلەرمۇ مىڭ بۇددا ئۆيلىرىدىكى چاتما رەسىملەردە مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلىگەن.

مىڭ بۇددا ئۆيلىرىدىكى چاتما رەسىملەردە، بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەر خىل تەگرىلەر، مىڭ بۇددالار، بۇددالارنىڭ نىرۋانىغا يەتكەنلىكى، كەلگۈسى بۇددا ئەۋلىياسى مايترى بۇدداغا بېغىشلانغان سۈرەتلەر، ئەينى زامان بۇددساتۋالىرى — ھاكىملار، دوزاق تەسۋىرى ۋە ئالۋاستىلار، راھىب، ساخاۋەتچى، ئىبادەت قىلغۇچىلار سۈرەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق سۈرەتلەر ھەر خىل نەقىش، گۈللەر، سىزىق، چەمبەرلەر بىلەن تېخىمۇ گۈزەل، يارقىن ھەم سىرلىقلاشتۇرۇلغان. بۇ رەسىملەر ئىچىدە ساكيامۇنىنىڭ سۈرىتى بىلەن مايترىنىڭ سۈرىتى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن سىزىلغان.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بۇددا دىنىدىكى ئەنە شۇ مىگلىغان بۇددالارنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئېھتىياجى ھەيكەلتىراشلىق بىلەن رەسساملىقنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال تەبىئىي يوسۇندا ھەيكەلتىراشلار ۋە رەسساملاردىن يۇكسەك بىلىم، ماھارەت ۋە ھۈنەر تەلەپ قىلاتتى. بۇددا رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، بۇددا دىنىغا خاس بولغان تەگرىلەرنىڭ شەكىل - قىياپىتى مۇقىم ئەمەس، ئۇلار بەزىدە ئادەم سىياقىغا، بەزىدە ھەر خىل ھايۋانات ياكى قۇش - پەرەندىلەر سىياقىغا كىرىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلارمىش. مانا بۇھال ئەينى دەۋر رەسساملىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدىكى ماھارەتنى تەلەپ قىلغان. رەسساملار ئۇلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا، ئۇلارنى ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس بىر خىل ئوتتۇرا جىنىسلىق مەۋجۇدات قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان. بولۇپمۇ بۇددىزم نەزەرىيىلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان ئوبرازلار خىيالىي، ئويدۇر ئوبرازلار بولغانلىقتىن، بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى رەسىملەشتۇرگەن ھەرقايسى خەلق رەسساملىرى ئۇنداق ئوبرازلارنىڭ

پروتوتىپىنى ئەلۋەتتە ئۆز خەلقى ئارىسىدىن، ئۆز مۇھىتىدىن ئالغان بولاتتى. مانا بۇ ھال مىڭ بۇددا ئۆيى رەسسامچىلىق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى بېزەك ئۆيلەرگە سىزغان رەسىملىرىدە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بۇددا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، مىڭ بۇددا ئۆيى بېزەكچىلىكى، ھەيكەلتاراشلىقى ۋە رەسسامچىلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تامغىسىنى باسماي قالمىدى. مەلۇمكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تۇرمۇش ئادىتى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى، ئېستېتىك قارىشى ھەربىر مىللەتنىڭ كونكرېت تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ ئوخشاشمايدىغان بەلگىلىرىنى يارىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىك، ئەسەرگە نۇقۇل چاپلاپ قويۇلغان نەرسە بولماستىن، بەلكى رەسىم مەزمۇنىغا تەبىئىي يوسۇندا سىڭىشكەن بولىدۇ.

كۇچا ۋە ئىدىقۇت رايونىدىكى مىڭ بۇددا ئۆيلىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلارغا (تەتقىقاتچىلار كۇچا ۋە ئىدىقۇت مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىشىنى ۋە بېزەكلىنىشىنى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز ئەلۋەتتە ئاخىرقى باسقۇچ، يەنى 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان باسقۇچتۇر) ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرمۇش پۇرىقى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ھېسسىيات ناھايىتى قويۇق سىڭگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدىن روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەينى دەۋر ئىبادەتخانىلىرى جۈملىدىن بېزەكلىك غار — مىڭ بۇددا ئۆيلىرى ئىلاھىي بىلىملەر (دىنىي بىلىملەر) بىلەن بىرگە مىدىنىسىنا، تىل ـ ئەدەبىيات، تەرجىمانلىق، مۇزىكىچىلىق، ناخشا ـ قوشاقچىلىق، دىرامىچىلىق، مۇنەججىملىك بىلىملىرىنىڭمۇ ھەم سەنئەت كورژىكلىرى، مۇشاۋۇرلۇق، دىنىي ۋە ئاممىۋى مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭمۇ مۇھىم مەركەزلىرى، شۇنىڭدەك پائالىيەت سورۇنلىرىدىن ھەم بولغانىدى.

دېمەك، بېزەكلىك ئۆي ـ مىلك بۇددا ئۆيلىرىنىڭ ئەجدادلارنىڭ تارىخىي جەريانلاردىكى بىناكارلىق، سۇۋاق، ئويمىكارلىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، رەڭ ـ بوياقچىلىق قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مۇجەسسەم بىر ئابىدىسىدۇر.

## تۆتىنچى پاراگراف ھەيكەلتاراشلىق

بۇددا دىنى تەرغىباتىدا بۇدداغا ھۆرمەت قىلىش، بۇددا نوملىرىغا ھۆرمەت قىلىش، بۇددا راھىبلىرىغا ھۆرمەت قىلىشتەك دىنىي قائىدە ـ قانۇن بار ئىدى ( سانسكرىتچە: ناموبۇت، نامودارم، ناموساڭ دېيىلىدۇ ). مۇشۇ تۆپ مەزمۇن ئېتىبارىدىن، بۇدداغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن بۇددا سىمۋولى بولغان مۇنار تۇرغۇزۇش، بۇددا رەسىملىرىنى كۆركەم سىزىش ۋە بۇت ـ ھەيكەللەرنى ياساش ــ بېزەش ئىشلىرى؛ نومغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن نوملارنى تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈش، كۆپەيتىپ تارقىتىش ۋە ساقلاش ئىشلىرى؛ بۇددا راھىبلىرىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ــ ئىززەتلەش، نوم تەپسىرلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش، تۇرالغۇ جايلىرىنى زىننەتلەش، رېمونت قىلىش، ئىبادەتخانىلارغا، راھىبلارغا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلق تەرىپىدىن تەمىنات، سەدىقە، ئېھسان ـ ئىئانە بېرىش ئىشلىرى ئەۋج ئالغانىدى. بۇنداق ئىشلار بەزىدە ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن پەرمان ـ بۇيرۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى ياكى ئىمكانىيەت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىلەتتى. بەزىدە پۇقرالار تەرىپىدىن خالىسانە ئېلىپ بېرىلاتتى.

بۇدداغا ھۆرمەت قىلىش ــ بۇددا دىنىدا ئالاھىدە قارىلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنىڭ مەركىزىدە ھەر خىل بۇتلارنى ياساپ ـ بېزەش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق پائالىيەت ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ۋە

كۇسەندە ناھايىتى داغدۇغىلىق بولاتتى. بۇ خىل پائالىيەتكە خاندىن تار-تىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممىسى بىردەك ئىشتىراك قىلىشاتتى. ھەربىر چوڭ ئىبادەتخانىلار ۋە بۇددىستلار كۆپرەك يىغىلغان ئورۇنلاردىن بۇت سەيلىسىگە ئاتاپ ھەشەمەتلىك بۇتلار ياسىلىپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن بېزىلىپ، چوڭ ھارۋىلارغا سېلىنغان ھالدا بۇتخانا ـ ئىبادەتخانىلاردىن شەھەرگە ـــ بازار ـ رەستىلەرگە ئېلىپ چىقىلىپ مۇراسىم قايىنىمىنى ھاسىل قىلىشاتتى. مۇراسىم تۈگىگەندە ھەر قايسى بۇتلار ئۆز تەۋەلىكىگە ياندۇرۇپ كېلىنەتتى.

ئۈنىڭدىن تاشقىرى، ئىبادەتخانىلاردا ساكيامۇنى ۋە مايترىنىڭ ھەيكەللىرى مۇناسىپ ئورۇنلارغا قويۇلاتتى. ئېتىكاپخانىلاردا ساكيامۇنىنىڭ نىرۋانغا يەتكەن ھالىتىدىكى ئۈچ مېتىردىن ئۇزۇنراق بولغان ھەيكىلى تىنچ ياتقان ھالەتتە قاتۇرۇلغان. يەنە ئايرىم تەكچىلەرگە بۇدساتۋالارنىڭ ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان ھالەتتىكى بۇتلىرى قويۇلاتتى. ھەربىر ئۆيلەردىمۇ مۇناسىپ ئورۇنلارغا بۇت ـ ھەيكەللەر ـــ مىستىن، لايدىن ياسالغان، ئالتۇن يالىتىلغان ھەيكەللەر قويۇلاتتى.

يەنە ھەر خىل مۇئەككەللەر، پالۋانلار، ئالۋاستىلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ (بۇنداق ھەيكەللەر ياغاچتىن ياكى لايدىن ياسالغان بولۇپ، كۆپىنچە كىچىك قورچاق شەكلىدە ياسىلاتتى) ياسىلىپ، مۇناسىپ ئو-رۇنلاردا ساقلىناتتى.

ھەيكەلتىراشلىقتا بولۇپمۇ ساكيامۇنى، مىڭ بۇددا ھەيكەللىرى، مايترى ھەيكىلى (مايترى ـ كەلگۈسى زاماندا دۇنياغا كېلىدىغان بۇددا ئەۋلىيابى)، ھەر خىل تەڭرىلەر (مەسىلەن، ئاۋاز ئاڭلىيالايدىغان ـــ قۇتقازغۇچى ئايال ئىلاھ ـــ ۋانشىم ئىم پۇسار) ھەيكەللىرى ئالاھىدە ما-ھارەت بىلەن ياسىلاتتى ياكى كۆركەم بېزىلەتتى.

بۇت ھەيكەللىرىنىڭ ئەڭ ئىگىزلىرى بىرنەچچە جاڭ ئېگىزلىكتە، كىچىكلىرى قورچاق شەكلىدە ياسىلاتتى. ھەيكەللەرنىڭ ماڭلىيى كەڭ، قولاقلىرى يوغان، بەدەنلىرى بىجىرىم، چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇلاتتى. بەزى ئىبادەتخانىلاردا ساكيامۇنى ۋە ھەر

خىل تەگرىلەرنىڭ رەت - رەتى بىلەن تۈرگۈزۈلگەن ھەيكەللىرى بولاتتى.

بەزى يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇتتا خانلىق تەرىپىدىن ئايرىم ئورۇنلاردا مەخسۇس ھەيكەل ياساش كارخانىلىرىمۇ قۇرۇلغانىدى.

قىسقىسى، ئىدىقۇت خانلىقىدا ھەيكەلتىراشلىق دەۋر تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي تاپقانىدى. گەرچە، ھەيكەلتاراشلىق ئۇيغۇر بۇددىستلىرىغا ھىندىستاندىن، قەندىھاردىن ھەم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسىمۇ، يەرلىك ئۇستىلارنىڭ چېۋەر قولىدىن يەرلىك پۇراق، مىللىي ھېسسىيات قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئورىگىنالىققا ئىگە قىلىنىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ رەڭدارلىقىغا مۇناسىپ تۆھپە بولۇپ قوشۇلغانىدى.

## بەشىنچى پاراگراف نەققاشلىق سەنئىتى

ئۇيغۇر خەلقى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە، مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە، ئۆز دەۋرىگە خاس پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىلىق قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، نەققاشلىق سەنئىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي تاپقانىدى.

ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل بەدىئىي سەنئەت شەكلى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى، مۇزىكا سەنئىتى قاتارىدا مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، رەڭدارلىققا ئىگە قىلغانىدى.

نەققاشلىق سەنئىتى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تاۋار ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ بېزەك ئېھتىياجى بولۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىستېمال تاۋارلىرىنى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان ھەم ئۆزئارا بىر - بىرىنى كۈچلۈك شەرت قىلغان. نەققاشلىق سەنئىتى — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى، ئىستېمال تاۋار ئېھتىياجىنىڭ ئۆرلەپ بېرىشى، ئىجتىمائىي تاۋار ئىشلەپ

چىقىرىشنىڭ ئۈلگىسى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشىدەك تەبىئىي ئامىللار تۇپەيلىدىن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن سىپتىلىككە، مەزمۇن جەھەتتىن كەڭرىلىككە ۋە كۆپ خىل مەزمۇنغا قاراپ تەرەققىي قىلغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى تېزدىن گۈللىنىشكە باشلىدى. سودا - تاۋار رىقابىتى كۈنسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. شەھەر - قەلئە، ئوردا - سارايلارنى كېڭەيتىش ياكى يېڭىدىن قۇرۇش، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ كېڭىيىشى، زىبۇ زىننەت، كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغ، جابدۇق - سايمانلارنىڭ كۆپىلەپ سودا ناۋارى سۈپىتىدە سىرتقا يۆتكەپ سېتىلىشى، مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنى بېزەكلەش ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر ھۈنەر - سەنئەت نەققاشلىقىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرغانىدى.

مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا ئىشلەنگەن نەقىش ئۆرنەكلىرىنىڭلا تۈرى 30 خىلدىن ئاشىدۇ①. دېمەك، ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مول مەزمۇنى، گۈزەل نەپىسلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن تۇرمۇش ۋە يەرلىك قول سانائەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەنىدى.

ئېۋىرغول (قۇمۇل)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، كۇسەن (كۇچا)، ئاگنى (قارا شەھەر)، بېشبالىق (جىمسار) قاتارلىق جايلاردىن قېزىلىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك بويۇملارغا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت دەۋرىدە قوللىنىلغان نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

(1) بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى

(2) گىلەمچىلىك ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى

(3) يەرلىك باسما بوياقچىلىق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 88 - يىل 2 - سان، 105 - بەتكە قاراڭ.

(4) دوپپا، تۇماق هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(5) كىيىم ـ كېچەك، كەشتىچىلىك هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(6) كىگىز ـ پالاس هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(7) ياغاچ، ئويمىچىلىق هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(8) زەرگەرچىلىك زىبۇ زىننەت هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(9) قۇمدانچىلىق هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(10) قورال ـ جابدۇق هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(11) ئىگەر جابدۇق هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى
(12) كۆن خۇرۇم هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشلىرى ①.

بۇلاردىن باشقا يەنە تۈرلۈك هۈنەر ـ سەنئەت نەقىشچىلىق تۈرلىرى بولۇپ، بۇ يەردە نەمۇنە ئۈچۈن نۇقتىلىقراق بىرنەچچە تۈرنىلا كۆرسەتتۇق.

قىسقىسى، ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا شەكىللىنىش، خىللىنىش، تەدرىجىي تاكامۇللىشىش، يېڭىلىنىش، هەرقايسى دەۋر تەلىپىگە ماس هالدا ئىستېمالغا ياندىشىش جەريانلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئىدىقۇت دەۋرىدە بولسا، ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئاساس قىلغان ئېستېتىك تەلەپلىرى نەققاشچىلىققا سىڭگەنىدى.

## ئالتىنچى پاراگراف مەتبەئەچىلىك

مەتبەئەچىلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ زور تۆھپىلىرىدىن بىرى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان قوچۇ ئەينى دەۋرلەردە مەتبەئەچىلىكنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

هەممىگە مەلۇمكى، مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇددا

① بۇ پاراگرافتىكى بايانلارنى تۇرسۇن غازى يازغان «ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدىن پايدىلىنىپ يازدىم. بۇ ماقالە «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان.

دىنى خوتەن رايونىغا كىرگەنىدى. كېيىنچە بۇ دىن قەشقەر، كۇچا، تۇرپانلارغا تارقالغان ۋە مۇشۇ رايونلار بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە ئايلانغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دۆلەت دىنى مەۋقەيىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئىدىقۇت شەھىرى بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم بىر مەركىزىگە ئايلاندى ۋە ئەتراپ رايونلاردىن بۇ رايونغا كېلىپ دىنىي تەلىم ئالىدىغانلار بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىدى.

بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «كىتاب كۆچۈرۈش، تەرجىمە قىلىش ساۋابلىق ئىش» دەيدىغان دىنىي ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسىدە، كىتاب كۆچۈرۈش ۋە تەرجىمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئىدىقۇت خانلىقىدا دىندارلار ئارىسىدىكى ئومۇمىي پائالىيەتكە ئايلانغان. لېكىن، قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن كىتابلار ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن بۇددىستلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. مانا مۇشۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلى، خەلق ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىپ، ياغاچ مەتبەئەنى كەشىپ قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ تېخىمۇ ئومۇملىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىر ئۈلۈش كۈچ قوشتى.

فۇيۇخۇەن يازغان «تارىخ ئوقۇتۇشى» نىڭ 1 ـ جىلد 1 ـ سانىغا بېسىلغان «ئەڭ بالدۇرقى بىر پارچە جۇڭگو مەتبەئە بويۇمى» دېگەن ئەسەردە ( 一件最早的中国印刷品 )، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا رەسمىي مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق باشلىنىپ يۈز يىلدىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرا جۇڭگودا ياغاچقا ھەرپ ئويۇپ بېسىش تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغانلىقى، شۇنىڭدەك سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ مىلادى 1041 — 1048 ـ يىللىرى تىزما خەت (مىخ مەتبەئە) نىڭ باشلىنىشى تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ①.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پېللىئوت دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن نەچچە يۈز تال قەدىمكى ئۇيغۇر يېزى ـ

① ئابلىز مۇھەممەد شايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىقى توغرىسىدا»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 3 ـ بەتكە قاراڭ.

قىدىكى ياغاچ ھەرپ تېرىۋالغان. 1914 ــ 1915 ـ يىللىرى روسىيە ئېكس-پېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندىكى مىڭئۆيدىن يەنە نەچچە مىڭ تال ياغاچ ھەرپ تېرىۋالغان. بۇ ياغاچ ھەرپلەر يەككە ھەرپ بولماستىن بەلكى تاق سۆز قىلىپ ئويۇلغان ①.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى مەتبەئىچىلىكتە بېسىلغان ئەسەرلەر يالغۇز ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرلا بولۇپ قالماي، بەلكى، خەنزۇچە، تىبەتچە ۋە باشقا تىل ـ يېزىقتىكى ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى.

ئېنىقكى، شۇنچىۋالا كۆپ تىللىق باسما ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىش ئۈچۈن غايەت زور بىر كەسپىي قوشۇن بولۇشى لازىم. بۇ غايەت زور كەسپىي قوشۇننىڭ باسما تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەن قول ـ ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ، ھەر خىل تىل ـ يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان كەسپىي خادىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى تەبىئىي. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى شۇ دەۋردە ئېلىمىز بويىچە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى رايونلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاسىيا رايونىنىڭ غايەت زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز ②.

دېمەك، مەتبەئەچىلىك ئەھۋالىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش دەرىجىسىنى قىياس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

## يەتتىنچى پاراگراف يېزىقچىلىق قوراللىرى

ئۇيغۇرلاردا يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىنلا تىلنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەشكە كىرىشتى ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى مەسىلەن، قەغەز، قەلەم، سىياھ قاتارلىقلارنى ئىختىرا قى-

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى، 152 ـ بەتكە قاراڭ.

② ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب، 250 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە.

لىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭرى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشى، كىتاب كۆچۈرۈش، ئۆزئارا سودا ۋە ئىجارە توختاملىرى تۈزۈش، ئىلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا ھۆججەتتىن پايدىلىنىش ( ئوتتۇرىدا تىل خەت ھۆججەتلىرى پۈتۈش ) ، سالام مەكتۇپلىرى يېزىشىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شوغۇللىنىش، خەتتاتلىق ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىش، ئوقۇتۇش ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە يېزىقچىلىق قوراللىرى كەم بولسا بولمايتتى. دېمەك، يېزىقچىلىق قوراللىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى.

«غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» ( 西城图志 ) دېگەن ئەسەرنىڭ 42 ـ تومىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار بىرلىككە كەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىي بويۇم ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقىرالايتتى. ھايۋانلارنىڭ مويلىرىنى ۋە ئادەمنىڭ چېچىنى ماتېرىيال قىلىپ، موي قەلەم ياساپ ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قومۇش، ياغاچ قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە سىياھ قويۇپ، قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى «دۇگەت» دەپ ئاتايتتى. قازاننىڭ كۈيىسىنى ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىياھ ياساتتى. ئۈژمە «جۇجەم» دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىگىرى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى» دېگەن بايانلار بېرىلگەن. بۇ بايانلاردىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا يېزىق قوراللىرىغا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىشى نەتىجىسىدە، قەغەزگە بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە ئاشقانىدى. چېۋەر قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ

تەرىشچانلىقى ئارقىسىدا ، ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، قەغەزچىلىك زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ، ئەينى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى قامدالغان ۋە ئېھتىياجىدىن ئاشقانلىرى ئەتراپ رايونلارغا سېتىلغانىدى .
ئىدىقۇت ھۈنەرۋەنلىرى قەغەزنى ئۈژمە دەرىخىنىڭ قاسرىقى ، يۇمران نوتىلىرى ، كېۋەز ، كەندىر شاخلىرىنى تىتىپ ، قايىنىتىپ ، بوتقا قىلغاندىن كېيىن مەلۇم تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق نېپىز ـ قېلىنلىقى ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان يۇمشاق ، چىدامىلىق قەغەزلەرنى ياساپ چىققانىدى .
ئەينى زاماندىكى قەغەزلەرنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى بولۇپ ، نېپىز قەغەزلەرنىڭ ئالدى بېتىگە يېزىلغان خەتلەر كەينى بېتىگە ئۆتمىگەن ، قەغەزنىڭ يۈزىگە يار يىلىم ياكى شىلىم سۈرتۈلگەن بولۇپ قەغەزنىڭ يۈزى سىلىق ھەم يالتىراق ، سىياھمۇ توم قارا بولۇپ ، پارقىراپ تۇرىدۇ . قەغەزلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە قېزىۋېلىنغان ھەر خىل يازما ۋەسىقىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۇچى مەلۇم كەڭلىككە ئىگە قىرلىق ھەم قىيپاش بولغان ، شەكلى ئۆزگەرمەيدىغان قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلغان . بۇلار : قومۇش قەلەم ، پەي قەلەم ، كەك ئۇچلۇق روچكا ، چوتكا ۋە بورلاردىن ئىبارەت ئىدى .
مەھمۇد قەشقەرى يازغان « دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك » دىمۇ مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ : «ئۇچ — تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ ، تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ . ئۇنىڭدىن يەنە يىك ، ھاسا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ياسىلىدۇ » («دىۋان » 1 ـ توم 49 ـ ، 50 ـ بەتلەرگە قاراڭ ) .
ئىدىقۇت دەۋرىدە خەتتاتلىقمۇ تەرەققىي قىلغان . خەتتاتلار ئىشلىتىلىدىغان قەلەملەر كۆپىنچە ئۈژمە نوتىسى ، قومۇش ، ئىرغاي ياغىچى ( ئۇچ ) ، قارغاي ياغىچى ۋە غاز پېيى قاتارلىقلاردىن ياسالغان .
يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، ئەينى زاماندا ئۆتكەن خەتتاتلار كالا خورۇمى ، ئات يايلىسى ۋە ئات قۇيرۇقلىرىدىمۇ قەلەم ياساپ ، پەۋقۇلئاددە

چوڭ ھۆسىنخەتلەرنى يازغانلىقى مەلۇم . كالا خۇرۇمىدا قەلەم ياساشتا ، كالا خۇرۇمىنىڭ ( ئاساسەن كۆن ) قەلەم ئۇچى بولىدىغان تەرىپىنى نېپىزلىتىپ قىيپاش كېسىپ ، ئىككى تال ياپلاق ياغاچنىڭ ئوتتۇرىغا قىستۇرۇپ ، يىپ بىلەن باغلاپ قەلەم ياسىغان . ئاتنىڭ يايلىسى ۋە قۇيرۇقلىرىدا قەلەم ياساشتىمۇ شۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان . رەسساملار توشقان تۈكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇمشاق موپلاردىن قەلەم ياساپ ئىشلەتكەنىدى .

قىسقىسى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى يېزىق قوراللىرىسىز تەساۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

## سەككىزىنچى پاراگراف سۇ تۈگمەنلىرى

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلىرى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بېيىتىش جەريانىدىكى تەكرار ئەمەلىيەت سىنىقى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق مەيدانغا چىقارغان ھەربىر كەشپىيات ، ئىختىرا ، ئىجادىيەت سەمەرىلىرى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىپ بارغان . سۇ تۈگمەنلىرى ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش جەريانىدىكى چوڭ بىر مۆجىزىسى بولۇپ ، ئۇ ، ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

ئىنسانلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، دانلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى قىلغاندىن كېيىن ، دانلىق زىرائەتلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت نازۇك مەشغۇلاتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ، ئەڭ دەسلەپ ھاۋانچا ، كېيىنرەك قول تۈگمىنى ( ياۋرۇپا ئەللىرىدە ) ۋە كېيىنچە سۇ تۈگمەنلىرى ، شامال تۈگمەنلىرىنى ( ياۋرۇپا ئەللىرىدە ) ئىجاد قىلىشقانىدى .

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ماددىي مەدەنىيەت ساھەسىدە ئەنە شۇ سۇ تۈگمىنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئىدىقۇتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەن سۇڭ

سۇلالىسىپاھەلچىسى ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە «تۈگمەنلەر تەبىئىي ئېقىن سۇلاردىلا ئەمەس. بەلكى، سۇنىمۇ ئېرىقلاردىمۇ يۇرگۇزۇلىدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

شىنجاڭ رايونىدا ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن سۇ تۈگمەنلىرىمۇ ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق خاراكتېرى جەھەتتە ئىككى خىل ئۆزگىرىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن. ۋ. ۋ. بارتولد ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان سەپەر توغرىسىدا دوكلات» نىڭ 119 ـ بېتىدە، پارس تارىخچىسى گەردىزى ئىسىملىك ئاپتورنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتا خوتەن رايونىدىكى سۇ تۈگمەنلىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ: «خوتەن ۋىلايىتىدە تۈگمەنلەر بەك كۆپ ئىكەن. تۈگمەننىڭ ئاستى تېشى ھەرىكەتلىنىدىكەن، ئۈستىدىكى تېشى جىم تۇرىدىكەن. تۈگمەننىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ يىپىكىدىن ئىشلەنگەن ئەگلىكى بولىدىكەن. بۇ تۈگمەنلەر سۇ بىلەن ھەرىكەتكە كېلىدىكەن. ئۇن ئەگلەكتىن تۆۋەن چۈشىدىكەن. كېپەك بولسا ئەگلەكتە قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ بادا سىياپ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدە جابدۇقى بولىدىكەن، بۇ يەردە دانلار ئېرىغدىلىكەن، دان بىر ياققا، ئەخلەت ئىككىنچى بىر ياققا توپلىنىدىكەن. بادا سىياپمۇ سۇ بىلەن ھەرىكەتلىنىدىكەن.»

يۇقىرىقى نەقىلدىن بىز شىنجاڭ رايونىدا ئىشلىتىلگەن تۈگمەنلەرنىڭ ئەينى زامانلاردىلا خېلى مۇكەممەل بىر ئىشلەپچىقىرىش قورالىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى تۈگمەنلەردە ئۇگۇت قىلىش ئەسۋابى (بادا سىياپ) نىڭ ۋە ئەگلەكنىڭ قوللىنىلغانلىقىدىن ئۇچۇر ئالىمىز.

ئىدىقۇت رايونىدىن تېپىلغان قوليازمىلار ئىچىدە سۇ تۈگمەنلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ ۋەخپە مۈلكى ھېسابىدا تۇرغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىرى، 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ

مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «تۈگمەن چاقى» (1 ـ توم 549 ـ بەت)، «تۈگمەن نورى» (1 ـ توم 478 ـ بەت)، «تۈگمەنچى» (1 ـ توم 72 ـ بەت)، «چۆشۈرگۈ» (1 ـ توم 637 ـ بەت)، «يۇمشاق تارتىلغان ئۇن، ئاق ئۇن» (3 ـ توم 54 ـ بەت) دېگەن سۆزلەرنى ئىزاھسىزلا خاتىرىلەپ قالدۇرغان. بۇ تارىخىي ھۆججەتلەر بىزگە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى شىنجاڭدا شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردە پاراللېل ھالدا مۇستەقىل ھاكىمىيەت شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردىلا، تارىم ۋادىسىدا تۈگمەنلەرنىڭ ناھايىتى كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى، تۈگمەن، نو، چاق، تاش، سۈگەن، چاناق، چېقىلدۇرۇق، خامپا، قوپارغۇ، تۈگمەنخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدىغان مۇرەككەپ تېخنىكىلىق قۇرۇلمىدۇر.

تۈگمەن چۆرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال يەر، سۇ، ھاۋا، پەسىل، ئېھتىياج، شۇ يەردە تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ تۈرى، خۇسۇسىيىتى؛ شۇنىڭدەك ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ھېسابقا ئېلىنىدۇ.

تۈگمەن چۆرۈش ئۈچۈن، شۇ يەردە سۇ بولۇشى، تاش ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان تاش خېلى بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، سۇ ئىلمى، ھاۋارايى ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇشى؛ تاشچىلىق، ياغاچچىلىق، بىناكارلىق، تۆمۈرچىلىك ھۈنەرۋەنلىرى تۈگمەن يۈرگۈزۈلىدىغان يۇرتتا تەل بولۇشى، مېخانىكا ئىلمى، گېئومېترىيە ئىلمى، ئىقتىسادىي ئىلىم ـ بىلىملىرىگە ئىگە بولغان ئادەم بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ تېخنىكىلىق قۇرۇلما بولغان تۈگمەن ئۇلۇغ بىر كەشپىيات بولۇپ، بۇ كەشپىيات خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ، مېھنىتىنىڭ تارىخىي نامايەندىسىدۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يالقۇنتاغ سىستېمىسىنىڭ بولىيۇق، مۇرتۇق ئېغىزى، سىڭگىم ئېغىزى، سىركىپ ئېغىزى، تۇيۇق قاتارلىق بۇلاق سۇلىرىنىڭ يىغىلىپ ئېقىپ چىقىدىغان ئېغىزلىرىدا ۋە ياكى كارىز سۇلىرىغا قۇرۇلغان سۇ تۈگمەنلىرىدىن

پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كەلگەندى. «قۇچۇنىڭ ھاۋا كېلىماتى ئىنتايىن ئىسسىق، ھۆل - يېغىن ئاز بولغاچقا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئاساسەن، سۇنئىي سۇغىرىشقا تايىناتتى. سۇ تيانشان تاغلىرىدىن كېلەتتى. ئۇلار بۇ سۇلارنى ئېتىز - ئېرىقلارغا باشلايتتى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن تۈگمەنلەرنى يۈرگۈزەتتى»①. يىغىنچاقلىغاندا، ئىدىقۇت دەۋرى ھۈنەر - سەنئىتىدە، سۇ تۈگمەنلىرى ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق خاراكتېرى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. بۇ نۇقتا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## توققۇزىنچى پاراگراف توقۇمىچىلىق

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىدە توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. توقۇمىچىلىق ئاساسەن يىپەك توقۇمىچىلىقى، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، پاختا توقۇمىچىلىقى ۋە كەندىر تالالىرى توقۇمىچىلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان زېمىنلاردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بۇنى تولۇق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان ئېۋىرغول ( قۇمۇل ) نىڭ بارىكۆل يايلاقلىرى، بېشبالىق ئوتلاقلىرى، جۇڭغار داللىرى، ئۈرۈمچى ۋە قارا شەھەر يايلاقلىرىدا كۆپلىگەن چارۋا ماللارنى يېتىشتۈرۈشكە كەڭ ئىمكانىيەتلەر تېپىلاتتى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن يۇڭ، تىۋىت، تېرە - ئۈچەيلەر ئىدىقۇت زېمىنىدىكى ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىكارلىرى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ ئىشلىنىپ، گىلەم، يۇڭ پالاز، يۇڭ چەكمەن، كۆن - خۇرۇم قاتارلىق ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھاسىل قىلىناتتى. بۇلاردىن مەلۇم نىسبەتتە يەرلىك ئاھالىلەر تەمىن ئېتىلگەندىن تاشقىرى، كۆپ قىسمى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا، غەربىي ئەللەر ۋە غەربىي

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 1 - توم 254 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى.

جەنۇبىي ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىلىپ، «يىپەك يولى» سودىسى جانلاندۇرۇلاتتى.

تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى ئېۋىرغول، پىچان، تۇرپان، توقسۇن ۋە جەنۇبىتىكى كورلا، كۇچا رايونلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى كېۋەز تېرىلىدىغان ۋە پىلە يېتىشتۈرۈلىدىغان ئۈنۈملۈك تېرىلغۇ زېمىنلىرى ئىدى. پاختا ۋە يىپەكتىن ھەرخىل كىيىم-كېچەكلەر، گۈللۈك رەختلەر، رەڭدار شايى، كىمخاپ، دۇردۇن-تاۋارلار؛ بۆز-ماتالار توقۇلۇپ، ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامدىغاندىن سىرت، كۆپ قىسمى باشقا رايونلارغا يۆتكەپ ئاپىرىلىپ، سېتىلاتتى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئايرىۋاشلىناتتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان ئىدىقۇت شەھىرى (قوچۇ شەھىرى) گە يېقىن بولغان لۈكچۈن رايونىدا ئەينى دەۋرلەردە كەندىر ناھايىتى كۆپ ئۆستۈرۈلۈپ، كەندىر تاللىرىدىن كۆپلىگەن سىپتا توقۇلمىلار توقۇلۇپ، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگەنىدى. لۈكچۈن رايونى تارىختا كەندىردىن قوش قەۋەت قىلىپ ئىگىرىلگەن كاناپ يىپتىن رەخت توقۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئىدىقۇتتىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنامە ھۆججەتلەردە توقۇلما بۇيۇملار مەھسۇلاتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ھۆججەتلەردە: «ئۇيغۇر تەدىملىك بىلەن قارا بۇقا ئىككىسى خوتۇن-قىزلارنى سېتىپ، بىر قېتىمدىلا 150 توپ رەخت پايدا ئالغان؛ قالىمتۇ ئىسىملىك بىر ئادەم بىر چۆرىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ، بولاتنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا 100 توپ رەخت پايدا ئالغان؛ بىر باپكار قاغانغا تاپشۇرىدىغان باج قاتارلىق قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن، بىر ئاي ئىچىدە 10 توپچە پاختا رەخت تاپشۇرغان»① دېيىلىدۇ.

يېقىنقى 40 – 50 يىلدىن بۇيان، تۇرپان رايونىدىنلا قېزىۋېلىنغان پاختا، يۇڭ، يىپەك، كەندىر توقۇلمىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى مىڭ پارچە

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 – يىل نەشرى، 132 – بەتكە قاراڭ.

دىن ئوشۇق بولۇپ، يىپەك توقۇلمىلارنىڭ تۈرىلا ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە شايى، گۈللۈك دۈردۈن، ئەتلەس، بەقەسەم، كىمخاپ، مەشۇت يىپ، گۈللۈك تاۋار، كەشتە قاتارلىقلار بار، تاڭ دەۋرىگە ئائىت، بىر جۈپ يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ، ئۈنچىدىن ئەجدىھا سۈرىتى چىقىرىلغان لىباس، تېگى ئاسمان رەڭگى، ئۈستىگە كالۋۇتۇن يىپتىن ئۈزۈم نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئاق گۈللۈك تاۋار بار؛ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت يىپەك توقۇلمىلاردىن ئۈنچىدىن قۇش سۈرەت نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ بار①.

ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان رايونلارنىڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىلا خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ ئۆزىدىلا زور ئىلگىرىلەشلەر بولغان. مەسىلەن، نەپىس گۈللۈك توقۇلغان، تۇم يىپتا توقۇلغان، شالاڭ توقۇلغان، ئۆرۈش ۋە ئارقاق ئارقىلىق كەشتە سېلىپ توقۇلغان، تىۋىت ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلار شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىلا بارلىققا كەلگەنىدى. ئەينى دەۋرلەردىلا بەلگە ئېسىقلىق ۋە يەرگە ياتقۇزۇقلۇق توقۇش دۇكانلىرى ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە ئۆرە دۇكان ئىجاد قىلىنغانىدى②.

دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋار-سودا ئېگى، ھۈنەر-سەنئەت ئېگى، رىقابەت ئېگى ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ يۈكسەلگەن بولۇپ، ئۇلار ناتۇرال ئىگىلىك ئېگىنى ئاللاقاچانلا چۆرۈپ تاشلىغانىدى. توقۇمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەنە شۇنىڭ تىمسالىدۇر.

## ئونىنچى پاراگراف شارابچىلىق

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا

① يۇقىرى كىتاب، 133-بەتكە قاراڭ.

② چېن شيۇشىن: «شىنجاڭنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى» شىنجاڭ گېزىتى، ئۇيغۇرچە، 1987-يىلى 4-ئاينىڭ 32-كۈندىكى سانى 5-بەتكە قاراڭ.

ئاتنت پارچىلىرىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدە — تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىگىدىكى رايونلاردا ئۈزۈمچىلىكنىڭ مۇھىم بىر ئىقتىسادىي مەنبە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ رايونلارنىڭ ئىقلىم شارائىتى — سۇيى، تۇپرىقى، بىر يىل ئىچىدىكى ئۇچۇق كۈن سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، هاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشى قاتارلىق ئامىللار بۇ رايوندا قەن ماددىسى كۆپ بولغان ئۈزۈمنى يېتىشتۈرۈشكە كەڭ ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. ئۈزۈمنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە يەنە ئىچكى ۋە تاشقى بازاردا ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم شارابى (بور) غا بولغان تەلەپمۇ خېلىلا رول ئوينىغان. شۇ سەۋەبتىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە ئۈزۈم يېتىشتۈرۈشكە زور ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇ ھەر خىل ئەۋزەل شارائىت، قولاي-لىق ئىمكانىيەت ۋە ئېتىبار بېرىلىشلەر نەتىجىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۈزۈمچىلىكنى كەڭ تۈردە راۋاجلاندۇرغان، تەكلەرنىڭ سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئىلمىي نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنىدى.

ئۈزۈمچىلىكنىڭ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىغا ئۇبدانلا تەسىر كۆرسەتكەن. دۆلەت ئۈزۈم ئىشلەپ چىقارغۇچىلاردىن ئۈزۈم بېجى هېسابىدا مەلۇم نىسبەت بويىچە ئۈزۈم ئېلىش چارىسىنى يولغا قويغان (رادلوف «هۆججەتلەر توپلىمى» 88 - هۆججەتكە قارالسۇن). دېمەك ئۈزۈمچىلىكنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشى-دىن دېهقانلارلا ئەمەس، بەلكى دۆلەتمۇ مەنپەئەتدار بولغانىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرىدىن خېلى تولۇق پايدىلانغان. ئۇلار ئۈزۈمنى يازلىقى هۆل پېتى بازارغا سالغاندىن تاشقى-رى، ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ، ئىچكى - تاشقى بازارلاردا تاۋار سۈپىتىدە ساتقان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئۈزۈمدىن سىركە ۋە شاراب ئىشلەپچىقى-رىپ، بۇنى تىببىي داۋالاش ساھەلىرىگە (مۇشۇ كىتابنىڭ «قوچۇرتىسپلىرى» بابىغا قارالسۇن) ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭىپ قىلغان ھەمدە ئۇنى ئىچكى - تاشقى بازارلارغىمۇ سالغان.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۈزۈم شارابىنىڭ غەربىي دىياردىن، جۇملىدىن ئىدىقۇتتىن چىقىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، 4 ـ ئەسىردە ياشىغان جاڭ خۇا «مۆزىي خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە «غەربىي دىياردا ئۈزۈم ھارىقى (بور) بار ئىدى. ئۇ يىل بويى بۇزۇلمايتتى ... ئىچكەندە كۈنلەپ مەستلىك يېشىلمەيتتى» دېگەنلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولسا، «لى ياڭنىڭ تۆت بەگ خاتىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 540 ـ يىللاردا «ئىدىقۇت دۆلىتى سوۋغاتلىرىدا ... قۇرۇق سىزگى ... مۇزلىغان ھاراق ...» دېگەنلەر يېزىلغان.

مەشھۇر مېدىتسىنا ئالىمى لى شىجېنىڭ يېزىپ قالدۇرغان «دورىلار قامۇسى» دېگەن ئەسەردە خاتىرىلىنىشىچە «ئۈزۈم ھارىقى قىزىل بولىدۇ. ئۇ زەھەرلىك ... ئېچىتىلغان ئۈزۈم مۇسەللىسنى ئاجىز ئوتتا قىزدۇرۇپ پارلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ھورىنى باشقا ئىدىشقا سۈزۈپ ئالىدۇ، ئۇ قىزىل رەڭلىك كېلىدۇ ... بۇ ئۇسۇلنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئىدىقۇتتىن ئۆگەنگەن» دېيىلگەن.

ئەرەب مەنبەلىرىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغان ئوردىسىدا (توققۇز ئوغۇز ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ — ئاپتوردىن) مۇھاپىزەتچى نۆكەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى، ئوردىدا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم مۇسەللەس ئىچىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان①.

يۇقىرىقى مەنبەلەردىن بىز ئىدىقۇتتا ئۈزۈم شارابى ئىشلەپچىقىرىش تارىخىنىڭ خېلى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئاھالىلەردىن يىغىۋالىدىغان باج ـ سېلىقلار قاتارىدا ئۈزۈم شارابمۇ يىغىپ ئالاتتى. قاغان ئوردىسىدا نەچچە يۈز كۈپ ئەلا دەرىجىلىك ئۈزۈم شارابى مەخسۇس ئۆيلەردە ساقلىناتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىغا يۆتكەپ ئاپىرىلىدىغان ئۈزۈم شارابى مەخسۇس كۈپلەردە «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخش شەربىتى» دېگەن تامغا

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى 129 ـ، 130 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

بېسىلىپ، پىچەتلەپ توشۇلاتتى. تۇرپان رايونى ۋە كۇچا رايونى ئۈزۈم شارابى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەركەزلىك رايونلاردىن ئىدى.

ئىدىقۇتتىن تېپىلغان ئىقتىسادىي توختامنامە ـــ تىلخەت ھۆججەتلىرىدە ئۈزۈم شارابى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۈزۈم شارابى ئىستېمالى ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە خېلى كەڭرى ئومۇملاشقاندەك تۇرىدۇ ياكى ئۇ ناتورال تاۋار شەكلىدە ئالماشتۇرۇلىدىغان سودا ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقى مەلۇم. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۈزۈم شارابىنىڭ شۇ قەدەر كۆپ تىلغا ئېلىنىشى، مۇقەررەر ھالدا ئىدىقۇتتا شارابچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شارابچىلىق تېخنىكىسى ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىياللار ئىدىقۇت يازما ۋەسىقىلىرى ئىچىدە ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. لېكىن بۇ ھەقتە يېزىلغان تەتقىقات ماقالىلىرى بار. ئەنە شۇ ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، شارابچىلىق مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم: بىرىنچى باسقۇچىدا، ھەر خىل مېۋە ـ چېۋىلەر تەبىئىي ئېچىتىلىپ ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر ئېلىنغان. ئىككى باسقۇچىدا، سۈنئىي ئېچىتقۇ قوشۇپ مېۋە ـ چېۋە، ئاشلىق قاتارلىقلارنى ئېچىتىپ، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر ئېلىنغان. مۇسەللەس، بوزا، پىۋا قاتارلىقلار مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا تەييارلانغان. ئۈچىنچى باسقۇچىدا، ئاۋۋال خام ماتېرىيال ئېچىتقۇ ياردىمىدە ئېچىتىلىپ، ئۇنىڭ سۈيى سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. بۇ دۇغ ئېرىتمە تەخمىنەن 78 °C (ئىسپىرتنىڭ پارلىنىش نۇقتىسى دائىرىسى) ئەتراپىدا پارلاندۇرۇلۇپ ئېرىغدىلىنىدۇ. ھاسىل بولغان ھور مۇزلىتىلىپ يىغىپ ئېلىنىدۇ. يىغىپ ئېلىنغان بۇ ھور سۇيۇقلۇقى ھاراق دېيىلىدۇ ①.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ساددا تەبىئەت قارىشىدا، دۇنيا ئوت، سۇ، تۇپراق، ھاۋادىن ئى-

---

① ئابلىمىز ئابدۇلھەق: «ھاراق ياساش تېخنىكىسى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئىدىقۇتتىن تارقالغان» ناملىق ماقالىگە قاراڭ. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987 ـ يىل 11 ـ ئىيۇل سانى 3 ـ بەت ئۇيغۇرچە.

يارەت تۆت تادۇدىن تەركىب تاپقان دەپ قارىلاتتى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار دۇنيانى چۈشىنىش، تەبىئەت سىرلىرىنى يېشىش قاتارلىق ئىزدىنىشلىرىدە مانا شۇ تۆت تادۇ قارىشىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ خىل كۆز قاراش ئۇلارنىڭ مەدەنچىلىك، تىبابەتچىلىك، بوياقچىلىق، شارابچىلىق... قاتارلىق ئىختىرا، كەشپىيات، ئىزدىنىش ۋە مەشغۇلاتلىرىدا كونكرېت ئىپادىلەنگەندى. ئېلىمىز تارىخىدا، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە پەن - مەدەنىيەت يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، جۇڭگو ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مەركىزىگە ئايلاندى. خىمىيىمۇ ئەمەلىي خىمىيە سانائەت ھۈنەر - سەنئەت باسقۇچىغا كىردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ يۇقىرىقى ھالەتتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. شارابچىلىق — شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ خىمىيە جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى.

## ئون بىرىنچى پاراگراف كۆن - خۇرۇمچىلىق

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كانچىلىق، باغۋەنچىلىق، سودا، قول - ھۈنەر سانائىتى قاتارلىق ئاساسىي ئىگىلىكلەر تەڭ راۋاجلاندۇرۇلغانىدى. بولۇپمۇ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە ئېتىبار بېرىلگەنىدى. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: ئۇيغۇرلار مەيلى ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا بولسۇن ياكى تىنچلىق مەزگىللىرىدە بولسۇن، مىنىشكە، ھارۋا، سوقا - سۆرەمگە ئىشلىتىشكە، تاۋار سۈپىتىدە سېتىشقا ياكى گۆش - ئوزۇق، سۈت - قېمىز، تېرە - يۇڭ ئېلىشقا ئاساسلىق مەنبە قىلىنىدىغان چارۋىچىلىققا تايىناتتى. چارۋىچىلىقنىڭ يۈكسىلىشى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى مول چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن تويۇندۇردى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمى پىششىقلانماي سېتىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى يەرلىك ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ئىش قوشۇش نەتىجىسىدە ھەر خىل تۇرمۇش بويۇملىرى ئىشلەنگەنىدى.

ئىدىقۇتتا چارۋىچىلىقنىڭ يۈكسىلىشى ۋە قول ھۈنەر سانائىتىنىڭ

گۈللىنىشى كۆن- خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي
ئىگىلىكنىڭ مۇھىم بىر ساھەسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر-
لىرى كۆن- خۇرۇمدىن ناھايىتى چىرايلىق نەقىشلەنگەن ئېگەر –
جابدۇق، ئۆتۈك – ئاياغ، سومكا، ئوقدان، كەمەر، غىلاپ قاتارلىق سىپتە
بويۇملارنى ياساشقا ماھىر ئىدى. بىر قىسىم كۆن – خۇرۇملار مەھسۇلات
قىلىپ ئىشلەنگەندىن كېيىن بازارغا سېلىنسا، بىر قىسمى كۆن – خۇرۇم
پېتى ئىچكى ۋە تاشقى بازارلاردا سېتىلاتتى.
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئوۋ مەھسۇلاتلىرى-
دىن ئات، تۆگە؛ ئېگەر – جابدۇق، يۇگەن؛ بەلۋاغ - كەمەر، غىلاپ،
ئىنچىكە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان موۋۇت، يۇڭ پالاز، كۆن – خۇرۇم قاتار-
لىقلارنى لوياڭ ۋە كەيفىڭلەرگە، قىتانلار ( لياۋ سۇلالىسى ) نىڭ
پايتەختىگە ئۇزۇلدۇرمەي ئاپىرىپ، نۇرغۇن يىپەك مەھسۇلاتلىرىغا، فار –
فۇر قاچىلارغا ھەتتا ئىچكى رايونلارنىڭ مىس پۇللىرىغا ئايرىۋاشلاپ
كېلەتتى. بۇ ماللاردىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىكلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغان-
لىرىنى غەربتىكى ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، نەچچە قاتلاپ پايدا ئالاتتى.
ئىدىقۇت قول ھۈنەرۋەنلىرى ئىشلىگەن كۆن – خۇرۇملار ئىچىدە،
ئاق قۇيرۇق تېرىسى ئاشلىنىپ، نوشۇدۇر بىلەن ئەيلىنىپ، بوياق بىلەن
رەڭگى قىزارتىلىپ، ئاجايىپ سىلىق ھەم سىپتا خۇرۇم قىلىناتتى. بۇ
خىل خۇرۇم ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك تىكىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەلا سۈپەت-
لىك، بازىرى ئىتتىك خۇرۇم ھېسابلىناتتى.
قىسقىسى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى مەلۇم دەرىجىدە خىمىيە
بىلىملىرىنى ھۈنەر – كەسىپكە تەتبىقلىغان بولۇپ، قەغەزچىلىك، شاراب-
چىلىق، بوياقچىلىق ۋە كۆن – خۇرۇمچىلىق ھۈنەر سانائىتىنىڭ
يۈكسىلىشلىرى ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ خىمىيە بىلىملىرىنى ئىگىلىگەنلىكى بى-
لەن باغلىق ئىدى.

## ئون ئىككىنچى پاراگراف رەڭ- بوياقچىلىق

رەڭ – بوياق تۇرمۇشتا ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

بولۇپمۇ ھۈنەر - سەنئەتتىرىنىڭ - بوياق مۇھىم ئورۇننى ئىگە.
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، رەڭ - بوياقچىلىق ئىشلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. چۈنكى، توقۇمىچىلىقنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، رەختلەرگە گۈل بېسىش، رەڭدار شايى - ئەتلەس توقۇش، گىلەم، يۇڭ پالازنى رەڭدار توقۇش؛ كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، ئۆي جابدۇقلىرىغا رەڭ بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا رەڭ - بوياق كەم بولسا بولمايتتى. بولۇپمۇ، بۇددا ۋە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى، غارلارنى بېزەش شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم ئىش دەپ قارىلاتتى. بۇ ھال، تەبىئىيكى، رەڭ - بوياققا بولغان ئېھتىياجنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغانىدى.

ئىنسانلار تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ئەڭ دەسلەپ ئوت كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلگەنىدى، خىمىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئەنە شۇ ئوت كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن كېيىن تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. دېمەك، خىمىيە پېننىڭ تارىخىمۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردە، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگو بىلەن ئەرەب زېمىنىنى مەركەز قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت پاراللېل ئۇيغۇر دۆلەتلىرىمۇ بۇ تەرەققىيات دەۋرىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. گەرچە، بۇ ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىدىن بىر قىسمى شەرقتە بۇددا دىنى مۇھىتىدا تۇرغان بولسۇن، بىر قىسمى غەربتە ئىسلام دىنى تەسىرىدە تۇرغان بولسۇن، ئوخشاشلا شۇ دەۋرنىڭ پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئىز قالدۇرماي قالمىدى. رەڭ - بوياقچىلىق ئەنە شۇ ئوتتۇرا ئەسىر جۇڭگو پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر كىچىك ئىزنا ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى ھاسىل قىلغۇچى ئەجدادلار، ئەينى دەۋرلەردە، ئاساسلىق يەتتە خىل رەڭنى يۇلغۇن چېچىكى،

گۈلسۈرۈخ، لەيلىگۈل، زاراڭزا چېچەكى، ياڭاق پوستى، ئانار پوستى، گېل (زاڭ)، كۆكتاش، قىزىل تۆمۈر رودىسى، بور توپىسى، سېغىز توپا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىمۇ يەتتە خىل ئاساسلىق رەڭنىڭ نامى ئىزاھلانغان.

كېيىنچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئېھتىياج تەقەززاسى ۋە گۈزەللىك ئىستېتىكلىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، رەڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈك چېچەكى (يۇلغۇن تېپىدىكى بىر خىل چاتقال بولۇپ، گۈلى پوررەڭ ئېچىلىدۇ)، تۇخۇمەك گۈلى، ئىنەك پېتى (ئابدىمىلىك)، قارىقات، ئالىقات، ئاق يانتاق ئۇرۇقى، ئازغان ئۇرۇقى، پىياز پوستى، ئاق تېرەك پورى (جىگەر رەڭدە)،

قارىغاي يېلىمى، ھەشقىپېچەك، نۆشۈدۈر (سىنىك خلورىد)، مىتوسىن (قوغۇشۇن ئوكسىد، ئاق رەڭلىك)، ھەر خىل رەڭلىك زەمچىلەر، زىرىق ئۇرۇقى (قىزىل رەڭلىك)، قارا جۇجەم (ئۈجمىنىڭ بىر خىلى)، شاتۇت (ئۈجمىنىڭ بىر خىلى)، قۇرۇم (ئاساسلىق تەركىبى كاربون) قاتارلىقلارنى ئۆزئارا تەڭشەپ، ھەر خىل رەڭلەرنى تەييارلىغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئانالىزلار ئارقىلىق رەڭ ـ بوياقچىلىق ھەققىدىكى ئەھۋاللار ئېنىقلاپ چىقىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلار قارىغاي يېلىمى بىلەن ئانار شۆپۈكىنىڭ ئېرىتمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بوياق ياسىغان، كۆكتاشنى يانچىپ ئېرىتىپ، ئۇنى ياڭاق پوستى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قايناتىپ، سۇس ھەم يارقىن بولغان كۆك رەڭنى ئىجاد قىلغان. ئۇلار بۇ خىل كۆك رەڭنى ئاق تېرىگە سۈركەپ، تېرىنى قارا، كۆك قىلىپ بويىغان، يەنە يۇلغۇن چېچەكى بىلەن چۈچۈك بويىنى قايناتىپ ھاسىل قىلىنغان رەڭ بىلەن كۆن ـ خۇرۇمنى قىزىل، سېرىق، قوڭۇر قىلىپ بويىغان. لەيلىگۈل، زاراڭزا چېچەكى قاتارلىقلاردىن ھاسىل

قىلىنغان رەڭلەر بىلەن رەختلەرنى بويىغانىدى ①.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە رەڭ - بوياقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلغان. مىڭ بۇددا بېزەكلىك غارلىرىدىكى رەڭلەرنىڭ مىڭ يىللار مابەينىدە ئۆڭمەي تۇرغانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى مەلۇم نۇقتىدىن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ھامان ئۆزئارا ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، تەسىر قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رەڭ - بوياقچىلىق تېخنىكىسى ئۇيغۇرلاردىن باشقا خەلقلەرگە قوبۇل قىلىنغانمۇ بولۇشى ياكى ئۇيغۇرلار باشقىلاردىن قوبۇل قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «يىپەك يولى» تۈگۈنىدىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن، بۇ، ئورتاق بىر ھادىسە، ئەلۋەتتە.

## ئون ئۈچىنچى پاراگراف قورال - ياراغلار

تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار جەڭگىۋار خەلقلەر ئىدى. ئۇلاردا قىر - يايلاق خەلقىنىڭ قەيسەر، قارام، جاسارەتلىك، جەڭگىۋارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغان بولۇپ، جەڭلەردە قەھرىمانلىق، جەڭگىۋارلىقنى شەرەپ ھېسابلايتتى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن خېلى ئىلگىرىكى مەزگىللەردىلا ئۆتتۈكەن جىلغىلىرى ۋە بېشبالىقتا ياشايدىغان ئەجدادلار تۆمۈر تاۋلاشنى ۋە تۆمۈردىن ھەر خىل قورال - ياراغلارنى ياساشنى باشلىغانىدى. ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش قىلىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇرلار، ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرىي قوراللىرىنى ۋە قورال - ياراغلىرىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا ۋە قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇرۇش - يېغىلىقلار بېسىقماي، بىر مەزگىل ئۇيغۇر - تۈبۈت ئۇرۇشى ( بېشبالىق ۋە قارا شەھەر ئۇرۇشلىرى )، قاراخانىيلار ۋە ئىدىقۇت

---

① بۇ سەھىپىدىكى بايانلارنى يازغاندا، مامۇت قۇربانىنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە بوياقچىلىق» ناملىق ماقالىسىدىن قىسمەن پايدىلاندىم.

ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زېمىن - چېگرا تالىشىش ئۇرۇشلىرى ھەم
دىنىي مۇداخىلىچىلىك ئۇرۇشلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغانىدى.

مۇشۇنىداق ۋەزىيەتتە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئەسكىرىي قۇرۇل-
مىلارنى كۈچەيتىش ۋە قورال - ياراغلارنى سەرخىللاش ئىشىنى
بوشاشتۇرمىغانىدى. شۇ دەۋردە قوللىنىلغان ئەسكىرىي قورال - ياراغلار
مۇنداق ئىدى:

1. ئوق ۋە يا

ئوق ۋە يا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قوراللىرىدىن بىرى.
ئوقيا ئېتىشتىكى مەرگەنلەر « ئاتىم ئەر » دەپ ئاتىلاتتى. ئوقيا تۈرلىرى-
دىن ئادەتتىكى ئوقيا، ئالاھىدە ئوقيا (پالۋانلارغا مەخسۇس ياسالغان
كۈچلۈك ئوقيا)، يىراققا ئاتىدىغان ئوقيا، ۋىژىلداپ ئاۋاز چىقىرىدىغان
ئوقلۇق ئوقيا ۋە زەھەر بىلەن ياشاق سۇغىرىلغان زەھەرلىك ئوقيالاردىن
ئىبارەت ئىدى.

2. قىلىچ

ئۇيغۇر — تۈركىي خەلقلەر ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن ئالغان رودا
تاشلاردىن تۆمۈر ئېرىتىپ ۋە ئۇنى تاۋلاپ پولات (قۇرچ) تىغلىق
قىلىچلارنى ياساپ جەڭدە ئىشلەتكەن. بۇ ئەنئەنە ئىدىقۇت ۋە قاراخا-
نىيلار دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىچلىرى ماتېرىيالىنىڭ
ياخشىلىقى، ئۆتكۈرلۈكى بىلەن داڭلىق ئىدى. قىلىچلار ئاساسەن كەڭ
بىسلىق قىلىچ، تۈز ۋە ئەگرى قىلىچ، ئۇزۇن دەستىلىك قىلىچ قاتارلىق
بىر قانچە خىل ئىدى.

3. سۈنگۈ (نەيزە)

نەيزە پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باب كېلىدىغان ئەپچىل
قوراللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ۋاقىتلاردا « سۈنگۈ »
ياكى « سىتا » دەپ ئاتىلاتتى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەيزىلىرى تۆمۈر با-
شاق ئورنىتىلغان بولۇپ، قىسقا ۋە يېنىك بولاتتى.

4. پالتا

پالتا - ئۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى، قۇچاقلاشما جەڭلەردە

كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغان قورال . ئادەتتە ئۇزۇن دەستىلىك ئايپالتىلارنى ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە ساقچىلار كۆپرەك ئىشلىتىدۇ .

5 . توپۇز ( گۇرزە )

ھۇجۇم قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان قورال . بۇنداق قورالغا دۇبۇلغا ، ساۋۇت دال بولالمايدۇ .

6 . خەنجەر

خەنجەر قىسقا دەستىلىك ، غىلاپلىق قورال . ئەسكەرلەر بۇنداق قورالنى ھەر دائىم يېنىدا ساقلايتتى . جەڭ ۋاقىتلىرىدا ئەپلىك پەيتلەردە ئىشلىتىشكە باپ كېلىدىغان قورال ھېسابلىناتتى .

7 . دۇبۇلغا

باش كىيىمى . ئۇنى ئۇيغۇرلار « ئىشۇق » دەپ ئاتايدۇ . ئۇ جەڭلەردە مۇداپىئە ئۈچۈن كىيىلىدىغان تۆمۈر قالپاق بولۇپ ، قالپاقنىڭ ئىچىگە باشنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن يۇڭدىن توقۇلما بۆك كىيىلەتتى . بۇنداق بۆك « كەدۇك » دېيىلەتتى .

8 . ساۋۇت ( يارىق )

ساۋۇت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « يارىق » ياكى « قوياغ » دەپ ئاتىلاتتى . جەڭ ۋاقتىدا قارشى تەرەپنىڭ زەربىسىدىن مۈرە ، كۆكرەك ، بىلەكلەرنى مۇداپىئە قىلىش مەقسىتىدە كىيىلىدىغان كىيىم بولۇپ ، كۆپىنچە يايلاق ۋە پارچە مېتاللار ياكى تەڭگىسىمان مېتاللار بىر - بىرىگە مۇستەھكەم ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ . بەزىدە ساۋۇت بېلىق قاسىرىقىدەك يالتىراق كۆرۈنىدۇ .

9 . قالقان

قالقان — كۆپ ئادەمگە تونۇشلۇق بولغان مۇداپىئە قورالى . قالقان مېتالدىن ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق جىسىملاردىن ياسىلىپ ، جەڭدە ئاساسەن قارشى تەرەپنىڭ قىلىچ ، نەيزە قاتارلىق قوراللىرىنىڭ زەربىسىدىن قوغدىنىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ . قالقان يالغۇز ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرگىلا خاس قورال بولماستىن ، بەلكى دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر جەڭلەردە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان مۇداپىئە قوراللىرىنىڭ

بىرى.

ئۇيغۇرلار جەڭدە يۇقىرىقى قۇراللارنى ئاساسلىق قوللانغاندىن تاشقىرى يەنە سېپىللارغا ھۇجۇم قىلغاندا تاش ئاتىدىغان پالاخمان، شوتا، كۆيدۈرگۈچى قۇراللارنىمۇ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ھەقتە قولىمىزدا ئاساسلانغۇدەك ماتېرىيال يوق.

جەڭدە ئاتنىڭ ئەڭ مۇھىم قورال ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا، جەڭلەردە ئارقا سەپ تەمىنات يەتكۈزۈشتە ياكى ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى توشۇشتا «قاڭغا» ياكى «قاڭلى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى چاقلىق ھارۋىلار ئىشلىتىلگەن. «ئوغۇزنامە» داستانىدا بۇ ھەقتە بايانلار ئۇچرايدۇ.

## ئون تۆتىنچى پاراگراف مېتالچىلىق

ئىنسانلار يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلىگە كەلگەندە مېتاللارغا ئىش قوشۇپ ئىشلىتىشكە باشلىغانىدى. مىسىر ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەردە تېپىلغان تۆمۈر قاچىلار مىيلادىدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى ياسالغانلىقى مەلۇم①.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار ئورخۇن بويىدىكى ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن رودا تاشلارنى ئېلىپ تۆمۈر تاۋلاشقا كىرىشكەن. گەرچە، تۆمۈر تەبىئەت دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، تاۋلاش قىيىن بولغانلىقتىن مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن ۋە قەلەيلەرگە نىسبەتەن كېيىنرەك ئىشلىتىلگەن مېتال ئىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تاغلىرىدا ياشىغان چاغدىكى تۆمۈر تاۋلاش ئەنئەنىسىنى يەنىمۇ جانلاندۇردى. چۈنكى، بىشبالىقتىمۇ تۆمۈر تاۋلاش، مېتالچىلىقنىڭ ئاساسى خېلى ئىلگىرىدىنلا بار ئىدى.

مېتالچىلىقتا، ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى،

① يەكيا مۇھەممەد ياسىن: «خىمىيە تەرەققىيات تارىخىنىڭ قىسقىچە ئۇچېركى» ماقالە، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى (تەبىئىي پەن قىسمى) 1986 ـ يىل 2 ـ سانىغا قارالسۇن.

كۆمۈر بولۇشى شەرت ئىدى. كۆمۈردىن پايدىلىنىش بېشبالىقتا ئوخشاش تەڭرى تاغلىرى ئېتەكلىرىگە جايلاشقان رايونلاردا خېلى بۇرۇندىنلا باشلانغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا ئۆتكەن جۇغراپىيەشۇناس لى داۋ يۈەن يازغان «水经注» دېگەن ئەسەردە «تۇرپاننىڭ 200 چاقىرىم شىمالىدىكى تاغدا كېچىسى ئوت يالقۇنى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، كۈندۈزى ئىس - تۈتەكلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. كىشىلەر تاغدىن تاش كۆمۈر ئېلىپ، تۆمۈر تاۋلايدۇ، 36 دۆلەتنى تەمىنلەيدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن ①.

دەرۋەقە، ئىدىقۇتتا تەۋە بولغان زېمىندىكى ئېۋىرغول (قۇمۇل)، پىچان (كۆكيار تاغلىرى)، تۇرپان (ھازىرقى چىچان ۋە قارا يۇزى ئىدىرلىقلىرى)، توقسۇن (كۆرجاي تاغلىرى)، ئۈرۈمچى، جىمسار (داخۇاگسەن تاغلىرى)، ئاقسۇ باي ناھىيىلىرىدە كۆمۈر زاپىسى ئىنتايىن مول ئىدى. بۇ رايونلاردا ياشىغان خەلقلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كۆمۈردىن يېقىلغۇ ئورنىدا ئىشلىتىشكە يۈزلەنگەن ۋە تەدرىجىي تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللارنى تاۋلاشقا باشلىغانىدى.

ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىت ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا مېتاللىچىلىقتا، كولالچىلىقتا ۋە باشقا ھۈنەر - سەنئەتنى روناق تاپقۇزۇشقا كەڭرى ئىمكانىيەت ياراتقان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا تۆمۈردىن ھەر خىل قورال - ياراق دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان ھەرخىل سايمانلار ياسالغان، شۇنىڭدەك، ئالتۇن - زەرگەرچىلىك، مىس تاۋلاش، قوغۇشۇن، كۈمۈش ئېرىتىش ئىشلىرىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىلغان. ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ۋە بېشبالىق خارابىلىرىدىن بايقالغان نۇرغۇن

---

① «خىمىيە تارىخىنىڭ قىسقىچە تارىخىي» خەنزۇچە، 32 - بەت، پەن نەشرىياتى 1980 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

داشقاللار بۇ ئورۇنلاردا مەخسۇس مېتال تاۋلاش كارخانىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك جەھەتتىن دەلىللەيدۇ .

## ئون بەشىنچى پاراگراف كۈلالچىلىق

ئىنسانلارنىڭ ئوت كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ئىگىلىشى ۋە كۆمۈردىن ئىبارەت يېقىلغۇ زاپىسىنى ئېچىشقا يۈزلىنىشى ــ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا زور مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ . شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئىنسانلار تەدرىجىي ھالدا مېتال تاۋلاشنى ، كۈلالچىلىق تېخنىكىلىرىنى كەشىپ قىلىشقاندى .

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا قۇمۇل ، تۇرپان ، كۇچا قاتارلىق رايونلاردا ياشىغان ئەجدادلار كۈلالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى . چۇنكى ، قۇمۇل قارا دۆۋە ، پىچان تۇيۇق ، سىركىپ ، ئاستانە ـ قاراغوجا ، ئۇرۇمچى ئۇلانباي ، بېشبالىق قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خارابىلىكلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ، كۆپلىگەن ساپال بويۇملار بايقالغان . ئىدىقۇت يازما ۋەسىقىلىرىدىمۇ كۆمزەك ، ئىدىش ، كۈپ قاتارلىق ساپال بويۇملارنىڭ نامى كۆپ ئۇچرايدۇ .

ساپالچىلىقنىڭ شۇ قەدەر تەرەققىي قىلىشى بىرىنچىدىن ، ئۇنىڭ خام ئەشياسى بولغان سېغىز توپا ( شەرقىي شىنجاڭنىڭ بەزى رايونلىرىدا بۇنداق توپا « خامتۇر » دەپمۇ ئاتىلىدۇ ــ ئا ) مول ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، خۇمدانغا يېقىشقا كۆمۈر بار ئىدى . ئىككىنچىدىن ، ساپال قاچىلار ناھايىتى تېزلا تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر بويۇمىغا ئايلانغانلىقتىن كۈلالچىلىق تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ۋە كەڭرى ئومۇملاشقانىدى .

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئىدىقۇت زېمىنىدىن بايقالغان ساپال بويۇملارنىڭ تارىخى 4 ـ 3 مىڭ يىللىغا يېتىدىكەن . بۇرۇنقى ساپال بويۇملارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ رەڭگى كۈل رەڭ ۋە قارا رەڭدە بولۇپ ، قىسمەنلىرى رەڭلىك ئىشلەنگەن .

ساپال بويۇملار تۇرمۇشتا ناھايىتى كەڭرى قوللىنىلغان بولۇپ ،

غىدىر ( ھىجىر ) ، تەشتەك ، ئىدىش ، كوپ ، چىراغ ۋە چىراغپاي ، سۇ تۇرۇبىسى ، شامدان ، كۇجىدان ( ئىسرىقدان ) قاتارلىق ھەر خىل تۇرمۇش بويۇملىرى ئۇچرايدۇ .

كېيىنچە ، كۇلالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ، ساپال بويۇملار كۆپىنچە رەڭلىك ھەمدە تاغ - ئېدىر ، گۈل - گىياھ ، قۇش - پەرەندە ، ھايۋان ، ئادەم ۋە خىلمۇ خىل نەقىش - سۈرەتلەر چۈشۈرۈلۈپ ياسىلىدىغان بولغان . ھەتتا بەزى قونچاقلارمۇ ساپالدىن ئىشلىنىپ ، خۇمداندا پىشۇرۇلۇپ ، رەڭدار قىلىنغان .

كۇلالچىلىقتا تۇرمۇش بويۇملىرى ئىشلەپچىقىرىلىش بىلەن بىرگە ، يەنە سۇ تۇرۇبىسى ، كۆك خىش قاتارلىق قۇرۇلۇشقا ئائىت ماتېرىياللارمۇ ئىشلەنگەنىدى . ئىدىقۇت دەۋرىدە خان ئوردىلىرى ، باي - بەگلەرنىڭ داچىلىرى — ھويلىلىرى پىشىشىق خىشتىن سېلىناتتى .

قىسقىسى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كۇلالچىلىق ئەسلىدىكى پۇختا ئاساس بىلەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈلگەنىدى .

## ئون ئالتىنچى پاراگراف نۆشۈدۈر

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا كان بايلىقى مول ئىدى . مىلادى 981 — 984 - يىللار ئارىلىقىدا سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇتقا كېلىپ ، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزغان ۋاڭ يەندې « ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئەپچىل ، ھۈنەرگە ئۇستا ، ئالتۇن - كۈمۈش ، مىس ، تۆمۈر تاۋلاشقا ماھىر ، بۇ مېتاللاردىن ھەر خىل ئەسۋاب ياسىيالايدۇ ، يەنە ئەسۋابلارغا نەقىش ئويۇشنىمۇ بىلىدۇ . كۈسەندىن ئالتۇن ، مىس ، تۆمۈر ، قەلەي چىقىدۇ . ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇ مېتاللاردىن ئەسۋاب ۋە سايمان ياسايدۇ » دېگەن تارىخىي مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغانىدى ①.

تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن مەدەنلەر مۇنداق تۆت خىل بولۇپ ، ئۇلار : كۆمۈر ، تۆمۈر ، قىزىل تۇز ۋە نۆشۈدۈر ئىدى .

---

① « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى » ئۇيغۇرچە ، 132 - بەت . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى .

نۆشۇدۇر ئەينى زاماندا ئاساسەن بېشبالىقتىكى تاغدىن ۋە تىيانشان تېغىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى – ھازىر شۈيشىگۇ دەپ ئاتىلىدىغان جىلغىدىن چىقىدىغان بىر خىل مىنېرال ئىدى. ئەينى چاغدىكى ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىدىغان ماتېرىياللاردا بۇ مېنېرال «بېشبالىق نۆشۇدۇرى» دەپ ئاتالغان.

نۆشۇدۇر ئاساسلىقى دورا ياساشقا، مىسكەرلىك ۋە قەلەيچىلىكتە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە كۆن – خۇرۇم ياساشتىمۇ ماتېرىيال قىلىناتتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا نۆشۇدۇر يەرلىك دورىگەر – ئەمچىلەرنىڭ، قول ھۈنەر ئۇستىكارلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت، يەنە سودا كارۋانلىرى ئۇنى شەرقىي شىمالدىكى قىتان (لياۋ) دۆلىتىگە، ئىچكى رايونلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ھۈنەر – سەنئەت ۋە مەدەنىيەت – مېتالچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە گۈللەنگەنلىكىنى نامايەندە قىلىدىغان مۇھىم بىر ساھەدۇر.

# سەككىزىنچى باب

## ئاددىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى — كارىز

### مۇقەددىمە

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — جۇڭگو ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە ئىنتايىن باي پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ ئۇزۇن تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن كەشپىياتلىرى جەھەتتىكى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ پارلاق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگىمۇ چوڭ ھەسسە بولۇپ قوشۇلغان. مانا مۇشۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت ھەم ئىجادىيەتلەرنىڭ بىر قەترىسى بولغان كارىز — تۇرپان رايونىدا تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچان، ئاددىي خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئەسىرلەردىن بۇيان تۇرپان ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئەمگەكچان خەلقلەر قۇرغاقچىلىققا قارشى ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىش جەريانىدا، تۇرپاننىڭ ھاۋا كېلىماتى ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، يەر ئاستى سۇ يوللىرىنى ئېچىشتىكى غايەت زور ئىجادىيەت — كارىزنى بەرپا قىلىپ، يەر ئاستىدىن سۈپسۈزۈك سۇلارنى چىقىرىپ، دەشت - چۆللەرنى بوستانلىقلارغا ئايلاندۇرۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكلەرگە داڭلىق بولغان ناۋاتتەك ئۈزۈم - قوغۇنلارنى ئۆستۈردى ھەم بۇ جاينى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ئىچىدە كىشىنى مەپ-

تۈن قىلىدىغان گۈزەل باغچىغا ئايلاندۇردى. دۇنياغا مەشھۇر تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ بۇگۈنكىدەك بۇنداق گۈزەل بوستانلىققا ئايلىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى — كارىزدۇر.

كارىز — قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كېلىمات شارائىتىدىكى رايونلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ يەر ئاستى سۇلىرىنى ئېچىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەرپا قىلغان يەر ئاستى ئېقىن قۇرۇلۇشىدۇر. كارىز ئاساسەن شىنجاڭدا كەڭ ئومۇملاشقان (بولۇپمۇ شەرقىي شىنجاڭدا). مەملىكەت سىرتىدا، كارىز ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىمۇ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىراندا كۆپرەك ئومۇملاشقان. ئۇنىڭدىن قالسا ئىراق، ئافغانىستان، تۈركمەنىستان، پاكىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىدىمۇ بار.

ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى بولغان كارىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتە ئېنىقراق مەلۇمات بېرىدىغان تارىخ ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز ياكى يوق دېيەرلىك. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، دۇنيا ئىلىم ساھەلىرىدە بۇ ھەقتە خېلى كۆپ ئىزدىنىشلەر بولدى ھەم بولۇۋاتىدۇ. نىھايەتكى، كارىز ھەققىدە — كارىزنىڭ قاچان، قايسى ئورۇندا، قايسى مىللەت (قوۋم ياكى قەبىلە) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ باشقا ئورۇنلارغا تارالغانلىقى ھەققىدە تېخىچە يەكۈن چىقىرىلمىدى.

ۋەتىنىمىزدە، كارىز سەددىچىن سېپىلى، قانال بىلەن بىرگە ئۈچ چوڭ كەشپىيات سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، دۇنيادا كارىز مەۋجۇت ئورۇنلاردىكى خەلقلەرمۇ كارىزنىڭ ئۆز زېمىنلىرىدا يارىتىلغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشماقتا، ئەلۋەتتە، لېكىن بۇ مەسىلە ئىلىم ساھەسىدىكى بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق، توغرىسى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىقلا ھەل بولغۇسىدۇر.

كارىز ھەققىدە بىر قەدەر ئەترەپلىق مەلۇمات بېرىش ئاسان ئىش ئەمەس. كارىزنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا ۋۇجۇتقا چىقىرىلغانلىقىنى، كارىزنى قايسى قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئالدى

بىلەن ئېجاد قىلغانلىقىنى؛ كارىزنىڭ قانداق ئىلمىي ئاساستا بەرپا قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى قانداق بولغانلىقىنى ئېچىپ بېرىشتە جۇغراپىيە، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق ئىلىملارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىم سەۋىيەسى چەكلىك بولىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كارىز ھەققىدە بىرمۇنچە مۇكەممەلرەك ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدىكى بۇ مۇشكۇل بولغان تۇنجى قەدەمنى بېسىشتا، قولۇمدا بار بولغان ماتېرىياللارغا ۋە بىلىم سەۋىيەمگە مۇراجىئەت قىلىپ كۆرىمەن.

ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى خەلق يارىتىدۇ. تارىختىن بۇيان خەلقئارادا ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى — ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت كەشپىياتى ئالدى بىلەن مەلۇم رايوندا، مەلۇم شەخس ياكى گۇرۇھ تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. ئۇ كەشپىيات بارا - بارا باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ - راۋاجلاندۇرۇلۇپ - ئىسلاھ قىلىنىپ، تەدرىجىي تاكامۇللىشىدۇ. بۇ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر قانۇنىيەتتۇر. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بىر تۈرى ھېسابلانغان كارىزنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئومۇملىشىشىمۇ ئەنە شۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن دېيىش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

يۇقىرىقى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان تۇرپان رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ كارىزنى تۇرپاندا بەرپا قىلىنىپ كېيىنچە باشقا جايلارغا تارالغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزەمنى بايان قىلىمەن. ئالدى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

## بىرىنچى پاراگراف تۇرپاننىڭ يەر تۈزۈلۈشى

شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ

مەركىزىگە توغرا كېلىدۇ (شەرقىي مېرىدىئان 73° 32′ — 96° 21′ ۋە شىمالىي پاراللېل 34° 21′ — 49° 33′).

جۇڭگونىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۈچ پەلەمپەيلىك شەكىلدە بولۇپ، شىنجاڭ ئۈستۈنكى پەلەمپەي رايونىغا جايلاشقان. شىنجاڭ يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئورالغان ئىچكى قۇ-رۇقلۇق رايون. شىنجاڭدا دۇنياغا مەشھۇر تيانشان، ئالتاي، كۇئىنلۇن تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تۈزلەڭلىكلەر بار. دۇنياغا مەشھۇر بولغان تۇرپان ۋادىسى — تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا يەنى، تيانشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب ئېتەكىگە جايلاشقان، دۇنيا بويىچە دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن، ئىسسىق بىر رايوندۇر.

تۇرپان رايونى، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاي مەملىكىتىمىز بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى مەشھۇر ئويمانلىقتۇر. تۇرپان ناھىيىسى شەرقىي مېرىدىئان سىزىقىنىڭ 88 گرادۇس 29 مىنۇت 28 سېكۇنتتىن 89 گرادۇس 59 مىنۇت 33 سېكۇنتقىچە بولغان ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ جايغا كۈننىڭ تىك چۈشۈش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇنراق بولىدۇ.

تۇرپاننىڭ شىمالىدا يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان بوغدا تاغلىرى، جەنۇبىدا گىياھ ئۈنمەيدىغان قۇرۇق تاغ (يەرلىك ئاھالىلەر چۆل تاغ دەپ ئاتايدۇ) بولۇپ، بۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسى خۇددى جىگدە ئۇرۇقچىسىدەك ئۇزۇنچاق ئويمانلىقتىن ئىبارەت (بۇ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلىدىغان 90 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى يالقۇنتاغ سىستېمىسى بولۇپ، تۇرپان رايونىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ). دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان قۇرۇقلۇق ۋە سۇ يۈزىنىڭ كۆلىمى 4050 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ياۋروپادىكى ليۇكسېنبورگ دۆلىتىدىن 1400 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك چوڭ. «ئويمان» لىقتىكى ئايدىڭكۆلنىڭ يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر پەس بولۇپ، ئىئوردانىيىدىكى «ئۆلۈك دېڭىز» دەپ ئاتالغان

دۇنياۋى ئويمانلىقتىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئويمانلىقتا ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بىرنەچچە بوستانلىقتىن باشقا قالغان يەرنىڭ ھەممىسى تاغ ۋە چۆل ، قۇم دۆڭلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ رايون گويا ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن ئورالغاندەك تەبىئىي ئازگال رايون ھېسابلىنىدۇ .

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىز ، شەرقىي جەنۇب قىسمى تۆۋەن بولۇپ ، يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن ئېگىز ـ پەس . تۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربى تەرىپى ئارغىيبۇلاق تېغىنىڭ ئېدىرلىقلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ . شىمالىي تەرىپىدە بوغدا تېغى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6012 مېتىر ئېگىز ؛ جەنۇب تەرىپىدىكى چۆل تاغنىڭ ئېگىزلىكى 1500 مېتىر كېلىدۇ . ئايدىڭكۆل تۇرپان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوڭقۇر . ئويمانلىق ئىچىدە يەنە ئانچە ئېگىز بولمىغان يالقۇنتاغ بىلەن تۈز تاغلار شەرقتىن ـ غەربكە سوزۇلۇپ ياتىدۇ . يالقۇنتاغ تۇرپان ئويمانلىقىنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا ئايرىپ تۇرغاچقا ، شىمالىي رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى بىر قەدەر تىك بولۇپ ، ئومۇمەن $\frac{1}{35}$ چامىسىدا ، جەنۇبىي رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى تۆۋەنرەك بولۇپ ئومۇمەن $\frac{1}{100}$ چامىسىدا كېلىدۇ .

شىنجاڭدىكى تاغ سىستېمىلىرىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا يەنە نۇرغۇنلىغان تاغ ئارىسى ئويمانلىقلار جايلاشقان . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئوچۇق ، بىر قىسمى بولسا ئېتىك خاراكتېرگە ئىگە . تيانشان تېغىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باركۆل ، قۇمۇل ، تۇرپان ئويمانلىقلىرى ئېتىك خاراكتېردىكى تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلاردۇر .

تارىم ئويمانلىقىنىڭ قۇرۇلمىسى ، جۈملىدىن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ قۇرۇلمىسى قەدىمكى ھايات ئېراسىدىن بۇرۇنقى تۇراقلىق يەر قاتلىمى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چۆكۈندە جىنىس يېپىنچا قاتلىمى نېپىز . ئوتتۇرا ھايات ئېراسى ۋە ئۈچىنچى دەۋردە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب ھەم شىمال ئىككى يېنىدىكى ئولتۇرۇشقان جايلارغا دېڭىز سۈيى كۆپ قې

تىنىم بېسىپ كىرگەن، بۇ، ئوتتۇرا ھايات ئېراسى ۋە ئۈچىنچى دەۋر يەر قاتلىمىنى چۆكۈندىلەشتۈردى. ئوتتۇرا يېڭى ھىمالايا ھەرىكىتىنگىچە، دېڭىز سۈيى پۈتۈنلەي چېكىنىپ بولغان. يېڭى ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرلىشىشى، يېڭى تۆتىنچى دەۋرنىڭ باشلىنىشىدىكى يېڭى تىكتونىكىلىق ھەرىكەت جانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارنىڭ كۆچلۈك دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈشى ھازىرقى بار بولغان ئىككى چوڭ ئويمانلىقنىڭ يەر كۆرۈنۈشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

تۇرپاننىڭ يۇقىرىقىدەك تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساسەن يېڭى ھايات ئېراسى (تەخمىنەن بۇندىن 60 مىليون يىللار ئىلگىرى) دىن كېيىن بىر قەدەر تۇراقلاشقان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئېرا تاغ ھاسىل بولۇش ھەرىكىتى كۈچەيگەن (ئالدىنقى ئابزاستا سۆزلەنگىنىدەك) ئېرا بولۇپ، يەرشارى قۇرۇقلۇقىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلغان ئېرادۇر. يېڭى ھايات ئېراسى — كونا 3 ـ دەۋر، يېڭى 3 ـ دەۋر، 4 ـ دەۋر دەپ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. ئويمانلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق تاغ ياساش ھەرىكىتى جەريانىدا، تۇرپان ئويمانلىقى مۇناسىپ ھالدا داۋاملىق چۆكۈپ بارغان. 3 ـ دەۋرنىڭ ئاخىرى، 4 ـ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھىمالايا تاغ ياساش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن يالقۇنتاغدا يېڭى شەكىللىنىش يۈز بەردى. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئاساسەن تۇراقلاشقان دەۋرىنى مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

## ئىككىنچى پاراگراف تۇرپاننىڭ ھاۋا كېلىماتى

تۇرپان رايونى نېمە ئۈچۈن قۇرغاق رايون ھېسابلىنىدۇ؟ بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتا بويىچە — جۇغراپىيىلىك شارائىت ئارقىلىق چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرغان شىنجاڭ مەركىزىي ئاسىيا بويىچىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا بويىچىمۇ قۇرغاق جايلارنىڭ بىرى

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ( يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر ئەتراپىدا ) . تۇرپان شىنجاڭنىڭ قۇرغاق ئىقلىمىدا تىپىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 9 مىللىمېتىردىن ئاشمايدۇ . بۇنداق ئالاھىدىلىك شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك تارىخىدا قۇرۇقلۇق تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ خېلى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر ( قەدىمكى ھاياتلىق ئېراسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ) .

شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن ناھايىتى يىراقتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىغا جايلاشقان . ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز قىلىپ ھېسابلىغاندا ، شەرقتە تىنچ ئوكيانغىچە 4400 كىلومېتىر ، غەربتە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيانغىچە 4300 كىلومېتىر ،شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانغىچە 3400 كىلومېتىر ، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغىچە 2500 كىلومېتىر كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ تېررىتورىيىسىنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغ سىستېمىلىرى بىلەن ئۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . بۇنداق يەر تۈزۈلۈشىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا توسالغۇلۇق رولى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ ، ئىقلىم كەسكىن قۇرۇقلۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان .

تيانشان تېغى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىنى ئوتتۇرىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەچكە ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى بىر - بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تەبىئىي توسۇق رولىنى ئوينايدۇ . شۇڭلاشقا شىمالىي شىنجاڭدا مۆتىدىل بەلباغنىڭ قۇرغاق يېرىم چۆللۈك ۋە چۆللۈك ھاۋارايى ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا بولسا ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق ، چۆللۈك ھاۋارايى شەكىللەنگەن .

شىنجاڭدا مېخانىكىلىق يىمىرىلىش ئىنتايىن كۈچلۈك ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەر يۈزىنى يېپىش دەرىجىسى بەك تۆۋەن ، قۇملۇقلار شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 23.1% نى ئىگىلەيدۇ . بولۇپمۇ تەكلىماكانغا ئوخشاش يالىڭاچ قۇملۇق ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇچرى-

مايدۇ. بۇ، تۇرپان رايونىنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپاننى ئوراپ تۇرغان تاغلاردا (چۆل تاغ، ئارغىبۇلاق تېغى، يالقۇنتاغ ۋە تىيانشان تېغى ئىدىرلىرى) تاغ جىنسلىرىنىڭ يېپىنچىسى شالاڭ بولغانلىقتىن، شۇنداقلا تۇرپان رايونىنىڭ شىمال تەرەپلىرى (يالقۇنتاغنى مەركەز قىلغاندا) پۈتۈنلەي شېغىل، تاشلىق چۆل، جەنۇبىي تەرەپلىرى قۇملۇق، ئوتتۇرا قىسمى ئاساسەن شورلۇق تۇپراق تەركىبىدە بولغانلىقتىن گىياھ ئۆسمەيدىغان يەر كۆلىمى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەپ، تۇرپاننىڭ ئىنتايىن قۇرغاق بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

تۇرپاندىن قۇمۇلغىچە بولغان جايلاردا بىر يىلدا يۈز كۈن ئەتراپىدا بوران چىقىپ تۇرىدۇ. داۋانچىڭدا 147 كۈن، توقسۇندا 70 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەتىياز پەسلىدە چىقىدىغان بوران تۇپراقنىڭ نەملىكىنى قاتتىق قۇرۇتۇپ، قۇرغاق ئىقلىمنى شەكىللەندۈرۈشتە يەنە بىر مۇھىم سەۋەب بولىدۇ.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ يەر يۈزىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلۈش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى يەر يۈزىگە سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ ـ دە، بۇ ھال ئىقلىمنىڭ قۇرغاق بولۇشىغا، پارلىنىشنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىنجاڭدا جۈملىدىن تۇرپان رايونىدا قۇرغاقچىلىق مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئومۇمىي يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىنىغا بولغان تەسىرىنى مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1. جەنۇبىي ھىندى ئوكياننىڭ غەربىي جەنۇب مۇسسون شامىلىنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 3500 مېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3500 مېتىردىن يۇقىرى بولغان چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا غەربىي جەنۇب مۇسسون شامىلىنىڭ نەملىكى شىنجاڭغا يېتىپ كېلەلمەيدۇ.

2 . تىنىچ ئوكياندىن كېلىدىغان شەرقىي جەنۇب شاملى مېردىئان يۆنىلىشىدىكى ئايلانما ئېقىم بولۇپ، شەرقىي قىسمى چوڭ شىڭئەنلىڭ تاغلىرىنىڭ توسۇشىغا، غەربىي قىسمى چىڭلىيەنشەن ۋە چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىغاچقا، شىنجاڭغا يېتىپ كېلىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ .

3 . شىمالىي مۇز ئوكياندىن كېلىدىغان ھاۋا ئېقىمى سىبىرىيە ۋە تاشقى موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسىنى بېسىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھاۋا ئېقىمى قۇرغاق ۋە سوغۇق بولۇپ، زور مىقداردىكى ھۆل - يېغىننى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ . ئۇنىڭ تەسىرى پەقەت شىمالىي شىنجاڭدىلا بولىدۇ .

4 . شىنجاڭ دائىرىسىدە تىيانشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھاۋا ئېقىمىغا قارىتا توسالغۇلۇق رولىمۇ ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : تيانشاننىڭ شىمالىي باغرىدىكى يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى جەنۇبىي باغرىدىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدۇ .

شىنجاڭ ئىقلىمىنىڭ قۇرغاق بولۇشى، ھۆل - يېغىننىڭ ئاز بولۇشى، ئاپتاپلىق كۈنلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ نۇر ۋە ئىسسىقلىق بايلىقىنىڭ مولluۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

ياز پەسلىدە تومۇز ئىسسىق، قىش پەسلىدە قەھرىتان سوغۇق بولۇش — ئىنتايىن كونتىنېنتال ( قۇرۇقلۇق ) ئىقلىمىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر . 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى شىمالىي شىنجاڭدا 15 - 25 °C ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 20 - 30 °C ، تۇرپان مەملىكىتىمىز بويىچە ياز پەسلىدە ئەڭ ئىسسىق جاي بولۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا 48.1 °C غا يېتىدۇ ( 1944 - يىلى ) نۇر ئېنېرگىيىسى جەھەتتىن، قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى تۇرپاندا 3500 - 4000 سائەت بولىدۇ . نۇر بايلىقىنىڭ بۇنداق مولluۇقىمۇ تۇرپان رايونىنىڭ قۇرغاق بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر .

يىغىنچاقلىغاندا، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىدىكى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان قىياپىتى ئاتموسفېرا ئايلانما ئىقلىمىنىڭ

بىۋاسىتە قۇرۇقلۇق مەركىزىگە يېتىپ كېلىشىگە توسالغۇ بولۇپ، ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمىنىڭ بۇزۇلۇشى، ھاۋا ئېقىمىنىڭ سۇ تەركىبى شامالغا يۇزلەنمىگەن تەرەپكە يېتىپ كەلگۈچە ئېغىر دەرىجىدە ئازلاپ، چۆل - يېغىن شالاڭلاپ، قۇرغاقچىلىق مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىنتا- يىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان تۇرپان رايونىنىڭ قۇرغاق بولۇشىغا تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەم شەرقىي شىنجاڭ- نىڭ ئوتتۇرىسىدا غايەت زور تەبىئىي توسۇق بولۇشى، تۇرپاننىڭ ئەتراپىدىكى چۆل - تاغ، ئارغىبۇلاق تېغى ۋە تۇرپاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالقۇنتاغلاردا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى؛ تۇرپان رايونىنىڭ قورام تاش، شېغىل، قۇملۇق ۋە شورلۇق يەر كۆلىمىنىڭ كۆپ بولۇشى، بورانىنىڭ بىر قەدەر كۆپ چىقىشى، كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى... قاتارلىقلار ئاساسىي تەبىئىي سەۋەبلەردۇر.

## ئۈچىنچى پاراگراف تۇرپان ناھىيىسىنىڭ سۇ مەنبەسى

تەبىئەت دۇنياسىدىكى يەر ئاستى سۇلىرى — بىر خىل بايلىق مەنبەسى. تەبىئىي بايلىق — ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى ئەڭ توپ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئىنسانلار تەبىئىي بايلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا ئىشلىتىشتە ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە مېھنى- تىگە تايىنىپ، شۇ تەبىئىي بايلىقلارنى ئىنسانلار كونتروللۇقى ئاستىغا ئالىدۇ. تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مەنپەئەت بې- رىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈرى سۇدۇر.

تۇرپاننىڭ سۇ مەنبەسى يەر ئاستى سۇ مەنبەسى ۋە يەر ئۈستى سۇ مەنبەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار تيانشان ۋە يالقۇنتاغ سۇ سىستېمىلىرىغا بۆلۈنىدۇ. بۇ سۇلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ.

تيانشان سۇ سىستېمىسى — چالقان، قاراڭغۇغول، قارايۇزى، تارلاڭ، يوغانتېرەك (بۇلار تيانشان تېغىنىڭ جىلغىلىرى) قاتارلىق ئېقىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئېقىنلارنىڭ ئاساسىي سۇ مەنبەسى تى-

يانشان تېغىدىن ئېرىپ چۈشكەن قار سۇلىرىدىن، ياز كۈنلىرىدىكى تاغ يامغۇرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سۇلار ئەينى زامانلاردا بوستانلىقلارغا يېتىپ كېلەلمەيلا شېغىل ۋە قۇملۇق داللارغا سىڭىپ كېتەتتى. پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ئۆستەڭلەر ياسىلىپ، بۇ جىلغىلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان ياۋايى سۇلار تىزگىنلەندى.

يالقۇنتاغ سۇ سىستېمىسى بۇلاق سۇلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ سىڭگىم ئېغىزى، مۇرتۇق، بۇيلۇق، قۇرۇتقا، يارغول، ياڭغۇلۇق، كىندىك، چوڭ ياغ قاتارلىق سەككىز ئېقىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يالقۇنتاغ سۇ سىستېمىسىنىڭ سۇ مەنبەسى تيانشان سۇ سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى ئېقىنلاردىن تارقىلىپ كەلگەن يەرئاستى سۇيىدىن ئىبارەت. بۇ يەر ئاستى سۇلىرى يالقۇنتاغ ۋە تۇزلۇق تاغلارغا توسۇلۇپ، تاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە چوڭ ـ كىچىك ئوخشاش بولمىغان بۇلاق سۈيى بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ ـ دە، ئاندىن بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كىچىك ئېقىنلارغا ئايلىنىدۇ. بۇ، تۇرپاندا ئىنسانلار مۇقىملىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن بۇيان تۇرمۇشتا، مال ـ چارۋا سۇغىرىشتا ۋە ئەڭ ئاۋۋال دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىشلىتىلگەن مۇقىم بولغان سۇ مەنبەسىدۇر.

تيانشان تاغ ئارىسىدىكى يېرىم ئېتىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوتتۇرا ھايات ئېراسى يەر قاتلىمىدىن تەشكىل تاپقان يالقۇنتاغ قۇرۇلمىسى غەربتىن شەرققە توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، بۇ ئويمانلىقنى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى قىسمغا بۆلۈۋەتكەن. شىمالىي قىسمىدىكى 4 ـ دەۋر چۆكمىلىرىنىڭ قېلىنلىقى 300 مېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ يەرلەردىكى يەرئاستى سۇلىرىنىڭ سۈپىتى ئەلا، سۇ مىقدارى مول، سۇلۇق قاتلىمى شېغىل قاتلامدىن ئىبارەت. يالقۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى سىڭگىم، چىچان ئەتراپلىرى يوشۇرۇن سۇنىڭ تېشىپ چىقىدىغان جايى بولۇپ، يەرئۈستىگە نەچچە مېتىرلا كېلىدۇ. بۇ جايلاردا يالغۇز قۇدۇقتىن چىقىدىغان سۇ مىقدارى سېكۇنت / لىتىر 7 ـ 3 ئەڭ چوڭ بولغاندا سېكۇنت / لىتىر 159 غا يېتىپ بارىدۇ. جەنۇبىي قىس

مېدىكى يەرئاستى سۇلىرى يالقۇنتاغنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراپ يەر ئۈستىگە بۇلاق بولۇپ ئېقىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك بۇلاق بەلۋاغ رايونلىرىدا 3 ئارتېزىيان سۇ قاتلىمىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇ ئارتېزىيان سۇلىرىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 22 مېتىردىن 40 مېتىرغىچە (بەزى ئايرىم جايلاردا 100 مېتىرغا يېتىدۇ)، سۇلۇق قاتلام تاغ جىنسلىرى شېغىل بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 15 مېتىردىن 25 مېتىرغىچە، سۇ پەللىسى يەر يۈزىدىن 0.5 مېتىردىن 16 مېتىرغىچە يۇقىرى.

يالقۇن تاغنىڭ جەنۇبىدىكى 4 – دەۋر چۆكمىلىرىمۇ ناھايىتى قېلىن. تۇرپان ناھىيە بازىرىدىكى 4 – دەۋر چۆكمە قاتلىمىنىڭ بۇرغۇلانغان چوڭقۇرلۇقى تېخى 206 مېتىردىن ئاشىدى. بۇ يەردە 20 مېتىردىن 50 مېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا 2 دىن 3 كىچە بېسىملىق سۇ قاتلىمىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ناھىيە بازىرىدىكى بېسىملىق سۇ پەللىسى يەر يۈزىدىن 2 مېتىرلا تۆۋەندۇر.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى — مۇقىم بولغان يېتەرلىك سۇ مەنبەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. تارىختىن بۇيان تۇرپان رايونىدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كۆپ قېتىملاپ يۈز بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىمۇ تارىخىي باسقۇچلاردا مۇناسىپ ھالدا يۈكسەلگەندى. تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە ۋە ھازىرقى زامان ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدە تۇرپان رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكى بۇندىن 2500 — 3000 يىللار ئىلگىرىلا خېلى تەرەققىي قىلغانلىقى مەلۇم. لېكىن تۇرپان رايونىدىكى «بەگۋاش» تەبىئىي ئېقىن سۇلار، بۇلاق سۇلىرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەرلىك بولغان مۇقىم سۇ مەنبەسى سۈپىتىدە «كېپىللىك» قىلالمىغان، بۇ مەسىلىدە تۇرپاننىڭ مول يەر ئاستى سۇ مەنبەسى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك «ھەسسىسى» نى قوشقانىدى.

تۇرپاندا نېمە ئۈچۈن يەر ئاستى سۈيى شۇنچىلىك مول؟ بۇنى تۇرپاننىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن گىدروگېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتتە چوقۇم ئىككى خىل شارائىت يار بەرگەن بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ بىرى، يەر ئاستى سۇلىرى يىغىلىدىغان يەر تۈزۈلمىسى بولۇشى؛ يەنە بىرى، شۇ يەر تۈزۈلمىسىگە كېلىپ يىغىلىدىغان سۇ مەنبەسى بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككى خىل شارائىت تۇرپان رايونىدا ھازىرلانغان.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن باشلانغان جىلغىلار ئاقتۇرۇپ كەلگەن ھەر خىل دىئامېتىرلىق تاغ جىنىسلىرى بىلەن كەلكۈن مەزگىلىدىكى تاشقىن سۇلىرى ئەكەلگەن ھەر خىل دىئامېتىرلىق تاغ جىنىسلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللار جەريانىدا دۆۋىلىنىشى بىلەن ئاقما تاشقىن چۆكۈندە قاتلام شەكىللىنىپ، تۇرپاننىڭ يەرشەكلى ـ تاغ ئالدى يانتۇ يەر شەكلىنى ئالغان، دىئامېتىرى چوڭراق بولغانلىرى ئادەتتە جىلغىلارنىڭ يۇقىرى ئېقىن رايونلىرىغا، دىئامېتىرى ئوتتۇرىھال بولغانلىرى جىلغىلارنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن رايونلىرىغا، دىئامېتىرى كىچىك بولغانلىرى جىلغىلارنىڭ تۆۋەن ئېقىن رايونلىرىغا — سايلارغا توپلانغان. بۇ چۆكۈندىلەرنىڭ تارقىلىشى تاغ ئېغىزىدىن چىققان يەردىن تۆۋەنگە قاراپ تەدرىجىي كۇنسمان ئېغىز بولۇپ كېڭىيىپ يەلپۈگۈچسىمان شەكلىنى ئالغان. بۇنداق شەكىل يالقۇنتاغنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ۋە جەنۇبىي تەرىپىدە يانتۇلۇق جەھەتتىن ئوخشاشمىغان ئەھۋالدا تەكرارلىنىدۇ. دېمەك، تۇرپان رايونى ئۆز ئالدىغا ئاقما ـ تاشقىن چۆكۈندە تۈزلەڭلىك رايونى تىپىغا ياتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، دانچە تاش، شېغىل، چوڭ دانچىلىق قۇملاردىن تەشكىل تاپقان چۆكۈندە يەر قاتلاملىرىنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. تۇرپاننىڭ يەرقىياپىتى مۇشۇ خىل «ئەۋزەل» يەر قاتلىمىغا ئىگە بولغاچقا، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى جىلغىلاردىن ئېقىپ چىققان سۇ بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ موللۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئەتراپىنى بىرقانچە تاغلار ئوراپ تۇرغان تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رايوننىڭ مەركىزىدىن ئۇنى ئوراپ تۇرغان تاغ ـ ئېدىرلىق

رايونلىرىغىچە ( بۇ يەردە ئاساسەن تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) بولغان ئارىلىق بىرقانچە خىل ئۇخشىمايدىغان يەر قىياپىتىدىكى ھالقىسىمان بەلۋاغلارغا بۆلۈنىدۇ . تۇرپان رايونىنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسى قۇملۇق چۆل بەلۋىغى ( تۇزلۇق كۆل بەلۋىغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ، بۇ بەلۋاغنىڭ سىرتى بوستانلىق بەلۋاغ ، ئۇنىڭ سىرتى بولسا تاغ ئالدى يانتۇ يەرلەر بولۇپ ، قۇم ، تاش - شېغىللىق بەلۋاغ ، ئەڭ سىرتى ئېگىز تاغلار بەلۋىغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

بۇ خىلدىكى يەر قىياپىتى تۇرپاندەك قۇرغاق رايوننىڭ كېلىماتىدا بەلۋاغلار بويىچە چوڭ پەرقلەرنى پەيدا قىلغان . مەسىلەن ، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغىرلىرىدىمۇ شىمالىي تەرىپىدىن ئانچە قېلىشمايدىغان ھالدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدۇ . ھۆل - يېغىن ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە قاراپ ماڭغانچە ئازىيىدۇ . بولۇپمۇ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ھۆل - يېغىن يوق بىلەن باراۋەر . ئەكسىچە ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدە ئەڭ چوڭ بولۇپ ، تاغ - ئىدىرلىق رايونغا قاراپ ماڭغانسېرى ئازىيىدۇ .

تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە ياغقان ھۆل - يېغىن تاغ - ئىدىرلىق رايونىدىكى يەر ئۈستى جىلغا سۇلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ . يەرئاستى سۈيى بىلەن يەر ئۈستى ئېقىن سۈيى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بولىدۇ . شىنجاڭنىڭ قۇرغاق رايونىدىكى دەريالىرى باشلىنىش مەنبەسىدىن ئاخىرقى نۇقتىسىغىچە بولغان ئېقىش مۇساپىسىدە بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە بىرقانچە خىل يەرلەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ . يەنى تاغ رايونلىرى ، تاغ ئالدى ئاقما تاشقىن چۆكۈندىلەر يەلپۈگۈچسىمان تارقالغان يانتۇ يەرلەر ، ئاقما تاشقىن چۆكۈندە ، كۆل چۆكۈندىلەردىن تەركىب تاپقان تۈزلەڭلىكلەر ، چۆللەر قاتارلىق ھەر خىل يەر قىياپىتىگە ئىگە بولغان يەرلەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ . لېكىن ، تۇرپاننىڭ ئېقىن سۇ مەنبەسى بولغان جىلغا سۇلىرى ئاقما تاشقىن چۆكۈندە قاتلىمىغا يېتىپ كېلەلمەيلا ئاقما تاشقىن چۆكۈندىلەر يەلپۈگۈچسىمان تارقالغان يانتۇ يەر قاتلىمىدىلا يەر ئاستىغا سىڭىپ كې-

تىدۇ ( كەلكۈن سۈيى بۇنداق ئەھۋالنىڭ سىرتىدا ) ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يەرگە سىڭگەن سۇلار يالقۇنتاغ سىستېمىسى توسالغۇسىغا ئۇچرىغاچقا ، تاغ ئالدىدا ( يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىغا ) سىرغىپ چىققان سۇلار بىر قەدەر چوڭقۇرراقتا كۆمۈلۈپ ئاقىدۇ . يەنى يالقۇنتاغنىڭ ئېتەكلىرىدە 300 ــ 100 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولغان سۇ ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە بارغانچە يۇقىرىلاپ يەر ئۈستىگە بىرنەچچە مېتىرلا كېلىدۇ . كارىز ئەنە شۇ يەر ئاستى سۈيىنىڭ يەر ئۈستىگە يېقىنلىغان جايلىرىدىن كولىنىپ ــ شىمالغا بارغانچە چوڭقۇرلايدۇ . مەھەللە ــ كەنت كارىز ئېرىقى كولىنىشقا باشلانغان يەردىن كۆپىنچە جەنۇبقا سوزۇلىدۇ .

تاغ ئالدى يانتۇ يەرلىرى گىدروگېئولوگىيە ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتە تاغ ئارىسى ئويمانلىق يەرلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . تاغلارنىڭ تۆۋىنىدە نۇرغۇنلىغان يەلپۈگۈچسىمان تارقالغان ئاقما چۆكۈندە ، تاشقىن چۆكۈندىلەردىن ھاسىل بولغان تاغ ئالدى يانتۇ يەرلىرى بىر ــ بىرىگە تۇتىشىپ كەڭ سوزۇلغان تاغ ئالدى يانتۇ يەرلىرى بەلۋىغىنى شەكىللەندۈرگەن . بۇ يانتۇ يەرلەر ياخشى يەر تۈزۈلمىسىگە ئىگە بولغانلىقتىن ئارىسىغا مول يەر ئاستى سۇلىرى جايلاشقان بولىدۇ . تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان تۇرپاننىڭ تاغ ئالدى يانتۇ يەرلەر بەلۋاغلىرى بۇ جەھەتتە بەكمۇ تىپىكلىككە ئىگىدۇر .

تاغ رايونىدىن تۈزلەڭلىككە قاراپ تاغ جىنىسلىرى دانچىلىرىنىڭ دىئامېتىرى كىچىكلەپ ، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى تەدرىجىي ئاجىزلاپ بارىدۇ ، يەرئاستى سۇلىرىنىڭ كۆمۈلگەن چوڭقۇرلۇقى تەدرىجىي كىچىكلەيدۇ . يەرئاستى سىرغىم ئېقىن شارائىتى تەدرىجىي ناچارلاپ بارىدۇ . يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىقى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ . يەلپۈگۈچسىمان تارقالغان ئاقما چۆكۈندە ، تاشقىن چۆكۈندىلەردىن ھاسىل بولغان يانتۇ يەرلەرنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋىنىگە قاراپ بۇ خىل قانۇنىيەت بويىچە ئۆزگىرىشى تاغ ئالدى يانتۇ يەر بەلۋىغىنىڭ گىدروگېئولوگىيە بەلۋاغلارغا بۆلۈنۈشىنىڭ ئاساسىدۇر . ئادەتتە تاغ ئالدى يانتۇ يەرلەر بەلۋىغىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى سىرغىم ئېقىن بەلۋىغى ، ئوتتۇرا قىسمىنى بۇلاق بەلۋىغى ،

تۆۋەن قىسمىنى يەرئاستى سۇ ئېقىنى ئاستىلىغان ياكى توختىغان بەلۋاغ دەپ ئۈچ بەلۋاغقا بۆلىدۇ.

1). سىر غىم ئېقىن بەلۋېغى: بۇ بەلۋاغ يەلپۈگۈچسىمان تارقالغان ئاقما چۆكۈندە، تاشقىن چۆكۈندىلەردىن ھاسىل بولغان تاغ ئالدى يانتۇ يەرلەرنىڭ يۇقىرى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇيەردىكى تاغ جىنسلىرى كۆپىنچە تاش ـ شېغىلدىن ئىبارەت بولۇپ، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى، سۇنىڭ ئېقىنى راۋان، كۆپ مىقداردىكى ھۆل ـ يېغىن سۇلىرى، يەرئۈستى سۇلىرى يەرئاستىغا مۇشۇ يەردىن سىڭىپ كىرىدۇ. تاغ رايونلىرىدىكى يېرىق سۇلىرى، كاۋاك سۇلىرى ئېقىپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە يىغىلىدۇ. بۇ، پۈتۈن تاغ ئالدى يەرلەر بەلۋېغىدىكى يەرئاستى سۇلىرىنى ئاساسىي تولۇقلاش رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەرلەردىكى بېسىمسىز سۇنىڭ سىرغىم ئېقىن شارائىتى ياخشى، يەرئاستىغا كۆمۈلگەن چوڭقۇرلۇقى چوڭ، پارغا ئايلىنىشى ئاجىز، ئېرىگەن ماددىلارنى سۈزگۈچىلىكى كۈچلۈك بولغاچقا، ئادەتتە سۇنىڭ مىنېراللىقى لىتىر / گىرام 0.5 دىن تۆۋەن بولۇپ، سۇ مىقدارى مول، سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى بولىدۇ.

2) بۇلاق بەلۋېغى: بۇلاق بەلۋېغىنىڭ ئورنى سىرغىم ئېقىن بەلۋېغىنىڭ تۆۋىنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تاغ جىنسلىرى ئاساسەن شېغىل، قۇم، قۇم تۇپراقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىرقەدەر تۆۋەن، سىرغىم ئېقىن شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولىدۇ. قىسمەن ئورۇنلاردا بېسىملىق سۇلارمۇ بولىدۇ. بۇلاق بەلۋېغىدىكى بېسىمسىز سۇلارنىڭ كۆمۈلگەن چوڭقۇرلۇقى كىچىكلەپ مەلۇم ئورۇنلاردا بۇلاق ياكى سازلىق شەكىللىرىدە يەر يۈزىگە چىقىدۇ. شۇ سەۋەبلىك پارغا ئايلىنىش كۈچىيىدۇ. بۇ بەلۋاغنى تۇزلۇق بەلۋاغ دەپمۇ ئاتايدۇ.

3) سىرغىم ئېقىن ئاستىلىغان بەلۋاغ: بۇ بەلۋاغنىڭ ئورنى تاغ ئالدى يانتۇ يەرلەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تاغ جىنسلىرى ئادەتتىكى توپا، قۇمسال، سېغىز توپىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار، سۇنىڭ ئېقىنى راۋان ئەمەستۇر. قىسمەن

يەرلەردە بېسىملىق سۇلارمۇ بولىدۇ. بۇ يەردىكى سىرغىم سۇنىڭ ئېقىن تېزلىكى ئاستا بولۇپ، يەرئاستىغا كۆمۈلۈشى چوڭقۇر بولمايدۇ. پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ، مېنېراللىنىش دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ رايون شورتاڭ بەلۋاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇرپاندىكى كارىز قۇدۇقلىرى مانا مۇشۇ بەلۋاغدىن چېپىلىشقا باشلاپ شىمالغا سوزۇلغانچە چوڭقۇرلاپ بارىدۇ.

## ئۆتىنچى پاراگراف كارىزنىڭ تۇرپان رايونىدا بەرپا قىلىنىشى

كارىز ئاددىي ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئەتنى تونۇش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى كۈرەشنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئېنگېلس خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قولنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە، مېڭىمۇ بارا - بارا تەرەققىي قىلىپ، ئالدى بىلەن ئايرىم ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە شارائىتلار توغرىسىدىكى ئاڭ پەيدا بولدى، كېيىن ھال - ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى مىللەتلەر ئارىسىدا شۇ پايدىلىق ئۈنۈمگە شەرت بولۇپ تۇرغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش پەيدا بولدى. تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ تېزلىكتە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىشتىكى ۋاسىتىلىرىمۇ كۆپەيدى...» ①

دېمەك، تارىختا تۇرپان رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلار دېھقانچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىدا، مۇقىم بولغان سۇ مەنبەسىگە موھتاج بولۇشقانىدى. ئۇلار بۇ زور مۇشكۇلاتنى يېڭىشتە ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە — ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ماسلاشقان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقانىدى. يەنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە شارائىت توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىگە تايىنىپ، يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىش چارىسىنى قوللىنىپ كارىزنى بەرپا قىلىشقانىدى. كارىز

① ئېنگېلس: «مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى» 29 - بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1973 - يىل نەشرى.

ئەنە شۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تۆرپان رايونىدا يۈكسىلىشى بىلەن بىرگە پەيدا بولغان. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۇرپاننىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقىغا نەزەر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 1. تۇرپاننىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقى

ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى داۋامىدا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تېخنىكىلىرىنىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئىسلاھ قىلىپ تاكامۇللاشتۇرۇپ باردى. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 6 ـ 7 مىڭ يىللار ئىلگىرى مەملىكىتىمىز يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويدى. مەملىكىتىمىزدە تېپىلغان يېڭى تاش قوراللار مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى (يادىكارلىقلار) ناھايىتى تولا. ئاساسەن شىمالىي رايونلارغا كەڭرەك تارقالغان ئىنچىكە تاش قوراللارنىڭ ئىزلىرى بۇنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، شىنجاڭدىن تېپىلغان يېڭى تاش قوراللار يادىكارلىقلىرىنىڭمۇ مۇشۇ ئىنچىكە تاش قوراللار تۈرلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئارخېئولوگلار ئېنىقلاپ چىقىشتى.

ئىنچىكە تاش قوراللار دەۋرىدە ئىنسانلار ئىشلەتكەن قوراللار ئاساسەن تاش پىچاق، تاش پالتا، ئۇچلۇق ۋە يۇنۇغۇچى قوراللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەينى مەزگىللەردە ئىنسانلار بۇ خىل قوراللار بىلەن ئوۋچىلىق ھەم چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ھايات كەچۈرگەنىدى.

ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاتا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىدىن ئىدى. بۇ مەزگىل شىنجاڭدىكى خەلقلەر-

نىڭ قۇللۇق دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىللىرى ئىدى (بۇندىن 4 مىڭ يىللار بۇرۇن). بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ جەمئىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوۋچىلىقنى بىرگە ئېلىپ بارغان بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ (قۇمۇل، پىچان، تۇرپان قاتارلىق رايونلار) دا دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغانىدى. بۇ مەزگىلدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرى مۇناسىپ ھالدا، خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانىدى. قەدىمكى قۇمۇل قەبرىستانلىقىدىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە خاس بىر قەبرىستانلىقتىن جەسەت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن بۇغداي ئۇرۇقلىرى تېپىلدى »① مانا بۇ پاكىت ئەينى زامانلاردىكى شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن شەرقىي شىنجاڭ — قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ كىچىك بىر دەلىلىدۇر. «... مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋردە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5000-يىلىدىن باشلانغان)، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەرلىرى پارچە-پارچە ئېتىزلار بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى چوڭ دەريا ۋادىسىدىكى لاتقا تۈزلەڭلىكلىرىگە كېڭەيگەن. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىمۇ ئەمدى ئىپتىدائىي «ئۆرتەپ-چوقۇلاپ تېرىش» بولماستىن، بەلكى ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىپ سۇغىرىلىدىغان بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىققا ئايلانغان... دېھقانچىلىق تېخنىكىسىمۇ پەيدىنپەي چېپىپ تېرىشتىن ساپان بىلەن يەر ھەيدەشكە، يەنى كالىنى ساپانغا قېتىپ يەر ھەيدەشكە تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەھۋال باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىلا مەيدانغا

① ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقى» — «شىنجاڭ گېزىتى» 1982-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنى، كونا يېزىق 5-بەت.

كەلگەن ... دېمەك، ساپان بىلەن يەر ھەيدەش تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4000 ــ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدىن 3000 ــ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە باشلانغانلىقى مەلۇم ... ساپان بىلەن يەر ھەيدەش ئارقىسىدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان، دېھقانچىلىق كەنتلىرى بارغانسېرى مەخسۇسلاشقان ... » ①. يۇقىرىقى بايانىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر « بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىش تەقسىماتى » نىڭ مەھسۇلىدۇر. جەمئىيەت تەرەققىياتى باسقۇچىدىكى بۇ بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدا، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، شۇ ئارقىلىق بايلىقلارنى كېڭەيتىش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش چوڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقانىدى. مۇشۇ بىر قاتار زور ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى داۋامىدا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىمۇ، دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانىدى.

« غەربتە پامىرغىچە سوزۇلغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بەزى بوستانلىقلاردا كەم دېگەندە بۇندىن 3 ــ 4 مىڭ يىل بۇرۇن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۆز يېرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلگەن ». ② بۇ بايانمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بۇنىڭدىن 4 مىڭ يىل بۇرۇنلا دېھقانچىلىقنى خېلى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇ زامانلاردا تۇرپان ۋادىسىدىمۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلانغانىدى.

« شىنجاڭ ئاسىيادىكى ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقانلىقى، ھاۋاسى

① « قىسقىچە دۇنيا تارىخى » 39 ــ 40 ــ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ــ يىل.

② ۋاڭ بىڭخۋا: « شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقى »، « شىنجاڭ گېزىتى » 1982 ــ يىل 7 ــ ئاينىڭ 31 ــ كۈنى، كونا يېزىق، 5 ــ بەت.

قۇرغاق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۆزىگە خاس روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگلار قەدىمكى زاماندىكى بىر مۇنچە سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئىزىنى تاپتى... چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىران دېگەن يېرىدىكى قاقاس داللىدا تاپقان قەدىمكى غول ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى كەم دېگەندە 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 17 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ»①بۇ مىسالدىن بىز شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

تۇرپان رايونىنىڭ يۇقىرىقى باياندىكى تارىخىي باسقۇچتا، تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى تارىختىن بۇيانلا بۇ رايوننىڭ قۇرغاق ھەم ھاۋاسىنىڭ ئىنتايىن ئىسسىق بولۇشى؛ بۇلاق سۇلىرى ۋە جىلغا ئېقىن سۇلىرىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى شۇ رايوندا ياشىغان خەلقلەرگە بۇ مەسىلىنى ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتىنى تونۇتقانىدى. مۇشۇ سەۋەبلىك، تۇرپان رايونىدا ئەينى زاماندا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يەرلىك خەلق ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرپان رايونىدىكى مول يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. بۇ خىل ئۈنۈملۈك چارە - كارىز چېپىش ئىدى.

## 2. كارىز قايسى تارىخىي دەۋردە پەيدا بولغان؟

يۇقىرىقى بايانلاردا كارىزنىڭ تۇرپان رايونىدا دەسلەپتە پەيدا بولۇپ، كېيىنچە باشقا جايلارغا ئومۇملاشقان دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن تۇرپاننىڭ يەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى، ھاۋا كېلىماتى، سۇ مەنبەسى ۋە تۇرپاننىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقى توغرى-

① ③ ④ ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، كونا يېزىق 5 - بەت.

سىدا مەلۇمات بېرىلدى. بۇ پاراگرافتا يۇقىرىقى مەزمۇنغا باغلاشتۇرۇلغان هالدا، تۇرپان رايونىدا كارىزنىڭ قايسى تارىخىي دەۋردە پەيدا بولغانلىقى توغرۇلۇق بايان ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تارىخقا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانىدا شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 3 ـ 4 مىڭ يىللار ئىلگىرى راۋاجلانغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بۇنى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ساھەلەر ئارقىلىق ۋاستىلىك هالدا ئىسپاتلاپ كۆرسەتكىلىمۇ بولىدۇ.

1) رەڭلىك ساپاللارمۇ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى. رەڭلىك ساپال مەدەنىيىتى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى تۇرپان ئاستانىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىسىنىڭ دەۋرى قاراغوجىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىسىنىڭكىدىن بۇرۇن، قاراغوجىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىسىنىڭ دەۋرى يەنە قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋىدىكى قىزىل چوقىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىسىنىڭكىدىن بۇرۇن. قىزىل چوقا ساپاللىرىنىڭ مۇتلەق دەۋرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3200 يىل ئىلگىرى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئاستانىنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىلىرىنىڭ مۇتلەق دەۋرىنى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3400 يىل ئىلگىرى دېيەلەيمىز...» ①

دېمەك، تۇرپاننىڭ ئاستانە دېگەن يېرىدە ئىشلەنگەن رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ ۋاقتى بۇنىڭدىن 3400 ئىلگىرىكى يىلغا بارىدىكەن، ئۇ هالدا بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىقىنىڭمۇ ئەنە شۇ دەۋرلەردىلا خېلى تەرەققىي قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ.

2) كارىزنىڭ قايسى تارىخىي دەۋردە بەرپا قىلىنغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشتە تۇرپان رايونىدا ياشاپ كەلگەن خەلقلەر ئىچىدە تارىختىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى هەققىدىكى «رىۋايەت»

① چېن گې: «شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

كىنمۇ مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. گوركى: «خەلق ئېغىز ئىجادىنى بىلمەي تۇرۇپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» ① دېگەنىدى. دېمەك، رىۋايەتلەر جەمئىيەت تارىخىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى تارىخقا قارىغاندا خېلى كۆپ تەرەپلەردە رومانتىك تۈس ئالغان بولۇشىغا قارىماي، كىشىلەردە شۇ تارىخى تەزكىرىلەردە زىكرى قىلىنمىغان ياكى ئوردا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاراكتېرى بۇرمىلانغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرمۇ خەلقنىڭ ئاغزىدا رىۋايەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالغاچقا، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چۈشىنىشتە ياردەم بېرىدۇ. ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كلاسسىك ئەسىرىدە «ئىنسانىيەتنىڭ شۇنداق ئۇزاق تارىخىنى، تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن رىۋايەتنىڭ ئىنتايىن مول تارىخىي ماتېرىيال بەرگەن» لىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسا كېرەك (لېكىن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقەلەر شۇ تارىخىي جەرياننى مۇلاھىزە قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدىكى، ھەرگىز تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ).

تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئىچىدە كارىزنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

— «بوغدا تېغىدا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر پادىچى يىگىتنىڭ بىر توپ قويى توساتتىن يوقىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت قويلىرىنى ئىزدەپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قويلىرىنى ئىزدەپ ئىسسىقتا كۆپ ئازاب چېكىپتۇ. پۇتلىرى قىزىق قۇمدا كۆيۈپتۇ. چاڭقاپ لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلىپتۇ. ئۇ ئاخىر قويلىرىنى بىر قومۇشلۇقتىن تېپىپتۇ. بۇ چاغدا يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ، قويلىرىمۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىكەن. يىگىت ئەتراپنى شۇنچە ئايلىنىپمۇ بىرەر تامچە سۇ تاپالماپتۇ. ئاخىر بىر چىملىقتا قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ، كۈن پېتىپ ئاي چىقىپتۇ، ئاي ئولتۇرۇپ

① گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە 1 - توم.

كۆنىمۇ چىقىپتۇ. پادىچى يىگىت كولىغان قۇدۇقتىن ئاخىر سۈپسۈزۈك مەرۋايىتتەك سۇ چىقىپتۇ. بۇ سۇنى پادىچىنىڭ قويلىرى ھەم پادىچى ئۆزى ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. كېيىنچە ئادەملەر پادىچى يىگىتنى دوراپ قۇدۇق كولاپتۇ ۋە قۇدۇقلارنى يەر تېگىدىن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.»

كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى بۇ ھېكايە گەرچە رىۋايەت تەرىقىسىدە ھازىرغىچە تۇرپان خەلقى ئىچىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن بىز مۇنداق ئىككى نۇقتىنى چۈشىنىۋالالايمىز: بىرىنچىدىن، جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن تيانشاننىڭ شەرقىي-جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە ياشىغان خەلقلەرنىڭ چارۋىچىلىقتىن-دېھقانچىلىق قىلىشقا كۆچكەنلىكىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن تۇرپان رايونىدا قۇدۇق قېزىش بارلىققا كەلگەنلىكىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى داۋامىدا تەبىئەتنى تونۇپ ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ماركس: «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەينى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن، ئۇ خەلقلەر تارىخىنى پوئېتىك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ جەبىر-جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەرنى (ئەلۋەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) تارىخ ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك»① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن پىكىرىمىزدىن: «جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى تۈزلەڭلىك — دەريا ۋادىلىرىدا بۇندىن 6-5 مىڭ يىللار ئىلگىرى تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان دېسەك، شىنجاڭدا تېرىقچىلىق ئىشلىرى سەل كېيىن (شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان خەلقلەر ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى جۇڭگ-

---

① ك. ماركس: «(سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى)گە رەددىيە» 1858-يىل نەشرى.

گۈنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن نەل كېيىنكىچە داۋاملاشتۇرغان، دېگەن كۆز قاراشقا مايىللىشىپ ئېيتقاندىمۇ) ئېلىپ بېرىلغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ (بۇندىن 4 مىڭ يىللار بۇرۇن). شىنجاڭ رايونىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرى باشلىنىپ، بىرنەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن خېلى راۋاج تاپقانلىقىنى قىياس قىلساق، كارىز بۇندىن 3000 يىل بۇرۇنلا تۇرپان ۋادىسىدا بەرپا قىلىنغان ياكى ھېچ بولمىسا دېگەندىمۇ كارىز 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرالايمىز. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن.

«جاڭ چيەن غەربىي رايونغا كېلىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار موڭغۇل يايلىقىدىن كەلگەن ھونلار ئىدى»①. غەربىي خەن خاندانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشلار، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ھونلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىرىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېزلىكتە ئاجىزلىدى ۋە غەربكە قاراپ يۆتكىلىشكە باشلىدى. ھونلار ئەنە شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنى بىر مەزگىل ئۆز ئىدارىسى ئاستىدا تۇتقانىدى. ھونلار شۇ زامانلاردا قانقىلدا تېرىلغۇ يەرلەرگىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىشقان.

كېيىنچە خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا (مىلادىيىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيىدىن 87 يىل بۇرۇنقى چاققىچە پادىشاھ بولغان) ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار بولغان. شۇ مەزگىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ ئۇرۇش مىلادىيىدىن 121 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسىنىڭ قوماندانى خوچۈيبىڭ باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق، پىيادە قوشۇن ھونلارنى ئىككى قېتىم كەنسۇ (ھازىرقى گەنسۇ) نىڭ شىمالىغا قوغلاپ بېرىپ، خېشى كارىدورى (دەريا غەربىي يولىكى) نى ھونلاردىن تارتىۋالغانىدى.

---

① چيەن بۇ چۈەن: «لۇنتەي (轮台) نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇرۇمچى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 82 ـ يىل 2 ـ سان.

«كېيىنكى خەننامە» دە «قانقىل ئالدىنقى دۆلىتىدە پادىشاھ جاۋخې (يارغول) دا تۇرىدۇ. دەريا سۈيى بۆلۈنۈپ شەھەرنى بويلاپ ئاقىدۇ... جاۋخې چاڭئەنگە 8150 يول كېلىدۇ. ئائىلىسى 700، نوپۇسى 6050، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكىرى 1865 كىشى، دۆلەت ئەمەلدارلىرى، دۆلەت بىخەتەرلىك ئەمەلدالىرى، ئوڭ - سول قول ۋەزىر، ئىقتىسادىي ئالاقە تەڭشىگۈچى ئەمەلدارلار بار» لىقى خاتىرىلەنگەن①. نېمە ئۈچۈن شۇ زاماندا جاۋخې (يارغول) دا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكىرى تۇرغۇزۇلىدۇ؟ بۇ ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىدى:

«تارىخنامە، پەرغانە تەزكىرىسى» دە «خەن سۇلالىسى يەنە ئاجايىپ - غارايىپ بۇيۇملارنى تېپىپ كېلىش ھەمدە خەن سۇلالىسىنىڭ پەرغانە يۇرۇشى تۇپەيلى قازانغان شانۇ شۆھرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پەرغانىنىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەرگە ئون نەچچە تۈركۈم ئەلچى ئەۋەتكەن. دوخاندا (دۇڭخۇاڭدا) جيۇچۇەن تۇتۇقبېگى تەسىس قىلىنغان. غەربتە لوپنۇرغىچە مەنزىل - ئۆتەڭلەر قۇرغان. بۈگۈرگە بىر نەچچە يۈز نەپەر دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەمەلدار بېكىتىلگەن. بۇ ئارقىلىق چەت ئەلگە بارىدىغان ئەلچىلەر تەمىنلەنگەن» دەپ پۈتۈلگەن.

غەربىي رايوندا دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئۆتەڭلەر قۇرۇش پىكرى خەن پادىشاھلىرىدىن خەن ۋۇدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، چوڭ ئىقتىسادشۇناس ساڭ خۇڭياڭ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۇ تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن:

«قەدىمكى لۈنتەي (بۈگۈر) نىڭ شەرقىدىكى چەچى، چېدىرلار قەدىمكى دۆلەت بولۇپ، يېرى كەڭ، سۇ، ئوت - چۆپلىرى مول، بەش مىڭ چىڭ (بىر چىڭ 100 موغا باراۋەر — ت) دىن ئارتۇق سۇغىرىلىدىغان يېرى بار، ھاۋاسى ئىللىق، يېرى گۈزەل، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى تۇتاشتۇرۇشقا ئەپلىك، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا

① بەنگۇ: «خەننامە، غەربىي رايون تەزكىرىسى» 3921 - بەت.

تېرىتۇالغىلى بولىدۇ. جاكيې، جيۇچۇەن چەۋەندازلىرىدىن مۇۋەققەت چېرىكچى ئامبال كۆزەتچى بەگ قىلىنسا، ئۇ چېرىكچىنىڭ قارمىقىدا بولسا، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. چەۋەندازلار ئارقىلىق ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىلى بولىدۇ. بىر يىللا تېرىقچىلىق قىلىنسا، ئاشلىق توپلاپ، خەلق ئىچىدىكى قابىل يىگىتلەردىن تېرىقچىلىق مەيدانىدا ئىشلەشنى ئىختىيار قىلغۇچىلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ كېلىشكە دالالەت قىلىنسا، چارۋىچىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپى، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقىمۇ پايدىلىق. غەربكە قارىتىپ پوچتا ئۆتەڭلىرى ياساپ شەھەرگە تۇتاشتۇرۇلسا، غەربىي دۆلەتلەرنى ھەيۋە بىلەن ئىدارە قىلىپ ئۇيسۇننى بېقىندۇرۇشقىمۇ ئەپلىك بولاتتى» ①.

ساڭ خۇڭياڭنىڭ يۇقىرىقى تەكلىپى ياشىنىپ ئاجىزلاپ قالغان خان ۋۇدىغا ماقۇل كەلمىگەن. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي، خەن پادىشاھلىرىدىن جاۋدى تەختكە چىقىش بىلەن غەربىي رايوندا يەنە ئاكتىپ ھەرىكەت باشلاپ، ساڭ خۇڭياڭنىڭ تەكلىپى بويىچە لەي دەننى چېرىكچى سانغۇن قىلىپ، جيۇچۇەندىن بۇگۇرگىچە بولغان رايونلاردا تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇ. لەي دەن كۇسەن (كۇچار) خانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان.

«ھەربىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەررەر يوسۇندا ھاسىل بولىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ ئورنىتىلىشىدىكى ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» ①. غەربىي رايوندا تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش چېرىكلىرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ داۋاملىشىشىدا، ئەينى زامانلاردا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرت بولالىشىدۇر.

خېشى كارىدورى ھونلارنىڭ قولىدىن كەتكەندىن كېيىن، خەن

---

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 237 - بەت.

سۇلالىسى شۇ ئورۇنلارغا ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى يولغا قويۇشقا باشلىغان ۋە بۇ ئورۇنلاردا ۋىلايەت تەسىس قىلغان. ئەينى مەزگىللەردە جۇڭگونىڭ فېئودال خاندانلىقلىرى غەربىي رايوننىڭ يايلاق، سۇلىرىغا مۇنبەت يەرلىرىگە ھەۋەس قىلىپ كەلگەن. جاڭ چيەن غەربىي رايوندىن ئېلىپ بارغان مەلۇماتلارنى ئاڭلىغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بۇ رايونلارنى ھونلاردىن ئاخىر تارتىۋالغان. ئەنە شۇ مەزگىللەردىلا خەن سۇلالىسى غەربىي رايوننىڭ مۇنبەت يەرلىرىگە كۆپلەپ ئاشلىق تېرىپ، بۇ جايلارنى ئۆزىنىڭ ھونلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىدىغان ئەسكىرىي قىسىملىرىنىڭ ئوزۇق غەملەيدىغان ئارقا سەپتىكى «ئاشلىق ئامبىرى» قىلغان.

ئەگەر، شۇ زامانلاردىلا غەربىي رايوننىڭ يەرلىرىنىڭ مۇنبەت ئىكەنلىكىنى، تېرىقچىلىققا يېتەرلىك سۇيى بارلىقىنى، ئاشلىقنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنى خەن سۇلالىسى نەزەرگە ئالمىغان بولسا، ئەنە شۇ جىددىي ئۇرۇش بولۇۋاتقان زامانلاردا بۇنداق يىراق جايلاردا كۆپلەپ بوز يەر ئېچىش، ئاشلىق تېرىش ھاجەتسىز ئىدى. دېمەك، يۇقىرىقى مۇلاھىزە، تارىخىي دەلىللەرنى شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن تۇرپان رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنىڭ خەن سۇلالىسى غەربىي رايونغا ئاياغ بېسىشتىن خېلى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، يېزا ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك خەلقنىڭ سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى زور كۆلەمدە ئېلىپ بارغانلىقىنى، شۇ جۈملىدىن تۇرپان رايونىدا كارىزنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىش ئانچە تەس ئەمەس. يىغىنچاقلىغاندا، تۇرپان رايونىدا كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى تارىخى 2500 يىلدىن ئاشىدۇ.

### 3. تۇرپاندا كارىز قايسى مىللەت (ياكى قوۋم) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان؟

تۇرپان رايونىدا، كارىز قايسى مىللەت (ياكى قوۋم) تەرىپىدىن

ئىجاد قىلىنغان ؟ يۇقىرىدا كارىز — ئالاھىدە ئىقلىم شارائىتىغا ئىگە بولغان تۇرپان رايونىدا ئەڭ دەسلەپ بەرپا قىلىنغان دەپ جەزملەشتۈرۈلدى . شۇ ۋەجىدىن بۇ پاراگرافتا كارىزنى تۇرپان رايونىدا ئەينى زامانلاردا تىرىقچىلىق قىلغان خەلق ئىجاد قىلغان دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە تارىخقا مۇراجىئەت قىلىشقا زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ .

باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا رىۋايەتلەر پەيدا بولغانىدى ۋە بۇنداق رىۋايەتلەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ . بۇنىڭغا دائىر بەزى نەرسىلەر ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگىنىدىن باشقا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇنداق رىۋايەتلەرنى قەلەمگە ئېلىپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغانىدى . « ئوغۇزنامە » داستانى ئەنە شۇ جۈملىدىندۇر .

« ئوغۇزنامە » داستانى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . بىرىنچى قىسىمدا ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان ئۆز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ، دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى كۆز قاراش ۋە بەزى قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەر ئەكس ئېتىلگەن .

بۇ تارىخىي داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسەن ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ۋە جەڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ . شۈبھىسىزكى ، ئەنە شۇ ۋەقەلىكلەردە مەلۇم دەرىجىدە تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئەكس ئېتىلگەن . مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغان بەزى غەرب ئالىملىرى ، جۈملىدىن تۈركىيە ئەھلى ئالىملىرى ئوغۇزخاننى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى ھونلاردىكى باتۇر ( مودۇ ) خان ( باتۇر مودۇ ، مەتە ) — (ھون تەڭرىقۇتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى ئاتىسى تۈمەن قاغاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى ھۆكۈمدار بولغان ) غا ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە باغلىشىدۇ . لېكىن بۇنداق باغلاشلار پەقەتلا قىياس ۋە پەرەزلەرگىلا ئاساسلانغان ، خالاس .

ئەمما تارىخىي داستاندىن بەزى ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن تارىخىي ۋەقەنىڭ شولىسىنى كۆرۈۋېلىشقىمۇ ھەم بولىدۇ . بۇ ، شۇ تەرەپتىن مە-

لۇمكى. تارىخي داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، كىشىنى ئۆزىگە جەلب قىلىدىغان بىر نۇقتا نۇرغۇن تۈركىي قەبىلىلەرى (جۈملىدىن باشقا بەزى قەبىلىلەر) نىڭ نامىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ 31 ـ بېتى ۋە 32 ـ بېتىدە (ئەسلى بېتى) 271 ـ قۇردىن 288 ـ قۇرلاردا مۇنداق بايان بېرىلگەن:

(31)

271 . ئوغۇز خاقاننىڭ لەشكەرلىرىگە، نۆكەرلىرىگە ۋە
272 . خەلقىگە شۇنداق كۆپ غەنىيمەتلەر چۈشتىكى،
273 . ئۇنى توسۇشقا شۇنچىلا ئات، قېچىر كالىلار
274 ئازلىق قىلدى. ئوغۇزخاقاننىڭ
275 . لەشكىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ،
276 . ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىللىگ ئىدى،
277 . بۇ چېۋەر ئادەم بىر ئېگىز هارۋا ياسىدى. هارۋا ئۈستىگە
278 . جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلىدى، هارۋىنىڭ ئالدىغا
279 . جانلىق غەنىيمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا هارۋىنى تارتقۇزدى.

(32)

280 . نۆكەرلەر، ئەل ـ جامائەت بۇنى كۆرۈپ
281 . هەيران بولدى، ئۇلارمۇ هارۋا ياسىدى.
282 . ئېگىز هارۋا ماڭغاندا «قانغا، قانغا» دېگەن ئاۋاز چىقاتتى،
283 . شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ
284 . ئات قويدى. ئوغۇزخاقان قانغالارنى كۆرۈپ
285 . كۈلدى، ئېيتتىكى: «قانغا بىلەن جانسىز غەنىيمەتنى
286 . جانلىق غەنىيمەت سۆرەپ ماڭىدىكەن.
287 . ئېگىز هارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قانغۇلۇق
288 . ساڭا ئات بولسۇن.» سۆزىنى تۈگىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

داستانىدا بېرىلگەن يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن، 33 ــ بەتتە ( داستاننىڭ ئەسلى بېتى ) يەنە مۇنداق بايانلار بېرىلگەن:

(33)

289 . ئاندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان يەنە كۆك تۇكلۇك، كۆك يايلىلىق

290 . ئەركەك بۆرى بىلەن بىللە سىندۇ، تاڭغۇت،

291 . شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى .

. . . . . . . . .

294 . ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك،

295 . جەنۇب تەرەپتە بارقان دېگەن

296 . يەرنىڭ بارلىقىنى بىلىش كېرەك، ئۇ يەر

297 . ناھايىتى مۇنبەت ۋە ئىسسىق يەر ئىكەن .

(34)

. . . . . . . . .

300 . ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ چىرايى قاپقارا ئىكەن.

... ... ...

يۇقىرىقى بايانلاردا «قاڭغا»، «سىندۇ» ( سىندۇ ــ ھىندىستاننىڭ قەدىمكى تىلدا ئاتىلىشى بولسا كېرەك )، «تاڭغۇت»... قاتارلىق ناملار ئۇچرايدۇ. بۇ ناملاردىن بىز ئەينى زامانلاردا يەنە ئوغۇزخان پائالىيەت ئېلىپ بارغان زامانلاردا بەلكىم تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ئۇچى قىسىملىرىدا زور جەڭلەر ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلالايمىز. چۈنكى، تۇرپان ناھىيىسىدە تارىختىن بۇيان ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «قاڭقا» دېگەن يەر بار. تارىخىي داستاندا تىلغا ئېلىنغان «قاڭغا» بىلەن ھازىرقى يەر نامى سۈپىتىدە قوللىنىۋاتقان «قاڭقا» نىڭ باغلىنىشلىقى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى داستاندا: ئاندىن

كېيىن . . . سىندۇ ، تاگغۇت . . . تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى . . .
دېيىلگەن . دېمەك ، مۇشۇ قىسقا باياندىن ئەينى زامانلاردا تۇرپان رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە شۇ زېمىنلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ ياشىغانلار تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزگە كېلەلەيمىز .

يۇقىرىدىكى پەرەزلەردىن ۋە ستات ئېلىنغان بايانلاردىن مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىلا تارىم ئويمانلىقىدا شۇ جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ئۇچى قىسمىغا جايلاشقان تۇرپان رايونىدا ئۇيغۇرلار ، ھېچ بولمىغاندا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر ياشاپ ئۆتكەن ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرالايمىز . بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى پاكىت بىلەن تېخىمۇ ئېنىق دەلىللىگىلى بولىدۇ :

« ئۇيغۇر خانلىقى قۇمۇلنىڭ غەربىدە ئىدى . ئىككى مۇھىم خانلىق تەشكىل قىلغانىدى : شىمالدا ئۇرۇمچى ( ئۇ ـ تۇ ـ كو ) خانلىقى ۋە جەنۇبتا تۇرپان ( جاۋ ـ خو ـ چىڭ ) خانلىقى . بۇنىڭدىن باشقا تۆت كىچىك ئۇيغۇر بەگلىكى بار ئىدى . كۇخۇ ، ئى ـ چى ، 1 ـ پۇـ
لۇي ۋە 2 ـ پۇ ـ لۇي بەگلىكلىرىدىن ئىبارەت ئىدى .

شاھزادە پۇ (PU) نىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 130 ـ يىللاردا ئۆلـ
گەنلىكىنى چىن ( جۇڭگو ) تارىخ مەنبەلىرى خەۋەر بېرىدۇ . . .

ئىسمىنى بىلىدىغىنىمىزدىن تۇرپاننىڭ تۇنجى خانى تۆۋ ـ
مو مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىللاردا ئۆلگەنىدى . » ①

« تارىخنامە ، پەرغانە تەزكىرىسى » دە « روران ، قۇسلارنىڭ شەھەر ۋە قورغانلىرى بار ، لوپنۇرغا قارىمۇ قارشى جايلاشقان » دېيىلگەن . « قۇس دېگەن ئىسىم ( كولتېكىن ئابىدىسى ) دە قوسۇ ، قۇسۇ ، شەكلىدە يېزىلغان . كېيىن خەنزۇچە ( cheshi ) 车师 دەپ ئۆزگەرتىلگەن . بۇ ، شۇ دەۋردە كىشۈشى ، كۇۋشى دەپمۇ ئوقۇلغان . مىلادىدىن بۇرۇن 70 ـ يىلى پادىشاھ شۇەندى ( مىلادىدىن بۇرۇن 73 ـ 49ـ

---

① « تۈرك ئۇمۇمىي تارىخى » تۈركچە . ئىستانبۇل 1983 ـ يىل نەشرى . 1 ـ توم ، « ئۇيغۇرلار » بابىدىن . ( 105 ـ بەت ) .

يىللار ) دەۋردە قوس ئالدى قوس ، ئارقا قوس دەپ ئىككىگە ئايرىلغان ، ئالدى قوس بوگۈنكى تۇرپاندىكى يارغول خارابىسى بولۇپ ، ئارقا قوس ئۈتۈساي ( جىمسارنىڭ جەنۇبىدىكى بىر تاغ ) دا ئىدى » ① تارىخ كىتاب — « تۈرك ئومۇمىي تارىخى » غا ئاساسلانغاندا ، تۇرپان رايونىدا بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2200 ـ 2300 ـ يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى مەلۇم .

دېمەك ، يۇقىرىقى ستاتالاردىن ، تارىخىي دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن ، پەرمز ۋە مۇلاھىزىمىزدىن تۇرپان رايونىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار ياشىغانلىقىنى ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىدىن ئۇلارنىڭ كارىزنى بەرپا قىلغانلىقىنى ھۆكۈم قىلالايمىز .

## كارىزنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ھەر خىل كۆز قاراشلار

### 1 . كارىزنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ھەققىدە چۈشەنچە

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى نامايەندىسى بولغان كارىز — دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى تارىختا ياراتقان زور مۆجىزىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇۋاپىقتۇر . شۇ ۋەجىدىن ، بۇ پاراگرافتا كارىزنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشى توغرۇلۇق چۈشەنچىنى بايان قىلماق زۆرۈردۇر .

شىنجاڭدىكى كارىزلار تارىخىي جەرياندا ئاساسەن تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىگە ، كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى ئون نەچچە ناھىيە ، رايونلارغا تارقالغانىدى . لېكىن ، ھازىر كارىزدىن داۋاملىق تۈردە پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان رايونلار شىنجاڭ تەۋەسىدە پەقەتلا قۇرغاق ھەم سۇيى كەمچىل بولغان قۇمۇل ، پىچان ،

---

① شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى 24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش ، تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى تۈزگەن « تارىخنامە ، پەرغانە تەزكىرىسى » ، « خەننامە ، ۋېي چىلە ، خۇچۇيىىڭ تەزكىرىسى » — ( پىكىر ئېلىش نۇسخىسى ) 8 ـ بەتتىن ئېلىندى .

تۇرپان، توقسۇندىلا ئىبارەت. ھازىر قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت تۆت ناھىيىدە ئىشلىتىلىۋاتقان كارىز جەمئىي 946 بولۇپ، قۇمۇلدا 185، پىچاندا 310، تۇرپاندا 376، توقسۇندا 84 دىن ئىبارەت. مۇشۇ كارىزلاردىن چىققان سۇنىڭ ئومۇمى ئېقىم مىقدارى سېكۇنت / لېتىر 14 بولۇپ، تەخمىنەن 300 مىڭ مو ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. بۇ، تۆت ناھىيىنىڭ ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 30پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەربىر كارىز ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 مودىن 500 موغىچە يەرنى سۇغىرالايدۇ.

شەرقىي شىنجاڭدا كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىۋاتقان كارىزلارنىڭ يەر ئاستى ئېرىقىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5000 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ، بېيجىڭدىن خاڭجۇغا بارىدىغان چوڭ قانالنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن 3300 كىلومېتىردەك ئارتۇق. دېمەك، كارىزنى ئېلىمىزدىكى مەشھۇر تارىخىي قۇرۇلۇش ــ سەددىچىن سېپىلى، قانال بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن.

ئەنە شۇنداق زور مۆجىزە بولغان بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى زادى قانداق؟ بۇنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاددىيدۇر.

ياز پەسلى يېتىپ كېلىشى ھامان تيانشان ئۈستىدىن ئېرىگەن قار سۇلىرى شاۋقۇنلۇق دەريا ھاسىل قىلىپ، تاغ جىلغىلىرىغا ئېقىپ كىرىدۇ. لېكىن بۇ سۇلار قۇملۇق چۆللەرگە بارغاندا كۆپ قىسمى ئىسسىقتا پارغا ئايلىنىپ ياكى شېغىللىق، قۇملۇق دالىغا سىڭىپ كېتىپ، ئازغىنە سۇلار بوستانلىقلارغا يېتىپ بارىدۇ. يېتىپ بارغان ئاز مىقداردىكى سۇ تېرىلغۇ ـ كوكۇلمەيدانلارنى سۇغىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، يەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇلاردىن ھاسىل بولغان «يەر ئاستى سۇ ئامبىرى» دىكى سۇلارنى چىقىرىپ يەر سۇغىرىش ئۈچۈن تۇرپانغا ئوخشاش يەر قىياپىتىگە ئىگە رايونلاردا كارىز كولانغانىدى.

كارىزنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن يۇقىرىقى ئېقىنىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ماھىرلىق بىلەن پىلانلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدىكى ماھارەت شۇ يەردىكى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۇ چىقىرىش ئۈسكۈنىسى

ئىشلىتىلمەي، يەر ئاستى سۇلىرى يە تۈزۈلۈشى بويىچە ئاققۇزۇلۇپ
بوستانلىقلارغا باشلاپ كېلىنىدۇ. بۇنىڭدا، سۇ چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى
بولمىغان قەدىمكى زامانلاردا سۇغا بولغان موھتاجلىق قىيىنچىلىقى ئەقىل-
پاراسەت كۈچى بىلەن ئاددىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىنغانلىقى كۆرۈلسە، يەنە
بىر تەرەپتىن بۇنداق چوڭ قۇرۇلۇشقا ھېچبىر مەبلەغ دەسمايە قىلىپ سې-
لىنمايدۇ ۋە باشقۇرۇش خىراجىتىمۇ كەتمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇش
ئېلىپ بېرىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال-ئۈسكۈنىلەر پەقەتلا يەرلىك ئاھا-
لىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان كەتمەن، تېۋەر، كۆرەك، ئارغامچا،
سېۋەت... قاتارلىقلاردىنلا ئىبارەت. شۇنداقلا بۇ قۇرۇلۇش ئانچىلا مۇ-
رەككەپ بولغان تېخنىكىلىق بىلىم تەلەپ قىلمايدۇ. ئادەتتىكى
ئەمگەكچىلەرلا بۇ قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بارىۋېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كارىزنىڭ
ئېقىم مىقدارى ئادەتتە خېلى تۇراقلىق (مۇقىملىق) بولىدۇ. ئومۇمەن كا-
رىز سۈيىنىڭ سۈپىتى ئەلا سۈپەتلىك سۇ تىپىغا كىرىدۇ. كارىز سۈيى
ھەم سۈزۈك، ھەم پاكىز بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، يەر ئاستى ئېرىقى بىلەن
باشلانغان سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش نىسبىتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇ،
تۇرپاندىن ئىبارەت ئىنتايىن ئىسسىق، قۇرغاق ۋە قۇم-بوران كۆپ بولى-
دىغان رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنە بىر ئالاھىدە كەشپىيات
ھېسابلىنىدۇ. بەشىنچىدىن، كارىز سۈيى مۇقىم بولغاچقا ئۇنى باشقا ئېقىن
سۇلار بىلەن خالىغانچە قوشۇپ-ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ، مۇستەقىل
پايدىلىنىشقىمۇ قولايلىقتۇر.

ئەنە شۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بىر قاتار ئالاھىدىلىككە ئىگە بول-
غان كارىزنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بۇ زور مۆجىزە پەقەتلا
ئۈچۈق ئېرىق، يەر ئاستى ئېرىقى ۋە تىك قۇدۇقلاردىنلا ئىبارەت
(لېكىن ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدا جاپالىق بولغان يەر ئاستى مەشغۇلاتى كۆپرەك
ئېلىپ بېرىلىدۇ). بىر كارىزنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3 كىلومېتىردىن 30
كىلومېتىرغىچە بولىدۇ. يەرئاستى ئېرىقىنى چاپقاندا قېزىلغان توپىلارنى
چىقىرىش ھەم ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر 20 ـ 30 مېتىر ئارىلىقتا بىر
كارىز قۇدۇقى (تىك قۇدۇق) كولىنىدۇ. بىر كارىزنىڭ ئاز بولسا بىر-

نەچچە ئون ، كۆپ بولسا 300 دىن ئارتۇق تىك قۇدۇقى بولىدۇ . يانتۇ يەر قىياپىتىگە ماسلاشقان ھالدا كولانغان كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ دەسلەپتە كولانغىنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىرنەچچە مېتىر كېلىدۇ . يانتۇلۇق بويلاپ شىمالغا — ئاخىرقى نۇقتىغا بارغانچە بارا ـ بارا چوڭقۇرلاپ بارىدۇ . ئاخىرقى قۇدۇق 100 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ .

كارىز سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنى ئازايتىش ھەم بوران ـ قۇملارنىڭ قۇدۇقلارنى تىندۇرۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇدۇق ئېغىزلىرى دائىم شاخ ـ شۇمبا ، پاخال ـ سامانلار بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ . قۇدۇق تاملىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇدۇق تاملىرىنىڭ بەزى بوشىغان جايلىرىغا قاتتىق ياغاچتىن تىلىنغان تاختايلار بىلەن ( كۆپىنچە ئۈژمە ياغىچى بىلەن ) تىيەك قويۇلىدۇ ھەمدە قۇدۇق ئېغىزلىرى مۇستەھكەم بېكىتىلىدۇ .

## 2 . كارىزنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى ئىلمىي ئاساس

ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇئەييەن بىر ئىچكى باغلىنىشلىق تەبىئىي قانۇنىيەت بولىدۇ . بۇ ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىدۇر . ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ ئەنە شۇ ئىچكى باغلىنىشلىق قانۇنىيىتى — ماھىيەتلىك تەرىپى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر قۇۋۋىتى ، ئانالىز ـ مۇھاكىمىسى ، تەجرىبىسى ئارقىلىق ئىگىلىۋېلىنغاندىن كېيىن ، ئۇ قانۇنىيەت ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتىكى ئاچقۇچىغا ئايلىنىدۇ . بۇنداق ئاچقۇچقا ئىنسانلارنىڭ تەكرار داۋاملاشقان ئىجتىمائىي ئەمگەك پائالىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەندە ، تەبىئەت ئىنسانلار تەرىپىدىن ئاڭلىق يوسۇندا ئۆزگەرتىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ ـ دە ، ماددىي نېمەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ شەرتلىرى ھازىرلىنىدۇ . كارىزنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى ئىلمىي ئاساسنىڭ تەبىرىمۇ مۇشۇ تەبىردىن مۇستەسنا ئەمەستۇر .

تارىم ئويمانلىقى تۇراقلاشقان بىر پارچە يەر . ئۇ تيانشان ۋە كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرى ھاسىل بولۇش ھەرىكىتىگە مۇناسىپ ھالدا

تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش تەسىرلىرىگە ئۇچراپ، ھىمالايا تاغلىرى ھەرىكىتىدىن كېيىن بۈگۈنكى تارىم ئويمانلىقى دائىرىسى تۇراقلاشقان. بۇ ئويمانلىقتا ئاساس تاغ جىنسلىرى ئاز ئۇچرايدۇ، كۆپىنچە 4 ـ دەۋر بوش چۆكمىلىرى بىلەن يېپىلغان، پەقەت قىسمەن يەرلىرىدىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئاساس تاغ جىنسلىرى ئۇچرايدۇ ( مەسىلەن : چۆل تاغ ، يالقۇنتاغ قاتارلىق ) . تۈزۈلمە جەھەتتە ئويمانلىقنىڭ چەتلىرى تەڭنە شەكىللىك ئويمانلىقنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئالغان بولۇپ، غەربىي قىسمى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ئۇچى قىسمىغا جايلاشقان تۇرپان ئويمانلىقى بولسا شىمالىي تەرىپىنىڭ يانتۇلۇقى بىر قەدەر تىك بولۇپ، جەنۇب تەرىپىنىڭ ( بۇ يەردە يالقۇنتاغ سىستېمىسى مەركەز قىلىنىدۇ ) يانتۇلۇقى شىمالىي تەرەپ رايونلاردىن خېلى پەرقلەنگەن. شىمالىي تەرەپنىڭ يانتۇلۇقى ئومۇمەن $\frac{1}{35}$ چامىسىدا، جەنۇبىي رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى ئومۇمەن $\frac{1}{100}$ چامىسىدا كېلىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقى تىپىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا كىرىدۇ. تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرى ئادەتتە ئەتراپى تاغلىق، ئوتتۇرىسى ئويمان يەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىئامېتىرى بىرقانچە كىلومېتىردىن بىرقانچە يۈز كىلومېتىرغا يېتىپ بارىدۇ ( تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار بىلەن ئارىلىقى يۈز كىلومېتىردىن ئاشمايدۇ ) . بۇنداق يەر قىياپىتىگە ئىگە بولغان يەرلەردە دائىم تاغلاردىن ئويمانلىققا قاراپ دەريا ئېقىنلىرى، جىلغا ئېقىن سۇلىرى ئېقىپ ئۆتكەنلىكتىن، تاغ ئېتىكىدىن باشلاپ ئاقما چۆكۈندە، تاشقىن چۆكۈندىلەر، يەلپۈگۈچسىمان تارقالغان تاغ ئالدى يانتۇ يەرلىرى ھاسىل بولىدۇ. تۆۋەنلەپ ماڭغانسېرى بۇ يانتۇ يەرلەر ئاقما چۆكۈندە، تاشقىن چۆكۈندە، كۆل چۆكۈندىلەردىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىكلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ يەرلەر بىرقەدەر ياخشى سۇ يىغىلىدىغان يەر تۈزۈلمىسىگە ئىگە بولغاچقا، يەر ئاستى سۇلىرى مول بولىدۇ.

يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ يەر ئاستىدا جايلاشقان ئورنى ۋە بۇ ئو-

رۇنلارنىڭ تۈزۈلمە شەرت ـ شارائىتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۇپلۇنۇش، تارقىلىش، ھەرىكەت قىلىش قاتارلىق ئامىللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ خىلدىكى يەر ئاستى سۇلىرى شەكىللەنگەن بولىدۇ. مەسىلەن: يەر ئاستى سۇلىرى جايلاشقان رايونلاردىكى تاش تۇپراقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، تەركىبى ۋە جىنسلار ئارىسىدىكى كاۋاكلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن مۇقەررەر ھالدا يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، خىمىيىلىك تەركىبى، ھەرىكەت قىلىش شەكلى ۋە تېزلىكى، شۇنىڭدەك ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئوخشاش بولمايدۇ.

تاغ ئارىسى ئويمانلىقىدىكى يەر ئاستى سۇلىرى جىرالاز بويىدىكى ئاقما چۆكۈندە قاتلاملار ئارىسىدىكى بېسىمسىز سۇلار، تاغ ئالدى يانتۇ يەرلىرىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى بېسىمسىز سۇلار، يانتۇ يەرلەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يەر ئاستى سۇلىرى بۇلاق بولۇپ ئېقىپ چىقىدىغان رايونلاردىكى بېسىمسىز سۇلار شەكلىدە بولىدۇ.

بوستانلىقلارنى كۆكەرتىش، قۇرغاقچىلىق ئىقلىمىنىڭ ناچار مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ ياشاش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش مەقسەتلىرى ئۈچۈن يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىشتا ئالدى بىلەن يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ ھەر خىل ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى، تۈرلىرىنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى تۇرپان رايونىدا ياشاپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئەمگەكچى خەلقلەر كارىزلار ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيىنى چىقىرىپ دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغان ھەم ھازىرقى دەۋردىمۇ يەنىلا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بىر بۆلىكىنى يەر ئاستى سۈيى بىلەن سۇغىرىپ كەلمەكتە. بۇ رايوندا ياشىغان خەلقلەر قانداق ئىلمىي ئاساسقا تايىنىپ كارىزنى ۋۇجۇدقا چىقارغان؟ بۇ ھەقتە ئىخچام قىلىپ تۆۋەندىكىدەك بايان ئېلىپ بارىمىز:

تۇرپان رايونىدا يەر ئاستى سۇلىرىنى تېپىشتا، ئەجدادلىرىمىز ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل تەبىئىي ھالەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان:

بىرى، تۇرپان رايونىنىڭ يەر قىياپىتىگە، يەنى تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان جىلغا سۇلىرىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىش جەريانىدا يەر ئاستىغا تەدرىجىي سىڭىپ بارغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، كارىز قۇدۇقلىرىنى يەر قىياپىتىگە ماسلاشقان ھالدا جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا يۈزلىنىپ يەر ئاستى ئېرىقى چاپقان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئۆز رايونىدا ئۆسىدىغان چۆل گىياھلىرىنىڭ ئۆسۈش ھالىتىنى كۆزەتكەن. چۈنكى، چۆلدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنى ئىزدەپ تېپىشتا، يەر ئۈستىدىكى گىياھلاردىن پايدىلىنىش ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ھېسابلىنىدۇ.

تۇپراق تەركىبىدىكى سۇنىڭ ئوخشىماسلىقى ( يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆمۈلۈشىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى ۋە سۇنىڭ مىنېراللىق دەرىجىسى ) بىلەن يەر ئۈستىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خىللىرى ۋە ئۆسۈش ئەھۋالى تەرەپلەردە روشەن پەرقلەر بولىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن يەرئاستى سۇلىرىنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى، مىنېراللىق دەرىجىسى قاتارلىقلار ھەققىدە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن.

چۆلدىكى گىياھلار ئۆسۈش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىش ياكى تارىيىش ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئارقىلىق بۇ رايونلاردىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنىڭ بۇزۇلغان ياكى بۇزۇلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر ھەر خىل گىياھلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى نورمال بولسا، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقمۇ نورمال ھالەتتە بولىدۇ. ئەگەر ھەر خىل گىياھلارنىڭ ئۆسۈش دائىرىسى تارىيىپ كەتسە ياكى گىياھلار ئۆسمەيدىغان بولۇپ قالسا، بۇ ئەھۋال چۆلدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ بۇرۇنقىدىن ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. گىياھ قۇرۇپ كەتكەن ( ياكى گىياھ ئۈنمەيدىغان ) جايلاردا يەر ئاستى سۈيى ئىنتايىن چوڭقۇرلۇققا كۆمۈلگەن بولىدۇ ياكى يوق دېيەرلىك بولىدۇ.

تۇرپان رايونىدا كارىزلار ئاساسەن يالقۇنتاغ سىستېمىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە كولىنىدۇ. بۇ رايوندا ئۆسىدىغان گىياھلار ئاساسەن شىۋاق، قومۇش، يانتاق قاتارلىق چۆل گىياھلىرى ئۆسىدۇ. قومۇش،

يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر يەر ئاستى سۈيىنىڭ يۈزى يەر يۈزىدىن 10 مېتىر چوڭقۇر بولغان يەرلەردە ئۆسىدۇ. دېمەك، ئەجدادلار تۇرپان رايونىدا كارىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ئاساسەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل تەبىئىي ھالەتنى كۆزىتىش تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندۇر.

كارىزنى خالىغان جايدا چاپىۋەرسە سۇ چىقمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. يەر ئاستى سۇلىرىنىڭمۇ ئۆز يولى بولىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئەنە شۇ يولىنى توغرا مۆلچەرلىگەندىلا، ئاندىن يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە باشلاپ چىققىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسلىنىپ كولانغان تۇرپان رايونىدىكى كارىزلار بىر-بىرىگە يېقىن، ھەتتا بەزى كارىزلار بىر-بىرىنى كېسىشكەن ھالدا كولانغان. بۇ خىل ئەھۋال كارىز سۇلىرىنىڭ ئېقىم تۇراقلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن. يەر ئاستى سۇلىرى يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىرىلمىغان چاغدا يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تەبىئىي ھەرىكەت ھالىتى بۇزۇلىدۇ. ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇ مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئەتراپتىكى سۇلۇق قاتلام ئىچىدىكى يەر ئاستى سۇلىرى سۇ ئېقىپ چىقىۋاتقان سۇ يولىغا ئېقىپ كىرىدۇ-دە، بىر ئورۇنغا يانداش كولانغان كارىزلارنىڭ بەزىلىرى شۇ سەۋەبلىك قۇرۇپ كېتىدۇ. تەجرىبىدىن ئۆتكەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، تارىختا بەزى چوڭ يەر ئىگىلىرى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىگە قاراشلىق كارىزلارنى چوڭقۇرلىتىپ چېپىپ، كىچىك يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىگە سۇ يېتىشمەسلىكتەك ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. بۇ خىل ئەھۋال كارىزلارنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا كارىزنىڭ كۆپلەپ چېپىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

يىغىنچاقلىغاندا، تۇرپان رايونىدا تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن خەلق تەبىئەتنى تونۇپ ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا كارىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا كارىز قۇرۇلۇشىنى تەدرىجىي تاكامۇللاشتۇرۇپ بارغان.

## 3 . كارىزنىڭ قاچان ، قايسى ئورۇندا دەسلەپتە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى ھەر خىل كۆز قاراشلار

ئىلىم ساھەسىدىكى بىرەر توغرا ھۆكۈم ھەر دائىم كۆپ قېتىملىق تەجرىبە ، بەس ـ مۇنازىرە ، تالاش ـ تارتىش ۋە مۇلاھىزىلەر ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدۇ . بۇ ، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان بىردىنبىر ، ئەڭ توغرا ۋاستىدۇر . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ئېلىمىز ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كارىزنىڭ قاچان ، قايسى ئورۇندا دەسلەپتە پەيدا بولۇپ ، كېيىنچە باشقا جايلارغا تارقالغانلىقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرىغا نىسبەتەن تېگىرقاپ قېلىشقا ياكى تەسادىپىيلىق ھېس قىلىشقا بولمايدۇ . تۆۋەندە ، بۇ ھەقتىكى ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ۋە ھەمدە ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراش ـ مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مۇشۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقانلار بىلەن ھەمدە باشقا كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن .

شىنجاڭدىكى كارىزلارنىڭ ، بولۇپمۇ تۇرپان رايونىدىكى كارىزلارنىڭ ، قايسى تارىخىي باسقۇچتا ، قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق . يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى بەزى ئالىملار كارىز ھەققىدە بىر ـ بىرىگە زىت بولغان ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى . شۇڭلاشقا ، كارىز مەسىلىسى يەنىلا ھازىرقى تەتقىقاتنىڭ كەسكىن مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە :

يولداش ياڭ زىشۇن ئۆزىنىڭ « يەر شارى » ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېسىلغان « شىنجاڭ كارىزى » دېگەن ماقالىسىدە « «كارىز ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە . تارىخچىلارنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسلانغاندا . . . خەن ۋۇدى زامانىدا كارىز شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيىسىدىن شىنجاڭغا تارالغان . . . » دەپ يازىدۇ .

پىلى جىڭفۇ «كۇئىنلۇن دەريا ـ ئۆستەڭلىرى خاتىرىسى» (2 ـ توم) دا: «كارىز يالغۇز تۇرپاندىلا بار» دەپ يازىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ مەنزىرىسى» نىڭ «ئېرىق ـ ئۆستەڭ خاتىرىلىرى» دېگەن قىسمىدا يۇقىرىقى كۆز قارىشىدىن تولۇقراق قىلىپ، قومۇل، پىچان قاتارلىق جايلاردىمۇ كارىزلار بار، تۇرپاندا 28 ئورۇندا، پىچاندا 45 ئورۇندا كارىز بارلىقى مەلۇم دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

ۋاڭ گوۋى، مىلىق كالىڭ قاتارلىقلار: «خەن دەۋرىدە قۇدۇق ئۆستەڭلەر دۇڭخۇاڭنىڭ شىمالىدىن پىچان، تۇرپان ئويمانلىقىغا تارقالغان» دەپ قاراپ، تۇرپان كارىزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى خەن دەۋرىنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا، ئاساسەن تارىم ئويمانلىقى ئەتراپلىرىدا ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەرھۇم خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىم (خۇاڭ ۋېنبىي جۇڭگونىڭ تونۇلغان ئارخېئولوگى) 1957 ـ يىلى يازغان «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا كارىزنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ «كارىز خەنزۇلاردىن تارقالغان» دەپ يازىدۇ.

1973 ـ يىلى شەنشى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى جىڭ بەگلىكى (郑国) ئۆستەڭلىرىنىڭ ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقارغان خۇلاسىسىدە «گەنسۇ، دۇڭخۇاڭ ۋە شىنجاڭدىكى كارىزلار ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ كارىزلار خەن سۇلالىسىدىكى گۇەنجۇڭ (关中) ئېرىق ئۆستەڭلىرىدۇر. . . كارىز شىنجاڭغا پارىستىن كەلدى دېگەنلىك پۈتۈنلەي بىمەنىلىكتۇر» دەيدۇ.

چۈەنچىڭنىڭ (全庆) «قائىدە ـ نىزاملار مۇقەددىمىسى» — (经入章程) دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىدا تۇرپان كارىزى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ «ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى باشقىچە بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ باققان ئەمەس» دەپ ئېيتىلغان. بۇ بايانىدىن بىز شىنجاڭ كارىزىنىڭ (جۈملىدىن تۇرپان كارىزىنىڭ) ئىچ

كىرى ئۆلكىلەردە تارىختا قېزىلغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز .

ياڭ زېڭشىڭنىڭ 1917 ـ يىلى 30 ـ ئاۋغۇستتا : « كارىز بىلەن يەر سۇغۇرۇشنى ئالىدىغان بولساق ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ يوق ، پەقەت تۇرپان ، پىچاندىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىدىلا بار » دېگەن سۆزى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئۇچرايدۇ .

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىل 2 ـ سانىغا ( خەنزۇچە ) شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىكى يولداش ۋاڭ خېتىڭ نىڭ « شىنجاڭ كارىزى » ماۋزۇلۇق ماقالىسى بېسىلغان . يولداش ۋاڭ خې تىڭ بۇ ماقالىسىدە شىنجاڭ كارىزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قەدىمكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر بىلەن باغلىنىشى بار ، دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىدۇ .

يەنە بىر ئېيتىلىشلاردا ، كارىزنى شىنجاڭغا سۇر گۇن قىلىنغان لىن زېشۈي ئىجاد قىلغان دېيىلىدۇ . تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ، لىن زېشۈي تۇرپاندا قونۇپ ئۆتۈش ئۇچۇنلا 2 ـ 3 كۈن تۇرغانلىقى مەلۇم .

كارىز مەسىلىسى توغرىسىدا چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى قويۇپ ئۆتكەنىدى .

كارىز ھەققىدە كۆپرەك ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ھەقتە ماقالىلەر ئېلان قىلىپ كەلگەن ياپونىيىلىك داۋچى چاڭ 1950 — 1960 ـ يىللاردىكى كارىزغا دائىر ماقالىلىرىدە كارىز پەرغانىدىن تارقالغان دېگەن كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئۇنىڭ بۇ كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىشتىكى ئاساسى — قوقان شىنجاڭغا يېقىن ، قاتناش ، سودا ئىشلىرى قولايلىق ، بېرىش ـ كېلىش كۆپ ، مۇناسىۋەت قويۇق بولغاچقا كارىز پەرغانىدىن شىنجاڭغا تارقالغان ، دېگەن نۇقتىسىنەزەردۇر .

1981 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا لېكسىيە ئوقۇغان ياپونىيىلىك شاۋچۇيۈن كارىز مەسىلىسىدە توختىلىپ ،

كارىز ئىچكى ئۆلكىلەردىن تارقالغان ئەمەس، بەلكى ئىراندىن تارقالغان دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدى.

يەنە بىر قىسىم چەت ئەللىك ئالىملار كارىز دېگەن ئىسمىنىڭ پارىس تىلى ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، شىنجاڭدىكى كارىزلار پارىستىن كەلگەن دەپ قارىلىشىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشقان كارىز مەسىلىسى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

1. كارىزنىڭ كېلىش مەنبەيىنى (تارقىلىشىنى) ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ قەدىمكى ئېرىق - ئۆستەڭلىرىگە باغلىنىشلىقى بار، دەپ قاراش.

2. شىنجاڭ بىلەن پەرغانىنىڭ يېقىنلىقىدىن تارىختا بۇ ئىككى رايوندا خەلقلەرنىڭ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، كارىز شىنجاڭغا پەرغانىدىن تارقالغان دەپ قاراش.

3. «كارىز» دېگەن ئىسىمنىڭ پارىس تىلى ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ كارىزنى پارىستىن ياكى ئىران تەرەپتىن تارقالغان، دەپ قاراش. بۇ كۆز قاراشتىكىلەر كارىزنىڭ پارىس ياكى ئىران تەرەپتىن تارقالغانلىقىنى غەرب بىلەن شەرقنى تارىخىي دەۋرلەردىن باغلاپ كەلگەن «يىپەك يولى» غىمۇ ھەم باغلىشىدۇ.

يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنى يەڭگىللىك بىلەن ئىنكار قىلىش ئىلمىيلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇ كۆز قاراشلارنى ئۆزىمىزنىڭ دەلىل - ئىسپاتى بىلەن؛ مۇھاكىمە - مۇلاھىزىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىمىزنىڭ ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، شۇ ئارقىلىق بۇ تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ يورۇتۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

تۇرپان رايونىدا بولسا مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلىدىن بارا - بارا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىش

باشلانغاچقا، ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت كەلتۈرۈۋاتقان دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىققا قارشى كۈرەش داۋامىدا ئەقىل ـ ئىدراك، پەم ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، بۇندىن خېلى نۇرغۇن يىللار بۇرۇن كارىزنى قازغاندى. شۇڭلاشقا، ئۆزگىچە يەر قىياپىتىگە، ئىقلىمغا ئىگە بولغان رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قاراشقا بولمايدۇ.

كارىز خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە پەيدا بولۇپ كېيىنچە باشقا جايلارغا تارقالغان، دېگۈچىلەرنىڭ يەنە مۇنداق ئاساسىمۇ بار:

بۇ كۆز قاراشتىكىلەر كارىز قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان بەزى سايمانلارنىڭ ئىسىم ـ ئاتالغۇلىرى، كارىز قۇرۇلمىسىدىكى بەزى ئاتالغۇلار قاتارلىقلارنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىغا ئاساسلىنىپ يۇقىرىقى كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن: تۇپا قېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب جوتۇ — (镢头) — (تېشۈر)، جا — (架) ـ (قۇدۇق تېمىنىڭ گۆمۈرۈلۈپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن قويۇلغان تاختاي تىرەك)، ئۇزۇنلۇق ئۆلچەشتە قوللىنىلغان سان بىرلىكى ـ خو ـ (活) ـ (بىر خو تەخمىنەن 6 مېترغا تەڭ)، يەر ئاستى ئېقىنى «شۇيخۇ» ـ (水活)، يەر ئۈستى ئېقىنى (يەنى قۇدۇق ئۈستى ئېقىنى) «خەنخو» — (旱活) دەپ ئاتاشلارغا ئاساسلىنىپ، كارىزنى خەنزۇلار دەسلەپتە ئىجاد قىلغان، دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە، ھازىرمۇ تۇرپان قاتارلىق شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا كارىز ئاتالغۇلىرى يەنە شۇ تەقلىدتە ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆمۈر قۇدۇقلىرىنىڭ ئاتالمىلىرى ۋە كۆمۈر چېپىشتىكى ئەمگەك پائالىيىتىدە ئادەتتە قوللىنىلىدىغان بەزى ئاتالغۇ ۋە گەپ سۆزلەرمۇ خەنزۇچە ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ، رېئاللىقتىكى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىتتۇر.

تۇرپان رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يەر قىياپىتى، ئىقلىم شارائىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ، كارىزنى تۇرپان رايونىدىكى مېھنەتكەش ئاددىي خەلقنىڭ تارىخىي جەريانىدا ئۆز رايونىنىڭ يەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىجاد قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

كارىز ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تارىختا ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ نامايەندىسىدۇر.

## ئاخىرقى سۆز

كارىز ھەققىدىكى تۇنجى بايان ئاخىرلاشتى. كارىز — ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلىرىدىكى جەۋھىرى نامايەندىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. كارىز دۇنيادا خېلى كۆپ رايونلاردا ئومۇملاشقان. كارىزنىڭ دەسلەپكى پەيدا بولۇش مەنبەيىنى تېپىش — زور بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر. بۇ ھەقتە بۇندىن كېيىن كۆپلىگەن چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك، دەلىل - ئىسپاتلىق ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگۈسى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخې رايونى ئەتراپىدا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغاندا تۇسما ( تۇغان ) ئاستىدىن يەر ئاستىغا بىر - بىرىدىن چوڭقۇر كۆمۈلۈپ قالغان بىرنەچچە قەدىمكى كارىز تېپىلغان. مېنىڭ بۇ يەردە ئىلگىرى سۈرگەن كۆز قارىشىمنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى مانا شۇ كارىزلاردىن بىرەر پارچە ياغاچ پارچىسى ياكى باشقا جىسىملارنىڭ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئېنىقلاپ چىقىلىشى ئارقىسىدا ئىسپاتلانغۇسى.

كارىز ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان يۇقىرىقى كۆز قاراشلىرىمدا سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىزدىنىشىمنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن، نۇقسانلارنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي ھالدۇر. ئۇستازلارنىڭ، يولداشلارنىڭ بۇ ھەقتە تەنقىدىي پىكىر - تۈزىتىشلەرنى بېرىشىنى سەمىيمىلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلانغان كىتابلار

1. « شىنجاڭ جۇغراپىيىسى » ئۇيغۇرچە، 1982 - يىل، 1 - سان.
2. ھەلىمە ئابدۇرىشىت: « يەر ئاستى سۇلىرى ھەققىدە ئاساسى بىلىم ۋە شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇلىرى »، « پەننى ئومۇملاشتۇرۇش

نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ، قازاق شۆبىسى » 1983 ـ يىل ، نەشرى .
3 . ئىبراھىم مۇتىئى : « يىپەك يولىدىكى قەدىمكى خەلقلەر ۋە تىللار » ، « شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى » 1981 ـ يىل ، 1 ـ سان .
4 . ئابدۇقادىر يۇنۇس : « كارىز ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى » ، « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى ، ئىجتىمائىي پەن قىسمى » 1983 ـ يىل ، 3 ـ سان .
5 . ۋاڭ خېتىڭ : « شىنجاڭ كارىزى » ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » خەنزۇچە ، 1983 ـ يىل 2 ـ سان .
6 . « تۈرك ئومۇمىي تارىخى » تۈركچە ، ئىستانبۇل ، 1983 ـ يىل نەشرى ، 1 ـ توم .
7 . تۇرغۇن ئالماس : « ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە » ، « شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى ، ئىجتىمائىي پەن قىسمى » 1982 ـ يىل ، 2 ـ سان .
8 . سىماچيەن . بەن گۇ : « تارىخنامە . پەرغانە تەزكىرىسى » ، « خەننامە . ۋىي چىڭ ، خوچۈيبىڭ تەزكىرىسى » ، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسى 24 تارىخ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش تەھرىرلەش گۇرۇپپىسى » تەرجىمە قىلغان « پىكىر ئېلىش نۇسخىسى » 1983 ـ يىل يانۋار .
9 . « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » 1 ـ توم . خەنزۇچە 1980 ـ يىل « شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » نەشرى .
10 . ۋاڭ بىڭخۇا : « شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دېھقانچىلىقى » ، « شىنجاڭ گېزىتى » 1982 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ، 5 ـ بەت .
11 . م . گوركى : « ئەدەبىيات ھەققىدە » ئۇيغۇرچە ، 1 ـ توم .
12 . ك . ماركس ـــ « سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە رەددىيە » 1958 ـ يىل نەشرى .
13 . « ماركس . ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلەر » 1 ـ توم . خەنزۇچە نەشرى .
14 . « خەن سۇلالىسى تارىخى ، غەربىي رايون تەزكىرىسى 2 ـ قىسمى » 96ـ

جىلد .
15 . چيەن بوچۇن : « لۇنتەي ( 轮台 ) نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇرۇمچى دېگەن نامنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا » ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە ، 1982 ــ يىل 2 ــ سان .
16 . چېن گې : « شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان » ، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى » ئۇيغۇرچە ، 1982 ــ يىل 3 ــ سان .
17 . « قىسقىچە دۇنيا تارىخى » ئۇيغۇرچە ،مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ــ يىل نەشرى .
18 . ئېنگېلس : « مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى » ئۇيغۇرچە ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1973 ــ يىل نەشرى .
19 . گىڭ شىمىڭ ، تۇرسۇن ئايۇپ : « ئوغۇزنامە » مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ــ يىل .

# توققۇزىنچى باب

## ئىدىقۇت تىبابەتچىلىكى

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەمگەكچان، ئىجاتچان قەدىمىي بىر مىللەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي جەريانىدا، كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگارەڭ ۋە ئەلۋەك مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بەرپا قىلىشتا ھەم ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، تارىختا ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىن تارقالغان رېتسېپلار ئەنە شۇ ئەمگەكچان ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە قارشى، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى داۋامىدا، تەبىئەتنى تونۇش ۋە كېسەللىكلەرنى بىلىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن يىللىق بىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. يۈزەلىكتىن چوڭقۇرلاشقان، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ راۋاجلانغان، تەجرىبىلەر يىغىندىسىدىن نەزەرىيە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى بولۇپمۇ، «قۇجۇ رېتسېپلىرى» نى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان تۈركىيىلىك دوكتور ئا. سۆھەيل ئۈنۋەر «ئۇيغۇرلاردا تىبابەت» ماۋزۇلۇق ئەسىرىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئومۇملاشتۇرۇپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك شەرتلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىبابىتى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قوشنا ئەللەرنىڭ تىبابەتچىلىكىدىن تەسىر ئالغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا قوشنا ئەللەرنىڭ تىبابىتى مەدەنىيىتىگە زور

تەسىر كۆرسەتكەن. مەيلى ۋاقىت، مەيلى مۇساپە جەھەتتىن ئېيتقاندا، غەربتە ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قوللانغان تەدبىر ۋە دورا- دەرمەكلىرىدە مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەممىنىڭ بىر مەنبەدىن، يەنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن شاخلاپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.» ①.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگىدۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى فىزىئولوگى ئىۋان پېتروۋىچ پاۋلوۋ: «ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىلا مېدىتسىنالىق پائالىيەت باشلانغان. مېدىتسىنا تارىخىنى ئىنسانىيەت يازما خاتىرىلەر يېزىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن ھېسابلاش خاتا تونۇشتۇر» ② دەپ يازىدۇ. دېمەككى، قۇجۇ دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك خەلقنىڭ، شۇنىڭدەك خەلق ئارىسىدا نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بېرى ئىز بېسىپ يېتىشىپ چىققان ئەمچى، ئوتاچى، تېۋىپلارنىڭ، قام ۋە باخشىلارنىڭ ③ نەچچە ئۆمۈر تەجرىبىلىرى، دورىگەرچىلىك ئىختىرالىرىنىڭ توپلىنىپ، رەتلىنىپ ئىلىم دەرىجىسىگە، يەنى نەزەرىيە سىستېمىسىغا سېلىنىشى بىلەن تاكامۇللاشقان بىر ئىلىمدۇر.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن تېبابەتچىلىك ئىلمى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا تەدرىجىي ھالدا ھىندى تېبابىتى، جۇڭيى تېبابىتى، شىزاڭ تېبابىتى ۋە 10- ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرگەن ئەرەب- ئىسلام تېبابىتىدىن (10- 11- ئەسىرلەردە قۇجۇدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلارمۇ پەيدا بولغانىدى) ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر تېبابەتلىرىدىن مەلۇم تەسىرلەرنى ئىجادىي قوبۇل قىلغان ھالدا بېيىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇجۇ تېبابەتچىلىكى يىپەك يولىنى بويلاپ باشقا ئەل خەلقلىرىگىمۇ، جۈملىدىن يۇقىرىدا نامى كۆرسىتىلگەن ئەللەر خەلقلىرىنىڭ تېبابەتچىلىكىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى ھەم يەتكۈزگەندى. بۇ مۇلاھىزىنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئاساسلايدۇ:

ئېلىمىزنىڭ جەنگو دەۋرىدىن بۇرۇنقى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە مەشھۇر جۇڭيى تېۋىپلار تەرىپىدىن قايتا- قايتا تولۇقلاپ تۈزۈپ

چىقىلغان نادىر جۇڭيى تىبابەت ئەسىرى «خۇاڭدى نېيجىن سۇۋېن» كىتابىنىڭ «باشقىلارنىڭ شىپالىق نۇسخا ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە» دېگەن بابىدا غەربىي دىيار (شىنجاڭنى كۆزدە تۇتقان) نىڭ كېلىماتى، تەبىئىي شارائىتلىرىنى تەپسىلىي سۆزلىگەندىن كېيىن «... ئۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەردە كېسەللىك ئىچىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. داۋالاشتا زەھەرلىك دورىلار قوللىنىلىدۇ. شۇڭا زەھەرلىك دورىلار غەربىي دىياردىن كېلىدۇ» ④ دەپ بايان قىلىدۇ.

مىلادى 12-، 13- ئەسىرلەردە ھىندىستاندا يېزىلغان «ھەرقايسى ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا: «ئەڭ بۇرۇنقى تىبابەتچىلىك ساھەسىدە بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى غازىباي دېگەن كىشى بېدىيان، سېرىق ھېلىلە، بىنەپشە، سانا، يادا تېشى، ئاشتۇزى، گۆش قاتارلىق يەتتە خىل دورىنىڭ كىشىلەرنىڭ كېسەللىك ئازابىنى يوقىتالايدىغانلىقىنى بىلگەن» ⑤ دەپ يېزىلغان.

ياپونىيەدە نەشر قىلىنغان بىر كىتابتا مىلادى 753-يىللىرى (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە) دېڭىزدىن ئۆتۈپ ياپون خەلقىگە دىن تارقىتىشنى نىيەت قىلغان ياڭجۇلۇق مەشھۇر راھىب جيەن جىڭ نەچچە قېتىم دېڭىزدىن يەلكەنلىك كېمە بىلەن ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ مەغلۇپ بولۇپ، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا ھەر تەرەپلىمە داۋالىنىشمۇ ساقايماي، غەربىي دىياردىن كەلگەن بىر كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ساقايغانلىقى سۆزلەنگەن ⑥.

ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇ خەلقى ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىختىن بۇيانلا ناھايىتى قويۇق بولۇپ كەلگەن. تۈر كىيىلىك مېدىتسىنا تارىخى ئالىمى دوكتۇر ئا. سۇھەيىل ئۈنۋەرمۇ ئۆزىنىڭ 1936-يىلى يازغان، «ئۇيغۇرلاردا تىبابەت» ناملىق ئەسىرىدە: «ھىندى ۋە جۇڭيى تىبابەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىگە بولغان تەسىرلىرىگە كۆرە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ مەزكۇر تىبابەتلەرگە بولغان تەسىرى خېلى زور. مىلادى 730-يىلىدا ناتتۇ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئالىمى ئەلچىلىك خىزمىتى بىلەن تۇخارىستاندىن (كۇچادىن) جۇڭگوغا بارغاندا، خەنزۇ ئالىملىرى ۋە تې-

ۋېپلىرى زادىلا بىلمەيدىغان نۇرغۇن دورا - دەرمەكلەرنى ۋە دورىگەرلىك سايمانلىرىنى ئۆزى بىلەن بىۋاستە ئېلىپ بارغان. بۇ ئۇيغۇر ئالىمى تىبابەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن يۇكسەك مەۋقەگە ئىگە بولغان. خەنزۇ تارىخچىلىرى تۇخارىستان يابغۇسى (ھۆكۈمدارى) تەرىپىدىن مىلادى 759 - يىلى جۇڭگو ئىمپىراتورىغا ئەۋەتىلگەن سوۋغاتلار ئىچىدە ئىككى يۈز خىل دورا ۋە نۇرغۇنلىغان خۇش پۇراقلىق شەيئىلەر بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ» دەپ يازىدۇ ⑦.

سۈي سۇلالىسى (مىلادى 518 — 618 - يىللار) ۋە تاڭ سۇلالىسى (619 — 907 - يىللار) دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي دىيارنىڭ ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان، مۇشۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تېۋىپلار غەربىي دىيار (شىنجاڭ) تېۋىپلىرىنىڭ بەزى نەمۇنىلىك تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ «غەربىي دىيار تېۋىپلىرىنىڭ رېتسېپلىرى 23 جىلد» (西域诸仙所说药二十三卷)، «غەربىي دىيار ئاتاقلىق تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق مۇھىم رېتسېپلىرى توپلىمى» (西域名医所集要方四卷) . . . قاتارلىق كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. ھەم شۇنىڭدەك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 659 - يىلى) جاكارلانغان «يېڭىدىن تۈزۈلگەن بېنساۋ» (دورا قامۇسى) كىتابىدا تونۇشتۇرۇلغان 850 خىل جۇڭيى دورىسى ئىچىدە 144 خىلى شىنجاڭدىن چىقىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «مىلادى 8 - ئەسىردە شىنجاڭدىن شىزاڭغا تەكلىپ بىلەن بارغان چەرچەنلىك ئۇيغۇر تېۋىپى جان باشلاق لاسادا بىرقانچە يىل ياشاپ، ئۇ يەردە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىن تەلىم بەرگەندىن تاشقىرى، «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى»، «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» دېگەن مەشھۇر ئىككى ئىلمىي ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەر شىزاڭنىڭ «تۆت توملۇق تىببىي قامۇسى» نامىدىكى مەشھۇر تىببىي كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن» ⑧.

دېمەك، ئىلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرى (شىزاڭمۇ بۇنىڭ ئى-

چىدە ) بىلەن شۆئىنگدەك قوشنا ئەللەر بىلەن غەربىي دىيار — شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئەينى زامانلاردىن تارتىپلا مەدەنىيەتنىڭ ھەر- قايسى ساھەلىرى بويىچە، جۇملىدىن تىبابەتچىلىك ساھەسى بويىچىمۇ قويۇق مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەنىدى.

قوجو ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەۋقەسى بىلەن باشقا خەلقلەر تىبابەتچىلىكىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ تىبابەتچىلىك كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشقانىدى. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئىنساننى ۋە دۇنيادىكى ھەممە جانلىقلارنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇشىدۇ. ئۇلار جانلىقلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقلىرىنى تەكىتلىشىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى مانا مۇشۇ تۈپ چۈشەنچە ئاساسىدا ھەم ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇش، چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش كۈرەشلىرى جەريانىدىكى كۆزىتىشلىرى، تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئالەم — سۇ، ھاۋا، ئوت، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئامىلنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ، دېگەن ئىپتىدائىي ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشنى تىكلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تىببىي نەزەرىيە ئاساسلىرى — تۆت ئامىل ( ئاناسىر ئەربەئە ) ، تۆت كەيپىيات، تۆت خىل مىجەز، تۆت خىلت ( قان، بەلغەم، سەپرا، سەۋدا ) نەزەرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئادەملەردىكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى ئىزاھلاشتا، كېسەلگە دىئاگنوز قويۇشتا، داۋالاش، دورا، پەرھىز بۇيرۇشلاردا يىلنىڭ پەسىللىرى، مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى نەزەردە تۇتۇشنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇنداق تۈپ نەزەرىيىنىڭ مەنبەسى نەدىن كەلگەن؟

ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى مۇئەييەن ماددىي ئامىللار ئاساسىدا ئۇ- مۇملاشتۇرۇپ بىلىشى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن. تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنىڭ سەۋىيىسىگە يارىشا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قايسى گۇرۇھلىرى دۇنيا ۋە ئۇ- نىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق چۈشەنچىلەرنى ھاسىل

قىلىشقان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ خىلدىكى تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىغا ماسلاشقان ھالدا ھەر خىل بىلىش فورماتسىيىلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

يۇقىرىقى نۇقتىدىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئالەم — تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات (تۆت تادۇ) تىن تەركىب تاپقان، دېگەن كۆز قارىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات شارائىتلىرى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىقلىمى ۋە بىلىش سەمەرىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامانلاردا دۇنيانى بىلىش يولىدا ئوتتۇرىغا قويغان پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلىنى تەشكىل قىلغان. تۆت زات كۆز قارىشى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ھەتتا يېقىنقى زامان ماتېرىيالىستىك تەبىئەت ئىلمى كۆز قاراشلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىزناسىنى قالدۇرغان.

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسى ۋە مۇھىم نامايەندىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر خەلقى دۇنيانى ئىزاھلاشنىڭ تۆت زات كۆز قارىشىنى ئۆز ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئىزچىل ئىپادىلەپ كەلگەن. يەنى ئۇلارنىڭ تۆت زات كۆز قارىشى — دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى تەپەككۇرىنىڭ، بىلىشىنىڭ، ئىزاھلىرىنىڭ يادروسى ھەم بولغانىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۆت زات كۆز قارىشى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن بېرى ئىزچىل ساقلانغان، ئۇ شامان، زارائاستىرىزىم، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام دىنى دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تىبابەتچىلىكنى نۇقتا قىلغان تەبىئەت ئىلمى بىلەن تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە ساقلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان ئۇلۇغ ئالىملار ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950)، ئىبىن سىنا (980 — 1037) دىن كۆپ ئىلگىرىلا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تىبابەتچىلىك كىتابلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دە ئىپادىلەنگەن ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە (7 — ئەسىر) ياشىغان

مەشھۇر تېۋىپ سۇڭ سىماۋ ئۆزىنىڭ «بىباھا غەيرىي دورا نۇسخىلىرى» ( 千金异方 ) نامىلىق كىتابىدا غەربىي دىيار تىبابەتچىلىكىنىڭ «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق» تىن ئىبارەت تۆت زات كۆز قارىشىغا ئاساسلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق يازغان.

سۇي، تاڭ دەۋرىگە ئائىت «غەربىي دىيار ھۆكۈمالىرىنىڭ دورا نۇسخىلىرى»، سۇڭ سىماۋ يازغان «بىباھا غەيرى دورا نۇسخىلىرى» سۇڭ سىماۋ بىلەن ۋاڭ جۇ بىرلىشىپ يازغان «تاشقى كېسەلگە ئائىت يۈجۈن دورا نۇسخىلىرى»، سۇسىماۋ يازغان «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخش شەربىتى»، چېنىڭ چەن يازغان «ئوغۇز دورا گىياھلىرى» قاتارلىق كىتابلار بىلەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر دوراشۇناس لى سىجېنىڭ يازغان «دورا گىياھلار تەپسىلاتى» نامىلىق كىتابتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غەربىي رايوندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگۈزۈلگەن نەچچە يۈز خام دورا ماتېرىياللىرى بىلەن پىششىقلاپ ھازىرلانغان مەيزاپ، ئامىلە، بەلىلە ۋە ھېلىلە مۇرابباسى، قىزىلگۈل ئەترى قاتارلىقلارنىڭ تىزىملىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ دورىلارنىڭ ھەممىسى تۆت زات ۋە تۆت خۇسۇسىيەت ( مىجەز ) كۆز قارىشىغا ئاساسەن تەبىئەت دۇنياسىدىن تاللاپ دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنىدى.

فارابى ئۆزىنىڭ «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى» ( ئىھسالۇل ئولۇم ) نامىلىق زور ھەجىملىك كىتابىدا تۆت زات توغرىسىدا توختىلىپ: «بىز ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ بايان قىلساق تۆتلىك شېئىردىن بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار: ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت... ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىمۇ تۆت خىل بولۇپ، ئاتاپ ئېيتقاندا ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل ۋە قۇرغاقتىن ئىبارەت» دەيدۇ.

ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ «ئەلقانۇن فىت تىبب» نامىلىق كىتابىدا «تەبىئىي ئۇنسۇرلار تۆت. ئۇلار تۆتتىن ئارتۇق ئەمەسلىكىگە تەبىئەتشۇناس ئالىملار ئىشەنسۇن. ئۇنسۇرلارنىڭ ئىككىسى يەڭگىل، ئىككىسى ئېغىردۇر. يەڭگىلى ئوت ۋە ھاۋا بولۇپ، ئېغىرى سۇ ۋە تۇپراقتۇر. يەر ئاددىي جىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي ئورنى ھەممە

جـىـــــملارنىڭ ئوتتۇرىسىدۇر . . . يەرنىڭ تەبىئىيىتى قۇرۇق ۋە سوغۇق-تۇر . . . ئۇ سۇ ۋە ھاۋاغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ . . . سۇ سوغۇق ۋە ھۆلدۇر . . . ئۇنـىـڭ تەبىئىيىتى . . . ئىسسىق ۋە ھۆل ، ئوت . . . موتىدىل يەڭگىلدۇر . ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق ۋە قۇرۇق » دەپ ئىزاھلىغان .

دېمـەك ، قـەدىـمكى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىـدىـن چىققان مەشھۇر پەيلاسوپ ، ھېكىم ـ تېۋىپلار ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتـكـەن ئاتـاقلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ، ھېكىملەرنىڭ كۆز قاراش ـ تەلىماتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئاساس ـ ھۇل قىلىشقانىدى ⑤ .

« قۇجۇ رېتسېپلىرى » توغرىسىدا مۇھاكىمە كېتىۋاتقان بۇ بايان تـەرتـىپىدە يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ تىبابەتچىلىكىدىن بەزى نەمۇنىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتقان ۋە شـۇنـداقلا بـاشـقـىلارنـىـڭ تـىـبابەتچىلىكىگىمۇ خېلى دەرىجىدە تەسىر كـۆرسـەتـكـەن بـىـر پـۈتـۈن ئۇيـغۇر تىباتچىلىكىدە ، سىياسىي ، دىن ۋە جۇغـراپـىـيىلىك ئايرىمىلىقلارنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولغان ھالدىكى بـىـر تـارىخىي ئىزچىللىقىمۇ ساقلانغانىدى . بۇنداق تارىخىي ئىزچىللىق ۋە ئوخـشـاشـلـىـقـنىڭ نامايەندىسى مەيلى « قۇجۇ رېتسېپلىرى » دا بولسۇن ، ياكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىبابەتچىلىك ساھەسىدە بولسۇن يەنىلا تۆت زات كـۆز قارىشىنىڭ تىببىي ئىلمىدا نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىنغانلىقىدا ئىپـادىـلـىـنـىـدۇ . مـەسىلەن ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ 10 ـ ، 12 ـ ئەسىرلەر داۋامـىـدىكى ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت ، سىياسىي ـ ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتـلـەردە راسـا رونـاق تاپقان مەزگىللىرىدە ياشىغان ۋە يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، شائىر ، ئاتاقلىق ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ « قـۇتـادغـۇبىلىك » تىن ئىبارەت يىگانە ئەسىرىدە قانۇن ـ تۈزۈم ،دۆلەت قـۇرۇلـۇشـى ، جەڭ سەنئىتى ھەققىدە ، سىياسىي ، پەلسەپە ، ئاسترونومىيە تـوغـرىسىدا ، گېئومـېـتـرىـيە ، كالـىـنـدارچـىـلـىـق جەھـەتـلـەردە ، مائارىـپ ، ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ئېتنوگرافىيە ساھەلىرى بويىچە ، قىسقىسى شۇ دەۋردە يـۈكـسـەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپـلىرىنى بەدىئىي يول بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرۈپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە

يەنە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنىمۇ ئىلمىي يولـلار بىلـەن شـەرھـلـەيدۇ. بـۇ شەرھـلـەر تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئىپادىلىنىدۇ:

6006 يانا بىر چۇش ئۇ پەسىللەرچە بولۇر،
تەبىئەتتە خىلت ⑩ ئارتسا ئۇڭا بارۇر ⑩.

6007 باھار پەسلى بولۇپ كىچىك بولسا ئەر،
قىزىل بولسا ھەممە،قوڭۇر بولسا يەر،

6008 شۇ مەلۇمكى ئۇنىڭ قېنىدۇر ئۇشۇق،
دېگىلىكىم ئۇنىڭكى قېنىن ئالغۇلۇق.

6009 بولۇپ پەسلى ياز، چۇش كۆرۈچى يىگىت،
سېرىق، زەپىران، ئال چۇشۇسە ئۇگىت،

6010 ئى ھېكىم، ئېشىپتۇر ئۇنىڭ سەپراسى،
بېرىش سۇرگە، تەرەنجىۋىل — دوراسى.

6011 پەسىل كۈز بولۇپ، ئورتا ياش بولسا ئەر.
ئۇ كۆرسە قۇدۇق، تاغ، قارا نەرسىلەر،

6012 ئۇنىڭدا ئۇشۇق سەۋدا، بىلگىن قاياش،
داۋالاپ مىڭەسىن ئېرىت،ئى ئاداش.

6013 قىش ئولسا يانا چۇش كۆرۈچى قېرى،

6014 ئۇنىڭ بەلغەمى كۆرە كۈچەيگەن بولۇر،
ئىسسىقلىق ئىچۇرۇپ يىدۇرسە بولۇر.

داستاندا، چۈش تەبىرى ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادە قىلىنغان تىببىي ئىلىم ئەنە شۇ يۇقىرىقى مىسرالارغا يىغىنچاقلىنىدۇ. بۇ مىسرالاردا تۆت خىل ئادەمنىڭ، يەنى كىچىك بالا، يىگىتلىك قورامىدىكى ئادەم، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ۋە ياشانغان ئادەملەرنىڭ چۈش كۆرۈشى تۆت پەسىلدە ئادەم بەدىنىدىكى خىلتلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلـگەن. بۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئىلمىي داۋلى. يەنى ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمي نۇقتىسىدا تۇرۇپ بېرىلگەن تەبىردۇر.

«قۇجۇ رېتسېپلىرى» بىلەن قاراخانىيلار تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنىڭ بىر مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەم شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى بىر پۈتۈن تارىخىي ئىزچىلىقنى يەنىمۇ ئىنچىكە ئانالىز قىلىش ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا چۈشكە تەبىر بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەنگەن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە «كېسەل بولۇشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى: خىلتلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولىدۇ. يەنى سەپرا، سەۋدا، قان، بەلغەمگە ئوخشاش خىلتلار بۇزۇلۇپ ئۆزگەرسە كېسەللىك پەيدا بولىدۇ»، «روھ خىلتلارنىڭ ھورىدىن پەيدا بولىدىغان جىسىم، بەدەن ھاياتىنىڭ ساقلىنىشى كۆپ دەرىجىدە روھقا باغلىق، ئۇ ئومۇمىي بەدەننى تەربىيىلەپ تۇرىدۇ»، «ئىنسان قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا قاتارلىق تۆت خىلتنىڭ بىرىكىشىدىن ھايات ياشايدۇ» ⑫ دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بايان قىلىنغان تىبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي

تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ئوخشاش. هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە: «سەپرا قۇرۇق ئىسسىق دېگەنلىك بولۇپ، ئۆتتە بولىدۇ. قان هۆل ئىسسىققا كىرىدۇ، ئۇ يۈرەك بىلەن جىگەردە بولىدۇ. سەۋدا قۇرۇق سوغۇققا كىرىدۇ. ئۇ تالدا تۇرىدۇ. بەلغەم ئۆپكىدە تۇرىدۇ»، «هاۋانىڭ ئەسلى مىزاجى هۆل ئىسسىق بولۇپ، ئىككى خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىرى تەبئىي ئۆزگىرىش، بۇ ئۆزگىرىش تۆت پەسىلدە بولىدۇ، باهاردا هاۋانىڭ مىزاجى هۆل ئىسسىق بولۇپ، قاندىن بولىدىغان كېسەللىكلەر كۆپ بولىدۇ، بۇنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ؛ قۇرۇق سوغۇق نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ. يازدا هاۋانىڭ مىجازى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ، بۇنى داۋالاشتا سۈرگە بېرىلىدۇ. قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىسسىق چىقىرىۋېتىلىدۇ؛ هۆل سوغۇق نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ، كۈزدە هاۋانىڭ مىزاجى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قۇرۇق سوغۇقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سەۋدا سۈرگىسى بېرىلىدۇ. هۆل ئىسسىق نەرسىلەر كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ. قىشتا هاۋانىڭ مىزاجى هۆل سوغۇق بولۇپ، زۇكام، يۆتەل، نەپەس قىسىلىش، بەل ئاغرىشقا ئوخشاش كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قۇرۇق ئىسسىق نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ». بۇ نەزەرىيىلەر — هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. ئەمدى، بۇندىن ئاز كەم 1000 يىل بۇرۇن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» تە شەرھلەنگەن تىبابەتچىلىك ئىلمىنى كۆرەيلى:

يۈسۈپ خاس هاجىب چۈشكە تەبىر بېرىش ئۇسۇلى بىلەن بايان قىلىنغان تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسىدە، ئەگەر پەسىل باهار بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى (بۇ يەردە «چۈش كۆرگۈچى» دېگەن سۆزنى، «كېسەل بولغۇچى» دەپ چۈشىنىش كېرەك) كىچىك بالا بولسا، ئۇ چۈشىدە قوڭۇر هەم قىزىل نەرسىلەرنى كۆپرەك كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ قېنىنىڭ ئۇشۇقلۇقىنى ئېيتقان هەم ئۇنى قان ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن داۋالاشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتقان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللى تىبابەتچىلىكىدە،

كىچىك باللارنىڭ ئەسلى مىزاجى ھۆل ئىسسىق، شۇڭا تاماقلىرى قۇرۇق سوغۇق بولۇشى لازىم. باھاردا ھاۋانىڭ مىزاجى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، قاندىن بولىدىغان كېسەللىكلەر كۆپ بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قان ئېلىنىدۇ، دەپ، كۆرسىتىلگەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئەگەر ياز پەسلى بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى يىگىتلىك قورامىدىكى ئادەم بولسا ۋە ئۇ چۈشىدە سېرىق، زەپىران، قىزىل قاتارلىق رەڭدىكى نەرسىلەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ سەپراسىنىڭ ئاشقانلىقىنى، ئۇنىڭغا سۇرگە ۋە زەنجىۋىل قاتارلىق دورىلارنى بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە: ياشلارنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق، شۇڭا تاماقلىرى ھۆل سوغۇق بولۇشى كېرەك؛ يازدا ھاۋانىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سۇرگە بېرىلىدۇ. قەي قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇق ئىسسىق چىقىرىۋېتىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ: پەسىل كۈز بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بولسا ۋە ئۇ چۈشىدە قۇدۇق، تاغ، قارا نەرسىلەرنى چۈشىگەن بولسا، ئۇنىڭ سەۋداسى ئاشقانلىقىنى، ئۇنىڭغا سەۋداسىنى نورماللاشتۇرۇش دورىسى بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە: ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرنىڭ مىزاجى قۇرۇق سوغۇق، شۇڭا تاماقلىرى ھۆل ئىسسىق بولۇشى لازىم؛ كۈزدە ھاۋانىڭ مىزاجى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قۇرۇق سوغۇقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا سەۋدا سۇرگىسى بېرىلىدۇ؛ ھۆل ئىسسىق نەرسىلەر كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ: پەسىل قىش بولۇپ، چۈش كۆرگۈچى ياشانغان ئادەم بولسا ۋە ئۇ چۈشىدە ئېقىۋاتقان سۇ، مۇز، يامغۇر، قار قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرسە، ئۇنىڭ بەلغىمى كۈچەيگەن بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئىسسىقلىق نەرسىلەرنى يېگۈزۈپ ـ ئىچكۈزۈپ، داۋالاش لازىم، دەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە: قىشتا ھاۋانىڭ مىزاجى

ھۆل سوغۇق بولۇپ زۇكام، يۆتەل، نەپەس قىسىلىش، بەل ئاغرىشقا ئوخشاش كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنى داۋالاشتا قۇرۇق ئىسسىق نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ. قېرى كىشىلەرنىڭ مىزاجى مۇختەلىپ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەسلى ئەزالىرى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئىچكى ئەزالىرى ھۆللۈك بىلەن تولغان، شۇڭا قېرىلارنى تاشقى ئالامەتلىرىگە قاراپ داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ مىزاجى قۇرۇق سوغۇق بولسا، ھۆل ئىسسىق نەرسىلەرنى، ھۆل سوغۇق بولسا، قۇرۇق ئىسسىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشى لازىم. دەپ كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرما ۋە مۇلاھىزە ئارقىلىق ئەينى تارىخىي دەۋردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلاردىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىببىي ئىلمىنىڭ بىر مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ بۇنىدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى تىببىي ئىلمىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان ئاساستا يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. دېمەك، خۇددى دوكتۇر ئا. سۇھەيىل ئۈنۋەر ئېيتقىنىدەك، مەيلى ۋاقىت، مەيلى مۇساپە جەھەتتىن بولسۇن، كۆپلىگەن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىبابەتچىلىكىدە — كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قوللانغان تەدبىر ۋە دورا-دەرمەكلىرىدە مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ (يەنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ) تىبابەتچىلىك ئىلمىدا بىر خىل ئوخشاشلىق ۋە تارىخىي ئىزچىللىقنىڭ ساقلانغانلىقىنى — ھەممىنىڭ بىر مەنبەدىن، يەنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىن شاخلاپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تۆت ماددا (تۆت زات) نى قانداق شەرھىلىگەن؟ ۋە ئۇنى تىببىي ئىلىمغا قانداق تەتبىقلىغان؟

تۆت ماددا تەلىماتى، مۇقەددەم ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ سىنىخىيلىك ئاددىي پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ھەم ئۇيغۇر تىبابىتى نەزەرىيە ئاساسلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار پۈتۈن ئالەمدىكى نەرسىلەرنىڭ تۇغۇلۇشى،

ئۆسۈشى ، گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىپ يوقىلىشىنى تۆت ماددىنىڭ تەسىر قىلىشى ۋە رولىدىن بولىدۇ دەپ قارايدۇ .

1 . ئوت ، قۇياش ( ئاتەش ) : تەبىئىتى ئىنتايىن قىزىق ، ۋەزنى ناھايىتى يەڭگىل ، ھەرىكەتچان ، مۇرەككەپ بولمىغان بىر ماددا بولۇپ ، ھاۋانىڭ ئۈستىدە بولىدۇ . ئۇنى ، ھاۋا تەبىقىسى مۇھىتلىق دائىرە شەكلىدە ئوراپ تۇرىدۇ ، مەلۇم پەسىلدە ، كېچە - كۈندۈز ، يەر شارىنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىغا مۇۋاپىق ئىسسىق يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ . ھاۋا قاتلىمىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ . نەرسە ۋە جىسىملارغا ھاۋا ئۆتكۈزۈش ، تەركىبلەرگە ئاجرىتىش ، پىشۇرۇش ، سۇ ھەم تۇپراقنىڭ سوغۇقلۇقىنى تەڭشەش ، قاتتىق نەرسىلەرنى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆزگەرتىش ، بارلىق مەۋجۇداتلارغا تېگىشلىك رەڭ بېرىشتەك روللارنى ئوينايدۇ .

ئوتنىڭ مىزاجى ئىسسىق ھەم قۇرۇق بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىنساندىكى ۋەكىلى ( زاھىرى ) سەپرادۇر .

2 . ھاۋا ( باد ) : ۋەزنى جەھەتتىن نىسپىي يەڭگىل ، يەنى ئوتقا نىسبەتەن ئېغىرراق ، سوغا نىسبەتەن يەڭگىلرەك بولىدۇ . قۇياشنىڭ ئاستىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىسسىق ، سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھۆل ، يەنى تەبىئىيتى ، مىزاجى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ . ھاۋا ئۆزىنىڭ ھۆللۈكى بىلەن قۇياشنىڭ سۇ ۋە تۇپراققا بولغان ئارتۇقچە ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ . تەبىئەت دۇنياسىنى - بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ تۇرىدۇ ، جانلىق مەۋجۇداتلاردىكى ھاۋايى موھتەرىقە بىلەن ھاۋايى نەسىمنىڭ ئالمىشىشىدا ئالاھىدە رول ئويناپ ، بارلىق جانلىقلارنىڭ نورمال ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە رول ئوينايدۇ .

ئۇنىڭ ئىنساندىكى ۋەكىلى قان بولۇپ ، ئورنى جىگەردە بولىدۇ .

3 . سۇ ( ئاب ) : ۋەزنى جەھەتتە تۇپراقتىن يەڭگىل ، ھاۋادىن ئېغىر بولغاچقا ھاۋانىڭ ئاستىدا تۇپراقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ . سۇنىڭ ئېقىش ۋە يامراش خۇسۇسىيىتى بولغاچقا جانلىقلارغا تېگىشلىك بولغان ئوزۇقلۇقلارنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ، پايدىسىز بولغان نەرسىلەرنى سىرتقا ئېقتىپ چىقىرىش رولىنى ئۆتەيدۇ . نەرسىلەرنى قۇ-

ياش ئىسسىقلىقى، تۇپراق قۇرۇقلۇقى تەسىرىدىن بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

سۇنىڭ تەبىئىيتى سوغۇق ھەم ھۆل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىدىكى ۋەكىلى بەلغەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. تۇپراق (خاك): ۋەزنى جەھەتتە ھەممىدىن ئېغىر بولۇپ، سۇنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ شەكلى، سۈپىتىنى ساقلايدۇ. سۇنىڭ ئارتۇقچە ھۆللۈكىنى ۋە قۇياشنىڭ ئارتۇقچە ئىسسىقلىقىنى پەسەيتىپ، ئۆزىنى نورمال ئېقتىداردا ساقلاپ تۇرىدۇ، بارلىق جانلىقلارغا بولغان ئوزۇقلۇقنى يېتەرلىك مىقداردا ساقلاپ تۇرىدۇ. ھەم بارلىق جانلىقلارنى ئۆسۈپ يېتىلىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەبىئىيتى قۇرۇق ھەم سوغۇق بولۇپ، ئىنساندىكى ۋەكىلى سەۋدادۇر.

ھادىسىلەر خاراكتېرىنىڭ تۆت ماددىغا تەئەللۇقلۇقى:

قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ يالغۇز، يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، بەلكى باشقا شەيئىلەر بىلەن زىچ ئىچكى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش (ئايرىدە قىلىش)، بىر ـ بىرىنى تىزگىنلەش (دەخلى قىلىش) مۇناسىۋىتى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ماددىنىڭ مىزاجى، خاراكتېرىنى ۋەكىل قىلىپ تۇرۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى شەرھلىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر ھېكىم ـ ئالىملىرى ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمىتىگە مۇھىم تەسىرى بولغان تۆت ماددىنىڭ مىزاجى، خاراكتېرىنى تىببىي ساھەگە قوللىنىپ ۋە كەڭ تۈردە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغان. مەسىلەن: خىلتلار، ئىچكى ئەزالار (رەئىس ئەزا، ياردەمچى ئەزالار)، توقۇلما ۋە پاتولوگىيىلىك (تەپپەرۇقتىسال)، فىزىئولوگىيىلىك (سۇ ئىلمىزاج) ھادىسىلەرنىڭ مىزاجى، رولى، ھالىتىنى ئايرىم ـ ئايرىم، ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراققا تەئەللۇقلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ

فىزىئولوگىيىلىك ، پاتولوگىيىلىك مۇرەككەپ ئۆزگىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئادەم بەدىنى بىلەن سىرتقى مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى رولىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن .

ئۇيغۇر تىبابىتى ئادەم بەدىنىدىكى خىلتلار ، ئىچكى ئەزالار ۋە ئەزالار قاتارلىقلارنى تۆت ماددىغا تەئەللۇقلاشتۇرغان ھەم ئۇنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ ، ئادەم بەدىنى ئىچكى ۋە سىرتىنىڭ بىرلىكىنى تۈزۈپ چىققان .

شەيئىلەرنى تۆت ماددىغا تەئەللۇقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇسۇل ئاساسىي جەھەتتىن ئادەتتىكى ئوت ، ھاۋا سۇ ، تۇپراقنىڭ ئۆزى بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى تەقلىد قىلىنىپ ، ئوخشمايدىغان شەيئىلەرنىڭ مىجەزىنى يىغىنچاقلاشتىن ئىبارەت . مەسىلەن : ئوتنىڭ مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق ، يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ . قىزىل رەڭدە بولىدۇ . ئىشقىلىپ مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلارنى يىغىنچاقلىغاندا ئوتقا تەئەللۇق بولىدۇ . ھاۋا ، سۇ ، تۇپراقلارمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ . قاتارلىقلار . شۇڭا تىبابەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان تۆت ماددا ، ئەمەلىيەتتە تۆت خىل ئوخشمايدىغان مىزاجلار خاراكتېرىنىڭ تەقلىد ئۇقۇمىدىن ئىبارەت .

ئەمدى ، تۆۋەندە ئەنە شۇ تۆت زات كۆز قارىشى ئاساسىدا تۈزۈلگەن « قۇجۇ رېتسېپلىرى » نى بىرقانچە نۇقتا بويىچە ئانالىز قىلىپ كۆرەيلى :

1 . « قۇجۇ رېتسېپلىرى » دا ئىپادىلەنگەن كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى :

(1) يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى . (2) بەش ئەزا ــ كۆز ، قۇلاق ، بۇرۇن ، تاماق ۋە چىش كېسەللىكلىرى . (3) نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى . (4) سۈيدۈك ۋە تاناسىل ئەزا كېسەللىكلىرى . (5)ھەر خىل ئىچكى ئەزا كېسەللىكلىرى . (6) تېرە كېسەللىكلىرى . (7) ئەسەبىي ( نېرۋا ) كېسەللىكلىرى . (8) ئۆسمە گۆش ( سۆگەل ) ، (9) ھەر خىل تاشقى كېسەللىكلەر . . .

2 . « قۇجۇ رېتسېپلىرى » نىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى :

1) دورىلارنى ياساش، تەييارلاش ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئىزھار قىلىش ئۇسۇللىرى دىققەتكە ئەرزىيدۇ. مەسىلەن، دورىلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتمەسلىك ياكى بەلگىلىك مىقدارغا كەلگۈچە قاينىتىش، سۈزۈپ تەييارلاش، سوقۇپ تەييارلاش قاتارلىقلار.

2) دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دە ئىپادىلىنىشىچە، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەينى زامانلاردىلا كامالەتكە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، بەلگىلىك كۈن، بەلگىلىك ۋاقىتتا دورا ئىستېمال قىلىشنى تەكىتلەش، مەسىلەن، بەزى دورىلارنى ئىشلىتىشنى يېڭى چىققان ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە (سۆگەلنى يوقىتىش دورىسىنى) بېكىتىپ قويۇشلىرى... قاتارلىقلاردىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كۆپ ئەسىرلەر داۋام قىلغان تەجرىبىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن.

3) ئىچىشكە بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ بىرمۇنچە ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ، جۈملىدىن قۇجۇ تىبابەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك مۇنداق ئىككى تەرەپتە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ: بىرى، دورىلارنىڭ بەدبۇي تەملىرىنى يوقىتىش؛ ئىككىنچىدىن، دورا بىلەن بىرگە ئوزۇقلۇق قىممىتى، يەنى قۇۋۋەت پەيدا قىلىش رولى زور بولغان ماددىلارنى، تاماقلارنى، دورا بىلەن بىرگە ئىشلىتىش.

4) دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى ھەققىدە قۇجۇ تېۋىپلىرىنىڭ كەڭ بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ دورىلارنىڭ كېسەل ئەڭ ئېغىر جايلارغىچە يېتىپ بېرىشىغا ـــ سۆيدۈك يوللىرىغا قەدەر دورىلارنى كىرگۈزۈپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئارقىلىق، داۋالاش ساھەسىنى كېڭەيتكەنلىكى ۋە نازۇكلاشتۇرغانلىقى «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دىن مەلۇم بولىدۇ.

5) «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دە دورىگەرلىك سايمانلىرىنىڭ ناھايىتى مول لۇقى بىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قۇجۇ تېۋىپلىرىنىڭ ھەر خىل دورىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل تەييارلايدىغانلىقى بايقىلىدۇ.

6) قۇجۇ تېۋىپلىرى دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشكەن. دورىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى خەلق ئارىسىدىكىدەك تەخمىن مۆلچەرلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنماي، بەلكى ئېنىق ئۆلچەملىك مىقداردا ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دا نامايان بولۇشى قۇجۇ تىبابەتچىلىكىنىڭ ئىلمىيلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ.

7) «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دا ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان دورىلار ناھايىتى كۆپ. بۇنداق ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز يېرىدىن ئېلىنغانلىقى ئۇ دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىدىن مەلۇم بولىدۇ. خەلق بۇ ئۆسۈملۈكلەردىن ئۆزلىرىمۇ دورا ياسالايدۇ.

8) قۇجۇ تېۋىپلىرى كېسەل داۋالاشتا ئورگانىك ماددىلارنى بەك كۆپ قوللانغان. ئۇلارنىڭ توقۇلمىلار بىلەن داۋالاشنى يولغا قويغانلىقى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تارىخىدا بەك ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر. چۈنكى ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىن پايدىلىنىشقا ئىمكان تاپالىغانلىكى نەرسىلەردىن تولۇق پايدىلانغان.

9) «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دا زېمىندىن ـ كاندىن ئېلىنغان دورىلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە تۇز جىنسلىق ماددىلار ۋە تۇز كۆپ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن ئەينى زامانلاردىكى تېۋىپلىرىمىزنىڭ خىمىيىلىك تەجرىبە ـ سىناقلارنىمۇ كۆپ ئېلىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

10) «قۇجۇ رېتسېپلىرى» دا ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان دورىلار ۋە ئۇلار ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر بەك كۆپ. قۇجۇ تېۋىپلىرى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان دورىلارنى ھەم دورىلىق ھەم ئوزۇق ـ قۇۋۋەت سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشكەن: ھەتتا ئۇلارنىڭ (ھايۋاناتلارنىڭ) تېرىسى، مۈڭگۈزى، گەندە ـ سۆيەكلىرىنىمۇ ئىچىشكە ۋە سىرتتىن ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. قۇجۇ تېۋىپلىرىنىڭ ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان بۇنداق ماددىلارنى كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرىگە قاراپ ئىستېمال قىلغان ئۇسۇللىرى ۋە تاللاش تەدبىرلىرى ئۇلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

11) « قوٗجوٗ رىتسىپلىرى » نىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى يۇقىرىقىلار-دىن باشقا يەنە نۇرغۇن نۇقتىلار بويىچە مۇلاھىزە قىلىشمۇ مۇمكىن. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ رىتسىپلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى يەنە شۇنىڭ-دىمۇ ئىپادىلىنىدىكى، تىبابەتچىلىككە دائىر بۇ « پارچە ئەسەر » بىر يەردىن تەرجىمە قىلىنغان نەرسە بولماي، بەلكى ساپ يەرلىك بىلىملەرگە يۆلەنگەن ھالدا، قوٗجوٗ تېۋىپلىرىنىڭ، خەلقنىڭ تەجرىبە ۋە كۆزىتىشلىرىگە ئاساسەن توپلانغان ئىخچام يەكۇنلىرىدىن پۈتۈلگەندۇر.

3. « قوٗجوٗ رىتسىپلىرى » دا ھايۋانلاردىن ئېلىنغان دورا ئەشيالار:

1) گۆش

تۆگە گۆشى، ئۆچكە گۆشى، قارلىغاچ گۆشى . . .

2) مېگە

كەكلىك مېگىسى، توشقان مېگىسى، ئۇلار مېگىسى ( تاغ توخۇ-سىنىڭ مېگىسى ).

3) جىگەر

ئۆچكە جىگىرى ( قارا ئۆچكىنىڭ يېتىم ئوغلىقىنىڭ جىگىرى ).

4) ئۆپكە

تۆگە ئۆپكىسى.

5) ئۆت

ئۆچكە ئۆتى، بېلىق ئۆتى، ( ئىنسان ئۆتى )، چوشقا ئۆتى، كالا ئۆتى، توشقان ئۆتى، كەكلىك ئۆتى، قارىغۇ چاشقان ئۆتى، توخۇ ئۆتى . . .

6) سۈت

ئۆچكە سۈتى، قىزىل ئۆچكە سۈتى، ئوغۇل بالا تۇغقان ئايال سۈتى، كالا سۈتى، ئىت سۈتى، قوي سۈتى، تۆگە سۈتى.

7) ماي

سېرىق ماي، ھۆكۈز يېغى، ئىنەك يېغى، توخۇم مېيى، ئۆلۈك مۈشۈك يېغى . . .

8) مۈگگۈز

كالا مۈڭگۈزى، قوي مۈڭگۈزى، بوغا مۈڭگۈزى.
9) تېرە ـ پوست
ئىت تۈكى، توشقان تۈكى، كىرپە تېرىسى، ئىلان تېرىسى ( قاسرىقى ) . . .
10) سۈيدۈك
( ئادەم سۈيدۈكى ) ، هۆكۈز سۈيدۈكى، تۆگە سۈيدۈكى . . .
11)ماياق ـ تېزەك
قارا هۆكۈز تېزىكى، يايلاقتىكى تۆگە تېزىكى، بۆرە تېزىكى، توشقان مايىقى، كەپتەر مايىقى.
12) سۆڭەك
بۆرە سۆڭىكى.
13) تىل
بۆرە تىلى.
14)ئىپار.
4 . « قۇجۇ رېتسېپلىرى » دا ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان دورا ئەشيالىرى ئانار، سېرىق چاكاندا، تېۋىلغا، قىچا ئۇرۇقى، قارا ياغاچ قوۋزىقى، قارا ئۈن، قارا مۇچ، تۈكلۈك ئۇرۇك پوستى، سۈكپياز پوستى ۋە يىلتىزى، بېدىيان، زىغىر ( زىغىر مېيى ) ، زەپەر، قۇناق ئۈنى، ئارپا يارمىسى، ئۈژمە ( جۇجەم ) ، ئۈزۈم، ( سېرىق ماڭگۇ ؟ ) ، قىزىل چىندان، ئاق چىندان، قۇشىدى، كۈنجۈت ۋە كۈنجۈت مېيى، ئۇرۇك مېغىزى، ئەشكەك تۈزى ( بىر خىل ئۆسۈملۈك ) ، ھەشقىپىچەك گۈلى، دارچىنى، ( سېرىق كۆجە، ئاق كۆجە، قارا كۆجە ) ، تېرىق ئۈنى، قولۇم گۈلى، ئاق ئۈن، كەندىر شىبخى، (قۇندۇز قەرى ) ، پىياز، پىياز يىلتىزى، سامساق، سامساق يىلتىزى، ئۈزۈم شىبخى، قىزىل ۋە ئاق سەندەل، قارا تۈبىن يۇمغاق ( بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى ) ، يۇلدۇرغان ( بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى ) چېچەكى، توغراق يىلىمى، شېكەر، قارا چىگسەي، ئىت ئۈزۈمى، نوقۇت، پۇرچاق . . .
5 . يەردىن ۋە كاندىن ئېلىنىدىغان دورىلار ( ۋە تالقانسمان نەر-

سىلەر ) نۆشۈدۈر ، يار تۇزى ، سىناب ، قارا تۇز ، مىس ( مىس قېرىندىسى ) ، سىگىر ( بىر خىل تاش ) ، ئۇپا ، ئۇن ، توپا ، ھەرخىل تېرىلەرنىڭ كۈللىرى ، قورۇلغان ۋە سوقۇلغان كۈنجۈت ، پىششىق گەج ، ئۆپكە تالقىنى ، ( خېمىر ) ، ( لاي ) ، سوقۇلغان ئۆرۈك مېغىزى ...

6 دورىگەرلىكتە ئىشلىتىلگەن جاھازىلارنىڭ مەلۇملۇقى

تاسقاش ئۈچۈن : ئەگلەك ، سوقۇش ۋە يېرىش ( ياما قىلىش ) ئۈچۈن : ھاۋانچا ، ياغۇنچاق ، قىيما ۋە توغراش ئۈچۈن : گۆش تاختىسى ، پىچاق ، جادۇ قاتارلىقلار . قاينىتىش ۋە كۆيدۈرۈش ئۈچۈن : قازان ، ئوچاق ، چوغدان ، ئارىلاشتۇرۇش ، قوچۇش ۋە كەمچەنلەش ئۈچۈن : ھەر خىل قاچىلار ، قوشۇق ، چۆمۈچ ، كەپكۈر ، سۈزگۈچ ، تاۋا ، ( لاي ، ساپال ، ئىدىشلار ) ، تارازىلار ، باشقىلار ( ئوت ، يىپ ، رەخت ، قەغەز ) .

7 . دورا ئۆلچەملىرى

باقىر — ئون باقىر بىر سەرگە تەڭ ⑬

بادىر — سۈيۇقلۇق ئۆلچىمى .

سۈگگۈك ـ ( ئۆلچەم ) .

تۈز ئۇلۇش — باراۋەر مىقدار .

پىچاق ئۇچى مىقدارى .

خالتا ئۆلچىمى

بىر قاچا مىقدارى ، قوشۇق مىقدارى ...

8 . دورا ياسالمىلىرىنىڭ تۈرلىرىنىڭ مەلۇملۇقى

مەلھەم — يارا مەلھىمى ، قايناتما ، دەملىمە ، تالقان ، يارما ، ئارىلاشما ، ئېرىتمە ، مەجۇن يەنى كومۇلاچ ياكى خېمىر ، قايناتما كۆپۈكى ، ئوتقا كۆمۈلمە ، بەلگىلىك مىقدار قالغۇچە قاينىتىلغان قايناتما ، مەلۇم ماددىنى كۈل قىلىپ كۆيدۈرۈلگەن كۆيدۈرۈلمىسى ...

9 . ئىچىدىغان دورىلارنىڭ باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوللىنىش ئۇسۇلى

گۆش سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ، ئىسسىق سۇدا ئېرىتىپ ( ياكى ئۆتىتىپ ) بېرىش ؛ ئۈزۈم سىركىسى ، بوزا ، مۇسەللەس ، قۇرۇق

ئۈزۈم سۈيى، ئايالىلارنىڭ سۈتى بىلەن سىماب سۈيى، ئىلمان سۇ، ھەسەل، سىركە بىلەن ئىنەك يېغى، سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ (ياكى قوشۇپ) ئىچكۈزۈش، سوۋۇتۇپ ئىچكۈزۈش، قېتىق بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈش...

10. دورىلارنى ئىشلىتىش ۋاقتى

سەھەردە — ئاچ قورساققا ئىچكۈزۈش، كەچتە - ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچكۈزۈش. ئۇچ كۈن ئۇدا ئىچكۈزۈش، ئۇسسىغاندائىچكۈزۈش.

11. داۋالاش شەكىللىرى

دورىنى يارىغا ياكى زەخىملەنگەن ۋە ئاغرىغان ئورۇنغا چاپلىماق ياكى تاڭماق، قولتۇققا، يانپاشقا ياقماق (سۈرمەك)... سۇلۇق دورىلارنى ئىچكۈزمەك، تالقان دورىلارنى قومۇش بىلەن گالغا پۈركۈمەك، قۇلاققا، بۇرۇنغا تېمىتماق، ماڭلايغا، كۆزگە سۈرمەك، توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ لېيىنى سۈگەلگە سۈرمەك، غەرە - غەرە قىلماق، يۇتقۇنچاققا دورا پۈركۈپ كىر گۈزمەك، سۈيدۈك يولىغا دورا كىرگۈزۈمەك، گالنى ئىسلىماق، چاتىراقنى ئىسلىماق، چىش ئۈستىگە دورا باسماق، دورا ئارىلاشتۇرۇلغان سۇ بىلەن يۇماق، بۇرۇنغا تۇتۇپ پۈرىماق، يۈزگە سۈرتمەك، نەيچە بىلەن شورىماق، قۇلاققا تىقماق...

«قۇجۇ رېتسېپلىرى» توغرىسىدىكى مۇلاھىزىنى يىغىنچاقلىساق، بۇ تىببىي ھۆججەتتىكى مەلۇماتلاردىن — مەيلى كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى، مەيلى دورا ئەشيالىرىنىڭ تاللىنىشى جەھەتلەردە بولسۇن. قۇجۇ تېۋىپلىرىنىڭ ئەينى زامانلاردا ئۆز كەسپىنى يۇر گۈزۈشتە تۆت زات كۆز قارىشىنى ئاساس قىلغانلىقىنى بايقايمىز. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تىبابەتچىلىكتىن قالغان بۇ ھۆججەتلەر بىزگە شۇ دەۋرلەردە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكنىڭ ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى مەلۇم تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەنقەرەدە — «تۈرك تارىخى قورۇمى نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1981 - يىل نەشر قىلىنغان ئارسلان تېرزىي ئوغلىنىڭ «تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا تەسىس قىلىنغان كېسەلخانىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، تىبا-

بەتچىلىك خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان قۇجۇدا ئەينى دەۋرلەردىكى بۇتخانىلارنىڭ ھەم تىببىي مەكتەپلىك ، ھەم كېسەلخانىلىق رول ئوينىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ . بۇ پىكىر يۇقىرىقى كۆز قارىشىمىزنى ، يەنى قۇجۇ تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەينى دەۋردە يۇكسەك مەۋقەگە ئېرىشكەنلىكىنى دەلىللەشكە كۇپايە قىلسا كېرەك .

« قۇجۇ رېتسېپلىرى » ئۇستىدىكى مۇلاھىزەمنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆزرىلىك بىر پىكىرىمنىمۇ ئېيتىمەنكى ، تىببىي ساھەدە مەن كەسىپ ئەھلى ئەمەس . ناھايەنكى ، مەن « قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى » ھەققىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئىشىمنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋەجىدىن بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ( يەنى قۇجۇ تىبابەتچىلىكى ھەققىدە ) خادىملارنىڭ ۋە تىببىي ساھەدىكى تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن خېلى ئەتراپلىق پايدىلاندىم . بۇ ناتىۋانلىقىم ئۈچۈن شۇ ئۇستازلاردىن ئەپۇ سورايمەن .

ئاخىرقى سۆز شۇكى ، قۇجۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك بىر ساھەسى بولغان « قۇجۇ رېتسېپلىرى » نى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زوردۇر ( ئەلۋەتتە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ قولى بىلەن بولغاندا ) ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئەينى دەۋرلەردە پۈتۈن دۇنيا بويىچە سېھرى ـ جادۇگەردەك مەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالاشقا ھەرىكەت قىلىش ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان شارائىتتا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي يوللار بىلەن كېسەللىكلەرنى داۋالاش چارىلىرىنى ئىزلەنگەنلىكى ، بەكمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش . بۇ ، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەرەققىيات دەرىجىلىرىنى چۈشىنىشتە بىر تىپىك نامايەندە بولالايدۇ .

## ئىزاھاتلار

① دوكتۇر ئا . سۇھەيل ئۇنۇەر : « ئۇيغۇرلاردا تىبابەت » ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ 30 ـ يىللىقىغا توپلام — « ئۇيغۇر تىبابەت چولپىنى » نىڭ 133 ـ بېتىدىن .

② ئى . پاۋلۇۋ : « تاللانما ئەسەرلەر » 246 ـ بەت .

③ « قام » — شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىچىدىكى ئالىم، تېۋىپ، « باخشى » ئەسلىدە ئىلىم ئەھلىلىرى، ئالىملارنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، كېيىنچە مەناسى كۆچمە مەنادە ئىستېمال قىلىنىپ، پېرىخون دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

④ بىرىنچى ئىزاھاتتىكى توپلامنىڭ 27 ـ بېتىدىن.

⑤ « شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى » 1 ـ بەت. ش. ئۇ. ئا. ر. سەھىيە نازارىتى ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن. 1983 ـ يىل، مارت.

⑥ لولۇلۇ: « ئۇيغۇر تىبابىتى مىراسلىرىنى قېزىش ۋە رەتلەشتىكى يېڭى نەتىجە » — ( 5 ـ ئىزاھاتتىكى توپلامنىڭ 32 ـ بېتىدىن ).

⑦ ئا. سۇھەيىل ئۈنۋەر: « ئۇيغۇرلاردا تىبابەت » تۈركچە، 1936 ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى، 13 ـ بەت.

⑧ بىرىنچى ئىزاھاتتىكى توپلامنىڭ 26 ـ بېتىدىن.

⑨ بۇ بايانلار « شىنجاڭ سىغەن داشۆ ئىلمي ژۇرنىلى » نىڭ 1984 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىدىكى تىببي ئىلىم ھەققىدە » ناملىق ماقالىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

⑩ ئادەم بەدىنىدىكى سەپرا، سەۋدا، قان، بەلغەمدىن ئىبارەت تۆت خىلت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑪ « قۇتادغۇ بىلىك » تىن ئېلىنغان بېيتلار « قۇتادغۇ بىلىك » نىڭ 1984 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەزمى نۇسخىسىدىن ئېلىندى ( كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بېيتلارنىڭ ئەسلىسى ئېلىنماي، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسى ئېلىندى ).

⑫ ستات ئېلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى نەزەرىيىلىرى يۇسۇپ ھاجىنىڭ « قانۇنچە » ناملىق مىللىي تىبابەتچىلىك قوللانمىسىدىن ئېلىندى ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان. 1975 ـ يىل )، تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇ كىتابتىن.

⑬ ⑭ ئۆلچەملەرگە بېرىلگەن بۇ ئىزاھلار ئا. سۇھەيىل ئۈنۋەرنىڭ « ئۇيغۇرلاردا تىبابەت » ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى ( 1 ـ ئىزاھاتتىكى توپلامنىڭ 105 ـ بېتىدىن ).

# ئونىنچى باب

## ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى يوللار

ئىدىقۇت زېمىنىدا، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى، ھونلار، خەنزۇلار، تۈركلەر، تىبەتلىكلەر ۋە باشقا خەلقلەر ياشاپ ئۆتكەن؛ ئىدىقۇت زېمىنىدىن زور - زور قوشۇنلار، دىندارلار، سەيياھلار، سودا كارۋانلىرى، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇرغان. شۇڭا، ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنى بايان قىلىدىغان بۇ مەخسۇس ئەسەردە، مۇھىم بولغان بىرقانچە يولنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ بىلىمىز.

شەرقتىن باشلىنىپ، قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن، قارا شەھەر، كورلا ۋە كۇچارلارنى بېسىپ ئۆتىدىغان غول لىنىيە ھەممىگە مەشھۇر بولغان «يىپەك يولى» دۇر. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بىرقانچە يول بار.

مىلادى 840 - يىللاردا ئورخۇن بويىدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن 15 قەبىلىنى ئۇيغۇر يولباشچىلىرىدىن بولغان پان تېكىن موڭغۇل دالالىرىدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ باشلاپ، ئالتاي، بەيتىك تاغلىرىدىن ھالقىپ، تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە توختىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئەينى چاغدا 200 مىڭدىن ئۇشۇق كۆچمەنچى موڭغۇل دالاسىدىن ئۇدۇل جەنۇبقا مېڭىپ، چۆل ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، بارىكۆل ئارقىلىق قۇمۇل بىلەن تۇرپانغا كېلىشى تەس ئىدى. قارا شەھەرگە ھوجۇم قىلىپ، بۇ يەرلەرنى كونترول قىلىۋالغان، شۇنىڭدەك بۇ كۆچمەنلەر ئالدى بىلەن بېشبالىققا تېگىش قىلىپ، ئاندىن تۇبۇتلارنى يېڭىپ، 20 يىللار ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاندىن شۇ غەلىبە ئاساسىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغانىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ۋە ئورخۇن مەڭگۈ تاش

تېكىستلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بېشبالىق قاتارلىق جايلار ئىلگىرىلا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەسەررۇپىدا بولۇپ، مىلادى 794 - يىللىرى ئورخۇن ئۇيغۇر چېرىكلىرى تۈبۈتلار بىلەن بېشبالىقنى تالىشىپ قاتتىق جەڭلەرنى قىلغان.

دېمەك، ئىدىقۇت، بېشبالىق شەھەرلىرىدىكى خەلق بىلەن ئورخۇن خانلىقى خەلقلىرى، ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بېرىش - كېلىشلەر بولۇپ تۇرغان، بەلكى بۇنداق بېرىش - كېلىش يولى بېشبالىق، مورى زېمىنلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان يول بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن (چىڭگىزخانىنىڭ غەربكە قىلغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىدىكى قوشۇنمۇ مۇشۇ يول بىلەن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن).

شۇنداق بولغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى دەپ ئاتالغان بېشبالىقتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغان چۆل - يايلاق يولىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مۇھىم بىر يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۈبۈتلار مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 9 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەسىرىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىگىچە كېڭەيتكەنىدى. شۇ چاغلاردا ئۇلار خوخشىل تېغى، كوئىنلۇن تاغلىرىدىن ۋە ئالتۇن تاغلىرىدىن ھالقىپ، جەنۇبتا چارقىلىق، چەرچەن زېمىنلىرىدا، شىمالغا قاراپ قۇمقۇدۇق، قوشقۇدۇقلاردىن ئۆتۈپ دىغاي ئارقىلىق لوكچۇن، پىچانغا، چۆل تاغ، توغراق تېغى، تۇزلۇقلاردىن ئۆتۈپ تۇرپان زېمىنلىرىدا تىبەت ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئىزلىرىنى ھەم قالدۇرغانىدى.

تۈبۈتلار مانا مۇشۇ جەنۇب — شىمال ئارىلىقىدا، ئىدىقۇت زېمىنىغا كېلىدىغان ئىچكى يولنى (چۆلتاغ يولىنى) ئاچقانىدى. تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا، پىچان، دىغايدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، قومۇش بۇلاق، جەرەن بۇلاق، بۆرى بۇلاق، ئاتمىش بۇلاق، ئۈزۈن بۇلاق... دېگەن شور بۇلۇقلاردىن ئۆتۈپ، قوشقۇدۇق، قۇمقۇدۇقلار ئارقىلىق چىڭخەي — شىزاڭ چېگرىسىغا ئۇلاشقىلى بولىدۇ. مۇشۇ

بۇلاقلارنىڭ ئارىلىقلىرى ئاتلىق ئادەمگە بىر كۈنلۈكتىن يول بولۇپ، بەزى بۇلاقلارنىڭ سۈيى ئازراق تاتلىق، ئىچىشكە بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ سۈيى شورلۇق، تۇزلۇق، ئاچچىق بولۇپ، پەقەت چۆل ھايۋانلىرىلا ئىچەلەيدۇ. بىراق، ئەينى زاماندا تۇبۇتلار بۇ يوللاردا ئاز كەم بىر ئەسىرگە يېقىن قاتنىغانىدى.

يەنە بىر مۇھىم يول — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق ئوردىسى ئىدىقۇت شەھىرى بىلەن يازلىق ئوردىسى بېشبالىق ئوتتۇرىسىدىكى يولدۇر.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، بۇ يولنىڭ ئېچىلغىنىغا 3000 يىلدىن ئاشىدۇ.

ئىدىقۇت — بېشبالىق يولى - تۇرپان ئاستانىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىن باشلىنىپ بۇيلۇق، تارلاڭ، ئۇلۇغ بۇلاقلار ئارقىلىق يوغان تېرەككە تۇتىشىدۇ. تۇرپان شەھىرىدىن ماڭغاندا ئۆتەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇساپىلىرى مۇنداق:

| ئۆتەڭ ئىسمى | مۇساپىسى (يول): |
|---|---|
| تۇرپان يېڭى شەھەر | 0 |
| باش كېچىك | 60 |
| شاپتۇللۇق | 75 |
| سىڭاتاغ | (؟) |
| ئېشەك داۋىنى | 144 |
| چوقۇتام | 121 |
| يوغانتېرەك | 131 |
| چېلەك تۇز | 164 |
| ئات ئويناق | 173 |
| ئاياغ تاش ئۆڭكۈر | 181 |
| يۇقىرى تاش ئۆڭكۈر | 186 |
| قۇم داۋان | (؟) |

چوك داۋان بېشى 196
باش كۆۋرۈك 205
پەن ئوپا (؟)
چەنزىگەي 251
شىباخو يېنىدىكى ئاچال 295
گۇچۇڭ 363

ئىدىقۇت ــ بېشبالىق يولى 1988 ـ يىلى يازدا پېشقەدەم ئېنژېنىر، كارتوگراف مۇتەخەسسىسى نىيار كېرىمى ئەپەندى تەرىپىدىن ئەمەلىي ئۆلچەپ چىقىلغان ①. مۇشۇ يول ھەققىدىكى مەلۇماتلار شۇ ئالىمنىڭ ئەمگىكىدىن ئېلىندى.

ئىدىقۇت يولىرى ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە رېمونت قىلىنغان، بولۇپمۇ ئىدىقۇت ــ بېشبالىق خانلىق يولى كېڭەيتىلگەنىدى. بۇ يوللاردىن خەلق ھازىرغىچە پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

① نىياز كېرىمى ئەپەندىنىڭ ئىدىقۇت ــ بېشبالىق يولى ھەققىدىكى ماقالىسى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇرچە 1988 ـ يىل 11 ـ نويابىر سانى 4 ـ بېتىگە «جايلارنى تونۇشتۇرۇش» ماۋزۇسى بىلەن بېسىلغان.

# ئون بىرىنچى باب

## ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان بەزى خارابىلەر

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 850 ـ يىلى رەسمى قۇرۇلدى. 856 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خانلىق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. 866 ـ يىلى تۇبۇتلار تارىم ۋادىسىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىلدى. 1121 ـ يىلى قىتانلارغا قارام بولدى. 1209 ـ يىلىدىن باشلاپ موڭغۇل خانى ــ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى ( بىراق، چىڭگىزخان نازارەتچى تۇرغۇزۇپ، ئىچكى ئىشلارنى يەنىلا ئۇيغۇر خاقانلىرى باشقۇردى )، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋارىسلىرى گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ دېگەن يېرىگە كەتتى. 1397 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن ئىدىقۇت زېمىنى ئىسلام غازاتچىلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل پەتھى قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن يۇكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر بوددا مەدەنىيىتى خارابىلىشىشقا يۈزلەندى. كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا، خارابىلىككە ئايلانغان ئورۇندىن ئوقتىلىق ھالدا ئۈچ ئورۇننىلا بايان قىلىپ توختايمىز.

### قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى

قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىن 50 كىلومېتىر چە شەرق تەرەپتە ــ قاراغوجا بىلەن ئاستانە ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى قۇرۇلغان.

قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى ھەربىي ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن، تارىخىي باسقۇچلاردا، بەزىدە ئۇ مىللەتنىڭ، بەزىدە بۇ خەلقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرغان، بۇ رايوندا بەزى خەلقلەر قىسقا مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا، بەزى خەلقلەر ئۇزۇن مەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى. نىھايەت، ئالدى قۇس دەۋرىدىن تاكى

بۈگۈنگە قەدەر ، ئىدىقۇت شەھىرى ، يارغول ، ئۈرۈمچى ، بېشبالىق قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ( يەنى هازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېتنىك تەركىبلەر ) ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىزچىل ياشاپ كەلگەنىدى .

قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ، ھەربىي ستراتېگىيە جەھەتتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ، يىپەك يولى سودا تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ،شۇنىڭدەك ، تارىختا مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك ، غەربىي دىياردا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەھەرلەرنىڭ بىرى . كاشكى ، بۇ شەھەر مىلادى 1275 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىدىكى دۇۋا بىلەن قايدۇ ئىسىملىك ئىككى قوماندان باشلاپ كەلگەن 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان يېرىم يىلغا سوزۇلغان قاتتىق جەڭدىن كېيىن ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن . شۇ مەزگىلدە ئىدىقۇتتا خان بولۇۋاتقان قوچقار تېكىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قۇمۇلغا يۆتكىگەن ، ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، بۇ مەشھۇر ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ خارابىلىشىشى باشلانغانىدى .

قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى 1961 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بىرىنچى تۈركۈمدە مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن .

هازىرقى خارابە ئىزىدىن ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنىڭ تاشقى شەھەر ، ئىچكى شەھەر ۋە ئوردا شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ .

بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر بولۇپ ، ئومۇمىي ئابيومى تەخمىنەن 2 مىليون كۋادرات مېتىر كېلىدۇ . خارابە ئىزلىرىدىن قارىغاندا ، غەرب ، جەنۇب تەرەپلەردىكى سېپىللار بىر قەدەر ئوبدان ساقلىنىپ قالغان . غەرب تەرەپتىكى سېپىلدا ئىككى قوۋۇق ، شەرق تەرەپتىكى سېپىلدا بىر قوۋۇق ئىزى قېپقالغان ، شىمال ، جەنۇب

تەرەپلەردىكى سېپىللاردىمۇ ئىككىدىن قوۋۇق ئىزى مەلۇم بولىدۇ.
تاشقى شەھەر ئاساسەن چاسا شەكىلدە بولۇپ، سېپىللىرى سېغىر تۇپىدىن خامداپ سوقۇلغان. سېپىل سىرتىغا خەندەك سوقۇلغان. شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپلىرىدە كۆلىمى چوڭ بولغان ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇبتا كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئىبادەتخانا قالدۇقى بار. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇب ۋە شەرقىي تەرەپلىرىدە ئىككى رەستە ئىزى بار. جەنۇب ۋە شىمالدىكى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا بىر مەيدان، جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ كەينىدە بىر مەيدان بار. قىسقىسى، تاشقى شەھەرگە چوڭ ـ چوڭ مانى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، كۆپلىگەن ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى، ھۈنەر ـ كەسپ كارخانا، دۇكانلىرى ھەمدە سودا ـ سېتىق رەستىلىرى جايلاشقانلىقى مەلۇم.
ئىچكى شەھەر ـ تاشقى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا. ئوردا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ شەھەرنىڭ غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋەيران بولغان بولسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئىچكى شەھەرنىڭ سېپىلى نىسبەتەن پاكارراق بولۇپ، 8 ـ 7 مېتىر ئەتراپىدا، لېكىن، قوۋۇق ئىزىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق تەس. ئىچكى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر قۇرۇلۇش ساقلىنىپ قالغان. شەھەر ئىچىدە ئۆيلەر ئىبادەتخانىلار، يول ـ رەستىلەر ناھايىتى زىچ، ئەمما رەتلىك، تەرتىپلىك كۆرۈنىدۇ.
ئوردا شەھىرى شىمالغىراق جايلاشقان. ئوردا شەھىرىنىڭ شىمالىي سېپىلى تاشقى شەھەر سېپىلى بىلەن بىر، جەنۇب سېپىلى ئىچكى شەھەرنىڭ شىمالىي سېپىلى بىلەن بىر قىلىپ ياسالغان. ئوردا شەھىرى قاتتىق ۋەيران قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى ھازىر ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنىڭ مۇھىم بىر سايا-

ھەت ئورنى بولۇپ قالدى .

## بېزەكلىك

« ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ بىرى . ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۈچ چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ( قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى ، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى ، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ) ، ئۈچ چوڭ دىن ( بۇددا دىنى ، ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ) ، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى ( ئورال ـ ئالتاي تىل سىستېمىسى ، خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسى ، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ) ۋە ئۈچ چوڭ ئىقتىساد ( چارۋىچىلىق ئىقتىسادى ، دېھقانچىلىق ئىقتىسادى ۋە يىپەك يولى سودىسى ) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان رايوندا ياشاپ كەلگەن خەلق بولغاچقا ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان . ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن بىرى تۇرپان مۇرتۇقتىكى بېزەكلىك » ①

« بېزەكلىك » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بېزەلگەن ، زىننەتلەنگەن جاي دېگەن بولۇپ ، « بېزەك » دېگەن سۆزنى خەلقىمىز مىڭلارچە يىللاردىن بېرى ئەرەبچە « زىننەت » ، « نەقىش » دېگەن مەنىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە . دېمەك ، « بېزەنمەك » سۆزىنى خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ « زىننەتلەنمەك ، ياسانماق ، پەرداز قىلماق ، نەقىشلەنمەك ، ئۆزىنى گۈزەل تۇسكە كىرگۈزمەك » دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە ئىشلىتىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم . شۇڭا ، « بېزەكلىك » سۆزى كەڭ مەنىدىن ئالغاندا ، تۈرلۈك بېزەكلەر ، رەسىملەر ، نەقىشلەر ۋە ھەيكەللەر بىلەن بېزەلگەن جاي ، سەنئەت ماكانى دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ .

« بېزەكلىك » دېگەن چىرايلىق ، ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم بىلەن

---

① ئىبراھىم مۇتىئى : « بېزەكلىك روھىي يەنىمۇ كۈچلۈك جەۋلان قىلغاي » « تۇرپان ژۇرنىلى » 1981 ـ يىل 1 ـ سان .

ئاتالغان بۇ سەنئەت ماكانى ــ تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، شەھەردىن 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان سىڭگىم ئېغىزىنىڭ مۇرتۇق ئېقىنىنى بويلاپ يۇقىرىغا تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىر ماڭغاندا يالقۇنتاغ سىستېمىسىنىڭ ئىچىدىن كېسىپ ئېقىپ چىققان غولىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئەگرى ـ توقاي تىك قىياغا جايلاشقان.

« بېزەكلىك » تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، سەنئەت ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر. ئۇنىڭ ياسىلىش سەنئىتىگە ۋە يەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، بۇ « بېزەكلىك » مىڭ ئۆيى مىلادى 6 ـ ئەسىرلەردە ياسىلىشقا باشلاپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە ( مىلادى 9 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە ) كېڭەيتىپ ياسىلىپ يۇقىرىقى باسقۇچقا يەتكەن. مىلادى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان رايونىدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن خارابىگە ئايلانغان.

« بېزەكلىك » ئەسلىدە ناھايىتى كۆركەم ياسالغان ئىبادەتخانا بولۇپ، ئەينى مەزگىللەردە زىيالىيلار توپلىنىپ تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان بىر جاي ئىدى. قەدىمكى دەۋردە مۇنداق مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى تۈرلۈك دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا زىيالىيلار قاتلىمى ئەنە شۇ دىنلارنىڭ راھىبلىرى، زاھىتلىرى، تويۇنلىرى، باخشىلىرى ۋە شەيخلىرىدىن ئىبارەت بولاتتى. ئۇلار، بولۇپمۇ بۇددا دىنى زاھىتلىرى گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىلىرى، بۇلاق بويلىرى ۋە دەريالارنىڭ مەنبەلىرىدە ئىستىقامەت قىلاتتى. « بېزەكلىك » مۇ بۇيلۇق، تۇيۇق ۋە يالقۇنتاغ، قۇرۇق تاغ، ئاق تاغدىكى مەنزىرىلىك جايلارغا ئوخشاش زىيالىيلار ئىستىقامەت قىلىدىغان خالىي جايلارنىڭ بىرى ئىدى. زىيالىيلار ئەنە شۇنداق خالىي جايلاردىكى ئىبادەتخانىلاردا بىر تەرەپتىن ئىستىقامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك دىنىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەنى تۈرلۈك تىللاردىن دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلاتتى. شېئىرلار

يازاتتى، نەققاشلىق ۋە رەسساملىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، غارلارنى ۋە كېمىر ئۆيلەرنى تۈرلۈك گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەيتتى. نورۇز ( يېڭى يىل ) بايرىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بايرام كۈنلىرى ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن تەقۋادار ئەر - ئاياللارغا ھەر خىل ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى.

« بېزەكلىك » ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئېلىپ بارغان مەدەنىي پائالىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ۋە بىزگە ناھايىتى باي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن پائالىيەت يازغۇچىلىق، تەرجىمانلىق پائالىيىتى ئىدى. تۇرپاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن يازما ھۆججەتلەر ۋە كىتابلار بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلى بولالايدۇ. شۇ مەزگىللەردە كىتابچە قىلىپ پۈتۈلگەن « ئوغۇزنامە » قاتارلىق باتۇرلۇق داستانلىرى « مايتىرى - سىمىت » قاتارلىق دىنىي ھېكايىلەر، « ئالتۇن يارۇق » ۋە « شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى » قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلەر ئەينى زاماندىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخنى، مەدەنىي ھاياتنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىناتتى.

« بېزەكلىك » مىڭ ئۆيى سەنئەتكارلىقىدا ئىمارەتچىلىك، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل سەنئەت شەكلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. ھازىر نومۇر سېلىپ رەتلەنگەن ئۆيلەر 57 ئېغىز بولۇپ، يېقىندىن يەنە 12 ئېغىز ئۆي تېپىلدى. بۇ ئۆيلەر ئاساسەن ئىككى خىل ئۇسۇلدا ياسالغان، يەنى تاغ باغرىنى ئويۇپ ياساش ئۇسۇلى بىلەن تۈز يەرگە كېسەك بىلەن قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ئۆيلەرنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق - چاسا ۋە تۆت چاسا بولۇپ، ئۇزۇنچاق - چاسا شەكىلدىكى ئۆيلەر ئەگمە تورۇسلۇق ياسالغان؛ بەزى ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەركىزىي يۆلەك قويۇلغان ۋە ئىچكىرى - تاشقىرى بىرنەچچە ئېغىز قىلىپ ياسالغان. تۆت چاسا ئۆيلەر گۈمبەز تورۇسلۇق، ئەگمە تورۇسلۇق، تۈز تورۇسلۇق شەكىللەردە ياسالغان. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا سۇپا، ياغاچتىن پېشايۋان، ئاسما كۆۋرۈك، پەلەمپەي، بۇددا مۇنارلىرى ياسالغان. دېمەك،

« بىرەكىلىك » مىڭ ئۆيىنىڭ ئىمارەتچىلىك سەنئىتىدە شۇ زاماندا، شۇ يەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى، نەققاشلىرى، ھەيكەلتىراشلىرى ۋە رەسساملىرى قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ھىندى، گرېك ۋە خەنزۇ سەنئەتلىرى بىلەن تونۇشقاندا ئۇنى ئاددىي كۆچۈرۈۋېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مىللىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى قوشۇپ، ئۆزىگە خاس بىر يېڭى ئىستىل ـ ئۇيغۇر ئىستىلىنى ياراتقان. جۈملىدىن، يەرلىك خەلق بىناكارلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك ئۇسلۇبقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ياراتقان ئىجادىيىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان « بىرەكلىك » ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم تارىخى قىممەتكە ئىگە.

ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلىرى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى مول مەزمۇنغىمۇ ئىگە. تام سۈرەتلىرىدە بۇددا ۋە بۇددساتىۋالارنىڭ ھەر خىل ئىشلىرى تەسۋىرلەنگەن، ئوبرازلار گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇددانىڭ يارالمىش قىسسىسى، نوم تەپسىر قىلىش قىسسىسى، نىرۋانىنى ئاساس قىلغان بۇددا ھېكايىلىرىنىڭ تىزما سۈرەتلىك باياnlىرى ( رەسساملىقتا تىزما رەسىملەر ئارقىلىق بىر ھېكايىنى باشتىن ـ ئاياغ بايان قىلىپ بېرىش سەنئىتىمۇ ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئىگىلىگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان بىر خىل سەنئەت فورمىسى ھېسابلىنىدۇ ) ۋە تاپىنغۇچىلار، سازەندىلەرنىڭ ئوبرازلىرى، يەرلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن ھەمدە بۇ مەزمۇنلار بىنا، راۋاق، تاغ ـ دەريا، كۆل ـ چېچەك، ھەر خىل مەنزىرە، نەققاشلار ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بېيىتىلغان. بۇ تام سۈرەتلىرى 6 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شۇ يەرنىڭ شۇ زامانلاردىكى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى، بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى بۇددىزم ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تام سۈرەتلىرىدىكى تاپىنغۇچىلارنىڭ سۈرەتلىرى شۇ مىڭ ئۆيلەرنى ياساش جەريانىدا پۇل چىقىرىپ سەدىقە قىلغان ۋە شۇ بۇددا سەنئەت ماكانىنى

بەرپا قىلىشتا ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ھەم زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئايانماستىن سەرپ ئەتكەن بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ سىمۋولىدۇر. تام سۈرىتىدىكى تاپىنغۇچىلارنىڭ سۈرىتى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلاردىن قارىغاندا، تاپىنغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى پادىشاھ ۋە بۇددىستلارنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەنئىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

«بېزەكلىك» مىڭ ئۆيى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىرنەچچە ئەسىرلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. ئەنە شۇ بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئىمارەتچىلىك ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇشلاردا بۇ سەنئەت ماكانىغا بىرقانچە مىللەتنىڭ بىرقانچە خىل دىنىي مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلىرى رەسساملىق سەنئىتى ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈلگەن. بۇنى تەبىئەتنىڭ كەڭ باغرىغا يېزىلغان مۇكەممەل بىر تارىخىي ئەسەر دەپ قەيت قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. «بېزەكلىك» نىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى «سىر» لىرى شۇ ساھەلەردە ئىزدىنىۋاتقان مەخسۇس ئالىملار تەرىپىدىن تەدرىجىي ھالدا ئېچىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇلماقتا.

شۇنىمۇ ئېيتىش زۆرۈركى، چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان بىر تۈركۈم يازما مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە قەدىمكى بۇيۇملاردىن باشقا بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بېزەكلىكنى تازىلاش، رەتلەش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا، سانسكرىت يېزىقى، قەدىمكى كۇچا يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تەرجىمىلەر، ھەر خىل ھۆججەتلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنىغا ئائىت ماتېرىياللار، يۇڭ - يىپەك توقۇلمىلار، ساپال قاچىلار، مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقچىلىرى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «بېزەكلىك» مىڭ ئۆيى يالغۇز بۇددا دىنى پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتخانا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

ئىلمىي تەتقىقات، مەدەنىيەت، سەنئەت پائالىيەتلىرىمۇ زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان. بۇ، «بېزەكلىك» تىن ئىبارەت بۇ سەنئەت ماكانىنىڭ تەبىئەتنىڭ كەڭ باغرىغا پۈتۈلگەن بىر تارىخىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئېنىق دەلىللەيدۇ.

دېمەك، «بېزەكلىك» ۋە ئۇنىڭدىن تېپىلغان تۈرلۈك مەدەنىي يادىكارلىقلار قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراس بولۇپ، تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مەدەنىيەت – سەنئەت، ئۆرپ – ئادەتلەرنى ۋە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بېزەكلىك» تۇرپانغا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن سىياسىي جەھەتتىن بەكمۇ ئېتىۋارسىز قالغانلىقى نەتىجىسىدە تەبىئەتنىڭ ئەسىرلەر بويى قىلغان رەھىمسىز ھۇجۇمى ئارقىسىدا ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نامى بىلەن قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيىنى مۇھاپىزەت قىلىش، تەتقىق قىلىش ئىلمىي ئارخىپىنى تۇرغۇزۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. بۇ ئورۇن 61 – يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەت بۇ ئورۇنغا بولغان ئاسراش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. مەن بۇ ئورۇننى پەقەت يۈزەكىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. بۇ تېخى كىتابخانلارنى قايىل قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي بىلىملەر بېزەكلىك توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتقان مەخسۇس ئالىملار تەرىپىدىن بايان قىلىنغۇسى. ئىلىمگە، تارىخقا قىزىققۇچى يولداشلارنىڭ تەشنالىقى ئەنە شۇ مەخسۇس خادىملار تەرىپىدىن بېرىلگەن مەلۇماتلاردىن قانغۇسىدۇر.

# قەدىمكى يارغول شەھرى

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىلا تۇرپان ئويمانلىقىدا ھەيۋەتلىك شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى تارىخي خاتىرىلەرگە پۈ-تۈلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە ئىزى ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن — قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى ۋە يارغول شەھىرىدۇر.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەر ۋە ئىمارەتلەر مەملىكىتىمىزدىكى تا-رىخىي مەدەنىي مىراسلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مەدە-نىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

ئەنە شۇ تارىخىي مەدەنىي مىراسلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى يارغول شەھىرى بو-لۇپ، ئۇ تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 10 كىلومېتىرچە غەربىگە جايلاشقان. شەھەردە سېپىل يوق، پەقەت دەريا جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىزلىكى 30 نەچچە مېتىر كېلىدىغان بىر سېرىق توپىلىق چوڭ تۆپىلىك بولۇپ، ئۇ خۇددى يالغۇز ئارالغا ئوخشايدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان دەريا سۈيىنىڭ يالىشى بىلەن تۆپىلىكنىڭ تۆت تەرىپى خۇددى شىلىپ قويغاندەك يارداڭلىققا ئايلىنىپ، شەھەرنىڭ تەبىئىي سېپىلى بولۇپ قالغان. شۇڭا يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ تەبىئىي ھالىتىگە قاراپ يارغول دەپ ئاتاشقان. بۇ ئىسىم يەنە «يار ئۈستىگە قويۇلغان شەھەر» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. دەريا سۈيى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاققان بولۇپ (ئەينى زامانلاردا بۇ دەريا يەسىللىك دەريا ئىدى — ئا) بۇ يەرگە كەلگەندە دەريا سۈيى تۆپىلىكنىڭ ئىككى تەرىپى-دىن ئىككى غول بولۇپ ئېقىپ، تۆپىلىكنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يەنە بىرلەشكەن. خەن سۇلالىسى دەۋردە شىنجاڭغا كۆچۈپ چىققان ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى خەنزۇ پۇقرالىرى بۇ يەرنى «جاۋخې»

( 交河 ) ( قوشما دەريا ) دەپ نام بېرىشكەن . بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى قولايلىق ھەم ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا ، ئۇنى ھەربىي سەركەردىلەر قەدىمدىن بۇيان تالىشىپ كەلگەن .

ئارالغا ئوخشاش بۇ ئېگىزلىك غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ ، خۇددى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ . ئۇزۇنلۇقى 1650 مېتىر ، ئەڭ كەڭ جايلىرى 300 مېتىر كېلىدۇ . جەنۇبىي تەرەپنىڭ سەل شىمالىدا 1000 مېتىر دائىرىدە ئىمارەتنىڭ ئىزلىرى ئۇچرايدۇ . بۇ ئېگىزلىكنىڭ تۆت ئەتراپى 30 مېتىر كېلىدىغان تامغا ئوخشاش تىك يار بولۇپ ، يەر تۈزۈلۈشى خەۋپلىك تەبىئىي قەلئەگە ئوخشايدۇ . شۇڭا شەھەرنىڭ ئەتراپىدا ـ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بەزىدە ئۈزۈلگەن ۋە بەزىدە يەنە ئۇلانغان تاملاردىن باشقا مەخسۇس « شەھەر سېپىلى » ياسالمىغان . شەھەر كوچىلىرى ئىدىقۇت كوچىلىرىدىن رەتلىك ۋە تولۇق بولۇپ ؛ ئىدىقۇت شەھىرىدىن پەرقى ـ شەھەرنىڭ بىر قىسمى يەر ئاستىغا ، بىر قىسمى يەر ئۈستىگە قۇرۇلغان . تاملىرى خاڭدالغان ، كۆتۈرۈلمە ئېگىز ، سۇ چىقىرىش قولايسىز بولغانلىقتىن ، قۇدۇق كولاپ قەدىمكى ئۇسۇلدا سۇ چىقارغانلىقى مەلۇم . قۇدۇق سۇلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، قۇدۇق تاملىرىدا ئارغامچا يالاپ كەتكەن ئىزلار ھازىرقىدەك ئېنىق تۇرۇپتۇ .

بۇ شەھەرگە قاتنايدىغان ئىككى تال يول بولۇپ ، بۇ يوللارنىڭ بىرى شەرق تەرەپتە ، بىرى جەنۇب تەرەپتە . قەدىمكى شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ بىرىنىڭ ئىزى جەنۇب تەرەپتە ، بىرىنىڭ ئىزى شەرق تەرەپتە . شەرق يولىدىكى دەرۋازىنىڭ ئورنى يارنى كېسىپ ياسالغان بولۇپ ، كەڭلىكى بەش مېتىر كېلىدۇ . ئىككى تەرەپتە دەرۋازا ئورنىتىلغان چاسا تۆشۈك ، دەرۋازا ئىچىدە پوستا تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىزلىرى بار ( شەرق تەرەپتىكى دەرۋازىغا كىرىدىغان يولغا ئاسما كۆۋرۈك ئورنىتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ـ ئا ) .

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر ، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان بىر تال ئاساسىي چوڭ يول بار . بۇ چوڭ يولنىڭ جەنۇبىي بېشىدا شەھەرگە كىرىدىغان جەنۇبىي دەرۋازا ،

شىمالدا شەھەرگە قارىتىپ ياسالغان چوڭ ئىبادەتخانا بار. چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەم ئېگىز، ھەم قېلىن سوقما تاملار بىلەن ياسالغان. ئۇلارنىڭ چوڭ يولغا قارىتىلغان تەرىپىدە دەرۋازا ئىزى يوق. كوچىلارنىڭ ئېغىزلىرىلا شەھەر ئىچىدە ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن كوچىلار بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن كوچىلار ئۆي - ئىمارەتلەرنى بىر قانچە رايونلارغا بۆلۈۋېتىدۇ. مۇشۇ كوچىلارغا كىرگەندە ئاندىن ھەربىر ھويلىنىڭ دەرۋازا ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇ قەدىمكى يارغول شەھىرىنىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلىرى بىر قەدەر ئېنىق ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا ھويلا ۋە كوچىلارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بىرمۇنچە ھويلا ئىچىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ۋە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ ئورنىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلىرى يامانراق بۇزۇلغان بولۇپ، پەقەت گۈمبەز شەكىللىك گەمىلەرلا ساقلىنىپ قالغان.

چوڭ يولنىڭ شىمالىي بېشىدىكى ئىبادەتخانا ئىزىنىڭ ئۈستى كۆرۈنۈشى ئۇزۇن چاسا شەكىلدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 88 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 59 مېتىر كېلىدۇ. چوڭ ئايۋان ۋە چوڭ ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈكنى، شەرق ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلەردىكى كارىدور قۇرۇلۇشىنى، سۇپىنىڭ ھولى، پەلەمپەي، قۇدۇق قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن جايلاشتۇرۇلۇشىنى روشەن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

شەھەرنىڭ، يەنى شەھەر ئىچىدىكى چوڭ يولنىڭ شىمالىي بېشىغا سېلىنغان بۇ ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈن شەھەر بويىچە چوڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەھەرنىڭ مۇھىم يېرىگە جايلاشقان. شەھەردىكى يولنىڭ شىمالىي ۋە غەرب تەرەپلىرىدىمۇ كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان يەنە نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىزلىرىمۇ بار.

چوڭ يولنىڭ شەرق تەرىپىنىڭ شىمالىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئىزلى-

رىنىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ . كوچىلار ئارقىلىق بىرقانچە رايونلارغا ئايرىلغان ئۆي ـ ئىمارەتلەر رەت ـ رەت هويلىلارنى شەكىللەندۈرگەن ، هەربىر هويلا هەم ئېگىز ، هەم قېلىن تاملار بىلەن ئورالغان . ئۆيلەرنىڭ تولىسى ئىككى قەۋەت بولۇپ ، ئاستىنقى قەۋىتى يەر ئاستىغا چۆشۈرۈلگەن . هەربىر هويلىنىڭ كوچا بىلەن تۇتىشىدىغان تەرىپىگە هويلىنىڭ تېمىغا يۆلەپ بىردىن تۇر ياسالغان بولۇپ ، هويلىدىكى هەممە ئۆي ـ ئىمارەتلەردىن ئېگىز تۇرىدۇ . تۇر ئۈستىدىكى قورۇلۇش بۇزۇلۇپ كەتكەن ، بۇ تۇرلار بەلكىم قاراۋۇللۇق قىلىش ۋاقتىدا ئوت يېقىپ بەلگە بېرىش ياكى كۆزىتىش ئورنى بولسا كېرەك .

چوڭ يولنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا چوڭ ئىبادەتخانىدىن كىچىكرەك يەنە بىر ئىمارەت بولۇپ ، بۇنىڭ تۈزۈلۈشى هەم ئىبادەتخانىغا هەم ، ئادەتتىكى ئۆيلەرگە ئوخشىمايدۇ . بۇ بەلكىم يارغول شەھىرىدىكى هۆكۈمرانلارنىڭ مەھكىمىسى بولسا كېرەك .

شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر توپ بۇددا مۇنارلىرى بار . بۇنىڭدىن چوگراق بىرى ئوتتۇرىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىدە 25 تىن جەمئىي 100 كىچىك بۇددا مۇنارىسى بار : هەربىر توپ بۇددا مۇنارى بەشتىن ـ بەشتىن تۆت چاسا شەكلىدە تۆت جايغا تىزىلىشىپ ، چوڭ بۇددا مۇنارىنى قورشاپ تۇرىدۇ . هازىر ئوتتۇرىدىكى چوڭ بۇددا مۇنارىدىن باشقا تۆت توپ كىچىك بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ئىچىدە كوچىلىرىنىڭ ئىزلىرىلا ساقلىنىپ قالغان . لېكىن يەنىلا ئۇلارنىڭ جايلىشىشىنىڭ غەلىتە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ ۋە بۇ يەرنىڭ ئەينى زاماندىكى هەشەمەتلىك جاي ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ . تۇرپاندا بۇددا ئىمارەتلىرىنىڭ ئىزلىرى كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن بۇددا مۇنارلىرىنىڭ مۇشۇ خىلدا جايلىشىشى كەم ئۇچرايدۇ .

كېيىنكى دەۋردە مەركەز بۆگۈنكى ئاستانىگە كۆچكەن بولسىمۇ ، يارغول شەھىرى يەنىلا مۇھىم هەربىي شەھەر بولۇپ قالغان . تاكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە بۇ ئورۇندا كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنلىكى مەلۇم . بۇ شەھەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى

دەۋرلىرىدىن مىلادىيە سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا تاشلانغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا. شەھەر قىياپىتىدە قالغان گەۋدىلىك تەسىرلەرنىڭ بىرى قۇرۇلۇشنىڭ كۆپ قىسمىدا ئوت كۆيگەن ئىزلار بار. بەزى تاملارنىڭ توپىسى قارىداپ كەتكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ قەدىمكى شەھەر ئېھتىمال بىر قېتىملىق چوڭ يانغىندىن كېيىن خاراب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى يارغول شەھىرىنىڭ قاچان بىنا قىلىنغانلىقى تارىختا كىملەرنىڭ قوللىرىدا قانچە زامانلار تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى ۋە قاچان خارابىلاشقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار تارىخشۇناس، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە خادىملىرى تەرىپىدىن مۇكەممەل ھالدا بايان قىلىنغۇسى. مەن بۇ يەردە پەقەت قەدىمكى شەھەرنىڭ ھازىرقى خارابە قىياپىتىدىن كىشىلەرنى خەۋەردار قىلىشنىلا نەزەردە تۇتتۇم.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى

ئىسمائىل تۆمۈرى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى 13.375 قىستۇرما ۋارىقى: 6
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5,000
ISBN7-228-04859-8/I·1810
باھاسى: 16.00 يۈەن

责任编辑:阿布都肉苏里·吾买尔
责任校对:吾麦尔江
封面设计:加拉利丁·巴合拉木

高昌回鹘汗国文化 (维吾尔文)
司马义·铁木尔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
哈密地区印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.375 印张 6 插页
1998 年 12 月第 1 版 1998 年 12 月第 1 次印刷
印数:1—5,000

ISBN7—228—04859—8/I·1810 定价:16.00 元



ISBN 7-228-04859-8